مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئوقۇشلۇقى

# شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخىدىن قىسقىچە ئوقۇشلۇق

خې فۇلىن باشچىلىقىدا تۈزۈلدى
تۈزگۈچىلەر: چيەن بوچۇەن ۋاڭ بىڭخۇا

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1997 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى ، 1998 ـ يىل 10 ـ ئاي 2 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى .

本书根据新疆人民出版社1997年12月第1版1998年10月第2次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى : مۇختار مامۇت

# شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخىدىن قىسقىچە ئوقۇشلۇق

ئىسمائىل مەگلىك ، زاھىت رەھىم ،
تەرجىمە قىلغۇچىلار : خوجا ئەخمەت يۇنۇس ، ھەبىبۇللا
خوجا لەمجىنى قاتارلىقلار
تەرجىمە تەھرىرى : زاھىت رەھىم

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 12 قىستۇرما ۋارىقى : 2
1999 ـ يىل 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1999 ـ يىل 2 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 1 — 5,000
ISBN7—228—05055—X/K • 674
باھاسى: 12.50 يۈەن

Abdullah TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# تۈزگۈچىدىن

« شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخىدىن قىسقىچە ئوقۇشلۇق » شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ سابىق باشلىقى يولداش گۇباۋنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تۈزۈپ چىقىلدى. بۇ كىتاب يىراق قەدىمىي دەۋردىن 1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانغا قەدەر بولغان دەۋردىكى تارىخ مەزمۇن قىلىنغان بولۇپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۇقىرى سەۋىيىدىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە شىنجاڭ تارىخىغا نىسبەتەن يۈزەكى چۈشۈنۈش ھاسىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ باي ۋە گۈزەل شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە قۇرۇش — دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىغا بولغان چوڭقۇر ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. پۈتۈن كىتاب ئاممىباب بولۇش، تىلى ئاددىي، راۋان بولۇش كۆزدە تۇتۇلدى، شۇڭا تارىخى ماتېرىياللاردىن نەقىل كەلتۈرۈلمەي، دەلىل - ئىسپات يۈرگۈزمىگەن ئاساستا، ئومۇمىي مۇھاكىمە يۈرگۈزمەستىن، ئەمەلىيەت ئاساس قىلىندى.

مەزكۇر كىتابنىڭ بىرىنچى بابىنى يولداش ۋاڭ بىڭخۇا يېزىپ چىقتى، ئىككىنچى بابىدىن ئون ئۈچىنچى بابىغىچە بولغان قىسمىنى يولداش چيەن بوچۈەن يېزىپ چىقتى، يولداش گۇباۋ پۈتۈن كىتاب ئۈستىدىن تۈزىتىش ئېلىپ باردى.

مەزكۇر كىتاب كەمچىلىك ۋە خاتالىقلاردىن مۇستەسنا ئەمەس، يولداشلارنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى سورايمىز.

# مۇندەرىجە

**بىرىنچى باب يىراق قەدىمكى زاماندىن ئەمنىيە ۋە يېغىلىق دەۋرىگىچە بولغان مەزگىلدىكى شىنجاڭ** ........................ 1

§1 . شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتى ........................ 1

§2 . ئىپتىدائى جەمئىيەت دەۋرىدىكى شىنجاڭ ئاھالىلىرى ...... 7

§3 . شىنجاڭنىڭ سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويۇشى ۋە چىن سۇلالىسىدىن بۇرۇنقى دەۋردىكى ئەتراپتىكى رايونلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ........................................ 19

**ئىككىنچى باب خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ، غەربىي يۇرتنىڭ جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلىنىشى** ........................................................ 29

§1 . ھۇنلارنىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە غەربىي يۇرتنى بويسۇندۇرۇپ ، خەن سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىغا پاراكەندىچىلىك سېلىشى ........................................ 29

§2 . جاڭ چيەن بىلەن گەنفۇنىڭ غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بېرىشى ، خەن سۇلالىسى بىلەن ئاسىيۇلارنىڭ ئىتتىپاق تۈزۈشى ........................................ 33

§3 . خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ، غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ........................................ 41

§4 . ۋاڭ ماڭنىڭ غەربىي يۇرتتا يولغا قويغان ئەكسىيەتچىل سىياسىتى ، شىمالىي ھۇنلارنىڭ غەربىي يۇرتنى قايتىدىن بويسۇندۇرۇشى ........................................ 49

§5 . بەن چاۋ ، بەن يۇڭلارنىڭ غەربىي يۇرتنى تىنچلاندۇرۇشى ........................................ 53

§6 . خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتنىڭ ئىجتىما -
ئىي ، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتى ........................ 60
**ئۈچىنچى باب ۋېي ، جىن ۋە جەنۇبىي ، شىمالىي سۇلالىلار دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا بولغان چوڭ پاراكەندىچىلىك ۋە چوڭ بىرلىشىش** ........................ 68
§1 . غەربىي يۇرت خانلىقلىرىنىڭ ۋېي ، جىن سۇلالىلىرى
دەۋرىدىكى ئەھۋالى ........................ 68
§2 . شىمالىي ۋېي ، جۇرجانلار ، قاڭقىللار ۋە ئېفتالىتلارنىڭ
غەربىي يۇرتنى تالىشىشى ........................ 75
§3 . تۈركلەرنىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە تۈرك خانلىقىنىڭ
قۇرۇلۇشى ........................ 82
§4 . ۋېي ، جىن ، جەنۇبىي ، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى
غەربىي يۇرتنىڭ ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت -
سەنئىتى ........................ 87
**تۆتىنچى باب تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلىشى ۋە غەربكە كۆچۈشى** ........................ 96
§1 . تۈرك خانلىقىنىڭ پارچىلىنىشى ، سۈي سۇلالىسى ياغدى
خانىنىڭ غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇشى ........................ 96
§2 . تاڭ تەيزۇڭنىڭ ئىدىقۇتنى تىنچىتىشى ، تاڭ گاۋزۇڭنىڭ
غەربىي تۈركلەرنى تىنچىتىشى ........................ 100
§3 . تاڭ سۇلالىسى بىلەن تۈبۈتلەرنىڭ غەربىي يۇرتنى
تالىشىشى ، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە غەربكە
كۆچۈشى ........................ 109
§4 . غەربىي يۇرتنىڭ سۈي ۋە تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى
ئىقتىساد ، مەدەنىيەت ئەھۋالى ........................ 119
**بەشىنچى باب چىڭگىزخانىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ غەربىي يۇرتتا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى** ........................ 126
§1 . غەربىي لياۋ خانلىقى قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى

غەربىي يۇرت ...... 126

§2. موڭغۇللارنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ۋە چىڭگىزخاننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى ...... 132

§3. چىڭگىزخاننىڭ سۇيۇرغاللىق تەقسىم قىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرىنىڭ غەربىي يۇرتتا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى ...... 140

§4. تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى رايونلارنىڭ 13 — 16 ـ ئەسىرلەردىكى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئەھۋالى ...... 151

**ئالتىنچى باب چىڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ۋە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى** ...... 158

§1. جۇڭغارلارنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ۋە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىنى بويسۇندۇرۇشى، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى مىللەتلەرنى ئېزىشى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى ...... 158

§2. چىڭ سۇلالىسىنىڭ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىش جەريانى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ...... 162

§3. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چوڭ ـ كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنچىتىشى، تورغۇت قەبىلىسىنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشى، ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭى ...... 169

§4. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشى ...... 179

**يەتتىنچى باب جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىشى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چىڭ سۇلالىسىغا قارشى كۆرەشلىرى** ...... 184

§1. قوقان خاندانلىقى ۋە ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىشى ...... 184

§2 . روسىيىنىڭ تاجاۋۇز قىلىشى ، تارباغاتاي خەلقىنىڭ سودا
چەمبىرىكىنى كۆيدۈرۈۋېتىشى ............................ 190
§3 . شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ چىڭ سۇلالىسىغا قارشى
كۆرىشى ............................................ 193
سەككىزىنچى باب ياقۇپبەگ باندىتلىرىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى ، روسىيىنىڭ ئىلىنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋېلىشى ، زوزۇڭتاڭنىڭ قوشۇن باشلاپ كېلىپ ، شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشى ........ 199
§1 . قوقان خاندانلىقىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى ياقۇپبەگ باندىتلىرىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى ۋە روسىيىنىڭ ئىلىنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋېلىشى ............................ 199
§2 . زوزۇڭتاڭنىڭ قوشۇن باشلاپ كېلىپ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشى ، ياقۇپبەگنىڭ يوقىتىلىشى ، ئىلىنىڭ قايتۇرۇۋېلىنىشى ............................................ 206
توققۇزىنچى باب شىنجاڭنىڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇشى ، ئۇرۇمچى قوزغىلىڭى ۋە ئىلى قوزغىلىڭى ............................ 218
§1 . شىنجاڭنىڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇش جەريانى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ............................................ 218
§2 . پامىر مەسىلىسىنىڭ ھەقىقىي تارىخىي ئەھۋالى ......... 221
§3 . شىنجاڭدىكى شىنخەي ئىنقىلابى ......................... 226
§4 . شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت ئارمىيە ، خەلقىنىڭ روسىيىگە قارشى كۆرىشى ۋە چىرا كەنتى ۋەقەسى ................ 238
§5 . چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي ئەھۋالى .................. 245
ئونىنچى باب ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدىكى تىنچ ، بېكىنمە ، قالاق ھالەتتە تۇرغان شىنجاڭ ......................... 254
§1 . ياڭ زېڭشىننىڭ ئىنقىلابچىلارنى ۋە قوزغىلاڭچى دېھقانلارنى باستۇرۇشى ، شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن روسىيە ئاق باندىتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانى ................ 254

§2 . ياڭ زېڭشىننىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى ........... 269
§3 . ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى ............................................................ 277
ئون بىرىنچى باب جىن شۇرېن ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى ۋە شېڭ شىسەينىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي ھوقۇقنى تارتىۋېلىشىنىڭ ئۆتمۈشى ................................................ 284
§1 . جىن شۇرېننىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقى .............. 284
§2 . قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە ئەنگلىيىنىڭ پىلانلىشى ئاستىدا جەنۇبىي شىنجاڭدا يۈز بەرگەن بۆلگۈنچىلىك ... 290
§3 . « 12 ـ ئاپرېل » سىياسىي ئۆزگىرىشى ۋە شېڭ شىسەينىڭ تەختكە چىقىشى ................................................ 299
ئون ئىككىنچى باب ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش دەۋرىدىكى شىنجاڭ ............................................................ 311
§1 . ئىنقىلابچى قىياپەتكە كىرىۋالغان شېڭ شىسەي ۋە ئۇنىڭ « ئالتە بۈيۈك سىياسىتى » ............................ 311
§2 . جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرى ................................................ 317
§3 . شىنجاڭدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە شېڭ شىسەينىڭ فاشىستىك ھۆكۈمرانلىقى ................................................ 328
ئون ئۈچىنچى باب ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشى ................................................ 342
§1 . ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ جەريانى ۋە ئەھمىيىتى ...... 342
§2 . شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ بۇزۇلۇشى ................................................ 348
§3 . شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشى .............. 366

# بىرىنچى باب

# يىراق قەدىمكى زاماندىن ئەمىنىيە ۋە يېغىلىق دەۋرىگىچە بولغان مەزگىلدىكى شىنجاڭ

## 1§ . شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتى

بۇنىڭدىن 1 مىليارد يىللار ئىلگىرىكى شىنجاڭنىڭ بۇ كەڭ زېمىنى زۇمرەتتەك دولقۇنلىرى مەۋج ئۇرۇپ تۇرىدىغان بىپايان دېڭىز ئىدى . بۇنىڭدىن 300 مىليون يىللار ئىلگىرىكى دېۋون دەۋرىگە كەلگەندە ، يەر پوستىنىڭ كۆتۈرۈلۈش ۋە ئۆلتۈرۈشۈش ھەرىكىتى نەتىجىسىدە شىنجاڭ تەدرىجىي قۇرۇقلۇق بولۇپ شەكىللىنىپ ئۆسۈملۈكلەر ئاستا ـ ئاستا ئۆسۈپ يېتىلىپ ، بېلىقلارمۇ بارا ـ بارا ئۆزگىرىشكە باشلىغان . مانا بۇ « گىرتسىن » ھەرىكىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى مەنزىرىسى ئىدى . « گىرتسىن » گېئولوگىيىلىك ئۆزگىرىش ئارقىلىق شىنجاڭ زېمىنىدا لاۋالار پارتلاپ ، ئېگىز تاغلار قەد كۆتۈرۈپ ، ھازىرقى جوغراپىيىلىك تۈزۈلۈش دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەن . بۇنىڭدىن 60 ـ 70 مىليون يىللار ئىلگىرى ، يەر شارىدا يەنە بىر قېتىم قاتتىق گېئولوگىيىلىك ھەرىكەت يۈز بەرگەن . بۇ ھازىرغا قەدەر يەنىلا ئاخىرلاشمىغان « ھىمالايا تاغ ياساش » ھەرىكىتى بولۇپ ، ئۇ شىنجاڭ زېمىنىغىمۇ ئوخشاشلا غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن . شۇ قېتىمقى ئۆزگىرىشتىن كېيىن ، كوئىنلۇن ۋە تەڭرى تاغلىرى تېخىمۇ ئېگىز قەد كۆتۈرۈپ ، شىنجاڭ زېمىنىنىڭ بۈگۈنكى قىياپىتى تامامەن شەكىللەنگەن .

ئۇزاققا سوزۇلغان يەر شارى تارىخىغا سېلىشتۇرغاندا ، ئىنسانلارنىڭ تارىخى پەقەت قىسقىغىنا بىر دەقىقىدىنلا ئىبارەت . پەقەت قەدىمكى ئىنسانلار پەيدا بولغاندىن كېيىنلا ئاندىن شىنجاڭ زېمىنى قەدەممۇ قەدەم ئۆزگىرىپ ، تېخىمۇ گۈزەل ھەم باي ماكانغا ئايلىنىشقا باشلىغان .

گۈزەل ھەم بايلىقى مول شىنجاڭنىڭ زېمىنى ناھايىتى كەڭ. ئۇنىڭ ھازىرقى كۆلىمى 1 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت زېمىنىنىڭ تەخمىنەن 1/6 ىنى تەشكىل قى- لىدۇ. تەخمىنەن ئۈچ فرانسىيە ياكى تۆت يېرىم ياپونىيىگە تەڭ كېلىدۇ. بۇ كەڭ زېمىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەمگەك قىلىپ ياشاپ كەلگەن تارىخىي سەھنىسىدۇر. ئەجدادلىرىمىز ئۇنىڭ قوينىدا تۇرمۇش كەچۈرۈش، ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئۇنىڭ چەكسىز ئىلتىپاتىدىن بەھرىمەن بولۇپ كەلگەن. بۇ يەرنىڭ تاغ ـ دەريالىرى، ئورمان ۋە يايلاقلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئاياغ ئىزلىرىنى قالدۇرغان، جاپا چېكىپ تەر تۆككەن.

شىنجاڭ ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا « غەربىي يۇرت » دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ ۋەتىنىمىز زېمىنىنىڭ غەربىي قىسمى، دېگەن مە- نىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي چېگرىسىغا، قەدىمكى ئاسىيا، ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىگە يەنى دېڭىز ـ ئوكيانلاردىن ناھا- يىتى يىراق يەرگە جايلاشقان. شۇڭا، بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى قۇرغاقراق بولغان. ئوبرازلىقراق بولسۇن ئۈچۈن ئۇرۇمچىنى مىسالغا ئالساق، ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىتىكى دېڭىزلارنىڭ ئەڭ يېقىنى بىلەن بولغان ئارىلىقىمۇ ئىككى مىڭ نەچچە يۈز كىلومېتىر كېلىدۇ. ئەڭ يىراقى بىلەن بولغان ئارىلىقى يەتتە مىڭ كىلومېتىرغا يېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭ ئېگىز تاغلار بى- لەن ئورىلىپ تۇرغاچقا، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ئاران 150 مىللىمېتىرغا يېتىدىغان پەۋقۇلئاددە بىر قۇرغاق رايون بولۇپ قالغان. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ئاران 50 مىللىمېتىر، قىسمەن جايلىرىنىڭ ئاران 10 مىللىمېتىر ئەتراپىدىلا بولۇپ، بۇ مەملىكەت بويىچە ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ئەڭ ئاز رايونلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

كىشىلەر شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشىنى ئوبرازلاشتۇرۇپ: « ئۈچ چوڭ تاغ تىزمىسى ئوراپ تۇرار ئىككى چوڭ ئويمانلىقنى » دەپ تەسۋىرلىگەن. بۇ كوئېنلۇن تاغلىرى، تەڭرى تاغ-

لىرى ۋە ئالتاي تاغلىرى تارىم ئويمانلىقى بىلەن جۇڭغار ئويمانلىقىنى ئوراپ تۇرىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ. ئەمما، بۇ تاغ تىزمىلىرى ۋە ئويمانلىقلار بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان خاراكتېرگە ۋە ئۆزگىچىلىككە ئىگە.

شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا قارا قۇرۇم تاغلىرى، كوئېنلۇن تاغلىرى، ئالتۇن تاغ قاتىرىسىغا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ھىمالايا تېغى ۋە چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ توسقۇنلۇقى بىلەن، دېڭىز يۈزىدىن 5500 مېتىر ئېگىزلىكتىكى جايلاردىلا مۇز ۋە قار قاتلىمى ئۇچرايدۇ. سۇ كەمچىل بولغانلىقتىن، بۇ تاغلىق رايونلاردا ئورمان ۋە يايلاق بايلىقىمۇ بىرقەدەر ئازبولۇپ، ئاسىيا، ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى تاغلىق رايونلار ئىچىدىكى ئەڭ قۇرغاق تاغلىق ھەم قۇملۇق مەنزىرىنى شەكىللەندۈرگەن.

شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى توغرىسىغا كېسىپ ياتقان تەڭرى تاغلىرىنىڭ كەڭلىكى 300 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئېگىز ھەم كەڭ كەتكەن تاغ گەۋدىسى ئاساسەن ئاتلانتىك ئوكياندىن كەلگەن نەم ھاۋا ئېقىمىنى ساقلاپ قېلىپ، ئۇنى شىنجاڭنىڭ قۇرغاق رايونلىرى ئىچىدىكى « نەم ئارال » غا ئايلاندۇرغان. ئۇنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 3500 مېتىردىن ئېگىز يەرلىرى يىلبويى قار - مۇزلار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدا يەتتە مىڭغا يېقىن چوڭ - كىچىك مۇزلۇق بولۇپ، بۇ مۇزلۇقلار شىنجاڭ زېمىنىدىكى ئەڭ قىممەتلىك « قار - مۇز سۇ ئامبىرى » بولۇپ قالغان.

تەڭرى تاغلىرىنىڭ تاغ گەۋدىسى كەڭ بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئارىلىقلىرىدا چوڭ - كىچىكلىكى ۋە ئېگىز - پەسلىكى ئوخشاش بولمىغان نۇرغۇن ئويمانلىقلار ۋە جىرالار شەكىللەنگەن. ئىلى، كۈنەس، موڭغۇلكۈرە، قارا شەھەر، يۇلتۇز، باي، ئۈچتۇرپان، بورتالا، تۇرپان، قۇمۇل، باركۆل قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسى سۇ ۋە ئوت - چۆپلىرى مول، چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئېسىل جايلار بولۇپ، بۇ جايلارنى چاقناپ تۇرغان گۆھەر دېيىشكە بولىدۇ. شۇنداقلا بۇلار شىنجاڭدا ئەڭ بالدۇر ئېچىلغان جايلار ھېسابلىنىدۇ. تەڭرىتاغنىڭ كۈنگەي ۋە تەسكەي تەرەپلىرىدىكى قار ۋە مۇزلار ئېرىپ ئېقىپ كەلگەن جايلارنىڭ ھەممىسىدىلا بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن

بوستانلىقلار بار . شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققى قىلىشىدا ، تەڭرىتاغ مىسلىسىز زور تۆھپىلەر قوشقان .

غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا سوزۇلغان ئالتاي تاغلىرى شىنجاڭنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىنى ھىلال ئاي شەكلىدە ئوراپ تۇرىدۇ . غەربتىن كەلگەن نەم ھاۋا دەل تاغنىڭ جەنۇبى يانباغرىغا ئۇرۇلىدۇ . شۇڭا ، بۇ جايدا ياز كۈنلىرى ھۆل - يېغىن مىقدارى يېتەرلىك بولىدۇ ، قىش كۈنلىرى قار قېلىن ياغىدۇ ، ھاۋا كىلىماتى نەمخۇش كېلىدۇ . بۇ يەرنىڭ قېلىن ئورمانلىرى بىلەن بىباھا يايلاقلىرى چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىنتايىن مۇۋاپىق كېلىدۇ .

تەڭرىتاغ ، قارا قۇرۇم تاغلىرى ، كوئىنلۇن تاغلىرى غەربتە پامىر بىلەن تۇتىشىدۇ . « دۇنيانىڭ ئۆگزىسى » دەپ نام ئالغان پامىر ئېگىزلىكى ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى يازما يادىكارلىقلىرىدا سۇڭلىڭ ( 葱岭 ) دەپ ئاتالغان . بىر - بىرى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن تاغلار ئىنتايىن ئېگىز ھەم سوغۇق . ئاز ساندىكى سۈيى بار ئويمانلىقلارنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىنى تەمىنلەيدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، تاغلىق رايونلاردا كىشىلەر يەنىلا جاپا - مۇشەققەتلىك تۇرمۇش كەچۈرەتتى . دۇنياغا مەشھۇر قەدىمىي « يىپەك يولى » نىڭ كوئىنلون تېغىنىڭ شىمالى ئېتىكىنى بويلاپ ماڭىدىغىنىمۇ ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ئېتىكىنى بويلاپ ماڭىدىغىنىمۇ ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيا ئارقىلىق ياۋروپا ، ئافرىقا قىتئەلىرىگە بارىدىغىنىمۇ ، ھامان پامىر ئېگىزلىكىدىكى بىرقىسىم چوققىلاردىن ۋە داۋانلاردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى . شۇڭا ، تەبىئىي توساق ھېسابلانغان پامىر ئېگىزلىكى ئېلىمىز خەلقىنىڭ چەت ئەللەر بىلەن ئالاقىلىشىشىگە توسالغۇ بولمايلا قالماستىن ، بەلكى كۆۋرۈك بولۇپ بەرگەن .

تەڭرىتاغ ، كوئىنلون تاغلىرى ۋە پامىر ئېگىزلىكى ئوتتۇرىسىغا ئېلىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ ئويمانلىق ــــ تارىم ئويمانلىقى جايلاشقان . ئۇنىڭ يەر يۈزى تۈزۈلۈشى ئىنتايىن قانۇنىيەتلىك : تاغقا يېقىن جايلىرى شېغىللىق بەلباغ بولۇپ ، بۇ شېغىللىق بەلباغنىڭ تاشقى قىرغىقىغا قۇم

دېڭىزنىڭ چۆرىسىدىكى پارچە - پارچە بوستانلىقلار جايلاشقان، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا بولسا كۆز يەتكۈسىز بىپايان تەكلىماكان قۇملۇقى جايلاشقان. ئويمانلىقنىڭ غەربىي قىسمى ئېگىز، شەرقىي قىسمى پەس. غەربىي قىسمىنىڭ سۇيى خېلى يېتەرلىك بولغاچقا، بوستانلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى كۇچاغا، كېرىيىنىڭ غەرب تەرىپىگە تارقالغان. ئويمانلىق ئەتراپىدىكى پارچە - پارچە بوستانلىقلار بەئەينى مەللەرەڭ گىلەمنىڭ جىيەكلىرىگە تۇتۇلغان يېشىل ياقۇتلارغا ئوخشايدۇ. بوستانلىقلاردىكى بىر - بىرىگە تۇتاشقان تېرىلغۇ يەرلەر بۇلاق سۇلىرى ياكى يەر ئۈستى سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ. بۇ جاينىڭ كۈن چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن، يىغىندى تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى. ئۈستەڭ ئارقىلىق سۇغىرىش ئىشلىرى مۇقىم بولۇپ، دېھقانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تولىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئويمانلىقنىڭ شەرقى ئۇچىدا گەنسۇدىكى خېشى كارىدورى بىلەن تۇتىشىدىغان كەڭلىكى تەخمىنەن 70 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر تەبىئىي ئېغىز بولۇپ، بۇ شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدىكى تەبىئىي قاتناش - ئالاقە يولى ھېسابلىنىدۇ.

شىمالىي شىنجاڭدىكى جۇڭغار ئويمانلىقى تارىم ئويمانلىقىدىن خېلىلا كىچىك. ئۇ ئۈچ بۇرجەكراق بولۇپ، تەڭرىتاغ بىلەن ئالتاي تاغلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. ئويمانلىقنىڭ شەرق تەرىپى ئېگىز، غەرب تەرىپى تۆۋەن بولۇپ، مەركىزى قىسمىدا قۇربان تۇڭغۇت قۇملۇقى بار. تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ئېتىكىدىكى بوستانلىقلار ۋە قىزىلباش — ئېرتىش دەرياسى ۋادىسىدىكى تۈزلەڭلىكلەر دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىشلىرىغا باب كېلىدىغان ناھايىتى ئېسىل جايلار ھېسابلىنىدۇ. ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىنىڭ كۆپ قىسمى چۆللۈك بولسىمۇ، لېكىن چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باپ كېلىدۇ.

شىنجاڭ رايونىدا جەمئىي 400 دىن ئارتۇق دەريا ۋە ئېقىن بولۇپ، ئويمانلىق ئەتراپىدىكى ئېگىز تاغلار ئۇلارنىڭ ئاساسلىق مەنبەئى. تاغلىق رايونلاردا ھۆل - يېغىن كۆپ، مۇز، يىغىندى قار مول. قار - مۇزلارنىڭ ئېرىشىدىن ھاسىل بولغان سۇ دەريا، ئېقىنلارنىڭ ئاساسلىق تولۇقلىغۇچى

مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ياز پەسلىدىكى ئېقىن مىقدارى كۆپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم بولىدۇ. بۇ ئەھۋال قۇرغاق شىنجاڭ رايونىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن.

تارىم دەرياسى ئېلىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق دەريا بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2000 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. يەكەن دەرياسى، خوتەن دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى قاتارلىق دەريالارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان تارىم دەرياسى ھەيۋەت بىلەن ئېقىپ، لوپ ئويمانلىقىغا قۇيۇلۇپ، شىنجاڭ تارىخىدىكى مەشھۇر لوپنۇر كۆلىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئېرتىش دەرياسى شىنجاڭ بويىچە، شۇنداقلا ئېلىمىز بويىچە شىمالىي مۇز ئوكيانىغا قۇيۇلىدىغان بىردىن ـ بىر تاشقى دەريا ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئالتاي تاغلىرىدىن باشلىنىپ، غەربىي شىمالغا قاراپ ئېقىپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى ئوب دەرياسىنىڭ ئەڭ چوڭ تارمىقىنى شەكىللەندۈرگەن. تارباغاتاي تاغلىرىدىن باشلىنىدىغان ئېمىل دەرياسى بىلەن تەڭرىتاغدىن باشلىنىدىغان ئىلى دەرياسى، كۆپلىگەن ئىچكى دەريالاردىن ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەلىكىدىكى ئالاكۆلگە، بىرى بالقاش كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. ئىلى دەرياسى ۋادىسى شۇنداقلا ئىلى جىلغىسىنىڭ ھۆل ـ يېغىنى مول، ئورمىنى قېلىن، ئوت ـ چۆپلىرى بولۇق، ئىقلىمى ناھايىتى ياخشى. ئۇ دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تازا باب كېلىدىغان بىر گۈزەل ماكان. شۇڭا، كىشىلەر بۇ جاينى «سەددىچىننىڭ سىرتىدىكى جياڭنەن» دەپ تەرىپلىشىدۇ. ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى كۈنەس يايلىقى بىلەن قايدۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى يۇلتۇز يايلىقى ئۆزئارا تۇتىشىپ كەتكەن، سۇ ۋە ئوتلاقلىرى مول گۈزەل يايلاق، شۇنداقلا ئۇ شىنجاڭ رايونىدىكى قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ياشىغان مۇھىم بازا.

شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول. تاغ ـ دەريالىرى ۋە چوڭ ـ كىچىك بوستانلىقلىرى دېھقانچىلىق ۋە چارۋى-

چىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ناھايىتى باب كېلىدۇ. بېپايان تەكلىماكان قۇملۇقى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ ئاستىدا مول نېفىت زاپىسى ساقلىنىۋاتـماقتا. كۇئېنلۇن تېغىنىڭ قاشتېشى، ئالتاي تاغلىرىنىڭ ئالتۇنى، ياقۇتى؛ پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن چىقىدىغان قارا ئالتۇن ـ كۆمۈر شۇنىڭدەك ھەرخىل رەڭلىك مېتاللار كىشىلەر ئوبدان بىلىدىغان ئېسىل بايلىقلاردۇر. نۇرغۇنلىغان يەر ئاستى بايلىقلىرى خېلى بۇرۇنلا ئېچىلىشقا باشلىغان، بۇلار شىنجاڭنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدىكى مول ھەم مۇستەھكەم ماددىي ئاساس ھېسابلىنىدۇ.

## §2. ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىدىكى شىنجاڭ ئاھالىلىرى

ئېلىمىز ئۇزاق تارىخقا ئىگە مەدەنىيەتلىك قەدىمىي دۆلەت، ئىنسانلار پەيدا بولغان جايلارنىڭ بىرى. بۇنىڭدىن تەخمىنەن 1 مىليون 700 مىڭ يىل ئىلگىرىلا ۋەتىنىمىزنىڭ زېمىنىدا قەدىمكى ئىنسانلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان.

ھازىرغا قەدەر شىنجاڭ رايونىدىكى بىرقانچە جايدىن قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە ئائىت خارابىلەرنىڭ ئىزلىرى تېپىلغان بولسىمۇ، لېكىن بىرەر ئورۇندىن ئىنسانلارنىڭ كونا تاش قۇرال دەۋرىگە مەنسۇپ خارابىسى تېپىلمىدى ياكى قېزىلمىدى. ئەمما، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 10 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى ۋاقىتلارغا توغرا كېلىدىغان ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىغا ئائىت خارابە ئىزلىرى ۋە يادىكارلىقلار بولسا كۆپلەپ تېپىلدى. بۇلار ئارقىلىق بىز 10 مىڭ يىل ئىچىدىكى ئوخشاش بولمىغان مەزگىللەردە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشىغان ئاھالىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇش ئەھۋالىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى ئاساسىي جەھەتتىن كۆرۈۋالالايمىز.

ئارخېئولوگىيە خادىملىرى مورى ناھىيىسىدىكى يۈەنچۈەن دېگەن جايدىن، تۇرپان ناھىيىسىدىكى يارغول قەدىمىي شەھىرىنىڭ غەربىدىن، ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىدىكى سايۋوپۇ كۆلى ئەتراپىدىن سىپتا تاش قۇراللار

خارابىلىكلىرىنى بايقىغان . بۇ بىرقانچە ئورۇندىكى خارابىلىكلەردىن تې-
پىلغان ئۇششاق تاش پارچىلىرى بىرقەدەر قېلىن ، قوپال . پىششقلاپ
ئىشلەنگەن قىرىش - يونۇش قوراللىرى ، ئۇچلۇق قوراللار ، ئويۇش قورال-
لىرى قاتارلىقلارنىڭ ھېچقايسىسى سىلىق ، رەتلىك ئەمەس ، ئۇلارنىڭ
چوڭ - كىچىكلىكى ، نېپىز - قېلىنلىكى ئوخشمايدۇ . بۇ ئەھۋال ھۈنەر -
سەنئەتنىڭ دەل بىرقەدەر ئىپتىدائىي ھالەتتە ئىكەنلىكىنى ، ۋاقىت
جەھەتتىنمۇ بىرقەدەر يىراق قەدىمكى دەۋرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى چۈ-
شەندۈرۈپ بېرىدۇ .

قۇمۇل تەۋەسىدىكى يەتتىقۇدۇق ئويمانلىقى بۈگۈنكى كۈندە ئاساسىي جەھەتتىن بىر پارچە چۆل - جەزىرىگە ئايلاندى . لېكىن ، بۇ-
نىڭدىن 10 مىڭ يىللار ئىلگىرى بۇ جاينىڭ مۇھىتى ھازىرقىدىن كۆپ
ياخشى ئىدى . ئويمانلىقنىڭ شەرق تەرىپىدە زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇ ئاقى-
دىغان بىر دەريا بولۇپ ، بۈك - باراقسان قارا ياغاچ ۋە تېرەكلەر ،
قۇرغاقچىلىققا چىداملىق يۇلغۇنلار ھەممە يەرنى قاپلىغانىدى . ئوتلاق ۋە
ئورمانلىقلاردا ئارقار ، تۈلكە ، توشقان قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار ناھايىتى
كۆپ ئىدى . تاغ ئېتەكلىرى زىچلىق دەرىجىسى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان
كىرېمنىيلىق تاش پارچىلىرى ، چاقماق تېشى ، كۋارتس قاتارلىقلاردىن
تۈزۈلگەنىدى . ئويمانلىقتا قەدىمكى زامانغا تالىق بولغان ئىپتىدائىي كۆچ-
مەن چارۋىچىلار توپ - توپ ياشايتتى . ئۇلار چاچ - ساقاللىرىنى
ئۆستۈرۈپ ، ھايۋاناتلارنىڭ تېرىلىرىنى يېپىنچا قىلىپ ، ئوقيا ، تاش ،
كالتەك قاتارلىق نەرسىلەرنى قورال قىلىپ ئوۋلايتتى .تاش پىچاق بىلەن
ھايۋاناتلارنىڭ تېرىسىنى سويۇپ ، گۆشىنى پارچىلايتتى . ئۇلار ئۆسۈم-
لۈكلەرنىڭ مېۋىسى ، تۈگۈرچەك يىلتىزى قاتارلىقلارنىمۇ جان بېقىشتىكى
ئوزۇقلۇق قىلاتتى . كوللېكتىپنىڭ كۈچى ئۇلارنىڭ ھايات كەچۈرۈش ۋە
تەرەققىي قىلىشىدىكى تۈپ كاپالىتى بولۇپ ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يېشى ۋە
جىنسىغا ئاساسەن تەبىئىي ھالدا تەقسىملىۋالاتتى . ھەربىر كىشى كوللېك-
تىپنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەڭ زور كۈچىنى تەقدىم قىلاتتى .

تاش قورال ياساش ئەينى زاماندىكى ئەڭ ئاساسلىق بىر خىل

ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ئىدى. تەجرىبىلىك پىشقەدەم كىشىلەرنىڭ باشلامچىلىقى ۋە يېتەكچىلىكى ئاستىدا، ئۇلار ئۆز ئەتراپتىن تاپقىلى بولىدىغان كرېمنىيلىق تاش، كۋارتس، چاقماق تېشى قاتارلىقلارنى مۇئەييەن تەرتىپ بويىچە ئۇرۇپ پارچىلاپ، ئۇششاق ياپراقچىلارغا ئايلاندۇرۇپ ئوق، بۇرما پىچاق قاتارلىقلارنى ياسايتتى. تاش قوراللاردىن پايدىلىنىپ ياغاچ ئەسۋاب، سۆڭەك ئەسۋاب ۋە زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىنى ياسايتتى. مەسىلەن، ھايۋاناتلارنىڭ چىشى، مۇڭگۈزى ۋە ئۇششاق شېغىل تاش، يىلىك سۆڭىكى قاتارلىقلارنى قىرىپ- يونۇپ، تۆشۈك ئېچىش ئارقىلىق، ئاندىن ئۇلارنى ھايۋاناتلارنىڭ سىڭىرىدىن ئىشلەنگەن يىپقا ئۆتكۈزۈپ، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە مونچاق، پوتا، بىلەيزۈكلەرنى ياسايتتى.

دەسلەپكى مەزگىللەردە يەتتىسۇدۇق رايونىدا تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن كۆچمەن چارۋىچىلار ۋە ئوۋچىلار ئۆز ئەتراپىدىكى رايونلار بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرغانىدى. بۇ جايدىن پەقەت دېڭىز- ئوكيانلاردىلا بولىدىغان مارجانلار تېپىلدى. ئۇلارنىڭ تاش ماتېرىياللارنى تاللاش، تاش قوراللارنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئۇسۇلى، تاش قوراللارنى ياساش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردىن تەھلىل قىلىش ئارقىلىق شۇنى ئېنىق كۆرەلەيمىزكى، ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرىنى، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىلىرىنى نامايان قىلىشى ئېلىمىزنىڭ شىمالىي جۇڭگو رايونىدا ياشىغان قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىكەن. شۇنىمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇلار ۋاقىت جەھەتتىن تېخىمۇ بالدۇر بولغان، تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان، ئېلىمىزنىڭ شىمالىي جۇڭگو رايونىدىكى سىپتا تاش قورال ياساش ھۈنەر- سەنئىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئەمما، ئۇنىڭ بىلەن پامىرنىڭ غەربىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسىم رايونلىرى، غەربىي ۋە جەنۇبىي ئاسىيا رايونلىرىدىكى سىپتا تاش قورال ياساش ھۈنەر- سەنئىتى ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرق مەۋجۇت.

يەتتىسۇدۇق ئادەملىرى ئوتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى خېلى ئوبدان

بىلگەن، ئوتتىن خالىغانچە پايدىلىنالايدىغان بولغان. يەتتىنقۇدۇق خارابىلىكى رايونى ئىچىدىكى خېلى كۆپ يەردە بۈگۈنگە قەدەر ساقلىنىپ قالغان كۈل ۋە شاخار قالدۇقلىرى ئۇچرايدۇ. لېكىن، ئۇلار ساپال قاچا ياساشنى ۋە ئىشلىتىشنى بىلمىگەن. تۇراقسىز ئوۋچىلىق ۋە تېرىقچىلىق ئىگىلىكىدە ئوڭاي چېقىلىپ كېتىدىغان ساپال قاچىلار مۇۋاپىق بۇيۇم بولالمايتتى.

ئوۋچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشنىڭ شىنجاڭ رايونىدا ناھايىتى ئۇزۇن بىر تارىخىي مەزگىل ساقلىنىپ تۇرغانلىقى، ئېھتىمال بىرقەدەر قۇرغاق تەبىئىي مۇھىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن 4 ـ 5 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە كەلگەندىمۇ، سىپتا تاش قوراللارنى ئاساس قىلغان بۇ خىل ئىقتىسادىي تۇرمۇش تىپلىرى كۆپلىگەن جايلاردا يەنىلا ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىپ كەلگەن. مەسىلەن، لوپنۇر رايونى، تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئاستانە شۇنىڭدەك پامىرنىڭ شەرقى ئېتىكى قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسىدىن ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىگە ئائىت بولغان شۇ تىپتىكى خارابىلىكلەر تېپىلغانىدى. شۇ تارىخىي باسقۇچتا يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن قورال تىپلىرىدىن باشقا، ياسىلىشى خېلىلا نەپىس بولغان بىرخىل يېڭى تاش نەيزە بارلىققا كەلگەن. نەيزە ئۇچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 سانتىمېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، شەكلى دارچىن دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. ھەممە يېرىگە بېلىق قاسىرقىنىڭ شەكلى ئويۇلغان. ياسىلىشى ئۆلچەملىك، بىسمۇ ناھايىتى ئۆتكۈر. بولۇپمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئىلگىرىكى تارىخىي باسقۇچلار بىلەن ئوخشىمايدۇ، ئاستانىلىقلار بۇ مەزگىلدە ساپال قاچا ياساش تېخنىكىسىنى ئۆزلەشتۈرۈپ بولغان. ئۇلار مۇۋاپىق سېغىز توپىنى تاللىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا مەلۇم نىسبەتتە يىرىك قۇم ئارىلاشتۇرۇپ، قولى بىلەن جاۋۇر، كومزەك، كوزا قاتارلىق سايمانلارنى ياسىغان. ئوتنىڭ ھارارىتى يۇقىرى بولمىغاچقا، ساپال قاچىلارنىڭ رەڭگى بىرخىل بولمىغان. بەزىلىرى كۈل رەڭ، بەزىلىرى قىزغۇچ بولۇپ قالغان. بىرقىسىم ساپال قاچىلارنىڭ سىرتىغا يەنە تامغا بېسىلغان ۋە ھەرخىل نەقىشلەر ئويۇلغان.

بۇ خىل ساپال قاچىلارنىڭ ياسىلىشى بۈگۈنكى كۈندە قارىماققا ناھايىتى قوپال، بىر قەدەر ئىپتىدائىي كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا يېڭى بىر تارىخىي باسقۇچنىڭ بەلگىسىدۇر. ئېھتىمال بۇ چاغدا ئاددىي دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بارلىققا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇغداي تېپىدىكى يېمەكلىكلەر گۆش يېمەكلىكلەرگە ئوخشىمايدۇ. ئۇنى بىۋاسىتىلا ئوتقا قاخلاپ پىشۇرۇشقا بولمايدۇ. جەزمەن ساپال قاچىغا سېلىپ پىشۇرۇش كېرەك. شۇڭا، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ھامان ساپال قاچىلارنى ئىشلىتىشكە توغرا كېلەتتى. باشقىچە ئېيتقاندا، ساپال قاچىلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلىشى قەدىمكى زاماندا دېھقانچىلىق ئىشلىرىنىڭمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

بۇنىڭدىن 4000 يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىن باشلاپ لوپنۇر رايونىدا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر تارماق ئاھالىلەر ياشىغان. ئۇلارنىڭ چاچلىرى سېرىق، يۈزى سوزۇنچاق، قاڭشارلىق، كۆزلىرى چوڭ ھەم نۇرلۇق، تەقى - تۇرقى ناھايىتى چىرايلىق ئىدى. ئۇلار بېشىغا ئۇچلۇق كىگىز قالپاق كىيەتتى، قالپاقنىڭ گىرۋىكىگە قىزىل يىپ بىلەن كەشتە تىكىپ، ئۇچىغا قۇش پەيلىرىنى سانجىۋالاتتى. ئۇچىسىغا قوپال توقۇلغان ئۆرمەك يېپىنىپ، بېلىگە پوتا باغلىۋالاتتى، پۇتىغا ئۆتۈك كىيەتتى. بوينىغا، بىلىكىگە سۆڭەك ياكى تاشلار ئۆتكۈزۈلگەن مۇنچاقلارنى ئېسىۋالاتتى. بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى.

ئەينى مەزگىللەردە لوپنۇر رايونىمۇ ئوخشاشلا ناھايىتى قۇرغاق رايون ئىدى. قەبرىلەردىكى جەسەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ چىرىپ كەتمەي قۇرۇق جەسەتكە ئايلانغانلىقى بۇ يەرنىڭ ھۆل - يېغىن ئاز بولىدىغان قۇرغاق رايون ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۆسۈملۈك تۈرلىرى ھازىرقىدىن خېلىلا مول ئىدى. قەبرىلەرگە توغراق ۋە تېرەكلەرنىڭ كۆپلەپ ئىشلىتىلگەنلىكى ئەينى مەزگىللەردە بۇ يەردە ياغاچنىڭ كۆپ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. يۇلغۇن، چاكاندا، لوپنۇر كەندىرى، زاراڭزا، قومۇش، چىغ قاتارلىقلار قۇرغاقچىلىققا، شورغا چىدامىلىق

ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئەينى مەزگىلدە كۆپ ئۇچرايدىغان ئۆسۈملۈك تۈرلىرى ئىدى. بۇ يەردىكى كىشىلەر كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان بۇرغا، ياغاچ قەدەھ، جاۋۇر، سېۋەت قاتارلىق نەرسىلەرنى ئەنە شۇنداق ئۆز يېنىدىنلا تېپىلىدىغان نەرسىلەرنى خام ئەشيا قىلىپ ئىشلەتكەن.

بۇ خىل تەبىئىي مۇھىتقا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئۇلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغانىدى. قوي ـ ئۆچكە، كالا ـ تۆگە قاتارلىق ھايۋانلارنى بېقىپ، بۇ ھايۋانلارنىڭ گۆش ۋە سۈتلىرىنى ئوزۇقلۇق قىلاتتى، تېرە ـ يۇڭلىرىنى ئىشلىتەتتى. بۇغا، ئارقار ۋە ھەر خىل قۇشلارنى ئوۋلاپ، بېلىقلارنى تۇتۇپ، كۈندىلىك تۇرمۇشىدا قوشۇمچە ئوزۇق قىلاتتى. ئۇلار بۇغداي تۈرىدىكى ئاشلىقنى ئوزۇق قىلاتتى. لېكىن، بۇ نەرسىلەر ئىنتايىن چەكلىك ئىدى.

يۇڭ توقۇمىچىلىق بۇ مەزگىلدىكى لوپنۇرلۇقلارنىڭ مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدىغان ئائىلە ھۈنەرۋەنچىلىكى ھېسابلىناتتى. كۆپ ئىشلىتىلىدىغان تۈز يوللۇق يۇڭ رەختلەرنىڭ توقۇلۇشى بىرقەدەر قوپال ئىدى. بىر كىۋادرات سانتىمېتىر ئارىلىققا ئىشلەتكەن ئۆرۈش يىپى 4 ـ 5 تاللا بولۇپ، بەدىنىنى ئارانلا يېپىپ تۇراتتى. لېكىن يىپلىرىنىڭ ئىنچىكە ـ تومۇلۇقى بىرقەدەر تەكشى، توقۇلۇشى بىرقەدەر زىچ ھەم خېلىلا سىپتا توقۇلغان يۇڭ رەختلەرمۇ بار ئىدى. ئۇچىسىغا يېپىنىدىغان رەختنىڭ ئېنى 108 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، يۈزى تۈز ھەم تەكشى بولۇپ، ئۇ ئىپتىدائىي ئۆرە دەستىگا بىلەن توقۇلغانىدى. ئۇلار كىيىدىغان ئۇچلۇق كىگىز قالپاق قاتتىق ھەم پۇختا ئىشلەنگەن بولۇپ، بۇ كىگىزچىلىك تېخنىكىسىنىڭ خېلىلا يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. كىشىلەر كىگىز بېسىشتا يىرىك يۇڭ ئىشلەتكەن، رەخت ۋە پالاز توقۇشتا تىۋىت ياكى ئىنچىكە يۇڭلارنى ئىشلەتكەن. يۇڭنى دەرىجىگە ئايرىپ ئىشلىتىدىغان بۇ خىل تەجرىبە ئۇزاق مەزگىللىك ئەمەلىيەتتىن كەلگەن بولۇپ، ناھايىتى قىممەتلىك ھەم ئىقتىسادىي پرىنسىپقا ئۇيغۇن كېلىدىغان پەن ـ تېخنىكا بىلىمى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ مەزگىلدىكى لوپنۇر ئاھالىلىرى پەن ـ تېخنىكا بىلىمى

ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانىدى. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن بولغاچقا، كىشىلەر ئورتاق ئەمگەك قىلىش، تەڭ تەقسىم قىلىشنى يولغا قويغان. جاپالىق مۇھىت بىلەن كۈرەش قىلىش، ياشاش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانىدا كوللېكتىپ كۈچكە تايانغانىدى. كىشىلەر پەقەت ئۆزلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەك، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى قاتارلىق نەرسىلىرىگىلا ئىگىدارچىلىق قىلالايتتى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا روشەن باي ـ كەمبەغەللىك پەرقىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئاياللار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەنلىكى ئۈچۈن، تەبىئىي ھالدا جامائەتچىلىكنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانىدى. قەبرىلەردىن ئاياللارنىڭ ياغاچ ئويما ھەيكەللىرىنىڭ كۆپلەپ چىقىشى مانا بۇنى ئىسپاتلايدۇ. بۇنىڭدىن سىرت ئۇلاردا يەنە مەلۇم بىر خىل ئالاھىدە تەبىئىي نەرسە (مەسىلەن، چاكاندا) گە ۋە قۇياشقا چوقۇنۇش ئادەتلىرىمۇ بولغان.

بۇ مەزگىلدە لوپنۇرلۇقلارنىڭ يېزىقى يوق ئىدى. ئۇلار ۋەقەلەرنى خاتىرىلەشتە ياغاچقا بەلگە سىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. ئۇلار بەدىئىي ھېسسىياتقا باي بولۇپ، ئادەتتىكى قۇش سۆڭەكلىرىنى، ھەرخىل گۈللۈك تاشلارنى ئانچە ـ مۇنچە ياساپلا، چىرايلىق زىننەت بۇيۇملىرىغا ئايلاندۇراتتى. ئادەتتىكى سۆڭەك ياكى ياغاچتىن ئىشلەنگەن بىگىز، سىمان ئەسۋابلارنىڭ دەستىسىنى ھەرخىل شەكىلگە كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە خىلمۇ خىل گېئومېتىرىيىلىك نۇسخىلارنى سالاتتى. بۇ خىل كۈندىلىك بۇيۇملار ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سەنئەت بۇيۇملىرى بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار تەبىئىي مۇھىتى ناچارراق بولغان لوپ دالالىرىدا تۇرمۇش كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ جاينىڭ تاغ ـ دەريالىرىنى قىزغىن سۆيۈپ، ئۆزلىرى ياشاۋاتقان بۇ ماكاننى قۇرۇپ، ئۆزگەرتىپ گۈزەللەشتۈرۈپ كەلگەنىدى.

لوپنۇر رايونىدىكى قەدىمىي ئاھالىلەر سىرت بىلەنمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئالاقە باغلاپ كەلگەن. بۇ يەرنىڭ قەبرىستانلىقىدىكى ئايرىم قەبرىلەردىن داتلىشىپ كەتكەن ئازغىنا مىس بىزەكلەر چىقتى. بۇ قوشنا

رايونلاردىن ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئېلىپ كېلىنگەن نەرسىلەر بولۇشى مۇمكىن.

ئوخشاش بىر تارىخىي مەزگىلدە، شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى بوستانلىقلاردا بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغان ئىقتىساد، مەدەنىيەت ـ تۇرمۇش قىياپىتى شەكىللەنگەن. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ يەر-لەردە سۈركەپ ياسالغان سىپتا تاش قوراللار بىلەن رەڭدار ساپال قاچىلار ئىشلىتىلگەن.

قۇمۇلدىكى قارا دۆۋە بوستانلىقىدىن بۇنىڭدىن تەخمىنەن 3000 يىل ئىلگىرىكى قەدىمىي قەبرىستانلىق تېپىلدى. ئۇ ئەينى زاماندىكى كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ مەزگىلدىكى قارا دۆۋە ئاھالىلىرى سۈركەپ ياسالغان تاش قورال، ياغاچ قورال قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىنى ئىشلەتكەندىن سىرت، كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئاساسەن رەڭدار ساپال قاچا، ياغاچ سوغا، جاۋۇر، ساپلىق، مىس پىچاق قاتارلىقلارنى ئىشلەتكەن. ئەينى زاماندىكى مىس بۇيۇملار يېڭى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. ئۇلار بىرقەدەر مۇقىم ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىش-لىرى بىلەن شۇغۇللانغان. تېرىق، يالىڭاچ ئارپا قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىغان. قوي ئۇلارنىڭ ئاساسلىق باقىدىغان چارۋىسى بولغانىدى.

يۇڭ توقۇمىچىلىق ئەينى زاماندىكى قارا دۆۋە ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئائىلە ھۈنەرۋەنچىلىك كەسپىنىڭ بىرى بولغان. ئۇ، لوپنۇر رايونىنىڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىگە سېلىشتۇرغاندا كۆرۈنەر-لىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ۋە ئىلگىرىلىگەن. قارا دۆۋىدىن قېزىۋېلىنغان يۇڭ توقۇلمىلار بىرقەدەر تەكشى ھەم سىپتا توقۇلغان. كى-شىلەر بۇ چاغدا قىيپاش يوللۇق توقۇلمىلارنى توقۇش ۋە يۇڭ يىپنى بوياش تېخنىكىسىنى ئۆزلەشتۈرۈۋالغان. توقۇلمىلار سۆسۈن، قىزىل، سېرىق، كۆك، قوڭۇر رەڭلەرنى ئاساس قىلغان، كەڭ ـ تارلىقى، چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشىمايدىغان، ئۇزۇن يوللۇق ـ چاقماق شەكىللىك گۈل نۇسخىلىرى بىلەن بويالغان بولۇپ، رەڭگى ئىنتايىن چىرايلىق ھەم

كۆركەم. بىر ئايال جەسەتنىڭ ئۈچىسىغا ناھايىتى يەڭگىل بىر ئۈزۈن چاپان كىيگۈزۈلگەن، چاپاننىڭ رەختى سۇس قىزىل بولۇپ، ئۈستىگە سېرىق رەڭ بىلەن تاغ شەكىللىك، رومبا شەكىللىك نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن. چاپان سىپتا تىكىلگەن بولۇپ، رەڭلىرىمۇ ماس كەلگەن. كىشىلەر بەللىرىگە، پاچاقلىرىغا كەڭ ـ تارلىقى ئوخشىمايدىغان يۇڭ پوتىلارنى ئورىۋالاتتى. بۇ پوتىلارمۇ ھەرخىل بويالغان بولۇپ، ئۇنىڭ يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئىشلەنگەنلىكى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. مەيلى يىپنىڭ ئېگىرىلىش، توقۇلۇش، مەيلى لايىھىلىنىشى، بويىلىشى جەھەتتىن تەھلىل قىلايلى، مەيلى نۇسخىلىرىنىڭ لايىھىلىنىشى جەھەتتىن تەھلىل قىلايلى، ئۇ ھەممىلا جەھەتتە يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەن، باپكارلىق يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەن. ئۇلارنى شىنجاڭ رايونىنىڭ شۇ مەزگىلدىكى يۇڭ توقۇمىچىلىق سەنئىتىنىڭ ۋەكىللىرى دېيىشكە بولىدۇ.

ساپالچىلىق بىلەن ياغاچچىلىقمۇ مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدىغان ئائىلە ھۈنەرۋەنچىلىكى ھېسابلانغان. كىچىك ساپال كومزەك، ياغاچتىن ياسالغان توپا كولىغۇچ، ياغاچ ساپان ۋە سوغا، ئاياغ، چۆمۈچ قاتارلىقلار كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى ئىدى. كىچىك ساپال كومزەكلەرنىڭ سىرتى بىر قەۋەت قىزىل ساپال بىلەن سۇۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قارا رەڭ بىلەن ئۈچ بۇرجەك، تۈز سىزىقلىق نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن. تاغ چوققىسىغا سىمۋول قىلىنغان ئۈچ بۇرجەك نەقىش كىشىلەر ئەڭ ياقتۇرىدىغان سەنئەت ئوبرازى بولۇپ، پەقەت ساپال بۇيۇملارنىڭ سىرتىغا سىزىلىپلا قالماي، بەلكى كىچىك ياغاچ چىلەكلەرنىڭ سىرتىغىمۇ ئويۇلغان.

بۇ مەزگىلدە، شىنجاڭ رايونىدىكى قەدىمي ئاھالىلەر مىس ئېرىتىش تېخنىكىسىنىمۇ ئۆزلەشتۈرۈۋالغان. قارا دۆۋە قەبرىستانلىقىدىن چىققان ئەر جەسەتلەرنىڭ بەللىرىگە مىس بەكە ئېسىلغان، ئۇنىڭغا قوشۇپ يەنە كىچىك بىلەي تاش قويۇلغان. ئاياللارنىڭ ئاياغ كىيىملىرىگە، بەلباغلىرىغىمۇ ئۇششاق مىس بىزەكلەر تاقالغان.

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يۈكسىلىشى ۋە ئىجتىمائىي ئىگىلىك

نىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىجتىمائىي تەشكىللاتلاردىمۇ مۇناسىپ ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن. دەپنە قىلىش ئۇسۇلىنى تەھلىل قىلغاندا، قارا دۆۋە قەبرىستانلىقىنىڭ كېيىنكى باسقۇچلىرىغا كەلگەندە يەككە ئائىلىلەر پەيدا بولغان بولۇپ، ئەر بىلەن خوتۇننى بىللە دەپنە قىلىش ئادەتلىرى بارلىققا كەلگەن. يەككە ئائىلىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ھەمدە ئۇنىڭ بىر ئىجتىمائىي ھۈجەيرە سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، ئۇرۇقداشلىق تەشكىلى بىلەن قارشىلىشىدىغان يېڭى بىر خىل كۈچنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. جەمئىيەتنىڭ بۆلۈنۈشى كۈنساناپ تېزلەشكەن، ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئاستا ــ ئاستا پارچىلىنىشقا قاراپ يۈزلەنگەنىدى.

قۇمۇلدىكى قارا دۆۋىدىكىگە ئوخشاش رەڭدار ساپال قاچىلار، سۈركەپ ياسالغان تاش قوراللار ۋە مىس قوراللار تەڭلا ئۇچرايدىغان قەدىمكى خارابىلىكلەر شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن خېلى كۆپ تېپىلدى. خوشۇت ناھىيىسىنىڭ ئۇششاقتال دېگەن يېرىدىن تېپىلغان خارابىلىكتىكى كۈل دۆۋىسىنىڭ قېلىنلىقى 5 ــ 4 مېتىر كېلىدۇ. دېمەك، بۇ كىشىلەرنىڭ بۇ يەردە خېلى ئۇزۇن مەزگىل ئولتۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇلار ئىشلەتكەن رەڭدار ساپال قاچىلار ناھايىتى چىرايلىق. قېلىن ھەم ئېغىر مىس پالتا، قاشتېشىدىن ياسالغان پالتا، تاش پىچاق، يارغۇنچاق قاتارلىق نەرسىلەرمۇ ئىشلىتىلگەن. تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ئېتىكىدىكى باركۆل ناھىيىسىدىن يەنە باشقا بىرخىل شەكىلدىكى تۇرالغۇ خارابىسى تېپىلدى. چوڭ قورام تاشلار بىلەن ياسالغان، كۆلىمى 200 كۋادرات مېتىر، تاش تېمىنىڭ قېلىنلىقى 3 مېتىر، ئېگىزلىكى 2 مېتىر كېلىدىغان بۇ چوڭ قۇرۇلۇش ئىچكىرى ــ تاشقىرى بۆلمىلەرگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئىشىكلىرىمۇ ئۆزئارا تۇتاشقان. تاش تامنىڭ ئىچكى يۈزى ئىنتايىن سىلىق بولۇپ، يەر يۈزىمۇ بىرقەدەر تۈز ھەم تەكشى. تۈۋرۈك ئورنىدا يەنە ياغاچ تۈۋرۈكنىڭ قالدۇق قىسمى بار. تامنىڭ بۇنداق قېلىن بولۇشى ئىسسىقلىق ساقلاشقا مۇۋاپىق. باركۆل ناھىيىسىدىكى بىرقانچە ئورۇندىنمۇ بۇ خىلدىكى قۇرۇلۇش خارابىلىكلىرى تېپىلدى. قېزىش جەر-

يانـىدا بۇ جايدىن چوڭ تىپتىكى چەمبىرەك پۇتلۇق مىس قازان چىقتى. كـىشـىلەر ھالقىسمان ساپلىق مىس پىچاق، چوڭ ساپال كومزەك، چوڭ يارغۇنچاق قـاتـارلـىقلارنـى ئىشلەتكەن. ئۇلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرىدىن كۆمۈرگە ئايلانـغان بۇغداي تـېـپىلدى. دېمەك، بۇ ئەھۋال ئۇلارنىڭ بۇغداي قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇلار يەنە قوي، ئات قـاتـارلىق ھايۋانلارنى باققان، بۇغىلارنى ئوۋلىغان، بۇ ھايۋاناتلارنىڭ سۆڭـەكـلـىرىـدىـنمۇ ھەرخىل قوراللارنى ياساپ ئىشلەتكەن. ئۇلار ئوۋ ئوۋلـىـغـاندا بىر خىل كىچىك تاش ساقىلارنى ئىشلەتكەن. تۇرالغۇ ئورۇنـ دىـن بۇ خـىل ساقىلار خېلى كۆپ تېپىلدى. بۇ يەردىن يەنە ئۆز ۋاقتىدا نـاھايـىتـى كـۈچلۈك ئىشلەپچىقىرىش قورالى ھېسابلانغان چوڭ مىس پالـ تىلارمۇ تېپىلدى.

شـىـنجاڭ رايونىدىن تېپىلغان رەڭلىك ساپال بۇيۇملارنى رەڭلىك نـەقىش ئۇسلۇبىدىن تەھلىل قىلغاندا، بۇ ساپال بۇيۇملارنىڭ گەنسۇ رايوـ نىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ئېنىق. شىنجاڭ رايونىدىن تېپىلغان مۇشۇ دەۋرگە ئائىت رەڭدار ساپال بۇيۇملار گەنسۇنىڭ ئىنتايىن نەپىس ھۈنەر – سەنئەت بـىـلـەن ئىشلەنگەن رەڭدار ساپال بۇيۇملىرىغا قارىغاندا، ۋاقىت جەھەتـتـىـن نـاھايـىتى كېيىن بولۇپلا قالماستىن، ياسىلىش جەھەتتىنمۇ بـىـرقـەدەر قـوپـال. ئەمما، ئۇلارغا چۈشۈرۈلگەن گۈل نەقىشلەر ئاساسەن ئۈچ بـۇرجەك نـەقـىش، قـايـنـامـسىمان نەقىش، لەۋھەسىمان نەقىش ۋە تـارىـسمان نەقىشلەر ئىكەن. بۇ خىل نەقىش ئۇسلۇبى گەنسۇ رايونىدا ناـ ھايـىـتـى ئومـۇملاشـقـانـىدى. قـارا دۆۋـىـدىـن تـېـپىلغان بىرقىسىم ساپال قـاچىلارنىڭ سىپىغا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە « S » شەكىللىك نەقىشـ لـەر چـۈشـۈرۈلـگـەنـىـكـەن. بـۇنىڭغا تامامەن ئوخشاپ كېتىدىغان ساپال قاچىلار گەنسۇ رايونىدىنمۇ كۆپ تېپىلغان.

قـۇمـۇل شەھىرىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىن بۇغا بېشى ساپلىق ئورغاقـ سـىـمـان قـىـسـقا پىچاق، ھالقا ساپلىق بەكە ۋە گۇرجەك قاتارلىق روشەن ئوردوس ئۇسـلـۇبىغا ئىگە بىر تۈركۈم برونزا قوراللار تېپىلدى. ۋاقتى بۇـ نـىـڭـدىـن تـەخمىنەن 3000 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭغا

ئوخشاش قىسقا پىچاقلار خېبىي ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىن ، شەنشى
ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىن ، سەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىن
تېپىلغانىدى . بۇلارنىڭ شەكلى خۇددى بىر قېلىپتا قۇيۇلغاندەك تامامەن
ئوخشاش ئىدى . ئەمما ، بۇ خىل برونزا قوراللارنىڭ مەركىزى ۋە كېلىپ
چىققان جايى ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئوردۇس رايونى ئىدى . كىشىلەرنىڭ
دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان بۇ پاكىت بۇنىڭدىن 3000 يىللار ئىلگىرى
يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان رايونلار ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادىي ، مەدەنىيەت ئالا-
قىلىرى بولغانلىقىنى ۋە ئادەملەرنىڭ يۆتكەلگەنلىكىنى چەشەندۇرۇپ
بېرىدۇ .

چىن سۇلالىسىدىن بۇرۇنقى مەزگىللەرگە ئائىت يازما يادىكار-
لىقلاردا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن شىنجاڭنىڭ مۇناسىۋىتىگە ۋە ئۆزئارا
بېرىش - كېلىش ئەھۋاللىرىغا دائىر ھېكايىلەر خېلى كۆپ . بۇلارنىڭ ئى-
چىدە كىشىلەرگە ئەڭ تونۇشلۇق بولغىنى جۇمۇۋاڭنىڭ غەربكە ساياھەت
قىلىپ شىنجاڭغا كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى رىۋايەتتۇر . رىۋايەتتە مىلادى-
دىن بۇرۇنقى 10 - ئەسىردە ، جۇمۇۋاڭ نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن لوياڭدىن
يولغا چىقىپ خېتاۋ رايونى ، نىڭشيا ، گەنسۇ قاتارلىق جايلارنى بېسىپ
ئۆتۈپ شىنجاڭغا كېلىپ ، شىنجاڭ رايونىدا ماكانلىشىپ كېلىۋاتقان
ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدىكى قەبىلىلەرنىڭ داھىيسى ( غەربىي خان
ئانا ، 西王母 ) بىلەن كۆرۈشكەن . ئۇلار ئۆزئارا سوۋغات تەقدىم قىلىش-
قان . زىياپەت ۋە بەزمە سورۇنلىرىنى تۈزۈشكەن . غەربىي خان ئانىنىڭ
قەبىلىسى يولۋاس ، يىلپىز قاتارلىق ھايۋاناتلارنى توتېم قىلغان . ئۇ جۇ-
مۇۋاڭنى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن تەنتەنىلىك بەزمە ئۇيۇشتۇرغان .
جۇمۇۋاڭ ئاساسەن يىپەك رەخت ، سەدەپ قۇلۇلىسى قاتارلىق نەرسىلەرنى
سوۋغا قىلغان . غەربىي خان ئانا بولسا ھەرخىل چارۋا مال ۋە ئېسىل
ئۆسۈملۈك سورتلىرىنى سوۋغا قىلغان . بۇ رىۋايەت گەرچە ئىشەنچىلىك
تارىخىي ئاساسقا ئىگە بولمىسىمۇ ، لېكىن بۇنىڭدىن 3000 يىل ئىلگىرى
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەلقى بىلەن شىنجاڭ رايونىدىكى خەلقلەر ئوتتۇرىسىدا
ئۆزئارا بېرىش - كېلىش ۋە ئىقتىسادىي ئالاقىنىڭ بولغانلىقىنى ھەقىقىي

تۇردە ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ. شۇنداقلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن شىنجاڭ رايونىغىچە بولغان قاتناش يوللىرىنىڭ ئەينى مەزگىلدىكى لىنىيىلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

قەدىمكى زاماندىكى خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىنىڭ شىنجاڭغا ئەڭ كۆپ چېتىشلىق بولغان مەزمۇنلىرىدىن بىرى شۇكى، بۇنىڭدىن 4000 يىل بۇرۇن قۇرۇلغان شيا سۇلالىسىدىن تارتىپ ھەرقايسى سۇلالە ۋە ھەرقايسى دەۋرلەردە كۆئېنلۇن تېغىنىڭ قاشتېشى زور مىقداردا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئۈزلۈكسىز توشۇلۇپ تۇرغان. رەڭگى ھەرخىل بولغان سىلىق ھەم پارقىراق قاشتاشلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ھۆكۈمران سىنىپلىرى ئۈچۈن مۇھىم مۇراسىم بۇيۇملىرى ۋە زىننەت بۇيۇملىرى بولۇپ قالغان. 1976 ـ يىلى قىشتا، خېنەن ئۆلكىسىنىڭ ئەنياڭ ناھىيىسىدىكى يىن خارابىلىكىدىن ھازىرغا قەدەر ئوغرىلارنىڭ قولى تەگمىگەن بىر قەبرە تېپىلدى. بۇ يىن سۇلالىسى ۋۇدىڭ خانىنىڭ خوتۇنى «فۇخاۋ» نىڭ قەبرىسى ئىكەن. ئۇنى مىلادىدىن بۇرۇنقى 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 12 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا، يەنى بۇنىڭدىن تەخمىنەن 3200 يىللار ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا دەپنە قىلىنغان، دەپ مۆئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. بۇ قەبرىدىن چىققان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى جەمئىي 1928 دانە، بۇنىڭ ئىچىدە قاشتېشى بۇيۇملىرىلا 756 دانە بولۇپ، قەبرىدىن چىققان بارلىق بۇيۇملارنىڭ 39% ىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ قاشتېشى بۇيۇملىرىنىڭ سانى كۆپ بولۇپلا قالماي، ياسىلىشى چىرايلىق، رەڭگى ناھايىتى جۇلالىق ئىدى. تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ تەھلىل قىلىپ باھالىشى ئارقىلىق، بۇ قاشتېشى بۇيۇملىرىنىڭ ھەممىسىلا «ئاساسەن شىنجاڭنىڭ قاشتېشى» ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىپ، مۇناسىۋەتلىك يازما يادىكارلىقلاردىكى خاتىرىلەر ئىسپاتلاندى. شۇنداقلا شىنجاڭ قاشتېشىنىڭ يىراق قەدىمكى زامانلاردىلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا ئېلىپ بېرىلغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي پاكىت ئېچىپ بېرىلدى.

## §3. شىنجاڭنىڭ سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويۇشى، چىن سۇلالىسىدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە ئەتراپتىكى رايونلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

بۇنىڭدىن 2500 يىللار ئىلگىرى ئىلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى ئەمىنىيە ۋە يىغىلىق دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، قۇللۇق تۈزۈمدىن فېئوداللىق تۈزۈمگە ئۆتۈشتىن ئىبارەت غايەت زور ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈرۈۋاتاتتى. شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭكىدىن كېيىنرەك بولغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن قۇللۇق جەمئىيەتكە ئۆتۈشتىن ئىبارەت جىددىي ئۆزگىرىش باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتاتتى.

ئەينى زاماندا شىنجاڭ رايونىنىڭ ئاساسلىق ئاھالىلىرى ساكلار، چاڭلار، توخرىلار ۋە قاڭقىللاردىن ئىبارەت ئىدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايوندا مۇنداق بىر رىۋايەت تارقالغان: پادىشاھ تاڭ ياۋنىڭ زامانىسىدە، چاڭجياڭ – خۇەيخې دەريالىرى ۋە جىڭجۇ ئەتراپلىرىدىكى سەنمياۋ قەبىلىلىرىنى دۇنخۇاڭ ئەتراپىدىكى سەنۋېيشەن تېغىغا قوغلىۋەتكەن. سەنمياۋ قەبىلىلىرى بۇ جايدىكى ئاھالىلەر بىلەن ئۆزئارا قوشۇلۇپ ۋە كۆپىيىپ، كېيىنكى مەزگىللەردىكى چاڭلارنىڭ ئەجدادى بولۇپ قالغان. ئۇلار باشتىن ئاخىرغىچە كوئىنلۇن تېغى ئەتراپىدا ئىزچىل ياشىغان. چاڭلارغا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، جۇ مىللىتىنىڭ ئەجدادى گۇگۇڭ دەنفۇ ئۆزىنىڭ ئامراق ۋەزىرى جى چاۋنى پامىر رايونىغا ئەۋەتكەن. نەتىجىدە، ئۇ بۇ يەرنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ قالغان. شۇڭا، جۇ سۇلالىسى شاڭ سۇلالىسىنى يوقىتىش ئۇرۇشىدا، شىنجاڭ رايونىدىكى بىرقىسىم قەبىلىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. جۇ مىللىتى بىلەن جياڭ، چاڭلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن يېقىن بولغان. قەدىمكى چاڭلارنىڭ شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا كەڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى سەۋەبىدىن «نوپچان» دېگەن بۇ يەر نامى ساقلىنىپ قالغان.

ئازادلىقتىن كېيىن « خەن سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان ئادالەتلىك چاڭلار ئاقساقىلى » دېگەن خەت ئويۇلغان مىس مۆھۈر تېپىلدى . شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ، باي ناھىيىسىدە ياشىغان لىيۇپىڭگونىڭ مەشھۇر تاش ئابىدىسىگە ئويۇلغان ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىسمىلىكى ئىچىدە چاڭلارنىڭ ئىسمىمۇ بار . دېمەك ، بۇنىڭدىن تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى بىر قىسىم بوستانلىقلاردا چاڭلارنىڭ ياشىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ .

ساكلارمۇ شىنجاڭ رايونىدا كەڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغان . ئىلى دەريا ۋادىسى يېغىلىق دەۋرىدە ساكلارنىڭ پائالىيەت مەركىزى بولغان . كۇنەس ، تەكرىتاغنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئالغۇي جىلغىسى ، نىلقا ناھىيىسى قاتارلىق جايلاردىن شۇ دەۋردىكى ساكلارنىڭ خارابىلىكلىرى تېپىلدى . خارابىلىكلەردىن ئەينى زاماندا ئۇلارنىڭ سىنىپىي جەمئىيەتكە كىرىپ بولغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ .

تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمى ۋە تەكرىتاغنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئالغۇي ئېغىزىدىن شۇ دەۋرگە مەنسۇپ ساكلارنىڭ قەبرىستانلىقى تېپىلدى . قەبرىدىكى ياغاچتىن ياسالغان تاشقى جەسەت ساندۇقى خېلى چوڭ . بۇ يەردىكى بىر قەبرىنىڭ ئىچكى بۆلمىسىنىڭ چوڭلۇقى 200 كۇب مېتىر كېلىدۇ . قەبرىگە دەپنە قىلىنغان بىر ئايالنىڭ كىيىملىرى چىرىپ كەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن زىننەت بۇيۇملىرىدىن سۆگەت يوپۇرمىقى شەكىللىك ، رومبىسىمان ، چەمبەرسىمان ئالتۇن بىزەك پارچىلىرى يەنىلا ياخشى ساقلانغان . جەسەتنىڭ كەمرىگە ئۆز ۋاقتىدا يولۋاس سۆرىتى چۈشۈرۈلگەن يۇمىلاق ئالتۇن تاختا بىلەن بىر جۈپ يولۋاس سۆرىتى چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن ياپراق پوتال ئورنىتىلغان . قوشۇپ كۆمۈلگەن بۇيۇملار ئىچىدە كانايسىمان سېلىنچا ، ئۈستىگە غەلىتە ھايۋاننىڭ سۆرىتى چۈشۈرۈلگەن مىس بۇيۇمدىن باشقا يەنە مەرۋايىت ، كۈمۈش بېزەك ، سىرلىق قاچا ، يىپەك تور قاتارلىق ئالىي سورتلۇق ئىستېمال بۇيۇملىرىمۇ بار . ساپال قاچىلارمۇ ئادەتتىكى ساپال قاچىلارغا قارىغاندا نەپىس ئىشلەنگەن . ياغاچ تاۋاقتا لىقمۇ لىق قوي ئۇستىخانلىرى سېلىنغان ، ئۇنىڭ يېنىغا بىر تۆمۈر بەكە قويۇلغان ، بۇ ئەھۋال ياش ئايالنىڭ ھايات

چېغىدىكى يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئىجتىمائىي ئورنىنى ۋە راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇشىنى ناھايىتى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنداق ھەشەمەتلىك قەبرە ياساپ، كۆپلىگەن ئالتۇن بۇيۇم، يىپەك كىيىم ـ كېچەكلەرنى بىللە قوشۇپ دەپنە قىلىش، پەقەت قۇلدارلار تەبىقىسىدىكى كىشىلەرگىلا خاس ئەھۋال ئىدى. شۇ تارىخىي باسقۇچتا، تاشقۇرغان جىلغىسىغا جايلاشقان شەنبەباي دېگەن جايدىنمۇ بىر تۈركۈم ساكلار قەبرىستانلىقى قېزىلدى. قېزىلغان 40 قەبرىنىڭ تۆتىگە قۇللار قوشۇپ كۆمۈلگەنىكەن. ئىسكىلىتلىرىنىڭ شەكلىدىن قارىغاندا، ئۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ تىرىك كۆمۈلگەنلىكىنى، بەزىلىرىنىڭ پارچىلاپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن كۆمۈلگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇ ئەھۋال قۇللۇق جەمئىيەت باسقۇچىدىكى ئادەمنى ـ ئادەم ئېزىدىغان، ئادەمنى ـ ئادەم ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان قانلىق تارىخىي پاكىتنى تېخىمۇ ئوچۇق ئاشكارىلاپ بېرىدۇ.

يىغىلىق دەۋرىدە، ساكلارنىڭ قۇللۇق تۈزۈم جەمئىيىتى باسقۇچىدا تۇرغانلىقى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە يۈكسىلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ساكلار خانلىقى تەۋەلىكىدىكى ئىلىنىڭ نىلقا ناھىيىسى قۇرساي تېغىدىن بۇنىڭدىن 2400 يىلدىن ئىلگىرىلىكى مىس كېنى بىلەن مىس ئېرىتىش ئوچىقىنىڭ خارابىسى تېپىلدى. بۇ سۈپىتى ناھايىتى يۇقىرى يالتىراق مىس چىقىدىغان كان ئىكەن. قەدىمكى زاماندا قېزىلغان بۇ كاننىڭ ئېغىزى گەرچە ئۆرۈلۈپ كەتكەن ياكى ئېتىلىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن يەنىلا قىسمەن ئىزلارنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. خاك يولى رودا تۆمۈرنى بويلاپ نەچچە ئون مېتىر ئىچكىرىلەپ كىرگەن بولۇپ، ئەگرى ـ بۈگرى ئىكەن. كان ئېغىزىغا ۋە خاك يوللىرىغا قاراغاي ياغىچىدىن تىرەك قويۇلغانىكەن. خاك يولىدا قېزىش ۋە چېقىشقا ئىشلىتىلىدىغان، چوڭلىرى 10 جىڭدىن ئاشىدىغان، كىچىكلىرىمۇ 2 ـ 3 جىڭ كېلىدىغان چوڭ تاش بازغانلار قېپقالغان. بىر ئۇچى يۇمىلاق، بىر ئۇچى ئۇچلۇق، ئوتتۇرىسى ئويمان كەلگەن تاش بازغان خۇبېي ئۆلكىسى

دايېتۇگلۇ تېغىدىكى قەدىمكى مىس كان خارابىلىكىدىن چىققان شۇ خىلـ
دىكى ئەسۋابىقا تامامەن ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ ئەھۋال كانچىلىق ھۈنەر ـ
سەنئىتى جەھەتتە ئۆز ۋاقتىدا ئېلىمىزنىڭ ئىچكى جايلىرىنىڭ تەسىرىنى
قوبۇل قىلغان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ.

كاندىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى جىلغا ئىچىدىن قېلىنلىقى بىر مېتىر كېلىدىغان داشقال دۆۋىسى تېپىلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە كۆل، مىس ئېرىتىشتە ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ كۆمۈر، پىششىقلاپ ئىشلەنمىگەن كاللەك مىس قاتارلىقلار بار ئىكەن. پىششىقلاپ ئىشلەنمىگەن كاللەك مىس خۇددى دۇم كۆمتۈرۈلگەن چىنىگە ئوخشاش بولۇپ، دۈمبە تەرىپى دومـ
باق كەلگەن، ئېغىرلىرىنىڭ ھەربىر پارچىسى 10 كىلوگرامدىن ئاشىدىكەن. ئۇنىڭ مىس تەركىبى 60% تىن يۇقىرى بولۇپ، ساپلىق دەـ
رىجىسى ناھايىتى يۇقىرى ئىكەن.

خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن ئىلگىرى، تۇرپان ئويمانلىقى، ئۈرۈمچى ۋە تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ئېتىكىدىكى جىمسار، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلاردا قۇدرەتلىك بىر مىللەت ياشىغان. خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت يازما ماـ
تېرىياللاردا ئۇلار «قۇس» دەپ ئاتالغان. كېيىن «قاڭقىل» دەپ ئاتالغان. ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇلار مىلادىدىن 1000 يىل بۇرۇنقى مەزگىللەردىن تارتىپ مۇشۇ رايوندا ياشاپ كەلگەن. تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ غەربىي ياقىسىدىكى ئۇۋىرغول، تۇرپاندىكى ئايدىڭكۆل ۋە پىچاندىكى سۇ بېشى، گۇچۇڭدىكى چولاق ساي، يېڭى ئۆستەڭ، ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىي شەھەر ئەتراپى قاتارلىق جايلاردىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قاڭقىلارنىڭ خارابىلىكلىرى تېپىلدى ۋە قېـ
زىلدى. ئۇلار چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، قوي، ئات، قېچىر قاتارلىقلار ئۇلارنىڭ ئاساسلىق چارۋىلىرى شۇنداقلا ئاساسلىق تۇرمۇش ۋاستىلىرى بولغان. ئۇلار دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن بۇغداي، زىغىر قاتارلىقلارنى تېرىشنى بىلگەن. تەخمىنەن ئەمىنىيە دەۋرلىرىدە، ئۇلار مىس قوراللارنى ئىشلىتىشكە باشلىغان. قېزىش جەرياـ
نىدا مىس ئېغىزدۇرۇق، مىس بەكە، يۇملاق مىس ئەينەك ۋە مىستىن

ياسالغان ھەرخىل زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى تېپىلدى. يېغىلىق دەۋرىگە كەلگەندە تۆمۈر قوراللارنى ئىشلىتىش ئومۇملاشقان. تۆمۈر قوراللارنىڭ ئىشلىتىلىشى قاڭقىلىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولغان. بۇ ئارقىلىق كۆپلىگەن ئىشلەپچىقىرىش ساھەلىرى ئېچىلىشقا باشلىغان. قاڭقىلىلار كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئاساسەن ساپال قاچا ۋە ياغاچ ئەسۋابلارنى ئىشلەتكەن. ساپال قاچىلار ئىچىدە رەڭلىك ساپال قاچىلار خېلى كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. ساپال قاچىلارغا ئاساسەن ئۈچ بۇرجەك شەكىللىك، يۆگىمە شەكىللىك ۋە قارىغاي شېخى شەكىللىك نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن. كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئۈچىسىغا تۈز يوللۇق، قىيپاش يوللۇق يۇڭ توقۇلمىلاردىن كىيىم تىكىپ كىيىشكەن. يولۋاس شەكىللىك مىس تاختا، ئالتۇندىن ئىشلەنگەن كالا بېشى قاتارلىقلار قاڭقىلىلارنىڭ قەبرىلىرىدىن تېپىلغان ئاساسلىق ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى ھېسابلىنىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، قاڭقىلىلار ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن قۇللۇق جەمئىيەتكە ئۆتۈش جەريانىنى تاماملىغان.

شۇ مەزگىلدىكى ئالتاي رايونىدىمۇ قۇللۇق تۈزۈم باسقۇچىغا دائىر قەبرىلەر تېپىلدى. بۇ قەبرىلەردىمۇ قۇللارنى قۇربانلىق قىلىشتەك ئېچىنىشلىق پاكىتلارنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى بوستانلىقلارمۇ ئاشۇنداق بىر تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەندى.

مىس قوراللار بىلەن تۆمۈر قوراللارنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلىشى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يۈكسىلىشى ۋە قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەتنىڭ بارلىققا كېلىشى سەۋەبىدىن، يېغىلىق دەۋرىدىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار بىلەن، بولۇپمۇ خېشى كارىدورى ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى بىلەن بولغان ئالاقىسى تېخىمۇ كېڭەيگەن ۋە قويۇقلاشقان.

مۇشۇ دەۋرگە ئائىت قەدىمىي خارابىلىقلار، مەسىلەن، تەڭرىتاغ

ئارىسىدىكى ئالغۇي، ئۇرغول سايلىرى، ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى كىرمۇچى قاتارلىق جايلاردىكى قەدىمكى خارابىلىقلارنىڭ ھەممىسىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىن كەلگەن ئەنقا سۈرىتى كەشتىلەنگەن دارايى، شايى گەزلىمە ۋە سىرلانغان پەتنۇس، سىرلانغان ھالقا، مىس ئەينەك قاتارلىق نەرسىلەر تېپىلدى. بۇلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان دېڭىز قۇلۇلىسىنىڭ قېپى تېپىلدى.

قاشتېشى شىنجاڭدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا ئېلىپ بېرىلغان ئاساسلىق تاۋارلارنىڭ بىرى ئىدى. يۇقىرىدا يىن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت ئەمەلىي مىساللارنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدۇق. يىن سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىن جۇ سۇلالىسى، چىن سۇلالىسى دەۋرلىرىمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ شىنجاڭنىڭ قاشتېشىغا بولغان ئېھتىياجى ئېشىپ بارسا بارغانكى، ئەسلا كېمەيمىگەن. «گۇەنزى» دېگەن كىتابدا كۇئېنلۇن تېغىدىن چىقىدىغان قاشتېشىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا توشۇپ بېرىلغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك كۆپلىگەن خاتىرىلەر بار. يېغىلىق دەۋرىدە ئېلىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدا ياشىغان توخرىلار بۇ خىل سودىدا ئاساسلىق ۋاسىتىچىلىك رولىنى ئوينىغانىدى. ئەينى زاماندا ئۇلار بىر پارچە ئېسىل قاشتېشىنى قويىنىغا سېلىۋېلىپ، ئالغۇچىغا شەكلىنىڭ قانداقلىقىنى كۆرسەتمەي تۇرۇپلا تۆمەنلىگەن پۇلغا ساتاتتى. بۇ خىل ئېسىل قاشتېشى بولسا شىنجاڭنىڭ كۇئېنلۇن تېغىدىن چىقاتتى. توخرىلار كۇئېنلۇن قاشتېشىنى شۇنچە يىراقتىن خىلمۇ خىل جاپا ــ مۇشەققەت، خەۋپ ــ خەتەرلەرنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق، ئاندىن خېبىي، شەندۇڭ قاتارلىق جايلارغا ئېلىپ كېلەتتى. ئەگەر ئۇنىڭدىن نەپ چىقمىسا، ئۇلار بۇ ئىشنى قىلمايتتى. يېغىلىق دەۋرگە كەلگەندە، توخرىلارنىڭ ئاساسلىق ياشىغان يېرى گەنسۇنىڭ غەربىي قىسمىغىچە سوزۇلغان بولۇپ، خېشى كارىدورىنىڭ شەرقىدىكى جايلار ئۇلارنىڭ سىياسىي مەركىزى بولغانىدى. يەنە بىر قىسىم توخرىلار بولسا، كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىگە كېلىپ ماكانلاشقانىدى. «گۇەنزى» دېگەن كىتابنىڭ خېلى كۆپ جايلىرىدا ئېسىل قاشتېشىنىڭ توخرىلار ماكانلاشقان تاغدىن چىقىدىغان-

لىقى تىلىغا ئېلىنغان. بۇ ئەلۋەتتە كۇئېنلۇن تېغى ئىدى. خېشى كارىدورىدىن تارتىپ كۇئېنلۇن تېغىغىچە بولغان جايلاردا توخرىلار بىر مەزگىل ناھايىتى قۇدرەت تاپقانىدى. ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا ھۇنلارنى، ئاسىيۇلارنى كونترول قىلىپ، ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونىنىڭ ھۆكۈمرانىغا ئايلانغانىدى. ئۇلار ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي جەھەتتە كۈچلۈك بولۇپلا قالماستىن، سودا قىلىشقىمۇ ماھىر ئىدى. ئەينى زاماندا شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى ئوتتۇرىسىدىكى قاشتېشى سودىسىنى ئاساسەن توخرىلار چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغانىدى. قاشتېشىدىن باشقا يەنە نەسىللىك ھايۋانلار، رەڭلىك يۇڭ توقۇلمىلار ۋە يۇڭ پالازلارمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەلقى ناھايىتى ياقتۇرىدىغان تاۋارلار ھېسابلىناتتى.

يېغىلىق دەۋرىدە، غەربىي شىمال تەرەپتە قۇدرەت تاپقان چىن بەگلىكى، شۇنىڭدەك كېيىنكى مەزگىلدىكى چىن سۇلالىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ شىنجاڭ رايونى بىلەن ئالاقە ئورنىتىشىدا ئاساسلىق رول ئوينىغان. شۇنداقلا شىنجاڭ رايونىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەنىدى. شۇڭا، شىنجاڭ رايونىدىكى ھەرمىللەت خەلقى ئەينى مەزگىلدە ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا كەلگەنلەرنى « چىنلىقلار » دەپ ئاتىشاتتى. بۇ ئەنئەنىۋى ئادەت تاكى خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىمۇ ئۆزگەرمىگەنىدى.

شىنجاڭدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا بارىدىغان ئاساسلىق يول خېشى كارىدورىدىن ئۆتۈپ، گەنسۇ ۋە شەنشى رايونىغا بارىدىغان يول ئىدى. خېبېي رايونى بىلەن تۇتىشىدىغان يول بولسا سەنشىنىڭ شىمالىدىكى خېڭشەن تېغى، يەنمېن قوۋۇقىدىن ئۆتەتتى. « تارىخىي خاتىرىلەر » دە، مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سۇلىنىڭ جاۋ بەگلىكىنىڭ بېگى خۇيۋېنۋاڭغا يازغان بىر پارچە خېتى ساقلىنىپ قالغان، خەتتە: ئەگەر چىن بەگلىكى ئەسكەر ئەۋەتىپ، سەنشىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى رايونلارنى ئىشغال قىلىپ، سەنشىدىن تارتىپ خېبېيدىكى خېڭشەن تېغى ۋە يەنمېن قوۋۇقى ئەتراپىدىكى مۇھىم يوللارنى كونترول قىلىۋالسا، ئۇ ھالدا يەن بەگلىكى ئىنتايىن ئەتىۋارلايدىغان كو-

ئېنلۇن قاشتېشىنى ئىككىنچىلەپ قولغا كىرگۈزۈش تەس دېيىلگەن.
يەنىمۇ قوۋۇقىدىن چىقىپ غەربىي شىمال تەرەپتىكى خېتاۋ رايونى ئارقى-
لىقمۇ شىنجاڭغا كەلگىلى بولاتتى. موڭغۇل يايلىقىدىكى كۆچمەن
چارۋىچى مىللەتلەر شىنجاڭغا كېلىشتە باشتىن ـ ئاخىر مۇشۇ يول بىلەن
ماڭغان. خېتاۋ رايونىدىن چىقىدىغان ئۈردۈس تىپىدىكى برونزا
قوراللارنىڭ شىنجاڭنىڭ قۇمۇل رايونىدىن تېپىلغانلىقى بۇ ئۈچۈرنى ناھا-
يىتى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇن
زامانلاردىن بۇيان ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى مەۋجۇت بولۇپ كەل-
گەنلىكتىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەلقى تەبىئىي ھالدا شىنجاڭنىڭ
جۇغراپىيىلىك مۇھىتى، تاغلىرى، دەريالىرى، كۆللىرى، قۇملۇقلىرى،
شۇنداقلا ماددىي بايلىقلىرى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى توغرىسىدا مۇئەييەن
چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولغان ھەمدە بارا ـ بارا بۇ چەشەنچىلەرنى خاتىرى-
لەپ قالدۇرغان. يېغىلىق دەۋرىدىكى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىكى
دەۋرلەردىكى خەنزۇچە يازما ماتېرىياللاردا كوئېنلۇن تېغى،
چوڭ قۇملۇق، لوپنۇر كۆلى، كۆنچى دەرياسى ۋە تارىم دەرياسى
خاتىرىلەنگەن. يېغىلىق دەۋرىدىكى ئۇلۇغ شائىر چۈي يۈەن
ئۆزىنىڭ «چاقىرىقنامە»، «ئەرۋاھ چاقىرىش»، «تەڭرىگە سوئال»
قاتارلىق نەزمىلىرىدە ئاقما قۇملارنى، ئىنتايىن قۇرغاق مۇھىتلارنى، كو-
ئېنلۇن تېغىغا مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەرنى تىلغا ئالغان. شۇنداقلا
كىشىلەردىكى تەبىئەت ھادىسىلىرىنى چۈشەنمەسلىك سەۋەبىدىن پەيدا
بولغان گۇمانلارنى ئىپادىلەپ بەرگەن.

قېزىپ چىقىرىلغان قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلار شىنجاڭ
بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كەڭ رايونلار ۋە جەنۇبىي ئاسىيادىكى بىر قىسىم
رايونلار ئوتتۇرىسىدىمۇ مۇئەييەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋەتلىرى-
نىڭ بولغانلىقىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

شىنجاڭنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار بىلەن بولغان بۇ خىل ئىقتىساد ـ
مەدەنىيەت ئالاقىلىرى، بولۇپمۇ ۋەتىنىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى

بىلەن بولغان كەڭ ھەم ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىقتىساد ـ مەدەنىيەت
ئالاقىلىرى ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك ئىشلەپ ـ
چىقىرىش ئەمگىكى جەريانىدا پەيدىنپەي ئىشقا ئاشقانىدى . بۇ خىل
ئىقتىساد ، مەدەنىيەت ئالاقىلىرى ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرىنىڭ ۋە
شىنجاڭ رايونىنىڭ ئېچىلىشى ، قۇرۇلۇشى ، مۇناسىۋەتلىك رايونلارنىڭ
تەرەققىي قىلىشى ۋە يۈكسىلىشىگە ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەنىدى . ئىنتا ـ
يىن ئېنىقكى ، دەل مۇشۇنداق ئۇزاق مۇددەتلىك ئىقتىساد ـ مەدەنىيەت
ئالاقىسىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقى ۋە بۇ خىل ئالاقە ئاساسىدا ئەمگەكچى
خەلقلەرنىڭ ئۆزئارا تونۇشقانلىقى ، بىر ـ بىرىنى چۈشەنگەنلىكى غەربىي
خەن سۇلالىسىنىڭ « غەربىي يۇرتقا كىرىش » تىن ئىبارەت غايەت زور
ئىستراتېگىيىلىك چارىسىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن ، شۇنىڭدەك ئۇنىڭدىن
كېيىن خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ، شىنجاڭ
رايونىنى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن زېمىنى ئىچىگە
كىرگۈزۈشى ئۈچۈن مۇستەھكەم تارىخىي ئاساس ھازىرلاپ بەرگەنىدى .

## ئىككىنچى باب

# خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى، غەربىي يۇرتنىڭ جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلىنىشى

### §1 . هۇنلارنىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە غەربىي يۇرتنى بويسۇندۇرۇپ، خەن سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىغا پاراكەندىچىلىك سېلىشى

ئېلىمىز غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇيان، بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى تاش قوۋۇق، ياڭگۇەن قوۋۇقلىرىنىڭ غەرب تەرىپىنى، جۈملىدىن شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيا رايونلىرىنى — غەربىي يۇرت، دەپ ئاتاپ كەلگەن. چىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، خەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا غەربىي يۇرتتا ئاساسەن تۆۋەندىكى خانلىقلار بار ئىدى: تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا ئاسىيۇ، ئۇغۇز، ئارقا قۇس خانلىقى بار ئىدى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدا كىرورەن (كېيىن پىشامشان دەپ ئۆزگەرتىلگەن)، ئۇزۇن تات، ئۇدۇن، ساكارائول خانلىقلىرى بار ئىدى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي ياقىسىدا ئالدى قۇس خانلىقى، كىنگىت، چېدىر، كۇسەن، سۇلى خانلىقلىرى بار ئىدى. بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە سوغدىيانا، پەرغانە خانلىقلىرى بار ئىدى. پامىر ئېگىزلىكىدە يولئېرىق، سارىقول، مالور، داردا خانلىقلىرى بار ئىدى. پامىرنىڭ غەرب تەرىپىدە توخرى، باكترىيە (توخارىستان)، ئارساك، داكچىن خانلىقلىرى، شەرق تەرىپىدە كەشمىر، هىندىستان خانلىقلىرى بار ئىدى. تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بەرپا قىلغان غەربىي يۇرتتىكى هەرقايسى خانلىقلارنىڭ

خەلقى ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زامانىدىكى ئازسانلىق مىللەتلەر ئىدى. ئۇلار يىراق قەدىمكى زاماندا ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىنى ئېچىش ئۈچۈن غايەت زور تۆھپە قوشقانىدى.

ھۇنلار قەدىمكى زاماندا ئېلىمىزنىڭ شىمالىدىكى بىر ئازسانلىق مىللەت بولۇپ، ئەمىنىيە ۋە يېغىلىق دەۋرلىرىدە موڭغۇل ئېگىزلىكىدە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەتتى. چىن سۇلالىسى دەۋرىدە ھۇنلار تەدرىجىي گۈللىنىشكە باشلىدى. ئۇلار دائىم دېگۈدەك خېتاۋ رايونىدىن ئۆتۈپ، ئىچكى جايلارغا ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتى. چىن شىخۇاڭ باش سانغۇن مىڭ تيەن قوماندانلىقىدا نەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ھۇنلارغا زەربە بېرىشكە ۋە سەددىچىننى ياساشقا ئەۋەتتى. ھۇنلار چىن سۇلالىسىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، شىمالدىكى موڭغۇل ئېگىزلىكىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا بېرىپ ماكانلاشتى.

چىن سۇلالىسى چېن شېڭ، ۋۇگۇاڭلار رەھبەرلىكىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ زەربىسى ئاستىدا، مىلادىدىن بۇرۇنقى 207 ـ يىلى يىمىرىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، بەش يىل داۋام قىلغان «چۇ ـ خەن ئۇرۇشى» پارتلاپ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 202 ـ يىلى، ليۇباڭ شياڭ يۈينى يېڭىپ، خەن سۇلالىسىنى قۇردى. گۇەنجۇڭ رايونىدىكى چاڭئەننى پايتەخت قىلغانلىقى ئۈچۈن، تارىختا «غەربىي خەن سۇلالىسى» دەپ ئاتالدى.

چىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە ھۇنلارنىڭ شەرق تەرىپىدە قۇدرەتلىك توڭغۇسلار (شەرقىي غۇزلار) بار ئىدى. غەرب تەرىپىدە كۈچلۈك توخرىلار بار ئىدى. ھۇنلار دائىم بۇ ئىككى خانلىقنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچراپ، بۇ ئىككى خانلىققا ئۆزلىرىنىڭ باللىرىنى تۇرغاقلىققا ئەۋەتىشكە ۋە سوۋغا ـ سالام يوللاپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولغانىدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 209 ـ يىلى، باتۇر (مودۇن) ھۇنلارغا تەڭرىقۇت بولىدۇ. توڭغۇسلار ئۇنىڭدىن تۇلپار سورايدۇ. ۋەزىرلەر: «ئات بىز ھۇنلار ئۈچۈن قىممەتلىك بايلىق، بېرىشكە بولمايدۇ» دېيىشىدۇ. باتۇر تەڭرىقۇت: «نېمە ئۈچۈن بىر ئاتنى

دەپ خوشنا ئەل بىلەن مۇناسىۋەتنى بۇزىدىكەنمىز ! » دەيدۇ ھەمدە شۇ ھامان تۇلپارنى تۇڭغۇسلار خانىغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ . تۇڭغۇسلارنىڭ خانى يەنە باتۇرنىڭ خوتۇنىنى سوراپ ئادەم ئەۋەتىدۇ . ۋەزىرلەر : « تۇڭغۇس خانى ھەددىدىن بەك ئېشىپ كەتتى . ئۇنىڭغا ئۆزىمىزنى بىر كۆرسىتىپ قويمىساق بولمىدى » دېيىشىدۇ . باتۇر : « بىر ئايالنى دەپ بۇنداق قاراملىق قىلساق بولمايدۇ » دەيدۇ ـ دە ، خوتۇنىنى تۇڭغۇسلار خانىغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ . تۇڭغۇسلارنىڭ خانى ئۆزىنى تېخىمۇ چوڭ چاغلاپ ، يەنە ئادەم ئەۋەتىپ ھۇنلارنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئادەم بارمايدىغان بىر پارچە زېمىننى سورايدۇ . ۋەزىرلەر : « ئۇ بىر قاقاسلىق جاي ، تۇڭغۇسلارغا بېرىۋەتسەك بولىدۇ » دېيىشىدۇ . باتۇر : « يەر دېگەن دۆلەتنىڭ ئاساسى ، نېمىشقا بېرىدىكەنمىز ! » دەيدۇ . ئۇ سەرخىل قوشۇننى باشلاپ ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ، تۇڭغۇسلارنى يوقىتىدۇ . شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇڭ قول بېلىكخانىنى ئەۋەتىپ ، خېشى كارىدورىدىكى توخرىلارنى قوغلىۋېتىپ ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى 36 خانلىقنى بويسۇندۇرىدۇ . قونشار خان بىلەن سۇتۇق خانى خېشى كارىدورىنى ساقلاشقا قويۇپ ، باتىسقانىنى غەربىي يۇرتنىڭ ھۆكۈمرانى قىلىپ تەيىنلەيدۇ . باتىسقان كېنىگىتتا « چاكارلار كاھىگى » قويۇپ ، غەربىي يۇرت خانلىقلىرىدىن قول ۋە باج ـ سېلىق يىغىش ئارقىلىق ، غەربىي يۇرت خانلىقلىرىنىڭ خەلقىنى دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدۇ ۋە ئېزىدۇ .

ھۇنلار كۆچەيگەندىن كېيىن ، قول ۋە بايلىق بۇلاش ئۈچۈن ، ئات ئۇلاقلار سەمرىگەن چاغلاردا سەددىچىندىن ئۆتۈپ ، خەن سۇلالىسىنىڭ چېگرا بويى ئەتراپلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىگە ئېغىر زىيان سېلىپ ، بۇ رايونلارنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدۇ . مىلادىدىن بۇرۇنقى 201 ـ يىلى كۈزدە ، باتۇر تەڭرىقۇت قوشۇن باشلاپ تەييۈەنگە بېسىپ كىرىدۇ . ئىككىنچى يىلى باش ئەتىيازدا خەن گاۋزۇ ( ليۇباڭ ) 320 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئاتلىنىدۇ . باتۇر سەرخىل ئەسكەرلىرىنى

مۆكتۈرۈپ قويۇپ، پەقەت قېرى ـ ئاجىز، ئاقساق ـ چولاق ئەسكەرلىرىنى ئۇرۇشقا چىقىرىپ، بىر ئازدىن كېيىنلا يالغاندىن مەغلۇپ بولغان بولۇپ چېكىنىدۇ. خەن گاۋزۇ ئۇنى پىخسىقلىق ناھىيىسىدىكى بەيدېڭشەن تېغىغىچە قوغلاپ بارغاندا، دەل شۇ چاغدا باتۇر مۆكتۈرۈپ قويغان خىل قوشۇنلىرىنى بىراقلا ئىشقا سېلىپ، خەن گاۋزۇنى يەتتە كېچە ـ كۈندۈز مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكلىرى تۈگەپ، ئىنتايىن قىيىن ئەھۋال ئاستىدا قالىدۇ. خەن گاۋزۇ نائىلاج چېن پىڭ كۆرسەتكەن «ئەپلىك چارە» نى قوبۇل قىلىپ، باتۇرنىڭ ئالچىسى (خوتۇنى) غا پارا بېرىپ ھەمدە ئۇنى باتۇرنىڭ خەن ئەسكەرلىرىنىڭ چېكىنىپ چىقىپ كېتىشى ئۈچۈن بىر يول ئېچىپ بېرىشكە كۆندۈرۈپ، ئاران دېگەندە چاڭئەنگە قېچىپ كېلىۋالىدۇ. ھۇنلارنىڭ ئىككىنچىلەپ جەنۇبقا ھۇجۇم قىلىپ كەلمەسلىكى ئۈچۈن، خەن گاۋزۇ «قۇدىلىشىش سىياسىتى» نى قوللىنىپ، خان جەمەتىدىكى بىر قىزنى مەلىكە ئورنىدا باتۇرغا ياتلىق قىلىدۇ ھەمدە ھەر يىلى ھۇنلارغا كۆپ مىقداردا يىپەك رەخت، ئاشلىق ۋە ھاراق ـ شاراپ ئەۋەتىپ تۇرىدۇ. لېكىن باتۇر بۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىپ قالماستىن، سەللا كۆڭلىدىكىدەك بولماي قالسا شۇئان سەددىچىننىڭ ئىچىگە بېسىپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ تۇردى.

خەن ۋېندى (خەن سۇلالىسىنىڭ ۋېندى خانى) ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، باتۇر تەگرىقۇت ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى قايۇق تەختكە چىقىپ، روشان تەگرىقۇت دەپ ئاتالدى. ئۇ تېخىمۇ ھا ـ گاۋۇرلىشىپ كەتتى. ئۇ ھەتتا خەن ۋېندىگە ئادەم ئەۋەتىپ: «ھۇنلارغا ئەۋەتىلىدىغان يىپەك رەخت، ئاشلىق ۋە ھاراق ـ شاراپلار ئۆز ۋاقتىدا تولۇقى بىلەن تاپشۇرۇلۇشى لازىم. ئەگەر سۈپىتى ناچار بولسا، سانى تولۇق بولمىسا، كۈزلۈك يىغىم ۋاقتىدا ئاتلىق قوشۇن بىلەن بېرىپ، زىرائەتلەرنى چەيلىۋېتىمىز» دېدى. خەن ۋېندى بۇنىڭغا تاقەت قىلىپ تۇرالماي، ئالتە ۋىلايەتنىڭ قابىل ئەزىمەتلىرىنى يىغىپ شەخسەن ئۆزى ساۋۇت ـ دوبۇلغىنى كىيىپ، شاڭلىنيۈەن باغچىسىدا ئەسكەرلىرىگە ئاتقا مىنىپ ئوقيا ئېتىشنى ئۆگىتىپ، ھەربىي جەھەتتىن تەلىم بەردى ھەمدە

شەخسەن ئۆزى هۇنلارغا قارشى جازا يۈرۈشىگە ئاتلاندى . هۇنلار بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ ، غەيپىدىلا تىكىۋەتتى ، خەن ۋېندى ھېچبىر نەتىجە قازىنالماي قايتىپ كەلدى .

## §2 . جاڭ چيەن بىلەن گەنفۇنىڭ غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بېرىشى ، خەن سۇلالىسى بىلەن ئاسىيۇلارنىڭ ئىتتىپاق تۈزۈشى

مىلادىدىن بۇرۇنقى 141 ـ يىلى ، خەن ۋۇدى تەختكە چىقتى . ئۇ ياش ھەم قابىلىيەتلىك بولغاچقا ، هۇنلارغا زەربە بېرىپ ، چېگرىنى قوغداشقا بەل باغلىدى . بۇ چاغدا خەن سۇلالىسى 60 ـ 70 يىللىق ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش دەۋرىنى باشتىن كەچۈرۈپ ، مول ئىقتىسادىي ئاساسقا ئىگە قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلانغانىدى . خەزىنىلەر پۇلغا ، ئامبارلار ئاشلىققا لىق تولغان بولۇپ ، هۇنلارغا قايتۇرما زەربە بېرىشنىڭ شەرت ـ شارائىتى تامامەن پىشىپ يېتىلگەنىدى .

دۈشمەنگە تېخىمۇ كۈچلۈك زەربە بېرىش ئۈچۈن ، خەن ۋۇدى ئىلگىرى هۇنلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچرىغان توخرىلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ ، ئۇلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىش قارارىغا كەلدى . بۇرۇن ، هۇنلار خېشى كارىدورىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ياشىغان توخرىلارغا ھۇجۇم قىلىپ ، ئۇلارنىڭ ياشانغان خانىنى ئۆلتۈرۈپ ، ئۇنىڭ باش سۆڭىكىنى هاراق ئىچىدىغان قاچا قىلىۋالغانىدى . نەتىجىدە توخرىلار ئىلى دەريا ۋادىسىغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇپ ، ئۇلۇغ ياۋچىلار ( توخرىلار ) دەپ ئاتالدى . كۆچمەي قېپقالغان بىر قىسىم توخرىلار چىلەنشەن ( چىلانتاغ ــ ت ) تېغى ئەتراپىغا قېچىپ بېرىپ ، چاڭلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ ، كىچىك ياۋچىلار ( توخرىلار ) دەپ ئاتالدى . خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرى توخرىلار دۆلىتىگە بېرىشتا ، جەزمەن هۇنلار كونترول قىلىپ تۇرۇۋاتقان كەڭ رايونلاردىن ئۆتۈشكە ،

بىپايان قۇملۇقلارنى بېسىپ، قارلىق تاغلاردىن ئېشىشقا مەجبۇر بولاتتى.
بىر تەرەپتىن ھۇنلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلسە،
يەنە بىر تەرەپتىن قۇملۇقتا ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈش، قارلىق تاغلاردا
توڭلاپ ئۆلۈش خەۋپىگە دۇچ كېلەتتى. غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بېرىش
بىر جاپالىق ئىش بولغاچقا، خەن ۋۇدى ئەلچىلىككە بېرىشنى خالايدى-
غانلارنى يىغىش توغرىسىدا چاقىرىق چىقاردى. خەنجۇڭلۇق جاڭ چيەن
چاقىرىققا بىنائەن ئۆزىنى مەلۇم قىلدى ھەمدە مىلادىدىن بۇرۇنقى 138 -
يىلى گەنفۇ قاتارلىق 100 دىن ئارتۇق پىدائىينى باشلاپ، چاڭئەندىن يولغا
چىقىپ، لۇڭشى ئارقىلىق ھۇنلارنىڭ قونشار خانى بىلەن سۇتۇق خانى
ساقلاۋاتقان خېشى رايونىدىن يوشۇرۇنچە ئۆتۈپ، غەربىي يۇرتقا كېلىدۇ.
ئەمما، ھۇنلار بىلىپ قىلىپ ئۇنى تۇتۇۋالىدۇ. ھۇنلار جاڭ چيەننى 10 يىل
نەزەربەند ئاستىغا ئالىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا بىر ھۇن ئايالنى ئېلىپ بېرىدۇ،
ئۇنىڭدىن بىر بالىلىق بولىدۇ. لېكىن، جاڭ چيەن نىيىتىدىن يانماي،
خەن سۇلالىسى بەرگەن ئەلچىلىك تەمىتكىنى يوشۇرۇنچە ساقلايدۇ.
كېيىن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ چىقىپ، گەنفۇ بىلەن بىرلىكتە
نەچچە ئون كۈن يول مېڭىپ، پەرغانىگە كېلىدۇ. بۇ چاغدا، توخرىلار
يەنە ئىلى ۋادىسىدىن ئوكسۇس دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈپ كېلىپ، باك-
تىرىيىنى بويسۇندۇرغانىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەرغانىلىكلار جاڭ چيەننى
سوغدىياناغا يەتكۈزۈپ قويىدى. سوغدىيانلار جاڭ چيەننى توخرىلار دۆ-
لىتىگە يەتكۈزۈپ قويىدى. بۇ چاغدا توخرىلار ئۆز دۆلىتىنىڭ يېرى
مۇنبەت، بايلىقى مول، تۇرمۇشى خاتىرجەم ھەم ھۇنلاردىن ناھايىتى
يىراقتا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ قىساسىنى ئېلىش
نىيىتىدىن ئاللىبۇرۇن ۋاز كەچكەنىدى. شۇڭا، جاڭ چيەن توخرىلار بى-
لەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش، ھۇنلارغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇش مەقسىتىگە
يېتەلمەي، قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلار ھۇنلارنىڭ يەنە تۇتۇ-
ۋېلىشىدىن قورقۇپ، بۇرۇنقى يول بىلەن مېڭىشقا جۈرئەت قىلالماي،
جەنۇب تەرەپتىكى يول بىلەن مېڭىپ، پامىرنىڭ نېرىسىغا ئۆتكەندىن كې-
يىن، كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىنى بويلاپ شەرققە قايتتى.

لېكىن، بۇ گۈنكى چىڭخەي ئۆلكىسى ئىچىدىكى چاڭلار رايونىغا كەلگەندە، يەنە ھۇنلار تەرىپىدىن سىزىلىپ قېلىپ، بىر يىلدىن ئارتۇق تۇتقۇن قىلىندى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 126 ـ يىلى، ھۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى. جاڭ چيەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھۇن ئايالى ۋە بالىسىنى ئېلىپ، گەنفۇ بىلەن بىرلىكتە چاڭئەنگە قايتىپ كەلدى.

جاڭ چيەن بۇ قېتىم ئەلچىلىككە بېرىشتا مىڭبىر جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 13 يىلدا ئاران قايتىپ كېلەلىدۇ. يولغا چىققان چېغىدا ئەگەشتۈرۈۋالغان 100 ئادەمدىن، قايتىپ كەلگەن چېغىدا پەقەت بىرلا گەنفۇ قالدۇ. گەنفۇ ھۇن مىللىتىدىن بولۇپ، يولبويى جاڭ چيەنگە ھەم يول باشلىغۇچى، ھەم تەرجىمان شۇنداقلا كۈچلۈك ياردەمچى بولىدۇ. ئۇلار پايانسىز چۆللۈكلەردە كېتىۋېتىپ، ئوزۇق ـ تۈلۈكى تۈگىگەن چاغدا، گەنفۇ ھامان ئۆزىنىڭ ئۇستا مەرگەنلىك ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، ياۋا توشقان ۋە تۈلكىلەرنى ئوۋلاپ ئوزۇق قىلىدۇ. خەن ۋۇدى جاڭ چيەن بىلەن گەنفۇنىڭ تۆھپىسىنى مۇكاپاتلاش يۈزىسىدىن، جاڭ چيەنگە « كېڭەشبەگ » دېگەن ئالىي ئۇنۋاننى بېرىدۇ، گەنفۇغا « غۇلامبەگ » ئۇنۋانىنى بېرىدۇ.

جاڭ چيەن بۇ قېتىم ئەلچىلىككە بېرىشتا، كۆپلىگەن دۆلەتلەردىن ئۆتۈپ، غەربىي يۇرتنىڭ كۆپلىگەن ئەھۋاللىرىنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇ تۇنجى قېتىم خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى سالاھىيىتى بىلەن غەربىي يۇرتتىكى بىرقىسىم خانلىقلار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىش ئارقىلىق، خەن سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرت خانلىقلىرى ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ. تارىختا ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ئەلچىلىككە بېرىشى « تۆشۈك ئېچىش » دەپ ئاتالغان. بۇنىڭ مەنىسى، جاڭ چيەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىن غەربىي يۇرتقا تۇتىشىدىغان يول ئاچتى، دېگەنلىك ئىدى.

تۆت يىلدىن كېيىن، خەن ۋۇدى باش سانغۇن ۋېي چىڭ بىلەن خوچۈبىڭنى ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. جاڭ چيەن چېرىكچى بەگلىك مەنسىپى بىلەن قوشۇنغا ئەگىشىپ ماڭدى. ئۇ يەر شارائىتىنى ئوبدان بىلگەچكە، قوشۇن ئوت ـ چۆپ ۋە سۇدىن قىسىلمىدى، خىزمەت

كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن بىلگىبەگ، دېگەن ئۇنۋانغا ئېرىشتى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 121 ـ يىلى، خوچۇبىڭ يەنە ھۇنلارغا قارشى ئاتلىنىپ، خېشى كارىدورىدىكى دۈشمەننى قويماي سۈپۈرۈپ، قونشار خان بىلەن سۇتۇق خاننى مەغلۇپ قىلىپ، سۇتۇق خاننىڭ ئالتۇن بۇتىنى ئولجا ئالدى. تەگرىقۇت قونشارخان بىلەن سۇتۇق خاننى جەڭدە يېڭىلىپ دۆلەتنىڭ ئابرويىغا داغ تەككۈزدى، دەپ ئۆلتۈرمەكچى بولدى. قونشارخان بىلەن سۇتۇقخان بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، خەن سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، تەسلىم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. خەن ۋۇدى ئۇلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن خوچۇبىڭنى ئەۋەتتى. سۇتۇقخان يېرىم يولغا كەلگەندە ئۆز سۆزىدىن يېنىۋالدى. نەتىجىدە قونشارخان سۇتۇق خاننى ئۆلتۈرۈپ، 40 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى بىلەن خەن سۇلالىسىگە ئەل بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خېشى كارىدورى خەن سۇلالىسىنىڭ زېمىنىغا ئايلاندى.

بۇ چاغدا جاڭ چيەن خەن ۋۇدىگە: «ئىلگىرى ھۇنلارنىڭ ئارىسىدا تۇرغان چېغىمدا، غەرب تەرەپتە ئاسىيۇ دېگەن خانلىقنىڭ بار ئىكەنلىكىنى، خانىنى كۇنبەگ دەپ ئاتايدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. بۇرۇن توخرىلار ئاسىيۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ، كۇنبەگنىڭ ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىكەن. كۇنبەگ كىچىك بولغانلىقتىن، دالاغا تاشلىۋېتىلىپتۇ. ھۇنلار تەگرىقۇتى كۇنبەگنى بېقىپ چوڭ قىلغاندىن كېيىن، ئۇنى قوشۇنغا قوماندان قىلىپتۇ. بۇ جەرياندا كۇنبەگ كۆپ قېتىم خىزمەت كۆرسىتىپتۇ. بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولغان ھۇن تەگرىقۇتى ئېقىپ يۈرگەن ئاسىيۇ ئاھالىلىرىنى يىغىپ كېلىپ كۇنبەگكە تاپشۇرۇپ، ھۇنلارنىڭ غەربىي چېگرىسىنى ساقلاشقا قويۇپتۇ، كۇنبەگ ئەتراپتىكى خانلىقلارغا ھۇجۇم قىلىش جەرياندا بارا ـ بارا كۈچىيىشكە باشلاپتۇ. ھۇن تەگرىقۇتى ئۆلۈشى بىلەنلا ئۇ قول ئاستىدىكى ئاھالىلەرنى باشلاپ غەربكە كۆچۈپ، ھۇنلارغا بويسۇنمايدىغان بولۇۋاپتۇ. ھۇنلار كۆپ قېتىم ئەسكەر ئەۋەتىپ ئاسىيۇلارغا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، غەلىبىگە ئېرىشەلمىگەنلىكتىن، ئاخىر بولدى قىپتۇ. ھازىر ھۇنلار بىزدىن يېڭىلدى. خېشى ئەتراپىدا ئادەم

قالـمـىـدى . بۇ يەرنىڭ سۇ ۋە ئوتلاقلىرى ئېسىل ، ئەگەر ئاسىيۇغا ئەلچى
ئەۋەتـىـپ ، ئۇلارنـى شـەرقـقـە قـايـتـىـپ كـېلـىـپ خـېـشـى كاربدورىدا
ماكانلىشىشقا ، خەن سۇلالىسى بىلەن ئاغا ـ ئىنىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا
دەۋەت قـىـلـسـاق ھەم ھۇنلارغـا ئورتاق زەربە بەرگىلى بولىدۇ ، ھەم ئاسـ
يۇلارنـىـڭ غـەربـىـي قـىـسمىدىكى باكترىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ خەن
سـۇلالـىـسى بىلەن يېقىن ئۆتۈشىگە تەسىر كۆرسەتكىلى بولىدۇ » دەيدۇ .
خـەن ۋۇدىـگـە جاڭ چيەنىنىڭ تەكلىپى ناھايىتى يارايدۇ . شۇنىڭ بىلەن ،
مـىلادىـدىن بۇرۇنقى 119 ـ يىلى ، ئۇنى ئىككىنچى قېتىم غەربىي يۇرتقا ئەلـ
چىلىككە ئەۋەتىدۇ .

جـاڭ چـيـەنـنـىـڭ بـۇ قـېتىمقى ئەلچىلىككە بېرىشىنىڭ دەرىجىسى
تـېخىمۇ يۇقىرى ، تېخىمۇ داغدۇغىلىق بولدى . خەن ۋۇدى ئۇنىڭغا كەپتا-
ۋۇلـلـۇق مـەنـسـپى بەردى . ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭغانلار ئىچىدە قوللىرىغا
قـوتاز قۇيرۇقىدىن ياسالغان ئەلچىلىك تەمتىكىنى تۇتقان كۆپلىگەن نائىب
ئەلـچـىـلـەرمـۇ بار ئىدى . ئۇلارنىڭ سانى 300 دىن ئاشاتتى . ھەربىر ئادەم
ئىـكـكـىـدىن ئات ئېلىۋالغاندىن سىرت يەنە نەچچە ئون مىڭ تۇياق قوي ـ
كـالىلارنى ھەيداپ ماڭغانىدى . سوۋغاتلىققا ئېلىۋالغان ئالتۇن ـ كۈمۈش ،
دۇردۇن ـ تـاۋارلارنـىـڭ بـاھاسى 100 مىڭ سەردىن ئاشاتتى . جاڭ چيەن
ئاسـىـيۇلار ئېلـىـگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن ، كۈنبەگنى خەن سۇلالىسى
بـىـلـەن ئىـتـتىپاق تۈزۈپ ، خېشى كاربدورىغا كۆچۈپ بېرىشقا دەۋەت قىـ
لـىـدۇ . ئەمـمـا ، بـۇ چـاغـدا ئاسـىـيۇ خـانـلـىـقى ئۈچ گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ
كـەتـكـەنىدى ، كۈنبەگ قېرىپ كەتكەنلىكتىن ، گېپىنى ئۆتكۈزەلمەيدىغان
بـولـۇپ قـالغانىدى . ۋەزىرلەر بىر تەرەپتىن ھۇنلاردىن قورقاتتى . يەنە بىر
تـەرەپـتـىـن خەن سۇلالىسىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنىڭ زادى قانداقلىقىنى بىلـ
مـەيـتـتـى . شـۇڭـا خـەن سـۇلالـىـسى بىلەن ئالدىراپ ـ تىنەپ كېلىشىم
تـۈزۈشـكـە جـۈرئەت قـىلالمىدى . جاڭ چيەن كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلـ
مەي ، نائىلاج نائىب ئەلچىلەرنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا پەرغانە ، سوغدىيانا ،
ئۇلـۇغ تـوخـرى ، بـاكـتـىـرىـيە ، ئارساك ، ئەنەتكەك قاتارلىق دۆلەتلەرگە
ئەۋەتـىـپ ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتتى . ئۆزى نەچچە ئونلىغان ئاسىيۇ

ئەلچىلىرىنى ئېلىپ، ئالدى بىلەن چاڭئەنگە قايتتى. ئاسىيۇ ئەلچىلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە كەلگەندىن كېيىن، چاڭئەننىڭ ناھايىتى ئاۋات شەھەر ئىكەنلىكىنى، خەن سۇلالىسىنىڭ باي ھەم قۇدرەتلىك دۆلەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، قايتىپ بارغاندىن كېيىن بۇ ئەھۋاللارنى كۇنبەگكە مەلۇم قىلىدۇ. كۇنبەگ شۇ چاغدىلا ئاندىن خەن سۇلالىسى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش ئىشەنچىسىنى چىڭىتىدۇ. جاڭ چيەن ئەۋەتكەن نائىب ئەلچىلەرمۇ ئۇزاق ئۆتمەيلا غەربىي يۇرت خانلىقلىرىنىڭ ئەلچىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئارقا ـ ئارقىدىن چاڭئەنگە قايتىپ كېلىشىدۇ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن غەربىي يۇرت خانلىقلىرى بىلەن خەن سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى بېرىش ـ كېلىش ئىشلىرى تېخىمۇ كۆپىيىپ، مۇناسىۋەت تېخىمۇ قويۇقلىشىدۇ.

گەرچە ئاسىيۇلار شەرققە كۆچۈپ كېلىشنى خالىمىغان بولسىمۇ، خەن ۋۇدى خېشى كارىدورىنى پۇختا ساقلاپ، غەربىي يۇرتقا قاتنايدىغان يولنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، بۇ جايدا ۋۇۋېي، جاڭيې، جيۇچۇەن، دۇنخۇاڭدىن ئىبارەت تۆت ئايماق تەسىس قىلىپ، ئىچكى رايونلاردىن نۇرغۇن نامرات پۇقرالارنى بۇ جايغا كۆچۈرۈپ كېلىدۇ ھەمدە كۆپلىگەن ئەسكەرلەرنى ئەۋەتىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈزۈپ، چېگرا ساقلاتقۇزىدۇ.

ھۇنلار تەڭرىقۇتى ئاسىيۇلار بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ ئۆزئارا ئالاقە ئورناتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئىنتايىن غەزەپلىنىپ، ئاسىيۇلارغا ھۇجۇم قىلماقچى بولىدۇ. كۇنبەگ قورقۇپ كېتىپ، خەن ۋۇدىگە ئەلچى ئارقىلىق ئات تارتۇق قىلىپ، خەن سۇلالىسى بىلەن ئاغا ـ ئىنى بولۇش ھەم مەلىكىسىگە ئۆيلىنىش ئارزۇسىنى بىلدۈرىدۇ. خەن ۋۇدى ئۇنىڭ تەلىپىنى ماقۇل كۆرۈپ، جياڭدۇ ۋاڭى ليۇجيەننىڭ قىزى شىجۈننى مەلىكە ئورنىدا كۇنبەگكە ياتلىق قىلدى. ئۇنىڭغا قوشۇپ يەنە ئەمەلدار ۋە ئۇستىلار بولۇپ نەچچە يۈز كىشىنى ئەۋەتىدۇ. مەلىكە شىجۈن بەك گۆدەك بولغانلىقى، نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىققا ياتلىق قىلىنغانلىقى، ئاسىيۇلارنىڭ تىلىنى چۈشەنمىگەنلىكى ھەم تۇرمۇشىغا كۆنەلمىگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۇنبەگنىڭ ياشىنىپ قالغان ئادەم

ئىكـكەنلىكى سەۋەبىدىن ، ئىچى پۇشۇپ ئۆزى يازغان مۇنداق بىر ناخشىنى دائىم ئېيتىپ يۈرگەن .

*ئۇزاتتى يىراققا مېنى تۇغقانلار ،*
*ئاسىيۇخانىغا قىلىپ ياتلىق .*
*ئۆيلىرى يۇمۇلاق كىگىز ئوتاۋكەن ،*
*ئوزۇقى ئۇلارنىڭ ئىكەن گۆش ـ قېتىق .*
*ئۆرلىنىدۇ يىغلىسام يۇرتنى ئەسلىسەم ،*
*قۇش بولۇپ يۇرتۇمغا ئۇچۇپلا كەتسەم .*

كـۈنـبـەگ بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ھېسداشلىق بـىـلـدۈرۈپ ، ئۇنـى نـەۋرىـسـى سانچۇرغا ياتلىق قىلىپ قويماقچى بولىدۇ ، ئەمـمـا مـەلىكە بۇنى مۇۋاپىق تاپماي ، خەن ۋۇدىغا دوكلات قىلغان . خەن ۋۇدى : « ئاسـىيۇلار بىلەن بىرلىشىپ ، ھۇنلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ، ئاسـىـيۇلارنـىـڭ ئۆرپ ـ ئادەتـى بويـىـچە ئىش كۆرگەيلا » دەپ جاۋاب بـېرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن مەلىكە شىجۈن سانچۇرنىڭ نىكاھىغا ئۆتىدۇ . ئۇ- زۇن ئۆتمەي ، كۈنبەگ ئۆلۈپ ، سانچۇر تەختكە چىقىدۇ ، مەلىكە شىجۈنمۇ ئۆلـۈپ كـېـتـىـدۇ . خـەن ۋۇدى يەنە چۇ پادىشاھى ليۇۋۇنىڭ نەۋرە قىزى جيېيۇنى مەلىكە قىلىپ تەيىنلەپ ، سانچۇرغا ياتلىق قىلىدۇ . مەلىكە جيېيۇ قـەيـسـەر ھەم باتۇر ئايال بولغاچقا ، ئاسىيۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا ناھايىتى ئو- ڭـايلا مـاسلىشىپ كېتىدۇ . ئۇ ، بۇ جايغا ياتلىق قىلىنىپ كېلىشى بىلەنلا ، سـانچۇرنىڭ ياخشى ياردەمچىسىگە ئايلىنىدۇ . ئۇنىڭغا ھەمكارلىشىپ دۆلەت- نـىـڭ چـوڭ ئىـشـلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشىپ بېرىدۇ . ئۇ ئۆزىگە كېنىزەك بـولـۇپ كەلگەن فېڭ لياۋ ، دېگەن قىزنى قولىغا ئەلچىلىك تەمتىكىنى تۇت- قـۇزۇپ ، تـارىـم ئويـمـانلـىـقـىـدىـكى خـانلـىـقلارغا خەن سۇلالىسىنىڭ قـۇدرەتـلـىكلىكىنى تەشۋىق قىلىشقا ئەۋەتىدۇ . فېڭ لياۋ كېيىن ئاسىيۇلار- نـىـڭ ئوڭ قـول باش سانغۇنىغا ياتلىق بولىدۇ . غەربىي يۇرت خانلىقلىرى ئۇنـى « فـېڭ خانىم » دەپ ئاتىشىدۇ . سانچۇر ئۆلگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئوغـلى ئۇڭكۇ بەگ تەختكە چىقىدۇ . ئاسىيۇلارنىڭ ئادىتى بويىچە ، مەلىكە

جىپيۇ يەنە ئۇچكۇ بەگنىڭ ئەمرىگە ئۆتۈپ، ئۈچ ئوغۇل، ئىككى قىز تۇغىدۇ. چوڭ ئوغلى يانغۇنبەگ كېيىن ئاسىيۇلارنىڭ كۈنبېگى بولىدۇ. ئىككىنچى ئوغلى ۋەننىيەن ساكارائول (يەكەن) خانلىقىغا تەكلىپ قىلىنىپ بارغاندىن كېيىن، خانلىق تەختكە ئولتۇرىدۇ. كىچىك ئوغلى دالى، كېيىن سول قول باش سانغۇن بولىدۇ. چوڭ قىزىنىڭ ئىسمى دىشى بولۇپ، كىچىك چېغىدا چاڭئەنگە بېرىپ ساز چېلىشنى ئۆگەنگەندى. ئۆز دۆلىتىگە قايتىپ كېلىۋېتىپ كۇسەندىن ئۆتكەندە، ياش كۇسەن خانى جىياڭبىن ئۇنى ئۆز ئەمرىگە ئالغانىدى. بۇ بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن ئىنتايىن ئىناق بولۇپ، كۆپ قېتىم بىرلىكتە چاڭئەنگە بېرىپ، خان ئوردىسىغا تەزىمغا كىرگەنىدى. ئىككىنچى قىزى سۇگۇڭ كېيىن ئاسىيۇلارنىڭ خۇخۇبېبگىگە ياتلىق بولىدۇ.

خەن شۈەندى هۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، هۇنلار ئارقا قۇس خانلىقى بىلەن بىرلىشىپ ئاسىيۇلارغا هۇجۇم قىلدى. مەلىكە جىيپيۇ بىلەن ئۇڭكۇبەگ خەن سۇلالىسى ئوردىسىغا مەكتۇپ سۇنۇپ: هۇنلار مەلىكىنى تاپشۇرۇپ بېرىڭلار، دەپ بېسىم ئىشلىتىۋاتىدۇ. ئۇلار ئاسىيۇ خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى جۈيەن (بۇگۇنكى ساۋەن ناهىيىسى)، ئېشى (بۇگۇنكى شىخۇ ناهىيىسى) قاتارلىق جايلارنى بېسىۋېلىپ، كۆپلىگەن ئاهالىلەرنى ۋە چارۋا ماللارنى بۇلاپ كەتتى» دېدى. ئاندىن يەنە «ئاسىيۇ خانلىقى پۈتۈن دۆلەتتىكى خىل قوشۇنلارنىڭ تەڭ يېرىمىنى، يەنى 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ئاتلاندۇرۇپ شەرققە يۈرۈش قىلىپ، خەن سۇلالىسى بىلەن بىرلىكتە هۇنلارغا زەربە بېرىشنى خالايدۇ» دېدى. خەن شۈەندى بەش نەپەر باش سانغۇننىڭ باشچىلىقىدا 150 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتتى. بۇ قوشۇن ئايرىم ـ ئايرىم يوللارغا بۆلۈنۈپ هۇنلارغا زەربە بېرىشكە ئاتلاندى. خەن سۇلالىسى يەنە چېرىكچى بەگ چاڭ خۇينى ئاسىيۇلارنىڭ جەڭ قىلىشىغا ياردەملىشىشكە ئەۋەتتى. هۇنلار بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، قورققىنىدىن شىمالغا قاراپ يىراقلارغا تىكىۋەتتى. خەن سۇلالىسى قوشۇنى پەقەت كىچىك دائىرىدىكى غەلىبىنىلا قولغا كەلتۈردى. لېكىن، ئاسىيۇلارنىڭ قوشۇنى هۇنلارنىڭ ئوڭ قول

خانى تۇرۇشلۇق يايلاقتا ھۇجۇم قىلىپ بېرىپ، چوڭ غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ كۆپلىگەن تۇغقانلىرى ۋە سانغۇنلىرى بولۇپ 39 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئەسىرگە ئېلىپ، 700 مىڭ تۇياق قوي ـ كالا ئولجا ئالدى. ھۇنلار مۇشۇ سەۋەبتىن ئاسىيۇلارغا ئېغىر ئۆچ بولۇپ كەتتى. شۇ يىلى قىشتا، تەڭرىقۇت ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ ئاسىيۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئاسىيۇلارنىڭ ئازساندىكى قېرى ـ ئاجىز ئادەملىرى ۋە ئاياللىرىنى ئەسىرگە ئالدى. ئۇلار قايتىش سەپىرىدە قاتتىق قارغا دۇچ كەلگەنلىكتىن، لەشكەر ۋە ئات ـ ئۇلاغلىرىنىڭ ئوندىن توققۇزى توڭلاپ ئۆلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھۇنلار قايتىدىن ئەسلىگە كېلەلمەي، ئۇزۇن زامانلارغىچە خەن سۇلالىسى بىلەن ئاسىيۇلارغا ھۇجۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

خەن سۇلالىسى بىلەن ئاسىيۇلارنىڭ ھۇنلارغا قارشى ئۇرۇشى ئادالەتلىك ئۇرۇش ئىدى. بۇ ئۇرۇش ھۇن قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ خەنزۇلارغا ۋە باشقا مىللەتلەرگە قارىتىلغان تالاش ـ تارتىشلىرىنى چەكلەپ، خەن سۇلالىسىنى، ئاسىيۇلارنى ۋە باشقا مىللەتلەرنى قوغداپ، خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بەردى. بۇ ۋەتىنىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن ئىش ئىدى.

## §3. خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى، غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى

غەربىي يۇرتتىكى پەرغانە خانلىقى بۈگۈنكى ئۆزبېكىستاننىڭ شەرقىي قىسمىدىكى پەرغانە ئويمانلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، يېرى مۇنبەت، بايلىقى مول ئىدى. بولۇپمۇ ئۈزۈمى بىلەن دۇلدۇلى ناھايىتى

داڭلىق ئىدى.

پەرغانە خانلىقى خەن سۇلالىسى بىلەن ئەڭ بالدۇر ئۇچراشقان غەربىي يۇرت خانلىقى بولۇپ. جاڭ چيەن بىرىنچى قېتىم ئەلچىلىككە چىققاندا، ئالدى بىلەن پەرغانە خانلىقىغا كەلگەن، ئەتراپتىكى باشقا دۆلەتلەرگە خەن سۇلالىسىنىڭ زېمىنىنىڭ كەڭلىكىنى ۋە بايلىقىنىڭ موللۇقىنى تەشۋىق قىلغانىدى. شۇڭا، پەرغانىلىكلەر خەن سۇلالىسى بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ يىپەك گەزلىمىلىرىگە، بايلىقىغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىشاتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا، خەن سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرت ئوتتۇرىسىدا ئەلچىلەر ۋە سودىگەرلەرنىڭ كۆپلەپ باردى - كەلدى قىلىشى نەتىجىسىدە، پەرغانىلىكلەر خەن سۇلالىسىنىڭ ھەددى - ھېسابسىز قىممەتلىك بايلىقلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، تېخىمۇ بېيىپ كەتكەنىدى.

خەن سۇلالىسى ھۇنلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشتا ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەرنى مەشىق قىلدۇرۇشتا، نەسىللىك ئاتلارغا موھتاج ئىدى. خەن سۇلالىسى ئاسىيۇلارغا ئۆز مەلىكىسىنى ياتلىق قىلغان چاغدا، ئاسىيۇلار نۇرغۇن ئاتنى سوۋغا مال سۈپىتىدە خەن سۇلالىسىگە بەرگەنىدى. بۇ ئاتلار ناھايىتى يوغان ھەم كۈچلۈك بولغاچقا، خەن ۋۇدى بۇ ئاتلارنى بەك ياقتۇرۇپ، «دۇلدۇل» دەپ ئاتىغان. كېيىن، خەن سۇلالىسىنىڭ پەرغانىدىن قايتىپ كەلگەن ئەلچىلىرى خەن ۋۇدىغا كۆپ قېتىم: «پەرغانىدە ياخشى ئاتلار بار ئىكەن، ئۇلار ئاتلىرىنى ئېرشى شەھىرىگە يوشۇرۇپ قويۇپ، خەن ئەلچىلىرىگە كۆرسەتمەيۋاتىدۇ» دەپ مەلۇم قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، خەن ۋۇدى ئېرشىنىڭ ئېسىل ئاتلىرىنى قولغا چۈشۈرۈش كويىدا چې لىڭ دېگەن باتۇرغا 1000 جىڭ ئالتۇن ۋە ئالتۇندىن ياسالغان بىر ئات ھەيكىلىنى بېرىپ، پەرغانىنىڭ ئېسىل ئاتلىرىنى سېتىۋېلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن. بۇ چاغدا پەرغانە خانلىقى خەن سۇلالىسىنىڭ كۆپلىگەن بايلىقلىرىغا ئېرىشىپ، كۆز - قارنى تويغانىدى. پەرغانە خانى ئۇگا: «ئېرشى ئېتى دۆلىتىمىزنىڭ قىممەتلىك بايلىقى، سېتىشقا بولمايدۇ» دېگەن. چې لىڭ قاتتىق غەزەپلىنىپ، كۆپچىلىكنىڭ

ئالدىدىلا ، ئالتۇن ئات ھەيكىلىنى چېقىپ تاشلايمەن ، دەپ داۋراڭ سال-
غان . پەرغانە خانى بۇ ئىشنى مېنى كۆزگە ئىلمىغانلىق دەپ قارىغان ، يەنە
بىر تەرەپتىن ، خەن سۇلالىسى پەرغانىدىن ناھايىتى يىراقتا ، خەن
سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى پەرغانىگە يېتىپ كېلەلمەيدۇ ، دەپ ئويلاپ ،
چېگرىغا جايلاشقان ئۇزكەنت شەھرىنى ساقلاۋاتقان سانغۇنغا بۇيرۇق
چۈشۈرۈپ ، چې لىڭنى ئۆلتۈرگۈزۈپ ، بايلىقلىرىنى تارتىۋالغان . مىلادى-
دىن بۇرۇنقى 104 ــ يىلى ، خەن ۋۇدى لى گۇاڭلىنى ئېرشى سانغۇنلىقىغا
تەيىنلەپ ، نەچچە 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن غەربتىكى پەرغانىگە
يۈرۈش قىلدۇرغان . لېكىن ، ئارىلىق بەك يىراق بولغانلىقتىن ، يول
يۈرۈش ناھايىتى تەسكە توختىغان . ئۇنىڭ ئۈستىگە غەربىي يۇرتنىڭ يول
بويىدىكى ئۇششاق خانلىقلىرى ئاشلىق ياردەم قىلىشقا ئۇنىمىغانلىقتىن ، لى
گۇاڭلىنىڭ نۇرغۇن ئەسكەرلىرى سەپەر ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتكەن . ئۇز-
كەنت شەھىرىگە يېتىپ كەلگەندە ، ئاران نەچچە مىڭلا ئادەم قالغان ،
ئۇلارمۇ ھېرىپ ھالىدىن كېتىشكەن . ئۇزكەنتكە ھۇجۇم قىلىش جەريا-
نىدا ، ئۇنىڭ يەنە كۆپلىگەن ئادىمى ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغان . شۇڭا ،
ئۇلار شەھەرنىمۇ ئالالمىغان . لى گۇاڭلى نائىلاج قالدۇق قوشۇننى باشلاپ
دۆلىتىگە قايتقان . دۇنخۇاڭغا كەلگەندە ، خەن ۋۇدى ئادەم ئەۋەتىپ ،
ئۇنى قاشقۇۋۇقتىن كىرگۈزمىگەن ھەمدە ئۇنىڭغا : « كىمكى قوۋۇقتىن
كىرىشكە جۈرئەت قىلىدىكەن ، ئۇنىڭ كاللىسى تېنىدىن جۇدا قىلىنىدۇ »
دەپ جاكارلىغان . لى گۇاڭلى نائىلاج ۋاقتىنچە دۇنخۇاڭدا تۇرۇپ تۇرۇشقا
مەجبۇر بولغان .

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ، خەن ۋۇدى لى گۇاڭلىغا يەنە 60 مىڭ
كىشىلىك قوشۇن ، 30 مىڭ ئات ، 100 مىڭ كالا ۋە نۇرغۇن ئاشلىق ئەۋە-
تىپ ، پەرغانىگە يەنە يۈرۈش قىلىش توغرۇلۇق بۇيرۇق بەرگەن . بۇ قېتىم
ئەسكەر كۆپ بولغانلىقتىن ، يول بويىدىكى ھەرقايسى خانلىقلار ئاشلىق ۋە
يەم ــ خەشەك بىلەن تەمىنلىمەسلىككە جۈرئەت قىلالمىغان . شۇڭا ، لى
گۇاڭلى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ھالدا پەرغانىنىڭ پايتەختىگە يېتىپ بارغان .
پەرغانىلىكلەر ئۇنىڭغا قارشى جەڭگە ئاتلىنىپ مەغلۇپ بولۇپ ، شەھەر

ئىچىگە كىرىۋالغان. لى گۇاڭلى ئادەم ئەۋەتىپ شەھەرگە كىرىدىغان ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى باشقا ياققا بۇرۇۋەتكەن. شەھەر ئىچىدە سۇ يېتىشمىگەنلىكتىن، ئاھالىلەر ئۇسسۇزلۇق ئازابىنى تارتىشقا باشلىغان. خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى شەھەرنى 40 نەچچە كۈن مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغان ھەمدە پەرغانە خانلىقىنىڭ باتۇر سانغۇنى شۇگمىنى ئەسىرگە چۈشۈرۈپ، تاشقى شەھەرنى ئىشغال قىلغان. پەرغانىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى قاتتىق ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ، بىرلىكتە ئۇگانى ئۆلتۈرۈپ تەسلىم بولغان ھەمدە ئېرشى ئاتلىرىنى ھەيدەپ چىقىپ، خەن سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ خالىغانچە تاللىۋېلىشىغا قويۇپ بەرگەن. لى گۇاڭلى ئېسىل ئاتتىن نەچچە ئوننى، ئوتتۇراھال ئاتتىن ئايغىر ۋە بايتىلى بولۇپ جەمئىي 3000 تۇياقنى تاللاپ دۆلەتكە قايتقان. خەن ۋۇدى بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، پەرغانە ئاتلىرىنى «دۇلدۇل» دەپ ئاتىغان. ئاسىيۇ ئاتلىرىنى بولسا «كۈنپېتىش ئېتى» دەپ ئاتىغان.

لى گۇاڭلى پەرغانىگە يۈرۈش قىلىپ غەلىبە قازىنىش ئارقىلىق، خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ئابرويىنى ئۆستۈرۈپ، غەربىي يۇرتنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈچەيتكەن. دەل مۇشۇ چاغلاردا خەن سۇلالىسى بۈگۈرگە نەچچە يۈز سەركەردە ۋە ئەسكەر ئەۋەتىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇرغان. جيۇچۇەندىن تارتىپ لوپنۇرنىڭ غەربىي قىسمىغىچە بولغان ئارىلىققا نۇرغۇن كۆزىتىش پونكىتلىرىنى قۇرغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى 101 ـ يىلى، خەن سۇلالىسى بۇ جايدا بوز يەر ئېچىش، ئۆتكەن ـ كەچكەن ئەلچىلەرنى كۈتۈۋېلىش ۋە ئۇزىتىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل «ئەلچى چېرىكچى بەگ» لەرنى قويغان. بۇ خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتا تەسىس قىلغان ئەڭ بالدۇرقى يەرلىك ئەمەلدارى ئىدى.

خەن سۇلالىسىنىڭ پەرغانىگە يۈرۈش قىلىپ غەلىبە قازانغانلىقى غەربىي يۇرتتىكى خانلىقلارنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. بۇ خانلىقلار چاڭئەنگە كەينى ـ كەينىدىن ئەلچى ئەۋەتىپ، سوۋغات تەقدىم قىلدى. لېكىن، ھۇنلارنىڭ باتىسقانى قۇس خانلىقىنى يەنىلا قاتتىق تىزگىنلەپ،

كىنگستتىكى چاكارلار كاھبېگى ئارقىلىق غەربىي يۇرت خانلىقلىرىنى ئەزدى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي ياقىسىدىكى يول (تارىختا «شىمالىي يول» دەپ ئاتالغان) توسۇلۇپ قالغانلىقتىن، خەن سۇلالىسى ۋە غەربىي يۇرتنىڭ ئەلچىلىرى بېرىش - كېلىشتە تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدىكى يول (تارىختا «جەنۇبىي يول» دەپ ئاتالغان) بىلەن مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، جەزمەن قۇس خانلىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، باتىسقانىنىڭ تەسىر كۈچىنى تۈگىتىش كېرەك ئىدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 99 - يىلى، خەن ۋۇدى لى گۇاڭلىنى ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشقا، كەيلىڭ بېگى كرورەن، كورلا، قاراقۇم قاتارلىق خانلىقلارنىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ قۇس خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. لى گۇاڭالى پۈتۈن قوشۇنى بىلەن مەغلۇپ بولۇپ، ھۇنلارغا تەسلىم بولدى. كەيلىڭ بېگى بولسا غەلىبە قازاندى، قۇس خانلىقى خەن سۇلالىسىگە ئەل بولدى. غەربىي يۇرتنىڭ ۋەزىيىتى ياخشىلىنىشقا باشلىدى. خەن سۇلالىسىنىڭ ۋەزىرى ساڭ خۇڭياڭ چېدىر ئەتراپىدا بوز يەر ئېچىپ، غەربىي يۇرتنى ئۇنۇملۇك باشقۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. ئەمما، خەن ۋۇدى لى گۇاڭلىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۈمىدسىزلىككە چۈمۈپ، ساڭ خۇڭياڭنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلمايلا قالماستىن ئەكسىچە «گۇناھىنى ئۆزىگە ئارتىش پەرمانى» نى چۈشۈرۈپ، غەربىي يۇرتتىن ۋاز كەچتى. ھۇنلار 10 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن ئەۋەتىپ، قۇس خانلىقىدا بوز يەر ئاچقۇزدى. قۇس خانلىقى يەنە قايتىدىن ھۇنلار بىلەن بىرلىشىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ ئاسىيۇلار ئېلىگە ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىنى توسۇپ بۇلاپ، ئاسىيۇلارغا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قىلدى.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 65 - يىلى، تەختكە چىققىلى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان خەن شۈەندى ساڭ خۇڭياڭنىڭ ئىلگىرىكى تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، جېڭ جىنى چېدىرغا بېرىپ بوز يەر ئېچىپ، ئاشلىق جۇغلاشقا ئەۋەتىپ، قۇس خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق كۆردى. كۈز كېلىپ، زىرائەتلەردىن مول ھوسۇل ئېلىنغان مەزگىلدە، جېڭ جى غەر-

بىي يۇرتتىكى جەنۇبىي يول ياقىلىرىغا جايلاشقان خانلىقلاردىن نەچچە
ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇن توپلاپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى
سەركەردە ـ ئەسكەرلەردىن 1500 ئادەمنى باشلاپ، قۇس خانلىقىغا ھۇجۇم
قىلدى. قۇس خانلىقىنىڭ پايتەختى يارغول شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئې-
لىپ، ئاخىر ئىشغال قىلدى. قۇس خانلىقىنىڭ خانى قېچىپ شىمالىي
تاغدىكى تاش قەلئەگە كىرىۋالدى. ئاشلىق تۈگەپ كېتىش ئېھتىمالى بول-
غانلىقتىن، جېڭ جى قوشۇنلارنى چېدىرغا قايتۇرۇپ كېلىپ، داۋاملىق
بوز يەر ئېچىپ، ئاشلىق توپلىدى. ئىككىنچى يىلى مول ھوسۇل ئېلىنغان-
دىن كېيىن، يەنە قۇس خانلىقىغا ھۇجۇم قىلدى. قۇس خانلىقىنىڭ خانى
ھۇنلاردىن ياردەم تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھۇنلار ياردەمگە ئەسكەر
ئەۋەتمىگەنلىكتىن قۇس خانلىقى خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولدى. جېڭ
جى بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن، ئەمىر لەشكەرلىككە
ئۆستۈرۈلۈپ، مەخسۇس غەربىي يۇرتتىكى جەنۇبىي يول ئەتراپىغا
جايلاشقان خانلىقلارنى قوغداشقا مەسئۇل قىلىندى.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 60 ـ يىلى، ھۇنلار تەڭرىقۇتى كېسەل بولۇپ
ئۆلدى. ئوڭ قول بىلىكخان تۇغتان تەڭرىقۇتنىڭ ئايالى بىلەن تىل بى-
رىكتۈرۈپ، تەڭرىقۇتلۇق ئورۇننى تارتىۋالدى. ۋە شۇرۇچانچۇ تەڭرىقۇت
ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن ئاقسۆڭەكلەر بىلەن ۋەزىرلەرنى كەڭ كۆلەمدە
قىرغىن قىلدى. سول قول بىلىكخانىنىڭ ئوغلى شەشەنجان بۇ چاغدا با-
تىسقان بولغاچقا، قائىدە بويىچە تەڭرىقۇتلۇق ئورۇنغا شۇ ۋارىسلىق
قىلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، تۇغتان ئۇنىڭ ئورنىنى تارتىۋالدى. شە-
شەنجان بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇرۇندىن تارتىپ زىددىيەت
بولغانلىقتىن، ئۇ شەشەنجانىنىڭ قەستەن زىيانكەشلىك قىلىشىغا ئۇچراپ
قالارمەنمىكىن ــ دەپ قورقۇپ، ئەلچى ئارقىلىق جېڭ جى بىلەن
ئالاقىلىشىپ، خەن سۇلالىسىگە ئەل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جېڭ جى
دەرھال كۆسەن، چېدىر قاتارلىق خانلىقلاردىن ئەسكەر توپلاپ، باتىسقان
ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى بولۇپ 12 مىڭ ئادەمنى مۇھاپىزەت قىلىپ،
چاڭئەنگە ئاپىرىپ قويدى. خەن سۇلالىسى شەشەنجانغا ئەردەمبەگ

ئۇنىۋانىنى بەردى. سەنجان خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغاندىن كېيىن، هۇنلارنىڭ غەربىي چېگرىسىنى ساقلايدىغان ئادەم قالمىغاچقا، كىنگىتتا تەسىس قىلىنغان چاكارلار كاھىبىگىمۇ تەبىئىي هالدا ئەمەلدىن قالدى. هۇنلارنىڭ غەربىي يۇرتتا پۇت تىرەپ تۇرغۇدەك يېرى قالمىدى. خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتقا بېرىپ - كېلىدىغان شىمالىي يولىمۇ راۋانلاشتى. جېڭ جى باتىسقاننى تەسلىم قىلدۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى بولۇپ تەيىنلەندى. غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگىنى تەسىس قىلىشتىكى مەقسەت غەربىي يۇرتنىكى خانلىقلارنى هۇنلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلاش، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، هەرقايسى خانلىقلارنىڭ بىر - بىرىنىڭ زېمىنىنى قوشۇۋېلىشى ۋە بىر - بىرىگە هۇجۇم قىلىشىنى چەكلەش ئىدى. جېڭ جى تارىختا غەربىي يۇرتقا تۇنجى قېتىم قورۇقچىبەگ بولغان كىشى هېسابلىنىدۇ. غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى، خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، غەربىي يۇرت خەن سۇلالىسى تېررىتورىيىسىگە رەسمىي كىرگۈزۈلۈپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ مۇقەددەس زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلاندى.

هەرقايسى خانلىقلار بىلەن ئالاقىلىشىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى (ئىش بېجىرىش ئورگىنى) غەربىي يۇرتنىڭ مەركىزى بولغان ئۇرلى دۆلىتىنىڭ ئۇرلى شەھىرى (بۈگۈنكى بۈگۈر ناھىيىسى ئىچىدە) گە تەسىس قىلىندى. غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى بىۋاستە مەركىزىي هۆكۈمەتكە قارايتتى. خەن سۇلالىسىنىڭ سىياسەتلىرى ۋە پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىپ، مەركىزىي هۆكۈمەتكە ۋەكالىتەن خەن سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرتتىكى هەرقايسى خانلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلاتتى.

غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى غەربىي يۇرت خانلىقلىرىدىكى خەلقلەر ئۈستىدىن بىۋاستە هۆكۈمرانلىق يۈرگۈزمەيتتى، پەقەت غەربىي يۇرت خانلىقلىرىنىڭ خانلىرى بىلەنلا ئالاقىلىشاتتى. غەربىي يۇرت خانلىقلىرى-

نىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتلىرىنى ساقلاپ قالغانىدى . بۇ خانلىقلاردا خاندىن باشقا يەنە نائىب خان ، تايرۇ ، خې بېگى ، ۋەزىر ، سانغۇن ، كاھبەگ ، شەھەر بېگى ، تىلماچ بەگ قاتارلىق ھەردەرىجىلىك ئەمەلدارلار بار ئىدى . بۇلار غەربىي يۇرت خانلىقلىرىنىڭ خەلقى ئۈستىدىن بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار ئىدى . خەن سۇلالىسى ھەرقايسى خانلىقلارنىڭ خانلىرى ۋە ئەمەلدارلىرىغا تامغا تارقىتىپ بەرگەن بولۇپ ، بۇ تامغىلار خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئىدى . غەربىي يۇرت خانلىقلىرىنىڭ خانلىرى ۋە ئەمەلدارلىرى بۇ تامغىلارنى ئەجدادتىن - ئەۋلادقا ساقلاپ كەلگەن . خانلارغا بېرىلگىنى سۇسۇن يىپەك پۆپۈكلۈك ئالتۇن تامغا ، ئەمەلدارلارغا بېرىلگىنى قارا يىپەك پۆپۈكلۈك مىس تامغا ئىدى . تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا ، ئەڭ دەسلەپتە غەربىي يۇرتقا جەمئىي 376 دانە تامغا تارقىتىپ بېرىلگەن .

خەن سۇلالىسى ئىلگىرى چېدىردا ۋە قۇستا بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەندە ، بۇ جايلاردا « چېرىكچىبەگ » تەسىس قىلغانىدى . مىلادىدىن بۇرۇنقى 48 - يىلى ، خەن سۇلالىسى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ، قۇستا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش چېرىكچىبېگى قويدى . ئۇنىڭ تۇرۇشلۇق جايى دەقيانۇس ( تۇرپاندىكى ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى ) دەپ ئاتىلاتتى . بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش بېگىمۇ غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگىنىڭ قارمىقىدا ئەمەس ، بىۋاسىتە مەركىزىي ھۆكۈمەتكە قاراشلىق ئىدى . بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش چېرىكچىبېگىنىڭ بىر تۇتاش باشچىلىقىدىكى سەركەردە ۋە ئەسكەرلەر تىنىچ مەزگىللەردە بوز يەر ئېچىپ ، تېرىقچىلىق قىلاتتى . ئۇرۇش بولۇپ قالسا قوراللىنىپ جەڭگە ئاتلىناتتى . غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ماقۇللۇغىنى ئالغاندىن كېيىن ، ئاندىن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش چېرىكچىبېگىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى يۆتكەپ ئىشلىتەلەيتتى .

## §4 . ۋاڭ ماڭنىڭ غەربىي يۇرتتا يولغا قويغان ئەكسىيەتچىل سىياستى ، شىمالىي ھۇنلارنىڭ غەربىي يۇرتنى قايتىدىن بويسۇندۇرۇشى

غەربىي خەن ھۆكۈمىتى غەربىي يۇرتقا سىجىل 70 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى ، بۇ جەرياندا ھېچقانداق ۋەقە يۈز بەرمىدى .

خەن پىڭدىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ، ۋاڭ ماڭ ھاكىمىيەتنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ ، غەربىي يۇرتتىكى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا تەتۈر يول تۇتۇپ ، غەربىي يۇرتنىڭ ۋەزىيىتىنى ئۈزلۈكسىز يامانلاشتۇرۇۋەتتى .

ئارقا قۇس خانلىقى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي قىسمىغا ، يەنى بۈگۈنكى جىمسار ناھىيىسىگە جايلاشقانىدى . باركۆل ئەتراپى ھۇنلارنىڭ ئوڭ قانىتىنىڭ مەركىزىي قىسمى بولغاچقا ، خەن سۇلالىسىنىڭ ئادەملىرى ئارقا قۇس خانلىقىغا بېرىش ئۈچۈن ، قاشقوۋۇقتىن چىقىپ ، غەرب تەرەپتىكى كىرورەندىن ئۆتۈپ ، شىمال تەرەپتىكى چېدىر بىلەن كىنگىتكە بېرىپ يەنە ئارقىغا يېنىپ ئالدى قۇس خانلىقىغا كېلەتتى . ئاندىن تەڭرىتاغدىن ھالقىپ كۆزلىگەن يەرگە كەلگىچە ناھايىتى ئۇزاق يولنى بىكار ماڭاتتى . خەن پىڭدىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى بوز يەر ئۆزلەشتۇرۇش چېرىكچى بېگى قاشقوۋۇقنىڭ غەربىي شىمالى ئارقىلىق ئالدى قۇس خانلىقىغا بارىدىغان ، ئاندىن تەڭرىتاغدىن ئېشىپ ئارقا قۇس خانلىقىغا بارىدىغان ھەم تۈز ، ھەم يېقىن بىر يولنىڭ بارلىقىنى بىلىدۇ . نەتىجىدە ، ئۇ ئالدى قۇس خانى گۇجۇي بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، بۇ يولنى ئاچماقچى بولىدۇ . گۇجۇي بۇ يول ئېچىلىشى بىلەنلا كېلىپ – كېتىدىغان ئەلچىلەر كۆپىيىپ كېتەرمىكىن ، ئۇلارنى يېمەك – ئىچمەك ، قونالغۇ جاي ۋە ئات – ئۇلاغلار بىلەن تەمىنلەش قىس بولۇپ قالارمىكىن — دەپ ، بوز يەر ئۆزلەشتۇرۇش چېرىكچى بېگىنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىدۇ . بوز يەر ئۆز-

لەشتۈرۈش بېگى ئۇنى يولسىزلىق بىلەن قاماققا ئالدۇ. لېكىن، ئۇ پۇرسەت تېپىپ، ھۇنلارنىڭ يېنىغا قېچىپ بېرىپ پاناھلىنىدۇ. دەل شۇ چاغدا، نوپچان خانلىقىنىڭ چۆي خۇلەي خانى تاڭدۇ چېگرىسىدىن كۆچۈپ كەلگەن قىزىلسۇ چاڭلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگىدىن كۆپ قېتىم ياردەم تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن غەربىي يۇرت قورۇقچى بېگىنىڭ كارى بولمايدۇ. تاڭدۇ قول ئاستىدىكى ئاھالىلىرىنى باشلاپ تاش قوۋۇققا قېچىپ كەلگەندە، تاش قوۋۇقنىڭ كاھىبېگى قوۋۇقنى ئېتىۋېلىپ كىرگۈزمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن تاڭدۇمۇ ھۇنلار تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ۋاڭ ماڭ بۇ ئىككى ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىغان بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش چېرىكچىبېگى بىلەن غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگىنى جازالاش ئۈچۈن، ئەكسىچە گۇجۇي بىلەن تاڭدۇنى ئاسىيلىق قىلدى دەپ قاراپ، ھۇنلارغا قايتا ـ قايتا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەينى مەزگىلدە، ھۇنلار بىرقەدەر ئاجىز بولغانلىقتىن، نائىلاج بۇ ئىككىيلەننى تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ۋاڭ ماڭ گۇجۇي بىلەن تاڭدۇنى غەربىي يۇرتقا قايتۇرۇپ كېلىپ، ھەرقايسى خانلىقلارنىڭ خانلىرىنى چاقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا بۇ ئىككىسىنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ. بۇ خىل ئادالەتسىزلىك، غەربىي يۇرتتىكى خانلىقلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغايدۇ.

مىلادى 9 ـ يىلى، ۋاڭ ماڭ تەختنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، دۆلەت نامىنى «شىن» دەپ ئۆزگەرتىدۇ ھەمدە ھۇنلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئەسلىدە خەن سۇلالىسىنىڭ ھۇنلارغا بەرگەن تامغىسىنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئۆزىنىڭ تامغىسىنى بېرىدۇ. ئىلگىرى خەن سۇلالىسى تەرىپىدىن ھۇنلارغا بېرىلگەن تامغىغا «ھۇن تەڭرىقۇت تامغىسى» دېگەن خەت ئويۇلغان بولۇپ، بۇ تەڭرىقۇت بىلەن خەن سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. ۋاڭ ماڭ بولسا ئۆزىنى چوڭ كۆرسىتىش ئۈچۈن، ھۇن تەڭرىقۇتىغا ئۈستىگە «شىن سۇلالىسىگە تەۋە ھۇنلا تەڭرىقۇتى تامغىسى» دېگەن تامغىنى بېرىدۇ. بۇ ھۇن تەڭرىقۇتى شىن

سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن تەڭ دېگەننى بىلدۈرەتتى . نەتىجىدە بۇ
ئەھۋال ھۇن تەگرىقۇتىنىڭ نارازىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . شۇنىڭ
بىلەن بىرۋاقىتتا ، ۋاڭ ماڭ غەربىي يۇرتقا ئەۋەتكەن ئەلچىلەرنىڭ
ھەرقايسى خانلىقلارنىڭ خانلىرىنى « خان » دېمەي ، ئۇلارنىڭ دەرىجـ
ـسىنى تۆۋەنلىتىپ « بەگ » دەپ ئاتىغانلىقىمۇ ، ھەرقايسى خانلىقلارنىڭ
قارشىلىقىنى قوزغايدۇ . ۋاڭ ماڭ ئۇلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن ، يېقىن ئا-
دىمى جېن فېڭنى ئوڭ قول بەگلىككە تەيىنلەپ ، قوشۇن بىلەن غەربىي
يۇرتقا ئەۋەتىدۇ . ئالدى قۇس خانى شۇي جىلى بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ ،
ھۇنلار تەرەپكە قېچىپ كەتمەكچى بولغاندا ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش چې-
رىكچىبېگى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ، غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە
يالاپ ئاپىرىپ بېرىدۇ . غەربىي يۇرت قورۇقچى بېگى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ .
شۇي جىلىنىڭ ئاكىسى خۇلەنجى بۇنىڭدىن غەزەپلىنىپ ، قول ئاستىدىكى
ئاھالىلارنى باشلاپ ھۇنلار تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ ھەمدە ھۇنلارنىڭ
ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ ، قۇستا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈۋاتقان خەن
سۇلالىسى قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىپ ، قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ
ئەمرلەشكىرى بىلەن ئارقا قەلئە بېگىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ .

شۇ يىلى ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش چېرىكچىبېگى دىياۋخۇ ئاغرىپ
قالىدۇ . ئۇنىڭ خورلىشىغا چىدىمىغان سەركەردە ۋە ئەسكەرلەر ھەربىي
ئۆزگىرىش قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ، ئاندىن ئائىلە تاۋاباتلىرىدىن
ئىككى مىڭغا يېقىن ئادەمنى باشلاپ ھۇنلار تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ .

ھۇنلار غەربىي يۇرتتىكى كىرزىستىن پايدىلىنىپ ، ھەرقايسى
خانلىقلارغا قارىتا ھۇجۇمنى كۈچەيتىشكە باشلايدۇ ھەمدە كىنگىت خانلىـ
قىنى ئىسيان كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتۈپ ، غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى دەن
چېننى ئۆلتۈرگۈزىدۇ . غەربىي يۇرتتا قورۇقچىبەگمۇ ، بوز يەر ئۆزلەشتۈ-
رۈش چېرىكچىبېگىمۇ بولمىغانلىقتىن ، قالايمىقان ۋەزىيەت شەكىللىنىدۇ .

مىلادى 16 ـ يىلى ، ۋاڭ ماڭ بەشتە ھەيۋەتلىك سانغۇن ۋاڭ
جۈن ، غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى لى چۇڭ ، قورۇل چېرىكچىبېگى گو-
چىنلارنى لەشكەرلەر بىلەن غەربىي يۇرتقا ئەۋەتتى . كىنگىت كۆرۈنۈشتە

تەسلىم بولغاندەك قىلىپ، ۋاڭ جۇن قاتارلىقلارنى شەھەرگە باشلىدى. ۋاڭ جۇن قىلتاققا چۈشۈپ، شەھەرگە كىرىشى بىلەنلا تۇيۇقسىز ئۆلتۈرۈلدى. گوچىن قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئارقا ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ، قوشۇننى چېكىندۈرۈپ ئېچكىرىگە قايتىپ كەتتى. لى چۇڭ قالدۇق قىسىملىرىنى يىغىشتۇرۇپ، كۇسەنگە چېكىندى. كېيىن يەكەنگە يۆتكىلىپ بېرىپ، يەكەن خانى يەنگە بېقىندى بولدى. يەن خەن يۇەندى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە چاڭئەندە ئۇزۇن تۇرغان بولۇپ، ئىچكى رايونلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ - ئادىتىنىڭ تەسىرىگە كۆپ ئۇچرىغانىدى. ئۇ ئۆز دۆلىتىگە قايتىپ كېلىپ تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن، خەن سۇلالىسىگە ئالاھىدە ھۆرمەت بىلدۈرگەنىدى. ھۇنلار يەكەنگە ھۇجۇم قىلغاندا، يەنە ئەسكەر چىقىرىپ قارشى تۇرۇپ، لى چۇڭ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى باشتىن - ئاخىر قوغدىدى. كېيىن ھۇنلار جەنۇبىي ۋە شىمالىي ھۇن، دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. غەربىي يۇرتتىكى خانلىقلارنىڭ ھەممىسى شىمالىي ھۇنلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلدى. پەقەت يەكەن خانلىقىلا ھۇنلارغا قارشى تۇرالايدىغان بىردىنبىر كۈچ بولۇپ قالدى.

شىمالىي ھۇنلارنىڭ غەربىي يۇرتقا قايتىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىشى، ھەرقايسى خانلىقلار ئۈچۈن يەنە بىر قېتىملىق ئاپەت بولدى. شىمالىي ھۇنلار غەربىي يۇرت خانلىقلىرىنىڭ خەلقلىرىنى قاتتىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ، كۆپ يىللىق باج - سېلىقلارنى تۆلەشكە مەجبۇرلىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ يۈكى خەن سۇلالىسى مەزگىلىدىكىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتتى. ئازاب - ئوقۇبەتكە چىدىمىغان غەربىي يۇرت خانلىقلىرى ئارقا - ئارقىدىن كۆتۈرۈلۈپ قارشىلىق كۆرسىتىشكە باشلىدى.

## §5 . بەن چاۋ ، بەن يۇڭلارنىڭ غەربىي يۇرتنى تىنچلاندۇرۇشى

ۋاڭ ماڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقى قىزىل قاشلىقلار قوشۇنى ۋە لۈلىنلىقلار قوشۇنى قاتارلىق دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ زەربىسى ئاستىدا ئۇزۇل – كېسىل بەربات بولدى . ئۇزۇن ئۆتمەيلا ، دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبە مېۋىسىنى نەنياڭلىق چوڭ پومېشچىك لىيۇشيۇ تارتىۋالدى . مىلادى 25 – يىلى ، لىيۇشيۇ ئۆزىنى پادىشاھ ، دەپ جاكارلاپ ، خەن سۇلالىسىنى قايتىدىن تىكلىدى . بۇ سۇلالە گۇەندۇڭ تەرەپتىكى لوياڭنى پايتەخت قىلغانلىقتىن ، تارىختا « شەرقىي خەن سۇلالىسى » دەپ ئاتالدى . دەل مۇشۇ چاغدا ، ھۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھوقۇق تالىشىش تۈپەيلىدىن پارچىلىنىش يۈز بېرىپ ، جەنۇبىي ھۇنلار شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتتى ، شىمالىي ھۇنلار بولسا ئۈزلۈكسىز تۈردە شەرقىي خەن سۇلالىسى بىلەن دۈشمەنلەشتى .

شەرقىي خەن سۇلالىسى قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ، مىلادى 38 – يىلى ، يەكەن خانلىقى بىلەن پىشامشان خانلىقى ئەلچى ئارقىلىق تارتۇق يوللاپ ، غەربىي يۇرتقا قورۇقچىبەگ ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى . گۇاڭۋۇدى لىيۇشيۇ مەملىكەتنىڭ ئىچكى ئەمدىلا بىرلىككە كەلگەنلىكىنى ، غەربىي يۇرت بىلەن ھەپىلىشىشكە مادارى يوقلۇقىنى كۆزدە تۇتۇپ ، ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولمىدى . مىلادى 45 – يىلى ، ئالدى قۇس ، پىشامشان ، كىنىگىت قاتارلىق خانلىقلارنىڭ ھەممىسى شاھزادىلەرنى سوۋغا – سالاملار بىلەن لوياڭغا ئەۋەتىپ ، خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتقا قورۇقچىبەگ ئەۋەتىپ ، غەربىي يۇرت خانلىقلىرىنى قوغداشنى يەنە بىر قېتىم تەلەپ قىلدى . لېكىن ، لىيۇشۇ يەنىلا رەت قىلدى . غەربىي يۇرت خانلىقلىرى ھېچقانداق يۆلەنچۈكى بولمىغانلىقتىن ، ئۇزۇن ئۆتمەي ھەممىسلا شىمالىي ھۇنلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلدى .

گۇاڭگۇۋدى ئۆلۈپ ، خەن مىڭدى تەختكە چىقتى . شىمالىي ھۇنلار
غەربىي يۇرت خانلىقلىرىدىن مەجبۇرى ئەسكەر يىغىپ ، ئۇلارنى ھەر يىلى
ئۇدا خېشى كارىدورىغا پاراكەندىچىلىك سېلىشقا مەجبۇرلاپ ، ئۇرۇش ئو-
تىنى ھەممىلا يەرگە تۇتاشتۇردى . ھەرقايسى شەھەرلەر كۈندۈزدىمۇ
قوۋۇقنى ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى . نەتىجىدە خېشى
كارىدورىدىكى خەلقلەر ناھايىتى زور زىيانغا ئۇچرىدى . دېھقانچىلىق
ئىشلەپچىقىرىشى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى . خەن مىڭدى بۇ
ئىشقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى . مىلادى 73 ـ يىلى ، ئۇ باش سانغۇن
دۇگۇ ، گېڭ جۇڭ قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىقىدا قوشۇن ئەۋەتتى .
بۇ قوشۇن جيۇچۇەندىن چىقىپ ، شىمالىي ھۇنلارغا زەربە بېرىپ ،
قويانخاننى قاتتىق مەغلۇپ قىلىش ئارقىلىق ، تەڭرىتاغنىڭ شەرقىدىكى
مۇھىم جاي ئىۋىرغول ( بۈگۈنكى قۇمۇل ) نى قايتۇرۇۋالدى . شەرقىي
خەن ھۆكۈمىتى بۇ جايدا ئىۋىرغول كاھىبىگى تەسىس قىلىپ ، بوز يەر
ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشنى يولغا قويدى . بۇ قېتىمقى غەلىبە غەربىي
يۇرتقا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى ، ھەرقايسى خانلىقلار تەڭلا شىما-
لىي ھۇنلاردىن قۇتۇلۇپ ، شەرقىي خەن سۇلالىسىگە مايىل بولدى .
ئىككىنچى يىلى ، شەرقىي خەن ھۆكۈمىتى غەربىي يۇرتقا قورۇقچىبەگ ۋە
بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش چېرىكچىبېگى ئەۋەتتى . مەشھۇر سەركەردە بەن
چاۋ دۇگۇنىڭ قوشۇنىغا قاتنىشىپ ، زور خىزمەت كۆرسەتتى .
بەن چاۋ فۇفېڭ ۋىلايىتىنىڭ پىڭلىڭ دېگەن يېرىدىن ئىدى .
شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر تارىخشۇناس ۋە ئەدىب بەن
گۇ ئۇنىڭ ئاكىسى ئىدى . بەن گۇ ئوردىدا مۇھەررىرلىك قىلىدىغان كى-
چىك ئەمەلدار بولۇپ تۇرۇۋاتقان چاغدا ، بەن چياۋ ئانىسى بىلەن لوياڭغا
كېلىپ ئورۇنلاشقانىدى . لوياڭدا مال باھاسى بەك يۇقىرى ، بەن چاۋنىڭ
ئائىلىسى بولسا ئىنتايىن نامرات ئىدى . بەن چاۋ تىرىكچىلىك قىلىش
ئۈچۈن ، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ خەت ـ چەكلىرىنى يېزىپ ـ كۆ-
چۈرۈپ بېرىشتەك ناھايىتى جاپالىق خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە مەجبۇر
بولغانىدى . بىر كۈنى ئۇ قەلەمنى تاشلاپ قاتتىق خۇرسىن-

غان هالدا : « ئەر ـ ئەزىمەت دېگەن خۇددى جاڭ چيەندەك چېگرا رايونلاردا ئىشلەپ خىزمەت كۆرسىتىشى كېرەك ، مەڭگۈ مۇشۇنداق كۆچۈرمىچىلىك قىلىش ، خەت يېزىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزسە قانداق بولغىنى » دېدى . كەسپداشلىرى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ، ئۇنى زاڭلىق قىلىشتى ، ئەمما بەن چاۋ بۇنىڭغا پىسەنت قىلمىدى . كېيىن ، خەن مىڭدى باتۇر ئەزىمەتلەرنى يىغىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقارغاندا ، بەن چاۋ راستتىنلا « قەلەمنى تاشلاپ ئەلەم سىپىگە كىرىپ » ، دېگەندىكىدەك ياندىش ئەمىر لەشكەرلىككە تەيىنلەندى . دۇگۇ ئۇنى قوشۇن باشلاپ ئىۋىرغولغا هۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەندە ، ئۇ باركۆلنىڭ يېنىدا قويانخان بىلەن ئۇرۇش قىلىپ ، زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ ، دۇگۇنىڭ ئالاهىدە ماختىشىغا ئېرىشتى .

مىلادى 73 ـ يىلى كۈزدە ، دۇگۇنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن ، بەن چاۋ 36 نەپەر پالۋاننى ئەگەشتۈرۈپ ، غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە كەلمەكچى بولۇپ ئالدى بىلەن پىشامشانغا كېلىدۇ . بۇ چاغدا پىشامشان خانى گۇاڭ ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئېلىپ ، ئەتراپلىق كۈتۈۋالىدۇ . كېيىن گۇاڭ پوزىتسىيىنى بىردىنلا ئۆزگەرتىپ ، ئۇلارغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىدۇ . بەن چاۋ پالۋانلارغا : « سىلەر پىشامشان خانىنىڭ نېمە ئۈچۈن بىزگە بۇنداق سوغۇق مۇئامىلىدە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدىڭلارمۇ ؟ بۇ ئەھۋال چوقۇم هۇن ئەلچىلىرىنىڭ پىشامشانغا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ » دەيدۇ . ئۇ پىشامشان خانلىقىدىكى كۈتۈۋېلىش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدارنى چاقىرتىپ كېلىپ ، ئۇنىڭدىن : « هۇن ئەلچىلىرى كەلگىنىگە قانچە كۈن بولدى ، ئۇلار نەدە تۇرۇۋاتىدۇ ؟ » دەپ سورايدۇ . كۈتكۈچى ئەمەلدار ئەينەن ئەھۋالنى ئېيتىپ بېرىدۇ . بەن چاۋ ئۇنى ئۆيگە سولاپ قويۇپ ، پالۋانلىرى بىلەن بىرلىكتە هاراق ئىچىپ تازا قىزىغان چاغدا ، ئۇلارنى ئىلهاملاندۇرۇپ : « هۇنلارنىڭ ئەلچىسى كەلگىنىگە بىرنەچچە كۈن بولۇپتۇ ، ئۇلار پىشامشان خانىنى بىزنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە قىستاۋېتىپتۇ ، مۇبادا پىشامشان خانى بىزنى هۇنلارغا تاپشۇرۇپ بېرىدىغان بولسا ، تۈگەشكىنىمىز شۇ ، قانداق قىلىشىمىز كېرەك ؟ » دەيدۇ . پالۋانلارنىڭ

ھەمـمـسـى تەڭلا : « ئەمىر لەشكەرنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇمىز »: دەيدۇ . بـەن چاۋ 10 كىشىگە دۇمباق بېرىـپ ، ئۇلارنى ھۇن ئەلچىلىرى تۇرۇۋاتقان ئۆيـنـىـڭ كـەينىگە بېرىـپ يوشۇرۇنۇشقا ئەۋەتىدۇ ، ھەمدە ئۇلارغا : « ئوت يـورۇقـىـنـى كـۆرگـەن ھامـان كـۈچـۈڭلارنـىـڭ بارىچە دۇمباق چېلىپ ، ۋارقـىراڭلار » دەيدۇ . ھەمدە ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى ئوقيا ۋە خەنجەر بىـلـەن قـوراللانـدۇرۇپ چـوڭ دەرۋازىـنـىـڭ ئـىـككى تەرىپىگە مۆكتۈرىدۇ . بـەخـتـكـە يـارىـشـا شـۇ كېچىسى قاتتىق بوران چىقىپ كېتىدۇ . بەن چاۋ بـورانـنـىـڭ يـۆلـىـنـىـشى بـويـىـچـە ئوت قـويۇۋېتىدۇ . ئۆينىڭ كەينىگە يـوشـۇرۇنـغـان 10 كـىـشى شۇ ھامان دۇمباق چېلىپ ۋارقىرغىلى تۇرىدۇ . ھۇن ئەلـچـىـسـى ئۇلايـداي ، يـانـداش ئەلـچـى بـىـلـكـە ۋە ئۇلارنىڭ قول ئاسـتـىـدىكىلەر قاتتىق ساراسىمگە چۈشۈپ ، جانلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قېچىۋاتقاندا ، بەن چاۋ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ ھۇننى ئۆلتۈرىدۇ . پالۋانلارمۇ 30 نـەچـە دۈشمەننى يوقىتىدۇ . ھۇنلارنىڭ قالغان 100 دىن ئارتۇق ئادىمى ئوتـتـا كـۆيـۈپ ئۆلـىدۇ . پىشامشان خانى بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق ھەيران بو- لىدۇ ، ھەمدە بەن چاۋ قاتارلىقلارنىڭ پاراستىدىن ۋە باتۇرلۇقىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ ، شۇ ھامان ھۇنلاردىن ئايرىلىپ ، خەن سۇلالىسى تەۋەلىكىگە ئۆتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ .

شـۇنـىـڭـدىـن كـېيىنلا ، بەن چاۋ ئۇدۇنغا كېلىپ ، ئۇدۇن خانى گۇاڭدېنى شىمالىي ھۇنلارنىڭ ئۇدۇندا تۇرۇشلۇق ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈشكە دەۋەت قىـلـىدۇ . يەنە سۇلىغا بېرىـپ ، شىمالىي ھۇنپەرەس دوتىنى ئاغدۇ- رۇۋېتىپ ، شىمالىي ھۇنلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن سۇلى خانىنىڭ جىيەن ئوغـلـى جـۇڭنى خان قىلىپ تىكلەپ ، يەرلىك خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ . بەن چاۋنىڭ پىشامشان ، ئۇدۇن ، سۇلى خەلقلىرىنىڭ شىمالىي ھۇن ئاقـسۆڭـەكلەر گۇرۇھىنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيىسى ۋە زۇلـ- مىدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بەرگەنلىكى غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى خانلىق خـەلـقـلـىـرىـنـىـڭ مـەنـپـەئـتىگە ئۇيغۇن ئىدى ، شۇڭا ئۇ ، غەربىي يۇرت خـانلىقلىرىنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشىپ ، يۈكسەك ئابرويغا ئىگە بولا- لىدى .

مىلادى 75 ــ يىلى ، خەن مىڭدى ئۆلدى . شىمالىي ھۇنلار خەن سۇلالىسىنىڭ ھازىدارلىق ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ، كىنگىتنى كۇشكۇرتۇپ ، غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى چېن مونى ئۆلتۈرگۈزدى . كۇسەن ، قۇم خانلىقلىرىنى سۇلىغا ھۇجۇم قىلدۇردى . شىمالىي ھۇنلارنىڭ ئۆزى بولسا ، ئاتلىق قوشۇن ئەۋەتىپ ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش چېرىكچىبېگىنى مۇھا- سىرىگە ئالدى . بەن چاۋ سۇلى ئەتراپىدىكى پەنتو قەلئەسىنى ساقلاپ ، سۇلى خانى جۇڭ بىلەن ھەمكارلاشقان بولسىمۇ ، لېكىن ئەسكىرىي كۈچى بەك ئاز بولغاچقا ياردەمسىز قالغانىدى . يېڭىدىن تەختكە چىققان خەن جاڭدى بەن چاۋنىڭ غەربىي يۇرتتا بەرداشلىق بېرەلمەي قېلىشىدىن ئەن- سىرەپ ، ئۇنىڭغا ئىچكىرىگە قايتىپ كېلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرىدۇ . بەن چاۋ پادىشاھنىڭ پەرمانىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ سۇلىدىن يولغا چىقىدۇ . سۇلىدىكى پۇقرالار قاتتىق قايغۇغا ۋە ئەندىشىگە چۈشتى . كاھبەگ لى يەن : « خەن سۇلا- لىسى ئەلچىسى بىزنى تاشلاپ كېتىپ قالسا ، بىز چوقۇم يەنە ھۇنلار تەرىپىدىن يوقىتىلىمىز » دەيدۇ ــ دە ، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئۆزىنى بوغۇزلايدۇ . بەن چاۋ ئۇدۇنغا قايتىپ كەلگەندە ، ئۇدۇن خانى ۋە ۋەزىرلەرنىڭ ھەممىسى تەلپەكلىرىنى قولىغا ئېلىپ ، تىزلانغان ھالدا ئاتنىڭ پۇتىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ : « بىز خەن سۇلالىسى ئەلچىسىنى خۇددى باللار ئاتا ــ ئانىلىرىنى ھىمات تۇتقاندەك ھىمات تۇ- تىمىز ، ئەسلا بىزنى تاشلاپ كېتىپ قالمىغايسىز » دەپ يىغلىشىدۇ . بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن بەن چاۋ غەربىي يۇرتتا قېلىپ ، ھەرقايسى خانلىقلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا بەل باغلايدۇ . ئۇ ئۆزى كېتىپ قالغاندىن كېيىن يۈز بەرگەن مالىمانچىلىقلارنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن سۇلىغا قايتىپ كەلدى . شۇنىڭدىن كېيىن ، پىشامشان ، ئۇدۇن ، سۇلى خانلىقلىرىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىگە تايىنىپ ، شىمالىي ھۇنلارنىڭ قولچىمىقى بولغان كۇسەن خانلىقى بىلەن قۇس خانلىقىنى مەغلۇپ قىل- لىدۇ . يەنە سۇيئابتىكى توخرىلارنىڭ نائىب خانى ۋاڭ شىي قوماندانلىقىدىكى 70 مىڭ كىشىلىك تاجاۋۇزچى قوشۇنىنىڭ تاجاۋۇزىنى

پىستچىت قىلىدۇ. مىلادى 91 ـ يىلى، شەرقىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بەن چاۋنى غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگلىككە تەيىنلىدى. مىلادى 94 ـ يىلى، بەن چاۋ شىمالىي ھۇنلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى كىنگىت، كورلا ۋە قاراقۇم خانلىقلىرىنى ئاخىر بويسۇندۇرۇپ، پۈتكۈل غەربىي يۇرتنى يەنە بىر قېتىم شەرقىي خەن سۇلالىسىگە بىرلىككە كەلتۈرۈپ بەردى. بەن چاۋ كۆرسەتكەن تۆھپىسى ئۈچۈن يىراقنى تىنچلاندۇرغۇچى بەگ، دېگەن ئۇنۋانغا ئېرىشتى. شۇڭا، تارىختا يەنە «يىراقنى تىنچلاندۇرغۇچى بەن» دەپمۇ ئاتالدى.

مىلادى 91 ـ يىلى، بەن چاۋ گەن يىڭنى داكچىن (رىم ئىمپېرىيىسى) غا ئەلچىلىككە ئەۋەتىدۇ. ئۇ گەرچە كۆزلىگەن يېرىگە يېتىپ بارالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئارساك (بۈگۈنكى ئىران) نىڭ غەربىي چېگرىسىغىچە بېرىپ، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىدۇ. مىلادى 102 ـ يىلى، 70 ياشقا كىرگەن بەن چاۋ ئۇزۇن مەزگىل شەرقتىن غەربكە يۈرۈش قىلىپ، كۆپلىگەن جەڭلەرنى باشتىن كەچۈرۈش جەريانىدا ئۆزىگە سوغۇق تەككۈزۈۋېلىپ، پۇت ـ قوللىرى ئاغرىيدىغان بولۇپ قالغاچقا، پادىشاھنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىپ يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاپات بولىدۇ. بەن چاۋ غەربىي يۇرتتا 31 يىل كۈرەش قىلدى. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ يەرلىك ئازسانلىق مىللەتلەرگە تايىنىپ، چېگرا رايوننىڭ ئامانلىقىنى قوغدىغانلىقى بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

بەن چاۋدىن كېيىن، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش چېرىكچىبېگى رېن شاڭ غەربىي يۇرتقا قورۇقچىبەگ بولىدۇ. خىزمەت ئۆتكۈزۈۋالىدىغان چاغدا، ئۇ بەن چاۋدىن قانداق قىلغاندا قورۇقچىبەگلىك ۋەزىپىسىنى ياخشى ئۆتىگىلى بولىدۇ، دەپ سورايدۇ. بەن چاۋ ئۇنىڭغا: «سىزنىڭ مىجەزىڭىز بەك چۇس ھەم ئالدىراقسان، شۇڭا غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى خانلىقلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىڭ. كەڭ قورساق بولۇڭ، چوڭ ئىشلارنى تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىڭ. ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى زىغىرلاپ كەتمەڭ» دەيدۇ. بەن چاۋ

كەتكەندىن كېيىن، رېن شاڭ كىشلەرگە: « بەن چاۋنىڭ غەربىي يۇرتتا 30 يىلدىن ئارتۇق ئىشلىگىنىگە قاراپ، ماڭا چوقۇم ئاجايىپ ئىسىل تەد- بىرلەرنى ئۆگىتىپ قويامدىكىن دەپتىمەن، مۇنداق ئاددىي بىرنەچچە ئېغىزلا گەپ قىلىشنى كىم بىلسۇن! » دەيدۇ.

رېن شاڭ بەن چاۋنىڭ تەلىمىنى ئېسىدە ساقلىمىدى. بىرنەچچە يىل بولمايلا، ئۇ غەربىي يۇرت ھەرقايسى خانلىقلىرىغا ھەددىدىن زىيادە زۇلۇم سالغانلىقتىن، كىشىلەر نارازى بولۇپ، ئۇنىڭغا قارشى چىقتى. شەرقىي خەن ھۆكۈمىتى غەربىي يۇرتتىكى قارشىلىقنى باستۇرۇش ئۈچۈن، خېشى كارىدورىدىكى ۋە چىڭخەيدىكى چاڭلارنى ئەسكەرلىككە تۇتتى. نەتىجىدە چاڭلار قوزغىلىڭى پارتلاپ، شەرقىي خەن سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالدى. شىمالىي ھۇنلار بۇ خىل پايدىلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قايتىدىن ھۇجۇمغا ئۆتتى. شەرقىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى بىلەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش چېرىكچىبېگىنى مەنسىپىدىن قالدۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن، غەربىي يۇرت يەنە قايتىدىن شىمالىي ھۇنلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. شىمالىي ھۇنلارنىڭ ھۆكۈمران گۇرۇھى ھەرقايسى خانلىقلارنى نەچچە يىللاردىن بۇيانقى باج - سېلىقلارنى تولۇقلاپ تۆلەشكە مەجبۇرلىدى. باج مىقدارى كۆپ، تاشپۇرۇش مۆھلىتى قىسقا، سۈرۈش- تۈرۈش جىددىي بولغانلىقتىن، ھەرقايسى خانلىقلارنىڭ پۇقرالىرى كۈن كەچۈرەلمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

بىرقانچە يىل ئۆتۈپ، چاڭلار رايونى تىنچلانغاندىن كېيىن، خېشى كارىدورىنىڭ قاتنىشى يەنە راۋانلاشتى. مىلادى 118 - يىلى، دۇنخۇاڭ ۋالىيسى ساۋزۇڭ غەربىي يۇرتنى سوراپ يېيىش نىيىتىگە كې- لىپ، سۇبەن باشچىلىقىدا مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئېيۋىرغولغا بېرىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە ئەۋەتتى. ئالدى قۇس خانى بىلەن پىشامشان خانى سۇبەن بىلەن ئالاقىلىشىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شىمالىي ھۇنلارنىڭ تەڭرىقۇتى ئارقا قۇس خانى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئېيۋىرغولغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ،

سۇبەن ۋە بوز يەر ئۆزلەشتۇرگۈچى سەركەردە، ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلاپ، ئالدى قۇس خانىنى قوغلىۋەتتى. پىشامشان خانى ساۋزۇگدىن قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلغاندا، ساۋزۇڭ ئوردىغا مەكتۇپ سۇنۇپ 5000 كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتىپ شىمالىي ھۇنلارغا زەربە بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ ئىش تۆپەيلىدىن شەرقىي خەن سۇلالىسى ئوردىسىدا بەس ـ مۇنازىرە قوزغالدى. كۆپ سانلىق ۋەزىرلەر غەربىي يۇرتتىن ۋاز كېچىشنى تەشەببۇس قىلىپ تاش قوۋۇقنى ئېتىۋالدى. بەن چاۋنىڭ ئوغلى بەن يۇڭ كۆپچىلىكنىڭ پىكرىنى قەتئىي رەت قىلىپ، غەربىي يۇرتنى قايتۇرۇۋېلىشنى تەشەببۇس قىلدى. مىلادى 123 ـ يىلى، بەن يۇڭ غەربىي يۇرتنىڭ دورغاپلىقىغا تەيىنلىنىپ، قوشۇن باشلاپ بېرىپ لۇكچۈن (تۇرپاندىكى لۇكچۈن) دە بوز يەر ئاچتى. تۆت يىل كۆرەش قىلىش ئارقىلىق بەن يۇڭ شىمالىي ھۇنلارنىڭ يىلى خانى بىلەن قويانخاننى چېكىندۇرۇپ، غەربىي يۇرتنى قايتىدىن تىنچلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن، غەربىي يۇرت دورغابى غەربىي يۇرت قۇرۇقچىبېگىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، غەربىي يۇرتتىكى ئەڭ ئالىي ئەمەلدار بولۇپ قالدى. كېيىندىنلا بوز يەر ئۆزلەشتۇرۇش چېرىكچىبېگى قايتا تەسىس قىلىندى. تارىخى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، دۇڭ جو شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بوز يەر ئۆزلەشتۇرۇش چېرىكچىبېگى بولغانىكەن. شۇنىڭدىن تارتىپ تاكى شەرقىي خەن سۇلالىسى يىمىرىلگەنگە قەدەر، غەربىي يۇرت دورغابى بىلەن بوز يەر ئۆزلەشتۇرۇش چېرىكچىبېگىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا، غەربىي يۇرت ۋەزىيىتى بىرقەدەر تىنچ بولغان.

## §6. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتى

جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا كېلىشتىن ئىلگىرىلا، غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى خانلىقلار دۆلەت ئاپپاراتى ۋە ئارمىيىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ،

تۆمۈر قوراللارنى ياسىيالايدىغان ۋە ئىشلىتەلەيدىغان بولغان. ئاسىيۇلارنىڭ قەبرىسىگە مالايلارنى قوشۇپ دەپنە قىلىش قاتارلىق ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، غەربىي يۇرت خانلىقلىرىنىڭ قۇللۇق جەمئىيەتكە كىرىپ بولغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇ خانلىقلارنىڭ ھەممىسىدە مۇكەممەل دۆلەت ئاپپاراتلىرى ۋە مۇكەممەل دەرىجە تۈزۈمى بارلىققا كەلگەنىدى. خان دۆلەتنىڭ خوجىسى بولۇپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدا ھەردەرىجىلىك مەمۇرىي ۋە ھەربىي ئەمەلدارلار بار ئىدى. ئاقسۆڭەكلەر بولسا «ئېسىلزادىلەر» دەپ ئاتىلىپ، كۆپ ھاللاردا قوشۇمچە ئەمەلدارلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى. خان، ئەمەلدارلار ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھەممىسى قۇلدارلار بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان ساندا قۇل ئىگىلەيتتى. قۇللار ئۇلار ئۈچۈن جاپالىق ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ۋە ئائىلە ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىناتتى. نوپۇس دەپتىرىگە تىزىملانغان ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى ئەركىن پۇقرالار بولۇپ، ئۆز ئالدىغا چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا بىلەن شۇغۇللىنىپ، بەلگىلەنگەن سۇرۇك بويىچە دۆلەتكە باج ـ سېلىق تاپشۇراتتى. ئۇرۇش مەزگىلىدە، قۇرامىغا يەتكەن ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەسكەر بولۇپ جەڭگە ئاتلىناتتى.

تەبىئىي شارائىتنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ تەكشىسىزلىكى سەۋەبىدىن، غەربىي يۇرت خانلىقلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىغا ئاساسەن، ئومۇمەن تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل ئايرىشقا بولىدۇ: بىر خىلى، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلغان خانلىقلار بولۇپ، بۇ خانلىقلارنىڭ پۇقرالىرى كىگىز ئۆيلەردە ئولتۇراتتى. پەسىلنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ، يايلاقلارمۇ ئۆزگىرىپ تۇراتتى، ئۇلار تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدىلا كۆچۈپ يۈرەتتى. شۇڭا بۇ خانلىقلار تارىختا «كۆچمەنلەر دۆلىتى» دەپ ئاتالغانىدى. تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ئاسىيۇ، ئوغۇز، قۇس خانلىقلىرى، پامىر ئېگىزلىكىدىكى يولئېرىق، سارىقول، ئۇررى خانلىقلىرى، كوئىنلۇن تېغى ئەتراپىدىكى نوپچان خانلىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق «چىمەنلەر دۆلىتى» ئىدى. بۇ خانلىقلاردا كالا، ئات، قوي، تۆگە، ئېشەك قاتارلىق چارۋا

ماللار كۆپ ئىدى. يەنە بىر خىلى، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلىدىغان خانلىقلار بولۇپ، بۇ خانلىقلارنىڭ پۇقرالىرى شەھەر ۋە يېزىلاردا ئولتۇراقلاشقانىدى. تارىخىي كىتابلاردا بۇ خانلىقلار «شەھەر دۆلىتى» دەپ ئاتالغان. تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى پىشامشان، روگلۇ، ئۇزۇن ئات، ئۇدۇن، يەكەن، سۇلى، كىنگىت، كۇسەن، قۇم خانلىقلىرى ۋە پامىرنىڭ غەربىي شىمالىدىكى پەرغانە خانلىقى قاتارلىق خانلىقلارنىڭ ھەممىسى «شەھەر دۆلەتلىرى» ھېسابلىناتتى. بۇ خانلىقلاردا ئارپا، بۇغداي، تېرىق، شال، قوناق، پۇرچاق، ئۈزۈم، بېدە ۋە ھەرخىل مېۋە ـ چېۋە، قوغۇن ـ تاۋۇزلار تېرىلاتتى.

غەربىي يۇرت خەن سۇلالىسىنىڭ تېررىتورىيىسىگە كىرمىگەن چاغلاردىلا، ئىشلەپچىقىرىش بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان، ئىگىلىكى بىرقەدەر گۈللەنگەن رايون ئىدى. قۇس خانلىقىنىڭ قوي، كالىلىرى تاغ ۋە ئېدىرلارغا سىغماي قالغانىدى. ئاسىيۇ خانلىقىدىكى بايلارنىڭ تۆت ـ بەش مىڭدىن يىلقىسى بار ئىدى. چېدىر خانلىقىنىڭ 5000 گېكتار ئۆلكە يېرى بار ئىدى. پەرغانە خانلىقىنىڭ بايلىرى 10 مىڭ دەنلەپ ئۈزۈم ھارىقى ساقلايتتى. ئۇزۇن تات خانلىقىنىڭ شاھزادىسى لەيدەن دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى ناھايىتى پىششىق بىلگەنلىكتىن، ئۆز ۋاقتىدا خەن سۇلالىسى تەرىپىدىن بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى چېرىكچىبەگ قىلىپ تەيىنلەنگەندى.

خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن ئېتىبارەن غەربىي يۇرت خانلىقلىرىنىڭ ئەمگەكچى خەلقى ۋەتىنىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشقان.

ئاسىيۇلارنىڭ ئېتى يوغان ھەم كۈچلۈك بولۇپ، ھارۋىغا قېتىشقا ئەڭ باپ كېلەتتى. پەرغانە ئاتلىرىنىڭ پۇتلىرى ئۇزۇن، تۇۋاقلىرى يوغان بولۇپ، كۈنىگە مىڭ چاقىرىم يول باسالايتتى. مىنىشكە ئەڭ باپ كېلەتتى. خەن ۋۇدى زامانىسىدە، پەرغانە ۋە ئاسىيۇ خانلىقلىرىدىن ھەددى ـ ھېسابسىز ئاتلار ئىچكى جايلارغا ئېلىپ بېرىلغانىدى. شەھەر

رەستىلىرىدىن تارتىپ تار كوچىلارغىچە ھەممىلا جايدا ئاتلارنى كۆرگىلى
بولاتتى. داللاردا بېقىلاتتى. بۇ ئاتلار دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى،
قاتناش ترانسپورتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، ئاتلىق ئەسكەرلەرنى
كۆپەيتىشتە ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغانىدى. غەربىي يۇرتنىڭ ئۈزۈملىرى
چوڭ ھەم تاتلىق ئىدى. ئاسىيۇ ئاتلىرى ۋە پەرغانە ئاتلىرى بېدىگە
ئامراق ئىدى. جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بېرىپ، قايتار
چېغىدا ئۈزۈم ۋە بېدە ئۇرۇقى ئالغاچ كەتكەنىدى. خەن ۋۇدى غەربىي
يۇرتتىن كەلگەن ئەلچىلەرنى ئۈزۈم بىلەن مېھمان قىلىش، ئوردا ئاتلىرىنى
بېدە بىلەن بېقىش ئۈچۈن، شاڭلىن باغچىسىدىكى نەچچە ئون چاقىرىم
كېلىدىغان دائىرە ئىچىدە ئۈزۈم ئۆستۈرگەن ۋە بېدە تېرىغانىدى.
بۇ ئۆسۈملۈكلەر ناھايىتى ياخشى ئۆسكەن. پامىر
ئېگىزلىكىدىن سۇڭپىياز ( 大葱 ) كۆپ چىققانلىقى ئۈچۈن
« سۇڭلىك » ( 葱岭 سوڭپىيازلىق تاغ — ت ) دەپ ئاتالغان. تەڭرىتاغ-
نىڭ جەنۇب تەرىپىدە ياڭاق بەك ئوخشايتتى. خەن سۇلالىسىنىڭ
ئەلچىلىرى ۋە سودىگەرلىرى پىياز ( غۇز پىيىزى ) بىلەن ياڭاق ( غۇز يا-
ڭىقى ) ئۇرۇقىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن،
ھەرقايسى جايلاردا ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈلگەن. خوتەننىڭ قاشتېشى يىن،
جۇ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدىلا ئىچكى جايلارغا تارقالغان. خەن سۇلالىسى
دەۋرىگە كەلگەندە تېخىمۇ كۆپلەپ ئىچكى جايلارغا ئېلىپ بېرىلغانلىقتىن،
ئاز ئۇچرايدىغان قىممەتلىك نەرسە ھېسابلانمايدىغان بولۇپ قالغان.
پىشامشان بىلەن ئۇدۇننىڭ گىلەملىرى ئاجايىپ رەڭدار، كۆركەم ھەم نا-
ھايىتى سىپتا توقۇلغانلىقتىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرنىڭ ئالاھىدە
قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن.

ئىككى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ
ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىلىرى غەربىي
يۇرتقا تارقىلىپ، ھەرقايسى خانلىقلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىي
قىلىشى ۋە ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن زور تۈرتكىلىك رول ئوينى-
غان.

خەن سۇلالىسى پىشامشان، قاراقۇم، ئاسىيۇ، قۇس خانلىقلىرىدا
بوز يەر ئېچىش جەريانىدا، گۇرجەك، ئوتىغۇچ، جوتۇ، ساپان قاتارلىق
ئىلغار دېھقانچىلىق قوراللىرىنى ئىشلەتكەن، يەنە ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى
چېپىپ، سۇ باشلاپ كېلىپ يەرلەرنى سۇغارغان. پىشامشان، قاراقۇم قا-
تارلىق خانلىقلار بۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق، دېھقانچىلىق
ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە يۇكسەلدۇرگەن. ئاسىيۇ،
قۇس قاتارلىق خانلىقلاردىمۇ تەقلىد قىلىپ ئۆگىنىش نەتىجىسىدە
دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بارلىققا كېلىپ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغىلا
تايىنىدىغان ئەھۋال ئۆزگەرگەن. غەربىي يۇرت خانلىقلىرى دەريا سۈيى
ۋە ئۆستەڭ سۈيىنى ئىچەتتى. بۇ سۇلار ئىنتايىن پاسكىنا ئىدى. خەنزۇ
ئەسكەرلەر بىلەن سودىگەرلەرنىڭ قۇدۇق كولاش تېخنىكىسىنى غەربىي
يۇرتقا ئېلىپ كەلگەنلىكى، غەربىي يۇرت خانلىقلىرى خەلقىنىڭ تۇرمۇ-
شىنى ياخشىلاش ئۈچۈن قوشۇلغان بىر چوڭ تۆھپە ھېسابلىنىدۇ. خەن
ۋۇدى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، چاڭئەننىڭ شەرقىي شىمال تەرى-
پىدە يەر ئاستىدىن ئاقىدىغان لۇڭشۇ ئۆستىڭىنى قازدۇرغان. خەن
شۈەندى غەربىي يۇرتقا قوشۇن ئەۋەتكەندە، باش سانغۇن شىن ۋۇشيەن
كىرۇران خانلىقىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى خەن قوشۇنلىرى بوز يەر
ئۆزلەشتۈرگەن ۋىدىيا بەگلىكىنىڭ قۇدۇقلىرىدىن پايدىلىنىپ، قانال قې-
زىپ، جۈيلۇزى ئامبىرىغا ئاشلىق يۆتكەشنى تەسەۋۋۇر قىلغان. تارىخىي
خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ۋىدىيا بەگلىكىنىڭ قۇدۇقلىرى كارىز ئى-
كەن. بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭدا ئومۇملاشقان كارىز ئېھتىمال خەن
سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن غەربىي يۇرتقا تارقىلىپ كەلگەن
بولۇشى مۇمكىن. غەربىي يۇرت خانلىقلىرىدىن تۆمۈر ۋە مىس چىقاتتى،
لېكىن بۇ خانلىقلارنىڭ مېتال تاۋلاش تېخنىكىسى ۋە مىس قورال، تۆمۈر
قوراللارنى ياساش تېخنىكىسى يۇقىرى ئەمەس ئىدى. ھەربىي قوراللارنى
ياساش جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭكىگە يەتمەيتتى.
شۇڭا، غەربىي خەن سۇلالىسى ئۆزىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە، غەربىي
يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن بۇرۇن، ھۇنلار ۋە غەربىي يۇرتنىكى باشقا

خانلىقلارنىڭ بەش ئادىمى بىر خەنزۇغا ئاران تاقابىل تۇرالىغانىدى. لېكىن، كېيىن خەن سۇلالىسىنىڭ مېتال تاۋلاش ۋە ياساش ماھارىتى (غەربىي يۇرتلۇقلار «خەنزۇ ماھارىتى» دەپ ئاتىغان) غەربىي يۇرتقا كىرگەندىن كېيىن، ئوقيا ۋە قىلىچلار بارغانسېرى ئەپچىل ھەم ئۆتكۈر ياسىلىشقا باشلاپ، ئەسكەرلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقىمۇ ھەسسىلەپ ئاشتى، «خەنزۇ ماھارىتى» نىڭ ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى تەسىرى شۇنچىلىك زور بولغان يەردە، ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنىڭمۇ زور بولۇشى تەبىئىي ئىدى.

غەربىي يۇرت خەن سۇلالىسىنىڭ تېررىتورىيىسىگە كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، «يىپەك يولى» ناھايىتى راۋانلىشىپ، جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ئالاقە زور دەرىجىدە جانلاندى ۋە ئىلگىرى سۈرۈلدى. تارىخىي خاتىرىلەردە يېزىلىشىچە، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگو بىلەن غەربىي يۇرت ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش ئالاقىلىرى راۋانلىشىپ شۇنچىلىك دەرىجىگە يەتكەنكى، ئۆتەڭ ۋە راباتلاردا كېلىپ-كېتىپ تۇرىدىغان ئەلچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەنىدى. شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا قاتناپ يۈرگەن سودىگەرلەر ھەر كۈنى دېگۈدەك چېگرا قوۋۇقلىرىدىن كىرىپ- چىقىپ تۇراتتى. ئۇدۇن بىلەن پىشامشاننىڭ گىلەملىرى چاڭئەنگە توشۇپ بېرىلىشى بىلەنلا ئىنتايىن قىممەتلىك بۇيۇم دەپ قارىلىدىغان بولدى. بەن گۇ بەن چاۋغا يازغان خېتىدە: «دۇگۇ ئىلگىرى باشقىلارغا 80 مىڭ يارماق بېرىپ، 10 پارچە گىلەم سېتىۋاپتۇ» دېگەن. دېمەك، بىر پارچە گىلەمنىڭ باھاسى 800 مىڭ يارماق بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى تۆت نەپەر قاۋۇل قۇلنىڭ باھاسىغا تەڭ ئىدى. شىن يەننيەن دېگەن بىر شائىر: «بېشىدا لەنتيەن قاشتېشى، قۇلىقىدا داكچىن گۆھىرى، بىر تىزىقى بارار بەش يۈز تۈمەنگە، مىڭ تۈمەندىن ئاشار ئىككى تىزىقى» دەپ بىر كۇپلېت شېئىر يازغانىدى. لەنتيەن دېگىنى چاڭئەنگە يېقىن بىر جاينىڭ نامى ئىدى، شۇڭا لەنتيەن قاشتېشى ئانچە قىممەتلىك نەرسە ھېسابلانمىغان، ھەقىقىي قىممەتلىك نەرسە غەربىي يۇرتتىكى داكچىننىڭ گۆھىرى ئىدى. قۇلاقنى

زىننەتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىردانە داكچىن گۆھىرىنىڭ ئۆزى
ئۈچ - تۆت يۈز تۈمەنگە توختىغان ئەھۋالدا، بۇنىڭ قانچە قۇلنىڭ
باھاسىغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ كۆرۈشكە بولىدۇ! ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىكنىڭ يىپەك بۇيۇملىرى غەربىي يۇرتلۇقلار ئەڭ ياقتۇرىدىغان مال
ھېسابلىناتتى. ئارساك دۆلىتى (ئىران) جۇڭگونىڭ خام مەشۇتى بىلەن
سىيدام شايىسىنى ئەڭ ياخشى كۆرەتتى. ئۇنى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن،
ئۇنىڭدىن كىمخاپ ۋە دۇردۇن ئىشلەپچىقىرىپ، غەربلىكلەر ياقتۇرىدىغان
رەڭلەر بىلەن گۈل نۇسخىلىرىنى چۈشۈرەتتى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ
يىپەكلىرىمۇ غەربىي يۇرتقا كېلىشى بىلەنلا يۈز ھەسسە يۇقىرى باھادا
سېتىلاتتى. ئىچكىرى بىلەن غەربىي يۇرت ئوتتۇرىسىدىكى بېرىش - كې-
لىش ئىشلىرىدا يول ئۇزاق ھەم خەتەرلىك بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن
چۈشىدىغان پايدا ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، خەن سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدار-
لىرىمۇ بۇ ئىشقا ناھايىتى قىزىققانىدى. بەن گۇ غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى
بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىنىسى بەن چاۋغا: «300 توپ شايى ئەۋەتتىم، ئۇنى
توخرىلارغا سېتىپ، پۇلىغا ئۇدۇن ۋە پىشامشاننىڭ چىرايلىق زىلچىسىدىن
ئېلىپ ئەۋەتىپ بەرگىن» دەپ خەت يازغانىدى. 1959 - يىلى، نىيە ناھى-
يىسىدىكى قۇملۇقتىن بىر جەسەت ساندۇقى تېپىلدى. ئۇنىڭ ئىچىگە بىر
جۈپ ئەر - خوتۇن سېلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇچىسىغا كىيگۈزۈلگەن
چاپان، يەكتەك، ئىشتاندىن تارتىپ ھەتتا پايپاق، پەلەي، قول ياغلىق،
ياستۇق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىچكى جايلارنىڭ يىپەك رەختلىرىدىن
ئىشلەنگەنىكەن. كىمخاپ ئۈستىگە لى شۇ نۇسخىسىدا «ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن
بولسۇن، ئەۋلادلىرىغا شاپائەت يەتكۈزگەيلا» دېگەن خەت
كەشتىلەنگەنىكەن. بىر قاراشتىلا ئۇنىڭ شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرى-
دىكى مەھسۇلات ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. دېمەك، بۇنىڭدىن شۇ
زاماندا ئىچكى رايونلارنىڭ يىپەكلىرىنى غەربىي يۇرت خەلقىنىڭ نەقەدەر
ياقتۇرغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. غەربىي يۇرت خانلىقلىرىنىڭ ئىل-
گىرى يىپزىقى يوق ئىدى. خەن سۇلالىسى تەرىپىدىن بىرلىككە
كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، بۇ خەلق خەنزۇ يىپزىقنى ئومۇميۈزلۈك ئىشلە-

تىمشكە باشلىدى . شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا بۇددا
دىنى غەربىي يۇرتقا تارقىلىپ كىردى . شۇنىڭ بىلەن ، تارىم ئويمانلىقى-
دىكى بىرقىسىم خانلىقلار ئوخشاش بىرۋاقىتتا يەنە ھىندىستاننىڭ شىمالىي
قىسمىدا ئومۇملاشقان قارۇشتى يېزىقىنى ئىشلىتىدىغان بولدى . غەربىي
يۇرتتىكى خانلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئۆزلىرىگە خەنزۇچە ئىسىم
قويغانىدى . مەسىلەن ، يەكەن خانى شيەن ، سۇلى خانى جۇڭ قاتار-
لىقلار . باي ناھىيىسىدىكى بىر قىيالىقتا شەرقىي خەن سۇلالىسى مەزگىلىدە
كۇسەن خانلىقىنىڭ سول قول سانغۇنى ليۇ پىڭگو تەرىپىدىن خەنزۇچە
خەت بىلەن ئويۇلغان خاتىرە تاش بۇگۇنكى كۈنگە قەدەر ساقلىنىپ كەل-
مەكتە . خوتەندە ئۇستىگە خەنزۇ يېزىقى بىلەن قارۇشتى يېزىقىدا خەت
بېسىلغان يارماقلار كۆپ ئۇچرايدۇ . ئاسىيۇ خانلىقىنىڭ مەلىكىسى دىشى
چاڭئەنگە مۇزىكا ئۆگىنىش ئۈچۈن بارغانىدى . ئۇ كۇسەن خانى جياڭ
بىڭ بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن ئېرى بىلەن بىرلىكتە چاڭئەنگە بېرىپ
پادىشاھنى تاۋاپ قىلدى . قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، جياڭ بىڭ كۇسەندە
خەن سۇلالىسىنىڭ ئوردىسىغا تەقلىد قىلىپ ئوردا سالدۇردى . خەن
سۇلالىسىنىڭ قائىدە ـ يوسۇن ۋە تۈزۈملىرىنى قوللىنىپ ، قوڭغۇراق چې-
لىشنى ، دۇمباق چېلىشنى يولغا قويدى . خەن سۇلالىسىنىڭ مۇزىكا ـ
ئۇسۇللىرىنى يارىتىپ قالدى . مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك
مەدەنىيىتىنىڭ غەربىي يۇرتقا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ .

# ئۈچىنچى باب

# ۋېي، جىن، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا بولغان چوڭ پارچىلىنىش ۋە چوڭ بىرلىشىش

## 1§ . غەربىي يۇرت خانلىقلىرىنىڭ ۋېي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ئەھۋالى

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىكى زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىق كەڭ دېھقانلارنى بارغانسېرى كۈن كەچۈرەلمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى. مىلادى 184 ـ يىلى ھەيۋەتلىك سېرىق ياغلىقلىقلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. شەرقىي خەن ھاكىمىيىتى دېھقانلار قوزغىلىڭى قوشۇنلىرىنىڭ زەربىسى ئاستىدا ئاغدۇرۇلۇپ كېتىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى. سېرىق ياغلىقلىقلار قوزغىلىڭىنى باستۇرغان مىلىتارىستلار كەينى ـ كەينىدىن ھوقۇق دائىرىسى بۆلۈشۈۋېلىپ، بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇش قىلدى. ساۋساۋ پادىشاھنى قىستاپ، پادىشاھنىڭ نامىدا بەگلەرگە يارلىق چۈشۈرۈپ، پەيدىنپەي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئەڭ قۇدرەتلىك ھوقۇق دائىرىسى بۆلۈۋالغۇچى كۈچ بولۇپ قالدى.

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك تەپرىقىچىلىق ئىچىدە قالغاندا، غەربىي گەنسۇدا سۇڭ جيەن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، غەربكە كېڭىيىپ، گەنسۇنىڭ غەربىي قىسمى بىلەن چىڭخەينىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىنى ئىشغال قىلىپ، خېشۇپىڭ خەن خانلىقىنى قۇرۇپ، ئۆزىنى خېشۇپىڭ خەن پادىشاھى دەپ ئاتىدى. غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇڭ جيەن تەسىر كۈچىنىڭ ئوتتۇرىغا كىرىۋېلىشى تۈپەيلىدىن ئالاقىلىشالمايدىغان بولۇپ قالدى.

مىلادى 214 ـ يىلى ، ساۋساۋ باش سانغۇن شياخوۋيۇەننى ئەۋەتىپ ، خېشۇپىڭ خەن خانلىقىنى ھالاك قىلىپ ، سۇڭ جيەننى ئۆلتۈردى . كېيىنكى يىلى ساۋساۋ يەنە جاڭ لۇنى مەغلۇپ قىلىپ ، خەنجۇڭنى تىنچلاندۇردى ، ئارقىدىنلا سانغۇن سۇزېنى خېشى كارىدورىدىكى دىلار ، چاڭلار ، ھۇن قاتارلىق مىللەتلەردىن ھال سوراشقا ئەۋەتتى . ۋۇۋېي ، جاڭيې ، جيۇچۈەن ، دۇنخۇاڭ ۋىلايەتلىرىنى تەسىس قىلدى . ئەمما ، غەربىي گەنسۇدا لى يۈ قالايمىقانچىلىق چىقاردى ، شىپىڭدىكى چۈي يەنمۇ توپىلاڭ كۆتەردى ، جيۇچۈەندىكى خۇاڭ خۇا ، جاڭيېدىكى جاڭ جىنمۇ قوراللىق ئىسيان كۆتۈردى . لۇڭيۇ بىلەن خېشىمۇ ئەنسىزلىك ئىچىدە قالدى ، شۇ سەۋەبتىن غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك يەنىلا ئالاقىلىشەلمىدى . شەرققە كېلىپ تىجارەت قىلماقچى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا سودىگەرلىرى ئاران دۇنخۇاڭغىچە كېلەلەيدىغان بولدى . ساۋساۋ دۇنخۇاڭغا ئەۋەتكەن ۋالىي يىن فېڭ تالىپ مىجەز ، ئىناۋىتى يوق ياۋاش بىر كىشى ئىدى . دۇنخۇاڭنىڭ مۇتەھەم مۇشتۇمزورلىرى غەربىي يۇرتتىن كەلگەن سودىگەرلەرنى دائىم بوزەك قىلىپ ۋە ئالداپ ، ئۇلارنىڭ قاشتېشى ۋە لەئلە ـ ياقۇتلىرىنى ئەرزان ئېلىۋېلىپ ، ئۆزلىرىنىڭ ئاشلىق ۋە تاۋار ـ دۇردۇنلىرىنى قىممەت سېتىپ ، ھىيلىگەرلىك بىلەن پايدا ئېلىپ ، غەربىي يۇرت سودىگەرلىرىنى قاتتىق خاپا قىلاتتى .

مىلادى 220 ـ يىلى ، ساۋساۋنىڭ ئوغلى ساۋپى خەن سۇلالىسىنىڭ شيەندى خانىنى ئاغدۇرۇۋېتىپ ، ۋېي سۇلالىسىنى قۇردى . ۋېي ، شۇ ، ۋۇ خانلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ پادىشاھلىق بىر ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتەك ۋەزىيەت رەسمىي شەكىللەندى . دەل شۇ يىلى ۋېي خاندانلىقىنىڭ سانغۇنى سۇزې جيۇچۈەندىكى ۋە جاڭيېدىكى توپىلاڭنى تىنچىتتى ، بۇنىڭ بىلەن خېشى كارىدورىدا قاتناش يەنە راۋانلاشتى . شۇنىڭدىن كېيىن ، ۋېي سۇلالىسىنىڭ ۋېندى خانى ساۋپى ساڭ سىنى دۇنخۇاڭغا ۋالىي قىلىپ ئەۋەتتى . ساڭ سى كەسكىن ئادەم ئىدى ، ئۇ مۇشتۇمزورلارنى قاتتىق جازالاپ ، جەمئىيەت تەرتىپىنى ياخشىلىدى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، غەربىي يۇرت بىلەن بولغان سودا ئىشلىرىنى

قوغدىدى ۋە راۋاجلاندۇردى. غەربىي يۇرت سودىگەرلىرىدىن دۇنخۇاڭغا كېلىپ، داۋاملىق شەرق تەرەپكە ماڭماقچى بولغانلىرىنىڭ ھەممىسىگە يول خېتى كېسىپ بېرىپ، ئۇلارنى ئەسكەرلەرنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا چېگرىدىن ئۆتكۈزۈپ قويدى؛ شەرق تەرەپكە داۋاملىق ئىلگىرىلەشنى خالىمىغانلىرىنىڭ مېلىنى مۇۋاپىق باھادا سېتىۋالدى ھەمدە ئۇلارنى تەكسە باھادىكى ئاشلىق ۋە يىپەك رەخت بىلەن تەمىنلىدى. غەربىي يۇرت سودىگەرلىرىنىڭ ھەممىسى بۇنىڭدىن خۇش بولۇپ، ساڭ سىغا مىننەتدارلىق بىلدۈردى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ساڭ سى ئۆلۈۋېدى، غەربىي يۇرت سودىگەرلىرىنىڭ ھەممىسى ۋېي سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتا تەسىس قىلىنغان ئوردىسىغا كېلىپ تەزىيە بىلدۈردى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ-ئادىتى بويىچە يۈزىنى پىچاق بىلەن جىجىپ قان يىغلىدى؛ يەنە خەنزۇلارنىڭ ئادىتى بويىچە، غەربىي يۇرتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ساڭ سىغا ئاتاپ ئىبادەتخانا سېلىپ، ھەر يىلى ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزۈپ تۇردى.

ۋېي سۇلالىسىنىڭ كۈچىيىشى غەربىي يۇرتقا زور تەسىر كۆرسەتتى. مىلادى 222-يىلى پىشامشان (كروران)، كۇسەن، ئۇدۇن، قۇس (بەشبالىق) قاتارلىق خانلىقلارنىڭ پادىشاھلىرى ۋېي سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆلپان تاپشۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ۋېي سۇلالىسىنىڭ ۋېندى خانى غەربىي يۇرتتىكى خانلىقلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلاردىن ھال سورىدى. ھەرقايسى خانلىقلارنىڭ پادىشاھلىرىغا ئوتتۇغات نام ۋە مۆھۈر بەردى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جاڭ گۇڭنى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش چېرىكچى بېگىلىكىگە تەيىنلەپ، ئىدىقۇتتا ھەربىيلەرنى بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈزدى، ئۇزاق ئۆتمەيلا، غەربىي يۇرتقا پىشامشان خانلىقىنىڭ قايدۇ شەھىرى (لوپنۇر كۆلىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدە) دە تۇرۇپ، غەربىي يۇرت خانلىقلىرىنى باشقۇرىدىغان ۋە قوغدايدىغان دورغاپ ئەۋەتتى.

غەربىي يۇرتتا ئەسلىدە 50 نەچچە خانلىق بار ئىدى، بۇ خانلىقلار ئۇزاق زامان بىر-بىرىنىڭ زېمىنىنى قوشۇۋېلىش ئۇرۇشىنى ئېلىپ

بارغان، نەتىجىدە يەتتە خانلىق قالغان. تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى جايلاردا ھازىرقى شىخو ناھىيىسى چېگرا قىلىنغان، شىخونىڭ غەرب تەرىپىدىكى جۇڭغار ئويمانلىقى بىلەن ئىلى دەرياسى ۋادىسى بۇرۇنقىدەكلا ئاسىيۇ خانلىقىغا قارىغان، شىخونىڭ شەرق تەرىپىدىكى بىراكى، چۇمۇل، ئوتبەنزىل، باركۆل قاتارلىق كىچىك خانلىقلارنىڭ ھەممىسى قۇس خانلىقىغا قارىغان. تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى كىنگىت خانلىقى قاراقۇم، قۇرۇق تاغ، كورلا خانلىقلىرىنى يۇتۇۋالغان؛ كۇسەن خانلىقى قۇم، ئۇنسۇ، سەپەرباي خانلىقلىرىنى يۇتۇۋالغان؛ پىشامشان خانلىقى نوپچان، ئەندىرە، نىيە، چەرچەن خانلىقلىرىنى يۇتۇۋالغان؛ ئۇدۇن خانلىقى رۇگلۇ، ئۇزۇنتات، چۇرلى، پوسكام خانلىقلىرىنى يۇتۇۋالغان؛ سۇلى خانلىقى يەكەن، يولئېرىق، سارقول، يۇەندۇ (ئۇلۇغچات — ت) قاتارلىق ئون نەچچە خانلىقنى يۇتۇۋالغان. شۇنىڭ بىلەن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا يەتتە پادىشاھلىق بىر ـ بىرىگە تاقابىل تۇرىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن.

مىلادى 265 ـ يىلى سىمايەن ۋېي سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ ئورنىنى تارتىۋېلىپ جىن سۇلالىسىنى قۇردى، غەربىي يۇرت جىن سۇلالىسىگە قارايدىغان بولدى، جىن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا داۋاملىق دورغاپ ۋە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش چېرىكچى بېگى ئەۋەتتى.

ئۇزاق ئۆتمەيلا، جىن خاندانلىقىدا سەككىز پادىشاھ تەپرىقىچىلىقى يۈز بەردى، بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالدى، جاڭ گۈي بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى جاڭ شى خېشى كارىدورىنىڭ ئەمەلدارى بولۇۋېلىپ، بىر پارچە زېمىننى بۆلۈۋېلىپ، ئالدىنقى لياڭ تەچىك خاندانلىقىنى قۇردى، ھەمدە جىن سۇلالىسىنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، غەربىي يۇرتتا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. غەربىي يۇرتتا قورۇقچىبەگ ياكى دورغاپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش چېرىكچى بېگى، ئېۋىرغول كاھىبېگى ئەۋەتتى.

مىلادى 327 ـ يىلى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش چېرىكچى بېگى جاۋجېن ئالدىنقى لياڭ پادىشاھى جاڭ جۈنگە ئاسىيلىق قىلىپ، ئالدىنقى

جاۋ پادىشاھى لىيۇباۋ بىلەن مەخپىي تىل بىرىكتۈرىدۇ. غەربىي يۇرت دورغاپى لى بو جاڭ جۇڭگە دوكلات قىلىدۇ، ھەمدە جاڭ جۇڭنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن جاۋجېنغا جازا يۈرۈش قىلىپ مەغلۇپ بولىدۇ. ۋەزىرلەرنىڭ ھەممىسى جاڭ جۇڭگە لى بونىڭ كاللىسىنى ئېلىش كېرەك دەپ مەسلىھەت بېرىدۇ. جاڭ جۇڭ: «چىن بېگى موگۇڭ مەغلۇپ بولغان لەشكەر بېشى مېڭ مىڭشىنى كەچۈرۈم قىلىپ، يەنە مۇھىم ۋەزىپىگە تەيىنلەپ، ھۆكۈمرانلىقىنى ئاخىر يەنە تىكلىگەن» دەپ، لى بونى كەچۈرۈم قىلىپ، ئۇنى يەنىلا غەربىي يۇرتقا دورغاپ قىلىدۇ. لى بو كېنىگىت پادىشاھى لۇڭ شى بىلەن ئالاقىلىشىپ، جاۋجېنغا يەنە جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئاخىر ئۇنى ئەسىر ئالىدۇ. لى بونىڭ كېنىگىت پادىشاھى لۇڭ شىنغا يېزىپ بەرگەن خېتىنىڭ ئىككى نۇسخا ئورگىنالى قالغان ئىكەن. 1909 ـ يىلى، لوپنۇر كۆلىنىڭ قىرغىقىدىكى قايدۇ خارابىسىدە چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ئۇنى تېپىۋېلىپ، چەت ئەلگە ئوغرىلاپ ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ئىدىقۇت (دەقيانۇس) غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپلا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش چېرىكچى بېگىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى سەركەردە ۋە ئەسكەرلىرى ياشاپ كەلگەن يەر. سېرىق ياغلىقلىقلار قوزغىلىڭىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى، ئۈچ پادىشاھلىقنىڭ زېمىن تالىشىشى، سەككىز پادىشاھنىڭ تەپرىقىچىلىق پەيدا قىلىشى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك يولۋاس ئۇرۇشى مەيدانى بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىچكى جايلاردىن نۇرغۇن ئاھالە خېشى ئارقىلىق ئىدىقۇتقا قېچىپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ، ئىدىقۇتتا خەنزۇلار بارغانسېرى كۆپەيدى. جاڭ جۇن مۇشۇنداق ئەھۋالغا ئاساسلىنىپ، بۇ يەردە ئىدىقۇت ۋىلايىتىنى تەسىس قىلدى، ۋىلايەت قارىمىقىدا قاراغوجا ناھىيىسى بىلەن لۈكچۈن ناھىيىسىنى تەسىس قىلدى. بۇ ۋىلايەت ـ ناھىيە تۈزۈمىنىڭ غەربىي يۇرتتا تۇنجى قېتىم يولغا قويۇلۇشى ئىدى. ئاردىن ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، جاڭ جۇن ئىدىقۇت ۋىلايىتى، دۇنخۇاڭ ۋىلايىتى، جىنچاڭ ۋىلايىتى، غەربىي يۇرت قوروقچىبەگ بارگاھى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش چېرىكچى بېگى بارگاھى،

قاشقۇۋۇق باش قورۇقچىبەگ ھەربىي بارگاھىنى بىرلەشتۈرۈپ شاجۇغا ئۆزگەرتتى، شۇنىڭدىن كېيىن غەربىي يۇرتنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشىنى ۋە غەربىي يۇرت خانلىقلىرىنىڭ ئىشلىرىنى شاجۇ باشقۇرىدىغان بولدى. ۋىلايەت ـ ناھىيە تۈزۈمى غەربىي يۇرتتا ناھايىتى ئۇزاققىچە يولغا قويۇلدى.

مىلادى 376 ـ يىلى، ئالدىنقى چىن خانلىقى جۇڭگونىڭ شىمالىي رايونلىرىنى بىرلىككە كەلتۈردى. ئالدىنقى لياڭ پادىشاھى جاڭ تيەنشىمۇ ئالدىنقى چىنغا ئەل بولدى. ئالدىنقى چىن پادىشاھى فۇجيەن لياڭ شىنى لياڭجۇنىڭ غەربىي يۇرتنى سوراپ يەيدىغان دورغاپلىقىغا تەيىنلىدى. لياڭ شى غەربىي يۇرتقا ئەلچى ئەۋەتىپ، غەربىي يۇرت خانلىقلىرىنىڭ پادىشاھلىرىغا نۇرغۇن يىپەك توقۇلمىلارنى ھەدىيە قىلدى. قۇس، پىشامشان، ئۇدۇن قاتارلىق ئون نەچچە خانلىقنىڭ پادىشاھلىرى چاڭئەنگە كېلىپ، فۇجيەننىڭ ئالدىغا تەزىمغا كىردى، پەرغانە خانلىقى ئالدىنقى چىن خانلىقىغا ئارغىماق ۋە غەربنىڭ قىممەت باھالىق ئېسىل تاشلىرى بولۇپ 500 نەچچە خىل نەرسە تارتۇق قىلدى، فۇجيەن كاتتا تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى، 400 نەچچە ۋەزىر ـ ۋۇزۇرا بۇ كاتتا ئىشنى مەدھىيىلەپ نەزم يازدى.

بىر كۈنى، ئالدى قۇس پادىشاھى مىتيەن بىلەن پىشامشان پادىشاھى شيۇمىتۇ فۇجيەننىڭ ھۇزۇرىغا تەزىمغا كىرىپ: «پەرغانە قا-تارلىق خانلىقلار گەرچە ئۇلپان ئەۋەتكەن بولسىمۇ، سەممىيلىك قىلمىدى. مۇبادا جانابلىرى غەربىي يۇرتنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن لەش-كەر ئەۋەتىدىغان بولسىلا، بىز يول باشلاپ بېرىشنى خالايمىز» دېگەن. پەرغانە، كۇسەن خانلىقلىرىنىڭ ۋاقتىدا ئۇلپان ئەۋەتمىگەنلىكىدىن خە-ۋەر تاپقان، بۇ ئىككى پادىشاھنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغان فۇجيەن مىلادى 382 ـ يىلى لۈي گۇاڭنى 70 مىڭ ئەسكەرگە، 5000 ساۋۇتلۇق چەۋەندازغا قوماندان قىلىپ، غەربىي يۇرتقا جازا يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، مىتيەننى غەربىي يۇرت قورۇقچى بېگىلىكىگە، شيۇمىتۇنى غەربىي تىنچلاندۇرۇش سانغۇنلىقىغا تەيىنلىگەن، ئۇلار لۈي

گۇاڭغا يول باشلىغۇچى بولۇپ بەرگەن. لۇي گۇاڭ كىنگىتكە يېتىپ كەلگەندە، كىنگىت پادىشاھى نىلىيۇ شۇنىڭدەك ئەتراپتىكى خانلىقلار ئەھۋالغا قاراپ ئەل بولغان، كۇسەن پادىشاھى بوچۇنلا بۇيرۇققا بويسۇنمىغان. لۇي گۇاڭ قوشۇنى كۇسەن شەھىرىنىڭ جەنۇبىغا بەش چاقىرىم كېلىدىغان جايغا بارگاھ قۇرۇپ، چوڭقۇر لەخمە كولاپ، ئېگىز پوتەي ياساپ، شەھەرنى قورشىۋالغان. لۇي گۇاڭ يەنە ياغاچتىن نۇرغۇن قارانچۇق ياساپ، ساۋۇت كىيگۈزۈپ، پوتەي ئۈستىدە ئەسكەرگە ئوخشاش قاتار تۇرغۇزۇپ قويغان. بوچۇن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەنلىكتىن جەڭ قىلالماي، كۇيخۇ خانلىقىغا ئېسىل گۆھەر - ياقۇت ئەۋەتىپ، ياردەم تەلەپ قىلغان. كۇيخۇ پادىشاھى ئىنىسى نالۇڭنى 120 مىڭ ئەسكەرگە باش قىلىپ، يەنە سەپەرباي، ئونسۇ قاتارلىق خانلىقلار-دىن 50 مىڭ ئەسكەر ئېلىپ، جەمئىي 170 مىڭ ئەسكەر بىلەن كۇسەندىكى مۇھاسىرىنى بىكار قىلغان. كۇيخۇنىڭ ئەسكەرلىرى خىل، ئاتلىرى ئېگىز، دۇبۇلغا - ساۋۇتلىرى قاتتىق، قىلىچ - نەيزىلىرى ئۆتكۈر بولۇپ، كەڭ تاغ - دالىلارغا تارقالغان بولغاچقا، ئالدىنقى چىنىنىڭ سەركەردە ۋە لەشكەرلىرى قورقۇپ بوشىشىپ قالغان، لۇي گۇاڭ ئۇلارنى قورقماڭلار دەپ ئىلھاملاندۇرۇپ، لەشكەر باشلىقلىرىنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىپ، كۈچلۈك رەقىبىنى قىسماققا ئالغان. دەھشەتلىك بىر مەيدان جەڭ ئارقىلىق كۇيخۇ قوشۇنلىرى قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كېتىشكەن. بوچۇن كۇيخۇ ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە قېچىپ كەتكەن. لۇي گۇاڭ كۇسەن شەھىرىگە كىرىپ، خان ئوردىسىنىڭ ھەشەمەتلىكلىكىنى كۆرۈپ، ئەدىبلەرگە «كۇسەن ئوردىسى كۈيلىرى» ناملىق شېئىر يازدۇرغان، شېئىردا كۇسەن پادىشاھىنىڭ ئوردىسى قالتىس ماختالغان. بۇ شېئىر «ئەدەبىيات جەۋھەرلىرى» ناملىق قەدىمىي بىر يۇرۇش كىتابتا ھازىرمۇ ساقلىنىۋاتىدۇ. غەربىي يۇرت خانلىقلىرىنىڭ ھەممىسى لۇي گۇاڭنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭغا بويسۇنغان. خەن سۇلالىسى تەرىپىدىن ئۆزلىرىگە بېرىلگەن تامغىلارنى كەينى - كەينىدىن لۇي گۇاڭغا تاپشۇرغان، لۇي گۇاڭ ئۇلارغا ئالدىنقى چىنىنىڭ تامغىسىنى

بەرگەن. كېيىنكى ۋاقىتلاردا،فۇجيەن فېيشۇي ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولۇپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئالدىنقى چىن ئۆز ئىچىدىن يىمىرىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن لۈي گۇاڭ ئالدىراپ ـ تېنەپ لياڭجۇغا قايتىپ كېتىپ، مىلادىنىڭ 386 ـ يىلى كېيىنكى لياڭ خانلىقىنى قۇرۇپ پادىشاھ بولغان، ئوغلى لۈي فۇنى غەربىي يۇرت قورۇقچى بېگىلىككە تەيىنلەپ، ئىدىقۇتتا تۇرغۇزغان.

مىلادى 400 ـ يىلى، دۇنخۇاڭ ۋالىيسى لى خاۋ پادىشاھ بولۇپ، غەربىي لياڭ خانلىقىنى قۇرۇپ، جيۇچۇەننى پايتەخت قىلغان، غەربىي يۇرت خانلىقلىرى ۋاقتىنچە غەربىي لياڭغا قارىغان. كېيىنكى يىلى، هونلاردىن جورچى مۇنسۇنمۇ پادىشاھ بولۇپ، شىمالىي لياڭ خانلىقىنى قۇرۇپ،گۇساڭ ( هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇۋېي شەھىرى ) نى پايتەخت قىلغان. مىلادى 420 ـ يىلى، شىمالىي لياڭ غەربىي لياڭنى مەغلۇپ قىلىپ، خېشىنىڭ پۈتۈن زېمىنىنى ئىشغال قىلىپ،كۆي رېنى ئىدىقۇتنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىگەن، پىشامشان پادىشاھى بىلۇڭ گۇساڭغا كېلىپ، جورچى مۇنسۇننىڭ هۇزۇرىغا تەزىمغا كىرگەن، غەربىي يۇرت خانلىقلىرىنىڭ ھەممىسى شىمالىي لياڭغا ئەل بولۇپ ئۆلپان تاپشۇرغان. مىلادىي 439 ـ يىلى، شىمالىي لياڭنى هالاك قىلغان. جۇرجى مۇنسۇننىڭ ئوغلى جۇرچى ئارگۇ ئىدىقۇتتىن چىقىپ چەت بىر يەردە ماكانلاشقان.

## §2. شىمالىي ۋېي، جۇرجانلار، قاڭقىللار ۋە ئېفتالىتلارنىڭ غەربىي يۇرتنى تالىشىشى

مىلادىنىڭ 386 ـ يىلى، سيانپىيلارنىڭ يول باشچىسى توباغۇي شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنى قۇرۇپ، بارغانسېرى كۈچىيىپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى كەڭ رايونلارنى ئىشغال قىلدى. مىلادى 439 ـ يىلى، شىمالىي ۋېي شىمالىي لياڭنى هالاك قىلىپ، خېشى رايونىنى ئىشغال قىلىپ، هوقۇق دائىرىسىنى ئېچۈرغولغىچە يەتكۈزدى. پىشامشان، قۇس، ئاسىيۇ، كىنگىت، كۇسەن، سۇلى قاتارلىق خانلىقلارمۇ شىمالىي

ۋېي سۇلالىسىگە تارتۇق ـ سېلىق ئەۋەتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

4 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا جۇرجانلار قاڭقىللارنىڭ نۇرغۇن قەبىلىلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، موڭغۇل ئېگىزلىكىدە قەد كۆتۈردى. مىلادى 400 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، ئۇلارنىڭ يول باشچىسى سەللان قاغان (پادىشاھ) بولۇپ، كۈچىنىڭ بارىچە ئىلگىرىلەپ غەربىي رايونغا بېسىپ كىرىپ، ئەمەلىيەتتە بەشبالىق، كىنگىت، كۇسەن، قۇم قاتارلىق خانلىقلارنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى، ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى ئاسىيۇلارنى پامىر ئېگىزلىكىگە ھەيدىۋەتتى.

شىمالىي ۋېي بىلەن جۇرجانلار سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمال تەرىپىدە پات ـ پات ئۇرۇشۇپ تۇراتتى، يەنە كېلىپ غەربىي يۇرتنىڭ ئۆز ئىچىدىمۇ سۈركىلىشلەر بولۇپ تۇراتتى. مىلادىنىڭ 435 ـ يىلى، پىشامشان پادىشاھى بىلۇڭ ئەسلىدىلا شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئەل بولغانىدى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى شىمالىي لياڭنى تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن، شىمالىي لياڭ پادىشاھىنىڭ ئىنىسى جورچى ئارگۇ قوۋملىرىنى باشلاپ غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەپ كىرۇرانغا كېلىپ، بىلۇڭنى مەغلۇپ قىلدى، بىلۇڭ چەرچەنگە قېچىپ كەتتى. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى جېنىدا شىمالىي لياڭنىڭ قالدۇق كۈچلىرىگە تەسلىم بولۇپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى بىلەن دۈشمەنلەشتى، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتقا ئەۋەتكەن ئەلچىسىنى بۇلاپ كەتتى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ۋەندۇگۇينى 5000 ئاتلىق ئەسكەر بىلەن پىشامشانغا جازا يۈرۈشى قىلدۇردى. بۇ چاغدا پىشامشان پۇقرالىرى دالىلاردا تېرىقچىلىق قىلىش، پادا بېقىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتاتتى. ۋەندۇگۇي كۈزلۈك يىغىمغا دەخلى يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ، دەپ يارلىق چۈشۈرۈپ، قورالنى تاشلاشقا بۇيرۇپ، پىشامشاندىكى لەشكەربېشى ۋە ئەسكەرلەرنى، شۇنىڭدەك پۇقرالارنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. پىشامشاننىڭ يېڭى پادىشاھى جېنىدامۇ ئۆزلۈكىدىن شەھەردىن چىقىپ تەسلىم بولدى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى خەن بانى پىشامشاننىڭ پادىشاھلىقىغا تەيىنلەپ ئەۋەتىپ، پىشامشاننى ئىچكى

جايلاردىكى ۋىلايەت ـناھىيىلەرگە ئوخشاش باشقۇرۇپ، غەللە ـ پاراق يىغدى. كېيىنكى يىلى، ۋەندۇگۇي كۇسەن پادىشاھىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە بويسۇندۇردى.

كىنگتىنىڭ غەرب تەرىپى، كۇسەنىنىڭ شىمال تەرىپىدە، بۈگۈنكى بايىنبۇلاق يايلىقى بىلەن ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى موڭغۇلكۈرە، كۈنەس، تېكەس، نىلقا قاتارلىق جايلاردا شۇ چاغلاردا يابان خانلىقى دەيدىغان بىر خانلىق بولۇپ، ئۇنىڭ پۇقرالىرىنىڭ ھەممىسى شىمالىي ھۇنلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى. دەسلەپكى ۋاقىتلاردا كانگىيىگە كۆچكەن شىمالىي ھۇنلارنىڭ قېرى ـ چۆرى، ئاقساق ـ چولاقلىرى شۇ يەردە قالغان. 4 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ئۇلار كۆپىيىپ 200 مىڭدىن ئېشىپ، كۆچى ناھايىتى زورايغان. يابان خەلقى تازىلىققا بەك رىئايە قىلاتتى، ھەركۈنى ئۈچ ۋاق تاماقنىڭ ئالدىدا يۈز ـ قوللىرىنى يۇياتتى، ئاغزىنى چايقايتتى. يابانلار بىلەن جۇرجانلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئەسلىدىلا خېلى ياخشى ئىدى. ئىلگىرى ئۆزئارا ئىتتىپاق تۈزۈپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە تاقابىل تۇرۇش ئويىدىمۇ بولغان، لېكىن بۇ پىلان ئاخىر ئەمەلگە ئاشمىغانىدى. تارىخىي خاتىرىلەردە خاتىرىلىنىشىچە، يابان خانى ئىلگىرى نەچچە مىڭ كىشىنى باشلاپ جۇرجان ئېلىگە ماڭغان. لېكىن، جۇرجان ئېلىگە كىرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى، تۇرمۇش ئۆرۈپ ـ ئادەتلىرىنىڭ ئۆزلىرى بىلەن پەقەت ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇرۇلۇپلا قايتىپ كەتكەن. جۇرجان خانى داتان ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەسكەر ئەۋەتىپ ھۇجۇم قىلدۇرۇپ، مەقسىتىگە يېتەلمىگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يابانلار بىلەن جۇرجانلار دۈشمەنلىشىپ، شىمالىي ۋېي بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكەن.

مىلادىنىڭ 487 ـ يىلى، جۇرجانلارنىڭ تولۇن قاغانى جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلەپ شىمالىي ۋېي خانلىقىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغاندا، قاڭقىللارنىڭ يول باشچىسى ئاپۇرغۇر كۆپ قېتىم تۇسۇپ مەسلىھەت بەرگەن، تولۇن قاغان مەسلىھەتنى ئاڭلىماي، يەنىلا قاڭقىللارنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى يىغىپ، شىمالىي ۋېيغا قارشى ئۇرۇش قىلماقچى بولغان.

ئاپۇرغۇر قاتتىق خاپا بولۇپ، بىرنەۋرە ئىنىسى چۈنچى بىلەن بىرلىكتە 100 مىڭدىن ئارتۇق قاڭقىلنى جۇرجانلاردىن قايتۇرۇپ كېلىپ، غەربكە يولغا سالغان. جۇرجانلار ئەسكەر ئەۋەتىپ قوغلىغان، ئەمما قاڭقىللار تەرىپىدىن قايتا ـ قايتا مەغلۇپ قىلىنغان. قاڭقىللار هازىرقى ئۇرۇمچى ئەتراپىغا كېلىپ دۆلەت قۇرغان. ئاپۇرغۇر ئۆزىنى « كۈل بىلگە » ( پادىشاهى ) دەپ ئاتاپ، تەڭرىتاغنىڭ شىمال تەرىپىنى ئىشغال قىلغان؛ چۈنچى ئۆزىنى « خان هەمراهى » ( مۇئاۋىن پادىشاھ ) دەپ ئاتاپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى كىنگىتنى ئىشغال قىلغان، ئۇنىڭ ئىلكىدىكى رايون جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ كۆپ قىسمىنى ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۇ تازا كۈچەيگەن چاغلاردا پىشامشان ۋە ئۇدۇننىمۇ بېسىۋالغان. شۇنىڭدىن كېيىن، قاڭقىللار بىلەن جۇرجانلار بىر ـ بىرىگە ئۆچ بولۇپ كەتكەن.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى ئوتتۇرىسىدا ئېفتالىتلار دۆلىتى بولۇپ، ئۇنىڭ پۇقرالىرى ئەسلىدە موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدىن كۆچۈپ كەلگەن. بەزىلەر ئۇلار قاڭقىللارنىڭ بىر تارمىقى دەيدۇ. ئۇلار كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئاتلىق يۈرۈپ ئوۋچىلىق قىلاتتى، ئۇرۇش قىلىشقا ماهىر ئىدى. ئۇلار بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن كانگىيە، ئارساك، ئۇدۇن، سۇلى قاتارلىق چوڭ ـ كىچىك 30 نەچچە خانلىقنى ئىستېلا قىلغان. تەسىر دائىرە تالىشىش جەريانىدا قاڭقىللار بىلەن زىتلىشىپ قالغان.

مىلادىنىڭ 448 ـ يىلى، يابىان خانلىقى جۇرجانلارغا بىرلىكتە هۇجۇم قىلايلى، دەپ مەسلىهەتلىشىش ئۈچۈن، شىمالىي ۋېي خانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتكەندە، شىمالىي ۋېي خانلىقىنىڭ تەيۋۇ خانى توباتاۋ بەك خۇش بولۇپ، ۋەلى ئەهد توباتانى لەشكەرلەرگە باش قىلىپ، شىمالغا جازا يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن، يابىانلارنى شەرققە هۇجۇم قىلىشقا دەۋەت قىلغان. نەتىجىدە جۇرجانلار قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ شىمالغا چېكىنگەن.

مىلادىنىڭ 460 ـ يىلى، جۇرجانلار ئىدىقۇتنى ئېلىپ،

شىمالىي لياڭنىڭ ئىدىقۇتتىكى قالدۇق كۈچلىرىنى ھالاك قىلىپ ،
كەنبوجۇنى پادىشاھ قىلغان . بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئوغلى
كەنشۇگۇي تەختكە ۋارىسلىق قىلغان . مىلادىنىڭ 491 ـ يىلى ، قاڭقىل
پادىشاھى ئاپۇرغۇر جۇرجانلارنى مەغلۇپ قىلىپ ، ئىدىقۇتقا كىرىپ ،
كەنشۇگۇينى ئۆلتۈرگەن ، دۇنخۇاڭلىق جاڭ مېڭمىڭنى يۆلەپ پادىشاھ
قىلغان . ئىدىقۇتلۇقلار بۇنىڭدىن نارازى بولۇپ ، جاڭ مېڭمىڭنى ئۆلتۈرۈ-
ۋېتىپ ، مارۇنى پادىشاھلىق تەختكە چىقارغان . بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ،
جۇرجانلار قايتىدىن كۈچ توپلاپ كېلىپ ، ئىدىقۇتنى پاراكەندىچىلىككە
چۈشۈرۈپ قويغان . مىلادىنىڭ 497 ـ يىلى مارۇ بىز سىلەرگە ئەل بولاي-
لى ، ئىچكى جايلارغا كۆچۈۋالايلى ، دەپ تەلەپ قويۇپ ، شىمالىي ۋېي
خانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتكەن . شىمالىي ۋېي خانلىقى مارۇنىڭ تەلىپىنى قو-
بۇل قىلىپ ، كېيىنكى يىلى ئىدىقۇتلۇقلارنىڭ ماكانلىشىشى ئۈچۈن
ئىۋىرغول ئەتراپىدىن 500 چاقىرىم يەر ئاجراتقان . ئۇنىڭ ئۈستىگە
ئۇلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن سانغۇن خەن ئەنباۋنى مىڭ ئاتلىق ئەسكەر
بىلەن ئەۋەتكەن . ئىدىقۇتلۇق خەنزۇلار ئەسلىدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش
چېرىكچى بېگىنىڭ قولىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن لەشكەرباشلىقلىرى ۋە
لەشكەرلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ، شۇنىڭدەك خەن سۇلالىسىنىڭ ئا-
خىرلىرى ، جىن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە غەربكە قېچىپ
كەلگەن مۇساپىرلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى . ئۇلار بۇ يەردە نەچچە يۈز يىل
تۇرغان بولۇپ ، كۆچۈشنى خالىمايتتى . مىلادىنىڭ 499 ـ يىلى ئۇلار
ئۆزلىرىنى كۆچۈشكە قىستىغان مارۇنى ئۆلتۈرۈپ ، چۈي جيانى پادىشاھ-
لىققا تىكلىگەن ھەمدە بىر بۇرۇلۇپلا جۇرجانلارغا ئەل بولغان . چۈي جيا
ئۆلگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرى 141 يىل يا-
شىغان . ئۇلار تارىختا « ئىدىقۇت خانلىقىدىكى چۈي فامىلىلىكلەر
جەمەتى » دەپ ئاتالغان .

مىلادىنىڭ 490 ـ يىلى ، قاڭقىل پادىشاھى ئاپۇرغۇر ئۆزىنىڭ شى-
مالىي ۋېي سۇلالىسىگە ۋەكالەتەن جۇرجانلارنى يوقىتىشنى
خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ، ئوتتۇرا ئاسىيالىق سودىگەرلەر ئار-

قىلىق ۋېي خانلىقىغا ئىككى ئالتۇن ئوق ئەۋەتكەن. ۋېي خانلىقى بۇنىڭغا ئىشەنمەي، ئۇنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن، قاڭقىل خانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتكەن. ئۇلار بۇ ئالتۇن ئوقنى ئېلىپ كېتىدىغان چاغدا، ئاپۇرغۇر بوشىنى يەنە بىللە يولغا سالغان. شىمالىي ۋېي پادىشاھى قاڭقىللارنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىتتىپاق تۈزۈش ئۈچۈن كېلىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىشقا ئەلچى ئەۋەتكەن.

ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئېفتالىتلار بىلەن قاڭقىللار ئۇرۇشقان. ئېفتالىتلار پۈتۈن كۈچى بىلەن كۈسەنگە ھۇجۇم قىلىپ، كىنگىتنى ئېلىپ، نائىب-خان چۈنچىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئوغلى مىتۇتو بىلەن ئېلبەگنى ئەسىر ئالغان. شۇنىڭ بىلەن، قاڭقىللار ناھايىتى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قال-غان. ئاپۇرغۇر قوۋملىرىغا قاتتىق زوراۋانلىق قىلغانلىقتىن، پۇقرالارنىڭ لەنىتىگە ئۇچراپ، ئاخىر قوۋملىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئېفتالىتلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مىتۇتونى باشلاپ بېرىپ قاڭقىللارغا ھۇجۇم قىلغان. قاڭقىللارنى مىتۇتونى پادىشاھ قىلىشقا قىستىغان، شۇنىڭدىن ئې-تىبارەن، قاڭقىللار ئېفتالىتلارغا يېقىنلىشىپ، ئۇلار بىلەن ياخشىلىشىپ قالغان.

مىلادى 508 ـ يىلى، ئىدىقۇت پادىشاھى چۈي جيا جۇرجانلارنىڭ زۇلمىغا ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە چىدىماي، جيەن ئوغلى چۈي شياۋلياڭنى شىمالىي ۋېي خانلىقىغا ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ ئەل بولمىغانلىقىنى ۋە ئىچكىرىگە كۆچمەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شىمالىي ۋېي خانلىقى مېڭ-ۋېينى 3000 ئەسكەر بىلەن قومۇلغا ئەۋەتىپ، ئۇنى كۈتۈۋالىدۇ. بۇ چاغدا، قاڭقىللارنىڭ پادىشاھى مىتۇتو بىلەن جۇرجان قاغانى فۇتو بار-كۆل قىرغىقىدا ئۇرۇشىدۇ، مىتۇتو مەغلۇپ بولۇپ، غەرب تەرەپكە 300 نەچچە چاقىرىم چېكىنىدۇ. فۇتو قوشۇنى ئىۋىرغولنىڭ شىمال تەرىپىدىكى تەگىرىتاغقا يۈرۈش قىلىپ، ۋېي خانلىقىنىڭ مېڭ ۋېي قوماندانلىقىدىكى 3000 ئاتلىق ئەسكىرىنى كۆرۈپ، شىمالىي ۋېي خانلىقى قاڭقىللارنى قوتقۇزۇش ئۈچۈن نۇرغۇن ئەسكەر ئەۋەتىپتۇ دەپ، قاتتىق ھەيران بولۇپ ئېسەنكىرەپ، ئەسكەرلىرىنى چېكىندۇرىدۇ. مىتۇتو ئىشەنچلىك خەۋەرگە

ئېرىشىپ، قوشۇنىنى جىددىي سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، باركۆلنىڭ شىمال تەرىپىدە فوتۇنى ئۆلتۈرۈپ، چېچىنى كېسىپ مېڭ ۋېيغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، شىمالىي ۋېي خانلىقىغا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. شىمالىي ۋېي خانلىقى ئۇنىڭغا نۇرغۇن چالغۇ ئەسۋاپلىرى ۋە 80 نەپەر سازەندە، شۇنىڭدەك نۇرغۇن يىپەك رەخت ئىنئام قىلىدۇ. ئىدىقۇتلۇقلار ئۆز ئەتراپىدىكى ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىكى تۈپەيلىدىن كۆچەلمەيدۇ.

مىلادىنىڭ 518 ـ يىلى، ئىدىقۇت پادىشاھى يەنە چۇي شياۋلياڭنى شىمالىي ۋېي خانلىقىغا ئەۋەتىپ، ئىچكىرىگە كۆچۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. پادىشاھ شياۋمىڭ: «سىلەرنىڭ پۇقرالىرىڭلارنىڭ ھەممىسى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋە جىن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى كۆچمەنلەرنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرى، ئۇلار زامان ـ زامانلاردىن بۇيان ئىدىقۇتتا تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن، يۇرتىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئىچكىرىگە كۆچۈپ كېلىشنى خالىمايدۇ. مۇبادا زورلۇق بىلەن كۆچۈرۈلسە، قالايمىقانچىلىق چىقىپ قالارمىكىن» دەيدۇ. چۇي جيا ئىلاجىسىزلىقتىن ئىدىقۇتتا ئۇزاققىچە تۇرۇپ قالىدۇ ۋە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزىدۇ.

6 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، جۇرجانلارنىڭ قاغانى چۇنۇ قاڭقىللارغا قاتتىق ھۇجۇم قىلىدۇ. مىۋتو مەغلۇپ بولۇپ ئۆلتۈرۈلىدۇ، قاڭقىللار كەينى ـ كەينىدىن ئېفتالىتقا قېچىپ كېتىدۇ. ئېفتالىت پادىشاھى مىۋتونىڭ ئىنىسى ئىلبەگنى ئۆزىنىڭ خانلىقىغا ئۇزىتىپ قويىدۇ. قاڭقىللار قايتىدىن كۈچ توپلاپ، جۇرجانلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ. جۇرجانلارنىڭ يېڭى قاغانى براھمان قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، لياڭجۇغا قېچىپ بېرىپ، شىمالىي ۋېيغا تەسلىم بولىدۇ.

جۇرجانلار قاڭقىللارنىڭ نۇرغۇن قەبىلىلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ كۈچەيگەن. ئۇلارنىڭ پۇقرالىرى ئاساسەن قاڭقىللار ئىدى. يابان خانلىقىنىڭ پۇقرالىرى شىمال ھۇنلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىلى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى قاڭقىللارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتەتتى. ئېفتالىتلار

بولسا قاڭقىللارنىڭ بىر تارمىقى ئىدى . شۇ سەۋەبتىن ، موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغىچە بولغان ئارىلىقتا بىرنەچچە كۆچمەن چارۋىچى مىللەت خوجايىنلىق تالاشقاندەك قىلسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە ، ئۇ يەرلەردە قاڭقىللار ، قاڭقىللارنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى ياكى تارماقلىرى باشقا بەزى مىللەتلەر بىلەن بىللە ياشايتتى . ئەسلىدىلا بۇ كەڭ زېمىندا ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن ھۇنلار ، سوغدىلار ، ئاسىيۇلار ، قارا شەھەرلىكلەر ئازغىنا كەم 200 يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا بارا ــ بارا قاڭقىللار تەرىپىدىن قوشۇۋېلىندى ۋە ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنىپ كەتتى . جياڭنەن خەنزۇلىرى قاڭقىللارنى دىڭلىڭ دەپ ئاتايتتى ، شىمالدىكى باشقا مىللەتلەر بولسا قاڭقىللارنى تېلى دەيتتى . كېيىنكى ۋاقىتلاردا ، كىشىلەر ئومۇمىيۈزلۈك « تېلى » دەيدىغان بولدى . ۋېي ، جىن ، جەنۇبىي ، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە ، غەربىي يۇرتتىكى تەرەققىچىلىك ناھايىتى يامان ئىش ئىدى ، ئەمما بۇ بەزى مىللەتلەرنىڭ قاڭقىللار بىلەن قوشۇلۇپ كېتىشىگە ۋە قاڭقىللار تەرىپىدىن ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى . شۇنىڭ بىلەن ، تېلىلار شەكىللىنىپ ، كەڭ زېمىننى ئىگىلىگەن تارقاقىراق بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ قالدى . بۇ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ۋە ئالغا بېسىشىغا پايدا يەتكۈزىدىغان ياخشى ئىش بولدى . تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ۋە تۈرك خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەردى .

## §3 . تۈركلەرنىڭ باش كۆتىرىشى ۋە تۈرك خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى

5 ــ ئەسىردە ، ئۈرۈمچىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى بۇغدا چوققىسىنىڭ ئارىلىقلىرىدا تۈرك قەبىلىلىرى مال ــ چارۋا باقاتتى . ئۇلارنىڭ فامىلىسى « ئاشىنا » ئىدى . ئۇ يەرلەردە مول تۆمۈر رۇدىسى ۋە كۆمۈر بولغانلىقتىن ، تۈركلەر تۆمۈر تاۋلاش ۋە تۆمۈر ئەسۋاب قۇيۇش ھۈنىرىنى بۇرۇنلا

ئىگىلىۋالغان. جۇرجانلار كۈچىيىپ، تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنى جۇرجانلارنىڭ بارگاھىغا يېقىن بولغان ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە ھەيدىۋېتىپ، ئۆزلىرىگە تۆمۈر ئەسۋاب ياساتتى.

مىلادىنىڭ 535 ـ يىلى، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى شەرقىي ۋېي ۋە غەربىي ۋېي دەپ، ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى. مىلادىنىڭ 540 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، جۇرجانلارنىڭ كۈچى زور دەرىجىدە ئاجىزلىدى، تۈركلەر بولسا تېزلىكتە كۈچىيىپ قۇدرەت تاپتى. تۇمەن ئىسىملىك كىشى يولباشچى بولغان ۋاقىتلاردا، تۈركلەر جۇرجانلارنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆزلىرىنىڭ تۆمۈر ئەسۋاب ۋە كالا ـ قويلىرىنى يىراق جايلارغا ئاپىرىپ ساتىدىغان بولدى. مىلادىنىڭ 545 ـ يىلى، غەربىي ۋېي سۇلالىسى جيۇچۇەندە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئوتتۇرا ئاسىيالىق سودىگەر ئاننو پانتونى ئالاقىلىشىش ئۈچۈن تۈرك خانلىقىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. تۈركلەر قاتتىق خۇشال بولۇپ: «ئەمدى ياخشى بولدى، ئۇلۇغ خانلىقنىڭ ئەلچىسىنىڭ كېلىشى بىلەن بىز تۈركلەر تازا روناق تاپىدىغان بولدۇق» دېيىشتى.

مىلادىنىڭ 546 ـ يىلى، قاڭقىل خانلىقى خىل ئاتلىق ئەسكەرلەر قوشۇنىنى ئاۋارلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. تۇمەن بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، بىر تۈركۈم قابىل ياش باتۇرلارنى تاللاپ، ھازىرقى جىمسارنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويىدۇ. كەچقۇرۇن قاڭقىللار بۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ، قونۇشقا تەييارلىق كۆرۈپ تاماق ئېتىپ يېيىشىدۇ. تۇمەن تاغ ئارىسىدىن باتۇرلارنى باشلاپ چىقىپ، ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولىدۇ. قاڭقىللار تەييارلىقسىزلا ئالمان ـ تالمان ئۇرۇشقا قاتنىشىپ قويۇپ قاتتىق مەغلۇپ بولىدۇ. تۇمەن غەلىبىدىن پايدىلىنىپ غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەپ، ھەش ـ پەش دېگۈچىلا قاڭقىل خانلىقىنى ھالاك قىلىپ، 50 مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق قاڭقىلنى ئەل قىلىدۇ. تۈركلەر تېزلىكتە كۈچىيىدۇ.

قاڭقىللار جۇرجانلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئىدى. تۇمەن قاڭقىل خانلىقىنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، جۇرجانلار ئۈچۈن قىساس

ئالىمەن دەپ ، ئۆزىنىڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكىنى ئىپادىلەپ ، جۇرجان قاغانىغا كۈيئوغۇل بولۇش تەلىپىنى بىلدۈرۈش مەقسىتىدە ئەلچى ئەۋەتكەن . جۇرجان قاغانى ئاناغاي ئۇنىڭ ئەلچىسىدىن ئەھۋال سورىماي ھەم ئۇنى ماختىمايلا قالماستىن ، ئەكسىچە ئادەم ئەۋەتىپ ، تۇمەننى خالايىق ئالدىدا : « سەن پەقەت مېنىڭ بىر تۆمۈرچى قۇلۇم تۇرۇغلۇق ، ماڭا مۇشۇنداق تەلەپ قويۇشقا نېمە ھەددىڭ ! » دەپ تىللىغان . تۇمەن جۇرجاننىڭ ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ، جۇرجان بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزگەن ، ھەمدە غەربىي ۋېي مەلىكىسى بىلەن توي قىلىش تەلىپىنى قويىغان . غەربىي ۋېي شۇئانلا چاڭلې مەلىكىنى تۇمەنگە ياتلىق قىلغان . يەنە ئۇنى نۇرغۇن يىپەك رەخت بىلەن يولغا سالغان . تۈركلەر غەربىي ۋېينىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ ، خۇددى قاناتلىق يولۋاستەك ، جۇرجانلارغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ ، ئۇلارنى غايەت زور تالاپەتكە ئۇچراتقان .

مىلادىنىڭ 552 ـ يىلى ، تۇمەن لەشكەر تارتىپ جۇرجانلارغا ھۇجۇم قىلغان ، ئاناغاي دۈشمەنگە تاقابىل تۇرىمەن ، دەپ لەشكەر تارتىپ چىقىپ جەڭگە ئاتلىنىپ پاجىئەلىك مەغلۇپ بولۇپ ئۆلۈۋالغان . تۇمەن زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كېلىپ ئىل قاغان بولغان . چاڭلې مەلىكىنى ئەمرىگە ئېلىپ ( خانىش قىلىپ ) ، تۈرلۈك مەنسەپلەرنى تەسىس قىلىپ ، تۈرك خانلىقىنى قۇرغان .

مىلادىنىڭ 553 ـ يىلى ، تۇمەن قاغان ئۆلگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئوغلى ئىلۇران بېگ تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ ، ئۆزىنى مۇقان خان دەپ ، ئاتىغان . ئىلۇران بېگ باتۇر ، چىۋەر بولۇپ ، ھەرقانداق جەڭدە غەلىبە قىلماي قالمايتتى . ئۇ لەشكەر تارتىپ چىقىپ جۇرجانلارغا ھۇجۇم قىلىپ ، دېڭشۇزى قاغاننى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ ، جۇرجان خانلىقىنى ھالاك قىلغان . ئۇ يەنە شەرققە قاراپ ئىلگىرىلەپ ، قومۇقلار بىلەن قىتانلارنى مەغلۇپ قىلغان . جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلەپ ، ئازارلارنى مەغلۇپ قىلغان ، شىمال تەرەپتە قىرغىزلارنى يۇتۇۋەتكەن . ئۇنىڭ ئىنىسى ئىستىمى يابغۇ ( تۈرك خانلىقىنىڭ ئالىي ئەمەلدارى ) بولۇپ ، تەڭرىتاغنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئون قەبىلىگە بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىپ ، ھەربىر قەبىلە

دىن ئون مىڭ ئاتلىق ئەسكەر ئېلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئېفتالىت
خانلىقىغا جازا يۈرۈش قىلغان. ئىستىمى پېرسىيە پادىشاھى خاروس ئا-
نوچىنىڭ ئېفتالىت پادىشاھى بىلەن ئۆچمەنلىكى بار ئىكەن دەپ ئاڭلاپ،
قىزىنى خاروسقا ياتلىق قىلغان. مىلادىنىڭ 563 ـ يىلى، ئىستىمى پېرسىيە
پادىشاھى خاروس ئانوچ بىلەن بىرلىشىپ لەشكەر تارتىپ چىقىپ، ئېفتا-
لىت خانلىقىنى يوقىتىپ، زېمىنىنى بۆلۈشۈۋالغان. مىلادىنىڭ 567 ـ
يىلى، ئىستىمى كانگىيىلىك سودىگەر مانىجنى يىپەك مال سېتىش توغرۇ-
لۇق مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن پېرسىيىگە ئەۋەتكەن، پېرسىيە پادىشاھى
خاروس قوشۇلمىغان، يەنە تېخى تۈركلەرنىڭ بىرنەچچە ئەلچىسىنى زە-
ھەرلەپ ئۆلتۈرگەن. ئىستىمى پېرسىيىگە ھەربىي ھۇجۇم قىلىپ بېسىپ
كىرىپ، پېرسىيىگە ئەسلىدە ئېفتالىتلار خانلىقىدىن تارتىۋېلىپ بۆلۈپ
بېرىلگەن غەربىي قىسمىدىكى زېمىنىنى تارتىۋالغان. ئىستىمى شەرقىي
رىمنىڭ جۇڭگونىڭ يىپەك رەختلىرىنى بەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى
ئاڭلاپ، شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ پېرسىيە پادىشاھى بىلەن بولغان
زىددىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، شەرقىي رىم ئۇلۇغ پادىشاھى جىنىستىن II
بىلەن مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەلچى ئەۋەتكەن. جىنىستىن II
تۈركلەرنىڭ رىمدا يىپەك رەخت سېتىشىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈ-
رۈپ، پېرسىيىگە بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇشقا ماقۇل بولۇپ، تۈركلەرگە
كۆپ قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ، ئىستىمى بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن. شۇنىڭ-
دىن ئېتىبارەن شەرقىي رىم پات ـ پات ئەسكەر چىقىرىپ، پېرسىيىگە
ھۇجۇم قىلىپ تۇرىدىغان بولغان. ئىككى قاغا پوق تالاشسا ئۈۋچىغا پايدا
دېگەندەك ،ئىستېمى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ نۇرغۇن پايدا ئالغان.

مۇقان قاغان تەختتە تۇرۇۋاتقاندا، تۈرك خانلىقى شەرق تەرىپى
لياۋدۇڭدىن باشلىنىپ، غەرب تەرىپى كاسپىي دېڭىزىغا تۇتىشىدىغان،
جەنۇب تەرىپى سەددىچىن سېپىلىدىن، شىمال تەرىپى بايقال كۆلىنىڭ
نېرىسىغا ئۆتىدىغان، شەرق تەرىپى بىلەن غەرب تەرىپىنىڭ ئارىلىقى 20
مىڭ چاقىرىم كېلىدىغان، جەنۇب تەرىپى بىلەن شىمال تەرىپىنىڭ
ئارىلىقى 10 مىڭ چاقىرىم كېلىدىغان كەڭ زېمىنغا ئىگە بولۇپ، ئۆتۈكەن

تېغى ( تاشقى موڭغۇل قاڭقاي تاغ تىزمىلىرىنىڭ شەرقىي بېشى ) دا قارار گاھ قۇرۇپ ، ئىنتايىن كۈچىيىش دەۋرىگە كىرگەن . ئۇ مەملىكىتىمىز تارىخىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر قۇرغان ئەڭ كەڭ زېمىنغا ئىگە كۆچمەن چارۋىچىلار دۆلىتى ئىدى .

مۇقان قاغان ئىستېمىگە غەرب قاغانى دېگەن نامنى بېرىپ ، ئۇنىڭغا تەڭرىتاغنىڭ غەرب تەرىپىدىكى زېمىننى باشقۇرغۇزغان . ئىستېمى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا بىر قارارگاھ ، شىمالىغا بىر قارار گاھ قۇرغان . ئۇنىڭ بىرى هازىرقى جىمسار ناهىيىسى چېگرىسى ئىچىدە ئىدى . ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قارار گاھى « ئورداھ مايۇن « 龙庭 » دەپ ئاتىلاتتى ، قىسقارتىلىپ « ئوردا ( 庭) » دېيىلەتتى . بۇ قارارگاھ تەڭرىتېغىنىڭ شىمال تەرىپىدە بولۇپ ، ئىستېمىنىڭ يازدا تۇرىدىغان يېرى بولغاچقا « شىمالىي ئوردا » ( 北庭 ) ياكى « يازلىق ئوردا » ( 夏庭 ) دېيىلەتتى . تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە بولغان تارىخىي دەۋر ئىچىدە جىمسارنىڭ « شىمالىي ئوردا » دەپ ئاتىلىپ كەلگەنلىكى دەل شۇ سەۋەبتىن بولغان . يەنە بىر قارارگاھ هازىرقى باينبۇلاق يايلىقىدا ئىدى . ئۇ تەڭرىتاغنىڭ ئاساسلىق تىزمىسىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە — ئىستېمى قىشنى ئۆتكۈزىدىغان ئورۇندا بولغاچقا ، « جەنۇبىي ئوردا » ياكى « قىشلىق ئوردا » دەپ ئاتالغان .

تۈركلەر قول قىلىنغان بىر قەبىلىدىن مىلادىنىڭ 552 ـ يىلدىن 570 ـ يىلغىچە 20 يىلغىمۇ يەتمەيدىغان بىر دەۋر ئىچىدە ، بىر سەكرەپلا تەڭداشسىز قۇدرەتلىك مىللەتكە ئايلىنىپ ، ئاشۇنداق كەڭ زېمىنغا ئىگە دۆلەت قۇرۇپ ، بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك ئۇلۇغ ۋەتەننى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن غايەت زور تۆهپە قوشتى . بۇ تۈرك مىللىتىنىڭ شان ـ شەرەپ هېس قىلىدىغان ۋە پەخىرلىنىدىغان يېرى .

## §4 . ۋېي ، جىن ، جەنۇبىي ، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتنىڭ ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ـ سەنئىتى

ۋېي ، جىن ، جەنۇبىي ، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە پىشامشان ، ئۇدۇن خانلىقلىرى شىمالىي ھىندىستاننىڭ قارۇشتى يېزىقىنى قوللانغان . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئىچكى جايلارنىڭ تەسىرىدە ھۆكۈمەت ئالاقىلىرى ۋە خەت ـ چەكلەر ياغاچ تاختىغا يېزىلاتتى . ئارخېئولوگىيىدە بۇ « قارۇشتى يېزىقىدىكى تاختا پۈتۈك » دېيىلىدۇ . بۇ يېزىق يېقىنقى دەۋردە ناھايىتى كۆپ تېپىلدى . بۇ ، تارىخنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە .

قارۇشتى يېزىقىدىكى تاختا پۈتۈكلەرنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا ، پىشامشاندا شۇ دەۋردىمۇ قۇللۇق تۈزۈم يولغا قويۇلغان بولۇپ ، پادىشاھنىڭ ، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ، ئەمەلدارلارنىڭ ، ھەتتا راھىبلارنىڭمۇ قۇلى بار بولغان . قۇل سودىسى ناھايىتى ئومۇملاشقان بولۇپ ، ھۆكۈمەت ئورىدىلىرىدا ئېلىپ بېرىلىدىكەن ، قۇل سېتىۋالغۇچىغا گۇۋاھنامە بېرىلگەن . تۆۋەندىكىسى بىر قۇل سودىسى توختامىدۇر .

بۇ ،لۇيبويې ئىسىملىك بىر ئايال توغرىسىدىكى ھۆججەت بولۇپ ، بۇنى پۈتۈكچى لوموسوسو ساقلىغان .

ئۇلۇغ پادىشاھ ، شىرمەت ـ چەۋەنداز بېشى ، تەڭرىقۇت ئاموكغا جا تەختتە ئولتۇرغان 17 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى زىڭكەي ئىسىملىك بىر ئەر كىشى لۇيبويې ئىسىملىك ئايالنى ئۆز رازىلىقى بىلەن لومو سوسوغا ساتتىلەر . زىڭكەي لوموسوسونىڭ لۇيبو يېنىڭ باھاسى ئۈچۈن بەرگەن 40 موللىق ( پىشامشاننىڭ شۇ زاماندىكى پۇلى ) بىر ۋېيېلا تۆگىسىنى ، 30 موللىق بىر ئەنكەيلا تۆگىسىنى ، 12 گەزلىك بىر گىلەمنى ۋە 11 گەزلىك بىر گىلەمنى تاپشۇرۇپ ئالدىلەر ، بۇلاردىن باشقا يەنە 8 موللىق سۇتىرا تاپشۇرۇپ ئالدىلەر ، قۇلنىڭ سېتىلىش باھاسى جەمئىي 98 مولى بولدى . ئىككى تەرەپ ئادىل شەرت بويىچە پۈتۈشتىلەر . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پۈتۈكچى لوموسوسو مەزكۇر خوتۇنغا ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقىغا

ئېرىشتىلەر . ئۇ خوتۇننى ئۇرسا ، كۆزىنى ئويسا ، ساتسا ۋە ياكى سوۋغا قىلىپ باشقا كىشىگە ھەدىيە قىلسا بولىدۇ ، رەنىگە قويسا ، باشقا نەرسىگە ئالماشتۇرسىمۇ بولىدۇ . قىسقىسى ، خالىغىنىنى قىلسا بولىدۇ . بۇ ئىشقا شاھىد بولغۇچىلار فابو ، گالوموسو ، جيۇخانا ، كەيبۇگا ، فابىگا ، جيۇنا ، كەيتو ، شىبۇگا ، بۇجىنگا ، فىشاگالو ، لى جىكىگا . قانداقلىكى كىشى بۇ ئىش توغرۇلۇق ئەرز ـ شىكايەت قىلسا ياكى باشقىچە پىكىردە بولسا ، خان ئوردىسى ئالدىدا دەۋاسىنى ئاقتۇرالمايدۇ . ئۇشبۇ ھۆججەتنى پۈتۈكچى دەنمو سىبونىڭ ئوغلى ، پۈتۈكچى موگادو ھاكىمبەگنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يازدى . بۇ ھۆججەت شۇ ئايالنىڭ ئۆمرى بىلەن تەڭ كۈچكە ئىگە ، 100 يىلغىچە ئۆزگەرمەيدۇ . بۇ ھۆججەت زېڭكەينىڭ تەلىپى بىلەن يېزىلدى .

توختامنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا ، قۇلنىڭ سەرگۈزەشتىسى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئىكەن . شۇ زاماندا ، پىشامشاندا بىر ياش ئەر قۇل ئىككى تىللاغا ۋە ئىككى كۈمۈش تەڭگىگە يارايدىكەن . چىرايلىق بىر ئايال قۇل 41 توپ شايىگە يارايدىكەن ، 13 ياشلىق قىز قۇل بىر قېرى تۆگىگىلا يارايدىكەن .

غەربىي يۇرت خانلىقلىرىنىڭ ھەممە پۇقرالىرى باج ، شايا تاپشۇرۇپ ، پادىشاھنى ، ئاقسۆڭەكلەرنى ۋە ئەمەلدارلارنى باقاتتى . خانلىقنىڭ باج يىغىش چارىسى مۇنداق ئىدى : يېرى بارلار يېرىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ باج تاپشۇراتتى ؛ يېرى يوقلار كۈمۈش تەڭگە بىلەن جان بېجى تاپشۇراتتى . پىشامشاندا پۇقرالار 100 ئائىلە بويىچە بىرلىك قىلىنىپ ھەر يىلى بەلگىلەنگەن مىقداردىكى باج ـ سېلىقنى تاپشۇراتتى . باج ـ سېلىقنىڭ كۆپىنچىسى ھەرخىل ماددىي نەرسىلەر بىلەن تاپشۇرۇلاتتى . ئەمما ، ئاساسلىقى ئاشلىق بىلەن ھاراق ئىدى . تۆۋەندىكىسى پادىشاھنىڭ باج ـ سېلىق توغرۇلۇق مەلۇم بىر كەنتكە چۈشۈرگەن يارلىقىدۇر .

كەنتىڭىزلەر 350 مىلىما ( پىشامشان خانلىقىنىڭ ئېغىرلىق بىرلىكى ) ئاشلىق بېجى تاپشۇرىدۇ ، ئۇنىڭ 3 تىن 1 قىسمى پايتەختكە ئەۋەتىپ بېرىلىشى شەرت ، بۇ ئىشنى بېجىرىش ئۈچۈن يېتىپا بوقادونى ئەۋەتتىم . سىز يارلىقنى تاپشۇرۇۋالغان ھامان ئاشلىقنى تاپشۇرۇڭ ، ھەمدە 40 تۆگىنىڭ ھەربىرىگە 3

مىلىمادىن ئارتىپ يولغا سېلىش . قالغان 3 تىن 2 قىسمىنى بىشاسو دېگەن
يەردە ساقلاپ قويۇش . يەنە 15 تۆگىگە هاراق ئارتىپ ئەۋەتىش . بۇ تۆگىلەر
قوشۇن تۆگىلىرى ئىچىدىن ئېلىنسۇن .
ئەگەر هەربىر تۆگە 150 كىلوگىرام يۈك كۆتۈرىدۇ ، دەپ هې-
سابلانسا ، 3 مىليما ئاشلىق 150 كىلوگىرام بولىدۇ ، 1 مىليما 50 كىلوگىرام
بولغاندا ، 350 مىليما 17 مىڭ 500 كىلوگىرام بولغان بولىدۇ . هەربىر تۆگە
100 كىلوگىرام هاراق كۆتۈرسە ، بىر تۈۈك 50 كىلوگىرام هېسابلانسا ، 15
تۆگە 1500 كىلوگىرام هاراق كۆتۈرگەن بولىدۇ . ئاشلىق بىلەن نىسبەت-
لەشتۈرۈلگەندە هاراقنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى پايتەختكە
كەلتۈرۈلمىگەن بولىدۇ . بۇنىڭدىن ئومۇمىي هاراقنىڭ 4500 كىلوگىرام
ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ . 100 ئائىلىگە چېچىپ هېسابلىساق ، هەربىر
ئائىلە 175 كىلوگىرامدىن ئاشلىق ، 45 كىلوگىرامدىن هاراق تاپشۇرۇشى
كېرەك . باشقا ئالۋان - ياساقلار بۇنىڭ سىرتىدا تېخى . بۇنىڭدىن ،
پۇقرالارنىڭ سېلىقنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ .
پىشامشان ، ئىدىقۇتلاردىكى يەر ئىگىلىرى يەرلىرىنى كۆپلەپ ئى-
جارىگە بېرەتتى . ئىجارىكەش دېهقانلار يەر ئىگىسىگە نۇرغۇن ئىجارە هەققى
تاپشۇرۇشتىن تاشقىرى ، هاراق ، گۆش تاپشۇراتتى . يەر ئىگىلىرى
يىللىقچى ۋە مەدىكار ئىشلىتىپ تېرىقچىلىق قىلاتتى . چارۋىدارلارمۇ پا-
دىچى ياللايتتى . ئۇلارغا بەك ئاز هەق بېرەتتى . پۇلدار ئاقسۆڭەكلەر ۋە
مەنسەپدارلار جازانىخورلۇق قىلاتتى . يىللىق ئۆسۈمىنى ئەڭ تۆۋەن دې-
گەندىمۇ بىر هەسسە ئالاتتى ، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا ئۈچ هەسسە ئالاتتى .
بۇ يىل ئەتىيازدا بىر تەڭگە قەرز بەرسە ، كېلەر يىل ئەتىيازا تۆت تەڭگە
ئالاتتى !
يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەهۋالدىن
تەهلىل قىلغاندا ، شۇ دەۋردە غەربىي يۇرت خانلىقلىرى قۇللۇق جەمئىيەت-
تىن پەيدىنپەي فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئۆتۈش باسقۇچىدا تۇرغان .
غەربىي يۇرتلۇقلار ئىلگىرى ئۆكۈز بىلەن يەر هەيدەشنى
بىلمەيتتى . ئۇ يەردە چىشلىق ساپانمۇ يوق ئىدى . جىن سۇلالىسىنىڭ

دەسلەپكى يىللىرىدا، غەربىي يۇرت خانلىقلىرىنىڭ پادىشاھلىرىغا «جىن خاندانلىقىغا قاراشلىق چوڭ بەگ» دېگەن نام بېرىلگەن. لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدىن قېزىۋېلىنغان بىر خەنزۇچە تارشا پۈتۈككە مۇنداق يېزىلغان: جىن خاندانلىقى باش مىرزا ئارقىلىق غەربىي يۇرت خانلىقلىرىنىڭ چوڭ بەگلىرىگە نۇرغۇن ئۆكۈز ۋە چىشلىق ساپان ئەۋەتتى، بۇ نەرسىلەر ئاۋۋال غەربىي يۇرت دورغاپىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى قوشۇنىدا سىناپ كۆرۈلىدۇ، دېيىلگەن. باي ناھىيىسىنىڭ قىزىل مىڭئۆيىنىڭ 17 ـ ئۆيىگە سىزىلغان جىن سۇلالىسىگە ئائىت تام سىزمىلار ئىچىدە ئىككى ئۆكۈز بىلەن يەر ھەيدەۋاتقان بىر كۆرۈنۈش بار، ئۇنىڭدا ئىككى ئۆكۈز چەتمەك شەكىللىك بىر بۇقۇسنى تارتىدۇ، ئاز سانلىق مىللەت كىيىمىنى كىيگەن بىر كىشى ئۆكۈزنى قامچا بىلەن ھەيدەيدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا چىشلىق ساپان ۋە يەر ھەيدەش تېخنىكىسى غەربىي يۇرتقا جىن خانلىقىدىن كىرگەندەك تۇرىدۇ.

شىنجاڭ مەملىكىتىمىز بويىچە سامان غوللۇق كېۋەز ئۆستۈرۈش ئەڭ بۇرۇن باشلانغان رايون. نىيە ناھىيىسىنىڭ قۇملۇقىدىن تېپىلغان شەرقىي خەن سۇلالىسىگە ئائىت ياغاچ گۇەنسەيدىن نىلىرەك موم بىلەن گۈل بېسىلغان كىچىك بىر پارچە پاختا رەخت چىققان. ئەمما، كېۋەز ئۆستۈرۈش ۋېيى، جىن، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە ئومۇملاشقان. تارىخىي خاتىرىلەردە يېزىلىشىچە، ئىدىقۇتتا كېۋەز ناھايىتى كۆپ تېرىلىدىكەن، ئىدىقۇتلۇقلار كېۋەزنى تېرىپ، يىپ ئېگىرىپ ماتار توقۇيدىكەن، توقۇلغان ماتارلىرى ھەم ئاق، ھەم يۇمشاق بولۇپ، ئىچكى جايلارغا ئاپىرىپ سېتىلىدىكەن. غەربىي جىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى، خېيشىلىق جاڭ گۈي ئون مىڭ توپ غەربىي يۇرت ماتىرىنى چاڭئەننىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئاپارغانىكەن. تۇرپاننىڭ قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان، مىلادىنىڭ 551 ـ يىلىغا ئائىت بىر تىلخەتتىن مەلۇم بولۇشىچە، بىر كىشى بىر قېتىمدا 60 توپ ماتار قەرز ئالغان، بۇنىڭدىن ئىدىقۇتنىڭ كېۋەز تېرىلىدىغان ۋە ماتار توقۇلىدىغان مۇھىم جاي ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ئىلگىرى يىپەك رەختلەرنىڭ ھەممىسى ئىچكىرىدىن غەربىي يۇرتقا كەلتۈرۈلەتتى. غەربىي جىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە، تارىم ئويمانلىقىدىكى خانلىقلاردىمۇ يىپەك رەخت كۆپ توقۇلىدىغان بولغان. تۇرپاننىڭ قەدىمىي قەبرىستانلىقلىرىدىن تېپىلغان، چۈي فامىلىلىك پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ۋەسىقىلەرنىڭ بىر مۇنچىسىدا ئىدىقۇت كىمخاپى، كۇسەن كىمخاپى، سۇلى (قەشقەر) كىمخاپى تىلغا ئېلىنغان، تىجارەت، ئىلىم - بىلىمدا ئاشۇ يەرلىك كىمخاپلار پۇلغا ئوخشاش رول ئوينايتتى.

ۋېي، جىن، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، «يىپەك يولى» ئاۋاتلاشقانسېرى، ئىچكى جايلار بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ سودىسى تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان.

غەربىي يۇرتلۇقلار سودا قىلىشنى بىلەتتى. ئۇلار يۇنانلىقلارنىڭ، رىملىقلارنىڭ، ئارساكلارنىڭ ۋە قەندىھارلىقلارنىڭ جۇڭگونىڭ يىپەك ماللىرىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، جۇڭگولۇقلارنىڭ غەربنىڭ ئېسىل تاشلىرىنى، ئۇپا - ئەڭلىك پەرداز بۇيۇملىرىنى، تولپارلىرىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، يۇرت - ماكانىدىن ئايرىلىپ، كۆرمىگەن خېيىمخەتەرلەرنى يېڭىپ، پامىر چوققىلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، دەشت - باياۋانلارنى بېسىپ، مال يۆتكەپ ساتقان. سۇغدى خانلىقىنىڭ سودىگەرلىرىدىن شىمالىي لياڭ سۇلالىسىنىڭ ئاستانىسى گۇزاڭدا ئولتۇراقلىشىپ قالغانلىرى مىڭدىن ئاشاتتى، شىمالىي ۋېي شىمالىي لياڭنى ھالاك قىلىپ، بۇ سودىگەرلەرنى ئەسىر ئېلىپ ئىچكى جايلارغا كۆچۈرۈپ كەتكەن. سۇغدىلارنىڭ ھونلاردىن بولغان پادىشاھى ئۇلارنى ھەق تۆلەپ قايتۇرۇۋالغان. غەربىي يۇرت سودىگەرلىرىدىن شىمالىي ۋېي خانلىقىنىڭ پايتەختىگە بېرىپ تىجارەت قىلغانلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى. شىمالىي ۋېي ئۇلارنى مەخسۇس بىر مەھەللىگە ئولتۇرغۇزۇپ، بۇ مەھەللىگە «مۇيى مەھەللىسى» دەپ نام قويغان. شۇ مەھەللىدە ئولتۇرىدىغانلىرىلا ئون مىڭ ئۆيلۈكتىن ئاشاتتى، دۇنيادا تېپىلماس ئېسىل نەرسىلەرنىڭ ھەرقانداقى شۇ يەردىن تېپىلاتتى. شىمالىي ۋېي

سۇلالىسىنىڭ خېجىيەن پادىشاھى يۈەن چېن پارس خانلىقىدىن « بوران » ئاتلىق بىر تۇلپار سېتىۋالغان، يەنە كۈنىگە 700 چاقىرىم يول باسىدىغان ئارغىماقتىن ئون نەچچىنى، يەنە خىرۇستال چۆچەك، ھېقىق ئىستاكان، سىرلىق قاچا، قىزىل قاشتېشى كومزەك قاتارلىق نەچچە ئون خىل ئېسىل نەرسە ئېلىپ كەلگەن، بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى غەربىي يۇرتنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى ئىدى. ئىچكى جايلاردىن غەربىي يۇرتقا ئېلىپ كېلىنىدىغان يىپەك رەختلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. جىن سۇلالىسىگە ئائىت بىر خەنزۇچە تارشا پۈتۈكتە غەربىي يۇرتلۇق بىر سودىگەرنىڭ ئۆزى ئۈچۈن 319 توپ رەڭلىك يىپەك گەزمال، ھەمراھى ئۈچۈن 4226 توپ يىپەك گەزمال ئالغانلىقى يېزىلغان. قۇش خانلىقىنىڭ ئۆزىدىن يىپەك رەخت چىقمايتتى، ئەمما پۇقرالىرىنىڭ ئۆيلىرىدە بولسا يىپەك رەخت ئاز ئەمەس ئىدى. راھىب ئۈچۈن بەلگىلەنگەن بىر باج نىزامىدا، قېرى راھىب ئىبادەتكە كاسايا كىيىپ ۋاقتىدا ھازىر بولمىسا، بىر قېتىمدا 10 توپ يىپەك رەخت جەرىمانە تۆلەيدۇ، دەپ يېزىلغان. بۇ يىپەك رەخت قەيەردىن كېلەتتى؟ ھەممىسى پىشامشانغا ئىچكى جايلاردىن كېلەتتى.

« تەيپىڭ ھېكايەتلىرى » دېگەن كىتابتا مۇنداق بىر ھېكايە يېزىلغان: مىلادىنىڭ 540 - يىللىرى ئىدىقۇت خانلىقى جىنلىڭ ( نەنجىڭ ) غا ئەلچى ئارقىلىق، جەنۇبىي سۇلالە لياڭ بەگلىكىنىڭ ۋۇدى خانى شياۋيەنگە ناھايىتى يوغان، سۈپسۈزۈك ئىككى پارچە تاشتۇز، قورۇق ئۈزۈم، ھەسەل، بۇغداي ئۇنى، توڭلىتىلغان ھاراق ئەۋەتىپتۇ. شياۋيەن 100 ياشلىق بوۋاي رۇجيېنى بۇ ئەلچىنى كۈتۈۋېلىشقا ئەۋەتىپتۇ. رۇجيې ئەلچىگە: « بۇ تۇزنىڭ بىر پارچىسى نەنشاۋدىكى ياڭشەن تېغىدىن بولۇپ، ئاينىڭ 15 - كۈنى كېچىدە قېزىۋېلىنىپتۇ، يەنە بىر پارچىسى بېيشاۋدىكى ياڭشەن تېغىنىڭ بولۇپ، ئاينىڭ 15 - كۈنى كېچىدە قېزىۋېلىنماپتۇ. قورۇق ئۈزۈمنىڭ 70 پىرسەنتى ۋۇلىن شەھىرىنىڭ ئىكەن، 30 پىرسەنتى ۋۇبەن شەھىرىنىڭ ئىكەن. توڭلىتىلغان ھاراق بافېڭگۇدا توڭلىتىلغان ئەمەس ئىكەن، ئۇنىڭغا گاۋنىڭ شەھىرىنىڭ ھارىقى ئارىلاشتۇرۇلغانىكەن. ھەسەل نەنپىڭ شەھىرىنىڭ ئەمەس، يەنچىڭ شە-

ھېرىنىڭ ئىكەن. بۇغداي ئۇنى داڭچاڭ خانلىقىنىڭ ئىكەن» دەپتۇ. ئىدىقۇت ئەلچىسى بۇ گەپنى ئاڭلاپ بەك ھەيران بولۇپتۇ ـ دە، لياڭ خانلىقىنىڭ ۋۇدى خانىغا گەپنىڭ راستىنى ئېيتىپتۇ: «خانلىقىمىزنىڭ ئۆزىدە ئىشلەپچىقىرىلغان ئۇن يولدا بىر يىل تۇرۇپ كۆكىرىپ قالغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئورنىغا داڭچاڭ خانلىقىنىڭ ئارپا ئۇنىنى ئېلىپ كەلدۇق. بۇ يىل ئىدىقۇتتا بوران ئاپىتى بولغانلىقتىن، ئۈزۈم بىلەن ھەسەلدىن ياخشى ھوسۇل ئېلىنماي قالغانىدى، شۇ ۋەجىدىن باشقا جايلاردىن سېتىۋېلىنغانلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئېلىپ كېلىشىمىزگە توغرا كەلدى. تۇز بىلەن توڭلىتىلغان ھاراقنى، پادىشاھىمىزنىڭ بۇيرۇقى بەك جىددىي بولغانلىقتىن، ئۆز قەرەلىدە ۋە تەلەپ بويىچە ئېلىشقا ئۈلگۈرمەي، خالىغان يەردىن ئالىۋەردۇق.» رۇجىيپ: «ئىدىقۇتنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتى قىزىل تاشتۇز، قەھرىۋالىرىدىن نېمىشقا ئەكەلمىدىڭلار؟» دەپ سوراپتىكەن، ئىدىقۇت ئەلچىسى: «بىز خېشى كارىدورىدا كېلىۋاتقاندا، قىزىل تاشتۇز، قەھرىۋالارنى شىمالىي لياڭلىقلار بۇلاپ كەتتى» دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن رۇجىيپ بۇ ھەرخىل نەرسىلەرنىڭ چىققان يېرى، ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئىشلىتىلىش يوللىرىنى لياڭ خانلىقىنىڭ ۋۇدى خانىغا تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپتۇ.

بۇ ھېكايىدىن ئىدىقۇتنىڭ قۇرۇق ئۈزۈم، بۇغداي ئۇنى قاتارلىق يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنىڭ بۇرۇندىنلا ئىچكى جايلاردىكى كىشىلەرگە ياراپ كەلگەنلىكىنى، جياڭنەنگە ئەكېلىپ سېتىلغانلىقىنى ھەمدە كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولۇپ كەلگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا بۇددا دىنى تارىم ئويمانلىقىدىكى خانلىقلارغا تارقىلىپ بولغان. لياڭ سۇلالىسىنىڭ ۋۇدى خانى دەۋرىگە كەلگەندە تېخىمۇ كەڭ تارقالغان. ئۇدۇن خانلىقىدا ئاران نەچچە ئون مىڭ پۇقرا بولسىمۇ، لېكىن راھىبلا ئون مىڭدىن ئاشقان. كۇما بۇتخانىسىدىلا 3000 ئارتۇق راھىب بار ئىدى. ئالتۇن يالىتىلغان ئىلاھ ھەيكەللىرىنىڭ ئېگىزلىكى ئون نەچچە جاڭ كېلەتتى، ئاددىي پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىدىمۇ بۇددا مۇنارلىرى بار ئىدى، ئەڭ كىچىكلىرىمۇ ئىككى جاڭ

كېلەتتى . ئۇستىدە سەرگەردان ۋە راھىبلارنى كۈتىدىغان ئۆيلەر بولاتتى .
غەربىي يۇرت خانلىقلىرىدا ھەر يىلى دىنىي مۇراسىم ۋە ئىبادەتلەر بولۇپ
تۇراتتى ، ھەر كۈنى ئەتىگىنى ـ ئاخشىمى شام كۆيدۈرۈلۈپ ، دۇئا ـ
تىلاۋەت قىلىناتتى . بۇ چاغدا تارىم ئويمانلىقىدىكى خانلىقلارنىڭ تاغ
ئۆڭكۈرلىرىدە مىڭئۆيلەر ياسىلىپ ، ھەيكەل ۋە تام سىزمىلار بارلىققا
كېلىشكە باشلىغانىدى . مەسىلەن ، بايدىكى قىزىل مىڭئۆيى ، كۇچادىكى
قۇمتۇرا مىڭئۆيى ، تۇرپاندىكى بىزەكلىك مىڭئۆيى ۋە شۇنىڭغا
ئوخشاشلار . دۇنياغا مەشھۇر دۇنخۇاڭ مىڭئۆيى دەل غەربىي يۇرت مىڭئۆي-
لىرىنىڭ تەسىرى بىلەن بارلىققا كەلگەن ۋە تەرەققىي قىلغان . بۇ بۇددا
قىزغىنلىقى تېزلىكتە خېشى كاربدورىغا ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تەسىر
كۆرسىتىپ ، نۇرغۇنلىغان جۇڭگو راھىبلىرىنى بىلىم ئېلىش ئۈچۈن
غەربكە كېلىشكە جەلپ قىلغان . بىلىم ئېلىش ئۈچۈن غەربكە كەلگەن بۇ
جۇڭگولۇق راھىبلارنىڭ ھەممىسى يىپەك رەختتىن ياسالغان نۇرغۇن
لېنتىلارنى ئالغاچ كەلگەن ، بارغانلىكى ئىبادەتخانىلارغا بىردىن ئارتىپ
قويغان . شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدىن ئۆگىنىش ئۈچۈن پىشامشان خانلىقى
تەۋەلىكىدىكى چەرچەن خەنمۇ شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى چوڭ ئىبادەتخا-
نىغا كەلگەن راھىب خۇيشېڭ بىلەن سۇڭ يۈن ئىبادەتخانىدا خەنزۇچە
خەت يېزىلغان ئون مىڭدىن ئارتۇق لېنتا ئېسىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆر-
گەن ، ئۇنىڭ بەش مىڭدىن ئارتۇقراقىنى شىمالىي ۋېي خانلىقىدىن
كەلگەن راھىبلار ئېسىپ قويغان ئىكەن . بۇنىڭدىن بىلگىلى بولىدۇكى ،
ئاز دېگەندىمۇ ئون مىڭدىن ئارتۇق راھىب ئۆگىنىش ئۈچۈن ھىندىستانغا
بارغان ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە فاشيەن بىلەن خۇيشېڭ پۈتۈن دۇنياغا تونۇل-
غان . ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش ئۈچۈن ھىندىستانغا بېرىپ كەلگەندىكى سەپەر
خاتىرىسىدە ھەرقايسى خانلىقلارنىڭ ئەھۋالى يېزىلىپ ، غەربىي يۇرت تا-
رىخىنى تەتقىق قىلىشىمىز ئۈچۈن قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىيال
قالدۇرۇلغان . بۇ چاغلاردا غەربىي يۇرت راھىبلىرىنىڭ جۇڭگوغا كەلگەن-
لىكى ۋە نوم تەرجىمە قىلغانلىقى توغرۇلۇق گەپلەر ناھايىتى كۆپ .
كېيىنكى جاۋ خانلىقىنىڭ پادىشاھى شى لې غەربىي يۇرت راھىبى بۇددا

چىڭغا بەك ئېتىقاد قىلغان، ئۇنى «كاتتا راھىب» دەپ ئاتىغان، كېيىنكى چىن خانلىقىنىڭ پادىشاھى ياۋشىڭيەن كۇسەنلىك راھىب كوماراجىۋاغا نۇرغۇن بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭغا «ئوردا ئۇستازى» دەپ نام بەرگەن. ئۇلار مەملىكىتىمىزنىڭ بۇددا مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەن.

غەربىي يۇرت خانلىقلىرى خەلقى ناخشا ئېيتىشقا، ئۇسسۇل ئويناشقا ماھىر، مۇزىكا ھەۋەسى كۈچلۈك خەلق ئىدى. جىن سۇلالىسى دەۋرىدە ھىندىستان مۇزىكىسى، كۇسەن مۇزىكىسى خېشىغا كىرگەن. ئۇلار ئەينى زاماندا خەنزۇ ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر مۇزىكىلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە «غەربىي لياڭ مۇزىكىسى» نى شەكىللەندۈرگەن. بۇ مۇزىكا مەردانە، ياڭراق بولۇپ، كىشىلەرنى ھاياجانلاندۇراتتى ۋە روھلاندۇراتتى، شىمالىي سۇلالە خانلىقلىرىغا بەك يارايتتى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى يابيان خانلىقىنىڭ داپ ئۇسسۇلىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا نەغمىخانا (دۆلەتلىك ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى) دا ئورۇنداتاتتى. كۇسەنلىك سۇجۇپ دېگەن كىشى ئىچكى جايلارغا كېلىپ، شىمالىي جۇ خانلىقى نەغمىخانىسىنىڭ كاتتا مۇزىكانتى بولۇپ قالغان. ئۇ يەنە كۆپ يىللاردىن بۇيان ئاھاڭى بۇزۇلۇپ كەلگەن يەتتە كۈينى تەكشۈرگەن ۋە تۈزەپ بېكىتكەن، ھىندىستاندىن كەلگەن كۇسەن مۇزىكىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، ئوردا بەزمىسى مۇزىكىسىغا ۋە خەلق مۇزىكىسىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

# تۆتىنچى باب

# تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە غەربكە كۆچۈشى

## §1. تۈرك خانلىقىنىڭ پارچىلىنىشى، سۈي سۇلالىسى ياڭدى خانىنىڭ غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇشى

مىلادىنىڭ 581 ـ يىلى، شىمالىي جۇ ھاكىمىيىتىنى قولىغا ئېلىۋال-
غان ياڭ جيەن، بوۋىلىق سالاھىيىتى بىلەن، ئاچىسىنىڭ ئوغلى
جۇجىڭنى تەگرىقۇتلۇق ئورۇنىنى ئۆتۈنۈشكە قىستاپ، پادىشاھلىق تەختكە
چىقىپ، سۈي سۇلالىسىنى تىكلەپ، چاڭجياڭنىڭ شىمالىدىكى كەڭ را-
يونلارنى بىرلىككە كەلتۈردى.

دەل شۇ يىلى تۈرك قاغانى تابار ئۆلگەنلىكتىن، خانلىق ئىچىدە
ھوقۇق تالىشىش يۈزىسىدىن كەڭ كۆلەملىك كۈرەش پارتلىدى.

ئەسلىدە مۇقان قاغان جان ئۈزىدىغان چاغدا خانلىق تەختىنى ئۆ-
زىنىڭ ئوغلى تالاچقا قالدۇرماي، چوڭ ئىنىسىگە قالدۇرۇش توغرىسىدا
ۋەسىيەت قىلغان. چوڭ ئىنىسى تەختكە چىقىپ ئۆزىنى تابار قاغان دەپ
ئاتىغان. تابار قاغان مىلادىنىڭ 581 ـ يىلى ئېغىر كېسەل بولۇپ
قېلىپ، ئوغلى ئەنلو ۋە ۋەزىرلەرگە: «ھەرقانداق مېھرىبانلىق، ئاتا ـ بالا
ئوتتۇرىسىدىكى مېھرىبانلىققا يەتمەيدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم. ئاكام ئوغلىغا
مېھرىبانلىق قىلماي، مېنى قاغان قىلىپ قويدى. مەن ئۆلگەندىن كېيىن
قاغانلىق تەختىنى ئۇنىڭ ئوغلى تالاچقا قايتۇرۇپ بېرىڭلار» دېگەن. تابار
ئۆلگەندىن كېيىن ئەنلو ۋە ۋەزىرلەر تالاچنى تەختكە چىقارماقچى
بولغاندا، يۇقىرالار ئۇنىماي، تالاچنىڭ ئانىسى ھەقىرلەردىن كېلىپ چىق-

قان، ئۇ ئەنلونىڭ ئانىسىدەك ئېسىلزادە ئەمەس، دەپ ئەنلونى تەختكە ئولتۇرغۇزماقچى بولغان. بۇ چاغدا تابارنىڭ جىيەنى شېتۇ سەپەردىن قايتىپ كېلىپ: «مۇبادا ئەنلو قاغان بولسا، مەن ئاكا ـ ئۇكىلىرىمغا باشلامچىلىق قىلىپ ئۇنىڭغا بويسۇنىمەن؛ مۇبادا تالاچ تەختكە چىقسا قىلىچ ـ قالقان كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشىمەن!» دەپ كۆپچىلىك ئالدىدا داۋراڭ سالغان. شېتۇنىڭ باتۇرلۇقى ھەممىگە ئايان بولغاچقا كىشىلەر ئۇنىڭدىن قورقاتتى، شۇڭا ئەنلو قاغان بولغان. تالاچ نارازى بولۇپ، دائىم خەققە ئۇنى تىللىتىپ يۈرگەن. ئەنلو ئامالسىزلىقتىن، پاك ئادەم بولۇپ يۈرەييا دەپ، ئورنىنى ئۆز رازىلىقى بىلەن شېتۇغا ئۆتۈنگەن. شېتۇ تەختكە چىقىپ، ئۆزىنى ئىشبارا قاغان دەپ ئاتىغان. تالاچ شېتۇغا ئادەم ئەۋەتىپ: «ئىككىمىز بىر ئاتىدىن بولغان ئاغا ـ ئىنى، سەن قاغان بولدۇڭ، چەكسىز ئالىيجاناب بولۇپ كەتتىڭ، مەن بولسام ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمىدىم، بۇ مۇۋاپىق بولمىدى» دېگەن. ئىشبارا ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بىرقانچە قەبىلىگە باشچىلىق قىلىدىغان ئاپا قاغانلىق مەرتىۋە بەرگەن.

ئىشبارانىڭ خوتۇنى شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ ئەتىۋارلىق مەلىكىسى ئىدى. سۈي سۇلالىسىنىڭ ۋېندى خانى ياڭ جيەن شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىقىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن ئەتىۋارلىق مەلىكە قاتتىق ئاداۋەت ساقلاپ، ئىشبارانى كېچە ـ كۈندۈز قۇترىتىپ يۈرگەن. مىلادىنىڭ 582 ـ يىلى ئىشبارا 400 مىڭ ئەسكەرنى ئىشقا سېلىپ، سۈي سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىغا بىرنەچچە يۆنىلىشتىن تاجاۋۇز قىلغان. مىلادىنىڭ 583 ـ يىلى، سۈي سۇلالىسىنىڭ ۋېندى خانى زور قوشۇن ئەۋەتىپ، تۈركلەرگە زەربە بەرگەن. ئىشبارا ئاپا قاغان، تەڭرىخان قاغانلارنى باشلاپ چىقىپ جەڭگە ئاتلىنىپ، قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ قاچقان. ئىشبارا ئەسلىدىلا ئاپا قاغان بەك جاسارەتلىك، ئۇ مېنىڭ ئورنۇمنى تارتىۋالارمىكىن، دەپ ئەندىشە قىلىپ يۈرەتتى. شۇ چاغدا، ئۇ ئالدى بىلەن تەسلىم بولۇپ، ئاپا قاغاننىڭ قەبىلىلىرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئاپاقاغاننىڭ ئانىسىنى ئۆلتۈرگەن. ئاپا قاغان قەيەرگە بېرىشنى بىلمەي،

غەرب تەرەپتىكى تاردۇ قاغانغا ئەل بولماقچى بولغان. تاردۇ قاغان بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ قاتتىق خاپا بولغان. تەڭرىخان قاغان ئەسلىدىلا ئاپا قاغان بىلەن ياخشى ئۆتەتتى. بۇ چاغدا ئىشبارا يەنە تەڭرىخان قاغاننى خانلىق تەختىدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ قەبىلىلىرىنى تارتىۋالغان. تەڭرىخان قاغانمۇ غەرب تەرەپكە قېچىپ كەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، غەرب قاغانى تاردۇ ئاپا قاغان بىلەن تەڭرىخان قاغاننى قوللاپ، ئىشبارا بىلەن دۈشمەنلەشكەن. تۈرك خانلىقى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شەرقىي قىسىم ۋە غەربىي قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتكەن.

غەرب تۈركلىرىنىڭ تاردۇ قاغانى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىنى نىزۇك قارا قاغان دەپ ئاتىغان. ئۇ قىسقارتىلىپ چۇلۇق قاغان دېيىلىدۇ. چۇلۇق قاغان تېلىلارنىڭ نۇرغۇن قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇلارنى قاتتىق ئېزىپ ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ لەنەتكە قالغان. چۇلۇق قاغان ئۇلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلارنىڭ 600 دىن ئارتۇق ئاقساقىلىنى يىغىپ تىرىك كۆمگەن. تېلىلار بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن. چۆبە قاتارلىق قەبىلىلەر چۆبەغالىننى ئېل ئېتمىش باغا قاغانلىققا سايلاپ، تەڭرىخانتاغ (تەڭرىتاغنىڭ تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى قىسمى) دا بارگاھ قۇرغان؛ سۆر ـ تاردۇش قاتارلىق قەبىلىلەر ئىشبارانى ئىدۇر قاغانلىققا سايلاپ، ئىبار تېغى (دۆر بىلجىن ناھىيىسىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى تاغ) دا قارارگاھ قۇرۇپ، تېلى خانلىقىنى بەرپا قىلىپ، چۇلۇق قاغاننى كۆپ قېتىم مەغلۇپ قىلغان. ئىدىقۇت، كىنگىت، ئېۋىرغول خانلىقلىرىنى ئىستىلا قىلىپ، يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنىنى ئىشغال قىلغان. چۆبەغالىن ئىدىقۇتتا تۇتۇن (نازارەتچى بەگ) تۇرغۇزۇپ، كەلگەن ـ كەتكەن سودىگەرلەردىن چېگرا بېجى ئېلىپ تېلى خانلىقىغا ئەكەلتۈرۈپ، بۇ خانلىقنى كۈچەيتكەن. تېلى خانلىقىنىڭ گۈللىنىشى، غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ زەئىپلىشىشى ئارقىسىدا سۈي سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ مۇناسىۋىتى يېقىنلاشقان.

مىلادىنىڭ 605 ـ يىلى سۈي سۇلالىسىنىڭ ياڭدى خانى تەختكە

چىقىپ، غەربىي يۇرتنى سوراپ يېپىش كويىدا بولغان. شۇ زاماندا غەربىي يۇرت سودىگەرلىرىنىڭ ھەممىسى خېشى كارىدورىدىكى جاڭيېغا كېلىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن سودا قىلاتتى. سۈي سۇلالىسىنىڭ ياڭدى خانى پېي جۈينى غەربىي يۇرت سودىگەرلىرى بىلەن بولغان سودا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىگەن. پېي جۈي ياڭدى خاننىڭ كۆڭلىدىكىنى تولۇق چۈشىنىپ، غەربىي يۇرت سودىگەرلىرىنى زىيارەت قىلىپ يۈرۈپ، غەربىي يۇرت خانلىقلىرىنىڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلىپ كەتكەن. شۇ ئاساستا «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللىرىدىن خاتىرىلەر» دېگەن كىتابنى يېزىپ، ياڭدى خانغا تەقدىم قىلغان. بۇنىڭدىن خۇش بولغان ياڭدى خان مىلادىنىڭ 608 - يىلى ئۇنى ئازارلارغا بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلىش توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن، تېلى خانلىقىغا ئەۋەتكەن. سۈي سۇلالىسى چەرچەننىڭ شەرق تەرىپىدىكى جايلارنى قولغا كەلتۈرگەن. مىلادىنىڭ 609 - يىلى، سۈي سۇلالىسىنىڭ ياڭدى خانى ئىدىقۇت پادىشاھى چۈي بايا بىلەن تۈرك خانلىقىنىڭ ئېۋىرغولدىكى تۇتۇننى ۋە غەربىي يۇرت خانلىقلىرىنى ئۆزىگە ئەل قىلىش ئۈچۈن پېي جۈينى نۇرغۇن سوۋغا - سالاملىق بىلەن دۇنخۇاڭ (داشئاتا) غا ئەۋەتكەن. ياڭدى خان جۇڭگونىڭ بايلىقىنى غەربىي يۇرت خانلىقلىرىغا كۆرسىتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن شۇ خانلىقلارنىڭ پادىشاھلىرىنى ۋە ھەرقايسى مىللەت يولباشچىلىرىنى جەم قىلغان، ئاندىن كېيىن خېشى كارىدورىدىكى يەنجى تېغى (گەنسۇ ئۆلكىسى شەندەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇب تەرىپى) نى بىۋاستە چارلىغان. ياڭدى خان ۋۇۋېي، جاڭيېدىكى پۇقرالار چىرايلىق كىيىنىپ تەييار بولۇپ تۇرسۇن، ۋاقتى كەلگەندە ئۇلار مېنىڭ ھارۋامنى كۆرىدۇ، دەپ ئالدىنئالا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. چىرايلىق كىيىنگەن پۇقرالار شۇ بىرنەچچە كۈندە پادىشاھنىڭ ھارۋىسى ۋە ۋەزىرلەرنىڭ ھارۋىلىرى نەچچە چاقىرىم يولنى بېسىپ كەلگۈچە سۈي سۇلالىسىنىڭ كۈچلۈكلىكىنى ۋە باي ئىكەنلىكىنى غەربىي يۇرت پادىشاھلىرىغا كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن داللارغا يىغىلىپ بولغان. ئېۋىرغول تۇتۇنى مىڭ چاقىرىم يەرنى تەقدىم قىلغان. شۇنىڭ

بىلەن ياگدى خان ئېۋىرغولغا سانغۇن ئەۋەتىپ، يېگى قەلئە ياسىتىپ، ئەسكەر تۇرغۇزغان. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، غەربىي يۇرتتا پىشامشان، چەرچەن ۋىلايەتلىرىنى تەسىس قىلىپ، ئىچكى جايلار بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ سىياسى، ئىقتىسادىي ئالاقىسىنى ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسىنى كۈچەيتكەن.

سۈي سۇلالىسىنىڭ ياگدى خانى ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئۈيىنى كۆپ سالدۇرغانىدى. سىرتقا قارىتا ھەر يىلى ئۇرۇش قىلىپ، ھەممىلا ئادەمنى ئەسكەر قىلىپ، ئەمگەكچى خەلقنى كۈن كەچۈرەلمەيدىغان قىلىپ قويغان. نەتىجىدە دېھقانلار قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. ھەممە ساھەدىكى كىشىلەر قوزغىلىپ، پۈتۈن خانلىقنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قالايمىقان قىلىۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن سۈي خاندانلىقى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا يىمىرىلگەن. ياگدى خان ياڭجۇدا ئوردا سارايلىرىدىن ئايرىلىپ ۋەزىر يۈي ۋېنخۇا قاتارلىق كىشىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

## §2. تاڭ تەيزۇڭنىڭ ئىدىقۇتنى تىنچىتىشى، تاڭ گاۋزۇڭنىڭ غەربىي تۈركلەرنى تىنچىتىشى

دېھقانلار قوزغىلىڭى سۈي خاندانلىقىنى بىتچىت قىلغان بولسىمۇ، غالىبىيەت مېۋىسى ئەمەلدارلارنىڭ ۋە زېمىندارلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن. مىلادىنىڭ 617 - يىلى، سۈي سۇلالىسىنىڭ تەييۈەندىكى باقاۋۇلى لى يۈەن چاڭئەنگە ھۇجۇم قىلىپ، ئىككىنچى يىلى تاڭ سۇلالىسىنى قۇرغان. بەش - ئالتە يىل ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق، لى يۈەن جايلاردىكى دېھقانلار قوزغىلاڭچىلىرىنى ۋە دۈشمەن كۈچلەرنى يوقىتىپ، پۈتۈن مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرگەن.

مىلادىنىڭ 626 - يىلى، تاڭ تەيزۇڭ ( تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەيزۇڭ خانى ) لى شىمىن تەختكە ئولتۇرىدۇ. ئۇ يىراقنى كۆرەلەيدىغان فېئودال

ھۆكۈمران ئىدى. ئۇ ئىچكى جايلاردىلا سىياسىي تۈزۈمنى ئىسلاھ قىلىپ، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مۇستەھكەم ھۆكۈمرانلىق ئورنىتىپلا قالماي، بەلكى غەربىي يۇرتنى پائال باشقۇرۇپ، چېگرا رايوننى ئېچىپ ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، غەربىي يۇرت خانلىقلىرى كەينى - كەينىدىن ئەل بولدى. مىلادىنىڭ 630 - يىلى، ئىدىقۇت پادىشاھى چۈي ۋېنتەي چاڭئەنگە بېرىپ تاڭ تەيزۇڭنىڭ ھۇزۇرىغا تەزىمغا كىردى؛ ئۇ ۋەتىنىگە قايتىش ۋاقتىدا، تاڭ تەيزۇڭ ئۇنىڭغا نۇرغۇن نەرسە يوللۇق تۇتتى، ئۇنىڭ خوتۇنى سۈي ۋېنشى مەكتۇپ سۇنۇپ، پادىشاھ جەمەتىگە كىرىشنى تەلەپ قىلغاندا، تاڭ تەيزۇڭ يارلىق چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ فامىلىسىنى ئۆزگەرتىشكە رۇخسەت قىلىپ، ئۇنىڭغا چاڭلې مەلىكىسى دەپ نام بېرىدۇ. ئىدىقۇت خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى بىر مەزگىل ناھايىتى يېقىن بولۇپ كېتىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا، چۈي ۋېنتەي غەربىي تۈرك خانلىقى يابغۇ قاغانىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، غەربىي تۈرك خانلىقى بىلەن ھەربىي جەھەتتە بىرلىشىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرا شەھىرى بولغان ئېۋىرغولغا ھۇجۇم قىلدى. تاڭ تەيزۇڭ چۈي ۋېنتەيىنگە خەت يېزىپ ئۇنى ئەيىبلەپ، ئۇنىڭغا تۈركلەرنىڭ ئۆزغان سانغۇنى ئاشىنا جۈينى چاڭئەنگە ماڭدۇرۇۋېتىشنى تاپىلايدۇ. چۈي ۋېنتەي ئۇنداق قىلغىلى ئۇنىمايدۇ. سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە، ئىدىقۇتقا قېچىپ كەلگەن مۇساپىرلار ئەمدىلىكتە ئىچكىرىگە قايتىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ، تاڭ تەيزۇڭ چۈي ۋېنتەيىنىڭ ئۇلارنى ماڭدۇرۇۋېتىشنى تاپىلىغان بولسىمۇ، چۈي ۋېنتەي يەنىلا گەدەنكەشلىك قىلىدۇ. ئىلگىرى ئىچكى ئۆلكىلەرگە بارىدىغان غەربىي يۇرت سودىگەرلىرى جەزمەن قارا شەھەردىن شەرقىي شىمالغا قاراپ مېڭىپ، ئىدىقۇتتىن ئۆتۈپ ئاندىن ئېۋىرغولغا ۋە دۇنخۇاڭغا كىرەلەيتتى. مىلادىنىڭ 632 - يىلى، كىنگىت (قارا شەھەر) پادىشاھى تاڭ تەيزۇڭنىڭ قۇملۇقتىن يول ئېچىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ يول قارا شەھەردىن شەرققە قاراپ مېڭىپ، قۇملۇقتىن ئۆتۈپ توپتوغرا تاشقوۋۇققا

باراتتى. چۈنكى، بۇ يول يېقىن بولغانلىقتىن ئىدىقۇتقا كىرىشنىڭ
زۆرۈرىيىتى بولمايتتى. چۈي ۋېنتەي غەربىي يۇرت سودىگەرلىرىدىن ئېـ
لىنىدىغان نۇرغۇن باج كىرىمىدىن قۇرۇق قالغانلىقتىن، ئاچچىقىدا غەربىي
تۈركلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، كىنگىتنىڭ بەش شەھىرىنى ئېلىپ،
نۇرغۇن ئادەمنى ئەسىرگە چۈشۈردى. كىنگىت پادىشاھى تاڭ تەيزۇڭغا
ئەرز قىلدى. تاڭ تەيزۇڭ تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئىدىقۇتقا ئادەم ئەۋەتسە،
چۈي ۋېنتەينىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمايدۇ. تاڭ تەيزۇڭ ئادەم ئەۋەـ
تىپ چۈي ۋېنتەيدىن: «سىز نېمە ئۈچۈن ئېگىز سېپىل سوقتۇرۇپ،
چوڭقۇر لەخمە كولاتتىڭىز؟ تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇرۇشماقچى
بولۇۋاتامسىز ـ يا؟» دەپ سورىسا، ئۇ: «قۇش ئاسماندا ئۇچىدۇ،
قىرغاۋۇل جاڭگالدا ئوينايدۇ، مۈشۈك چاشقان قوغلايدۇ، چاشقان ئۇۋۇـ
سىغا قاچىدۇ، ھەرقايسىسى ئۆز ئىشىنى قىلىدۇ!» دەپتۇ. بۇ ھەركىم ئۆز
ئىشىنى قىلىشى كېرەك. سېنىڭ مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، دېگەنلىك
بولاتتى. چۈي ۋېنتەي سۇر ـ تاردۇش خانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، سۇر ـ
تاردۇش قاغانىنى قۇتراتىپ: «جانابلىرى ئۆزلىرىنى قاغان دەپ
ھېسابلايدىكەنلا، تاڭ پادىشاھى بىلەن تەڭ تۇرىدىلا، شۇنداق تۇرۇقلۇق
ئۇنىڭ ئالدىغا تەزىمغا بېرىپ نېمە قىلىلا؟» دەپتۇ. تاڭ تەيزۇڭ ئۇنى
تەزىمغا كىرىشكە بۇيرۇپتىكەن، ئۇ ئاغرىپ قالدىم دەپ بارغىلى ئۇنىماپتۇ.
تاڭ تەيزۇڭ مىلادىنىڭ 639 ـ يىلى مۇشۇ ۋەقەلەر توغرۇلۇق لەشكەر ۋاـ
زىرى خۇجۇنجىنى نەچچە يۈز مىڭ ئەسكەر بىلەن ئىدىقۇتقا ھۇجۇم
قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. چۈي ۋېنتەي بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، مەنسىتمىگەن
ھالدا، يېقىنلىرىغا: «تاڭ سۇلالىسى بىزدىن 7000 چاقىرىم نېرىدا،
ئارىلىقىمىزدا 2000 چاقىرىم قۇملۇق بار، ئوت ـ چۆپ، سۇ يوق، قىش
كۈنلىرى قەھرىتان سوغۇق بولىدۇ. ياز كۈنلىرى ئوتتەك ئىسسىق
بولىدۇ. ھەر كۈنى بىرەر يۈز ئادەمنىڭ ئۆتۈشمۇ ئاسانغا چۈشمەيدىغان
تۇرسا، شۇنچە كۆپ قوشۇن قانداق ئۆتەلىسۇن! ئۇلار كېلىپ
شەھىرىمىزگە ھۇجۇم قىلغان تەقدىردىمۇ، بىز شەھەرنى قاتتىق ساقلايـ
مىز، ئارىدىن 20 كۈن ئۆتە ـ ئۆتمەيلا، تاڭ ئارمىيىسى ئوزۇق ـ

تۇلۇكلىرىنى يەپ بولۇپ، ئاچ قېلىپ ھالىدىن كېتىدۇ، ئۇ چاغدا بىز ئۇلارنى ئەسىر ئېلىپ باغلاپ قويساقلا بولىدۇ، نېمىدىن غەم قىلىمىز ؟ » دەيدۇ. چۇي ۋېنتەي يەنە غەربىي تۈرك پادىشاھىغا ئېسىل تاشلارنى ئەۋەتىپ ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىدۇ. غەربىي تۈرك پادىشاھى چۇي ۋېنتەيگە ياردەم بېرىشكە تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن يۇقۇق شاھ بىلەن يابغۇنى ئەسكەرلەر بىلەن ئىدىقۇتنىڭ شىمالىي تاغ ئېغىزىدىكى قاغانبۇت شەھىرى ( ھازىرقى جىمسار ناھىيىسى ) گە ئەۋەتىپ تۇرغۇزىدۇ. خۇجۇنجى نۇرغۇن ياغاچچىلارنى ئېلىپ ئېۋىرغولغا كېلىپ، تەگىرىتاغدا ياغاچ كەستۇرۇپ ھارۋا ۋە پالاقمان ياسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ھەربىي سەپىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇ ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ لۈكچۈن دېگەن يېرىگە كەلگەندە، ئىدىقۇت ئەسكەرلىرىنىڭ تەييارلىقسىز تۇرغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ھېلىقى ياغاچلىرى بىلەن شەھەر سىرتىدىكى دەريانى تىندۇرىدۇ. پالاقمانلىرى بىلەن شەھەرگە تاش ئېتىپ ئىدىقۇت ئەسكەرلىرىنى سېپىل تۆپىسىدە تۇرالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. يەنە ھارۋىلىرىنى سېپىلگە ئۇرۇپ بىرنەچچە جاڭ يوچۇق ئاچىدۇ. شۇنداق قىلىپ، شەھەرنى ئالىدۇ. شۇ چاغدا چۇي ۋېنتەي كېسەل بولۇپ ئۆلىدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى چۇي جىشېڭ تەختكە ئولتۇرىدۇ. خۇجۇنجى ئىدىقۇتقا يۈرۈش قىلىدۇ. چۇي جىشېڭ قوۋۇقنى تاقاپ ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرىدۇ. تاغنىڭ شىمالىدىكى تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ كېلىپ قۇتقۇزىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەمما، يۇقۇق شاھ تاڭ قوشۇنىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى كۆرۈپ، ئارقىغا قاراپ مىڭ چاقىرىم يىراقلىققا چېكىنىدۇ. شەھەرنى ساقلاش ئۈچۈن يابغۇ قوماندانلىقىدا ئاز بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچلا قالىدۇ. بۇ بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچ تاڭ قوشۇنى بىلەن دۈشمەنلىشىش ئۈچۈن جەنۇبقا چۈشۈشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. چۇي جىشېڭ نىجاتلىق يولى تاپالماي، ئاخىر تەسلىم بولىدۇ. تاغنىڭ شىمالىدىكى يابغۇمۇ ئۆزىنىڭ ئەل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، خۇجۇنجىگە ئادەم ئەۋەتىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا مىڭ چاقىرىم زېمىن تەقدىم قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، تاڭ تەيزۇڭ ئىدىقۇتتا قۇچۇ ئايمىقى تەسىس قىلىپ، قاغانبۇت شەھىرىدە

بېشبالىق قۇرىدۇ ، ئۇنىڭ قارىمىقىدا ناھىيە ، يېزا ، كەنت قاتارلىق ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىپ ، ئىچكى جايلارنىڭكىگە ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن باشقۇرۇشنى يولغا قويىدۇ . ئۇزاق ئۆتمەيلا قوجۇدا غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ ، قوجۇنى ۋە بەشبالىقنى بىر تۇتاش باشقۇرىدۇ .

تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەسكەرلىرى غەربىي يۇرتقا كەلگۈچە ، ئىدىقۇت خانلىقىدا : « ئىدىقۇت ئەسكەرلىرى قىرو بىلەن قارغا ئوخشاش ، خەنزۇ ئەسكەرلىرى قۇياش بىلەن ئايغا ئوخشاش . قۇياش بىلەن ئاي قار بىلەن قىرونى ئېرىتىدۇ . چېكىنگەنلەر ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ » دەيدىغان تەمسىل تارقالغان . بۇنىڭدىن بىلگىلى بولىدۇكى ، چوي ۋېنتەيىنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى كىشىلەر نەزەرىدىن چۈشكەن ، تاڭ تەيزۇڭنىڭ ئىدىقۇتنى تىنچلاندۇرۇشىدا دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى قوغداش كۆزدە تۇتۇلغان . ئۇ ئىدىقۇت خانلىقى خەلقىنىڭ مەدەتكارلىقىغا ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشكەن .

غەربىي تۈرك ھۆكۈمرانلىرى ئۆزىنىڭ چوي ۋېنتەيىنى بۆزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا قۇترىتىشتەك سۇيىقەستى بەربات بولغاندىن كېيىن ، ئۆزلىرىنىڭ ئەسكىرىي كۈچى ئارقىلىق كىنگىت پادىشاھىنى ۋە كۈسەن پادىشاھىنى تاڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇشقا قۇتراتقان . مىلادىنىڭ 641 ـ يىلى تاڭ تەيزۇڭ تۈركلەردىن كېلىپ چىققان سانغۇن ئاشناشىر بىلەن تېلىلاردىن كېلىپ چىققان چۈبەغۇلانىنى ئەۋەتىپ ، كىنگىت بىلەن كۈسەننى تىنچىتىپ ، تۈرك قوشۇنىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىدۇ ، غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى كۈسەنگە ( ھازىرقى كۇچاغا ) كۆچۈرىدۇ .

غەربىي تۈرك يابغۇسى ئاشنا قۇلى يېگى قاغان ئىلىگ بەگ يابغۇ بىلەن كېلىشەلمىگەنلىكتىن ، ئىلىگ بەگ يابغۇ ئۇنى تالاس دەرياسى ( چۇچەكنىڭ غەرب تەرىپىدىكى ) بويىدىن كەتكۈزىۋېتىدۇ . ئۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ كۈچىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ، 3 مىڭ كىشىلىك قوۋمىنى باشلاپ ، تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولۇپ ، چاڭئەنگە كېلىپ تاڭ تەيزۇڭنىڭ ھۇزۇرىغا تەزىمغا كىرىدۇ . تاڭ تەيزۇڭ ئۇنىڭغا شىرمەت

چەۋەنداز سول قانات باش ياساۋۇل سانغۇنى، دەپ نام بېرىدۇ ھەمدە بەشبالىقتىكى باغا قەلئەسىدە بەشبالىق تۇتۇق مەھكىمىسى قۇرۇپ، يەنە ئاشىنا قۇلىنى تۇتۇق بېگلىككە تەيىنلەپ، غەربىي تۈركلەرنى شۇنىڭغا دالالەت قىلدۇرىدۇ.

ئاشىنا قۇلى يامان نىيەتلىك كىشى ئىدى. ئۇ تاڭ سۇلالىسگە نائىلاج ئەل بولغان. ئۇ تاڭ تەيزۇڭنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئۆزىنىڭ كۈچىنى تولۇقلىغان. قوۋملىرىنى بارغانسېرى كۆپەيتكەن. كېيىنكى ۋاقىتلاردا زور قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، يابغۇ قاغاننى ھەيدىۋېتىپ، غەربىي تۈركلەرنىڭ بارلىق زېمىنىنى ئىشغال قىلىۋېلىپ، ئۆزىنى ئىشبارا قاغان دەپ ئاتاپ، غەربىي تۈرك خانلىقلىرىنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشقا قىستىغان. مىلادىنىڭ 649 ـ يىلى، تاڭ تەيزۇڭ ئۆلۈپ، تاڭ گاۋزۇڭ تەختكە چىققان، ئاشىنا قۇلى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئاسيىلىق قىلىپ، ھەدەپ شەرققە تاجاۋۇز قىلىپ، بەشبالىققا ھۇجۇم قوزغاپ بۇگۇر، چارقىلىق ناھىيىلىرىنى تالان ـ تاراج قىلغان. تاڭ گاۋزۇڭ باش سانغۇن لياڭ جىيەنفاڭ بىلەن چۆبەغۇلاننى ئاشىنا قۇلىغا ھۇجۇم قىلدۇرۇپ، قولدىن كەتكەن زېمىننى قايتۇرۇۋالغان. مىلادىنىڭ 653 ـ يىلى، تاڭ گاۋزۇڭ يەنە باش سانغۇن چېڭ جىجېي (چېڭ ياۋجىن) نى ئاشىنا قۇلىغا ھۇجۇم قىلدۇرۇپ، قارا شەھەرنىڭ غەرب تەرىپىدىكى باينبۇلاق يايلىقىدا ئاز ـ تولا غەلىبە قازانغان. مىلادىنىڭ 657 ـ يىلى، تاڭ سۇلالىسى باش سانغۇن سۇدىڭفاڭنى لەشكەرلەرگە قوماندان قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىكتە ئاشىنا قۇلىغا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن. سۇدىڭفاڭ قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، ئالتاي تېغى ئېتىكىدىكى ئېرتىش دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا يېتىپ كەلگەن. ئاشىنا قۇلى ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن 100 مىڭ ئەسكەر بىلەن چىققان. ئۇ تاڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئانچە كۆپ ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ، مەنسىتمەي ئېتىلىپ كېلىپ قورشىۋالغان. سۇدىڭفاڭ ئەسكەرلىرىنى ئېگىزلىكنىڭ جەنۇب تەرىپىدە نەيزىلىرىنىڭ ئۇچىنى سىرتقا قارىتىپ سەپ

تۇزۇپ تەييار بولۇپ تۇرۇشقا بۇيرىغان، ئۆزى بولسا ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، ئېگىزلىكنىڭ شىمال تەرىپىدە ھازىر بولۇپ تۇرغان. ئاشىنا قۇلى ئاۋۋال تاڭ ئارمىيىسىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر قىسمىغا ئاتلىق قىسىم ئارقىلىق ئۈچ قېتىم ئېتىلىپ كېلىپ ھۇجۇم قىلغان، تاڭ ئەسكەرلىرى زەبەردەست تۇرغان. سۇدىڭفاڭ ئاشىنا قۇلىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ بوشىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتكەن، ئاشىنا قۇلى قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ قاچقان. سۇدىڭفاڭ ھاردۇق ئالماي قوغلىغان. بۇ چاغدا شىددەتلىك قار يېغىۋاتقان بولۇپ، قارنىڭ قېلىنلىقى ئىككى چىدىن ئېشىپ كەتكەن. سەركەردە ۋە ئەسكەرلەر قار توختىغاندا قوغلايلى دېسە، سۇدىڭفاڭ: «قار قېلىن يېغىپ كەتكەنلىكتىن دۈشمەنلەر بىزنى قوغلىماسلىقى مۇمكىن، دەپ ئاتلىرىنى ئارام ئالدۇرۇپ ياتىدۇ، بىز قوغلىساقلا يېتىشۋالالايمىز، ئاستىلاپ قالساق دۈشمەن يىراقلاپ كېتىدۇ» دەپ، قوشۇننى كېچە ـ كۈندۈز قار كېچىپ ئىلگىرىلەشكە بۇيرىغان. ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا بارغاندا، ئاشىنا قۇلىنىڭ بارگاھىغا200 چاقىرىملا قالغان. ئۇلار كەڭرى سەپ تۈزۈپ، توپتوغرا ئىلگىرىلىگەن. بۇ چاغدا ئاشىنا قۇلى ئىچ پۇشۇغىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئوۋغا چىقماقچى بولۇپ تۇرغان ئىكەن! سۇدىڭفاڭ ئۇنىڭ تەييارلىقسىز تۇرغانلىقىدىن پايدىلىنىپ ھۇجۇم قىلغان، ئاشىنا قۇلى يەنە مەغلۇپ بولۇپ، تاشكەنت (ھازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنت دېگەن يېرى) كە قېچىپ بارغان. تاشكەنتلىكلەر ئۇنى باغلاپ، تاڭ ئارمىيىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن چاڭئەنگە ئېلىپ بارغان. ئاشىنا قۇلى تاڭ گاۋزۇڭغا: «مېنى ئەسلىدە ئىلىگ بەگ يابغۇ قوغلىۋەتكەندە تەيزۇڭخان ئېلىپ قالغانىدى، مەن ۋاپاسىزلىق قىلىپ، قوراللىق ئىسيان كۆتۈردۈم. ھالا بۈگۈنكى كۈندە مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە چۈشتۈم. خان ئالىيلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىنىڭ ئادىتى بويىچە كاللامنى ئېلىپ سازايى قىلدۇرماي، تەيزۇڭخاننىڭ قەبرىسى ئالدىدا ئۆلۈشۈمگە رۇخسەت قىلىشىنى سورايمەن. بۇ مېنىڭ تەيزۇڭخاندىن كەچۈرۈم سورىغانلىقىم بولۇپ قالسۇن» دېگەن.

تاڭ گاۋزۇك بۇ گەپنى ئاڭلاپ كەچۈرۈم قىلىپ، ئۇنى چاڭگەندە ياخشى تۇرمۇش شارائىتى بىلەن تەمىن ئېتىپ باققان. تاڭ گاۋزۇڭ غەربىي تۈركنى تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن، تەڭرىتاغنىڭ شىمال تەرىپىدىكى تۈرك قەبىلىلىرى ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ئىسسىقكۆل قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە ۋە بالقاش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قارايدىغان ئالتە تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلغان، يەنە غەربىي تۈرككە قاراشلىق بولغان غەربىي يۇرت خانلىقلىرىدا تۆت ھەربىي رايون، 16 تۇتۇق مەھكىمىسى، 80 ئايماق، 111 ناھىيە، 126 ھەربىي مەھكىمە تەسىس قىلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قارىغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى پۈتۈنلەي بىرلىككە كەلتۈرگەن.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى زېمىنى خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى زېمىنىدىن خېلىلا كۆپ بولغان. ئۇنىڭ زېمىنىنىڭ شەرق تەرىپى تاشقورغان بىلەن ياڭگۈەن قوۋۇقىدىن باشلىناتتى، غەرب تەرىپى پېرسىيە (ئىران) گە تۇتىشاتتى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھەربىي، مەمۇرىي مۇئەسسەسىلىرى جايلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقىغا قاراپ ھەرخىل ئىدى. شەرقىي قىسمىدا خەنزۇ ئاھالىلەر كۆپ، ئىچكى جايلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەسىرى چوڭقۇر بولغانلىقتىن، تاڭ سۇلالىسى بۇ يەرلەردە ئىچكى جايلاردىكىگە ئوخشاش ئايماق، ناھىيىلەرنى تەسىس قىلغان. بۇ ئايماقلار ئېۋىرغول ئايمىقى (ھازىرقى قۇمۇل)، قوچۇ ئايمىقى (ھازىرقى تۇرپان)، بەشبالىق ئايمىقى (ھازىرقى جىمسار) دىن ئىبارەت ئىدى. ئايماقنىڭ قارىمىقىدا بىرنەچچە ناھىيە بولاتتى. ئايماق دورغاپلىرىنى مەركىزىي ھۆكۈمەت تەيىنلەيتتى ۋە قالدۇراتتى. بۇ يەردە يەر تەقسىمات تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، ئاھالىلەرگە ئەمگەك كۈچىگە قاراپ يەر تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن، ھاشار — سېلىق جەھەتتە بولسا باج — خىراجنى تەقسىمات تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، يېرى بارلار ئىجارە ھەققى (دان) تاپشۇراتتى، ئۆيى بارلار رەخت

( يىپەك رەخت ) تاپشۇراتتى ، ياشلار ھاشارغا باراتتى ؛ ھەربىي جەھەتتە يامۇل ئەسكەرلىكى تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ ، قورامىغا يەتكەنلەرنىڭ ئۈچ يىل ھەربىي خىزمەت ئۆتىشى ، ھەربىي مەھكىمىدە « ياساۋۇل » بولۇشى شەرت قىلىناتتى . لوپنۇر كۆلى ئەتراپى تاشلىۋېتىلگەندى . تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە سۇغدىيانا ( ھازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ سەمەرقەند دېگەن يېرى ) نىڭ باشلىقى كاڭ يەندىيەن بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەندە ، نۇرغۇن سۇغدىلار بىللە كەلگەن . كاڭ يەندىيەن توققۇز شەھەر ياستىپ ، كۆچۈپ كەلگەن سۇغدىلار ۋە خەنزۇلارنى ئولتۇرغۇزغان . شۇڭا ، تاڭ تەيزۇڭ كاڭ يەندىنى ھەربىي ، مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان باسقاق بەگلىككە تەيىنلىگەن . خەلق ئىشلىرىنى شاجۇ ئايىمىقى ( دۇنخۇاڭ ) غا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن . بۇنىڭدىن باشقا ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان خانلىق ۋە رايونلاردا بولسا تۇتۇق مەھكىمىسى ۋە مەمۇرىيەت ئايىمىقى تەسىس قىلىنغان ، كۆپ ھاللاردا بىرخانلىقتا ياكى بىر قەبىلىدە بىردىن تۇتۇق مەھكىمىسى بولغان . مەسىلەن ، كۇسەن خانلىقىدا كۇسەن تۇتۇق مەھكىمىسى بولغان . ئۇنىڭ قارىمىقىدا ئۇنسۇ ( ھازىرقى ئۇنسۇ ناھىيىسى ) ئايىمىقى ، ئۇرلى ( ھازىرقى بۈگۈر ناھىيىسى ) ئايىمىقى قاتارلىق ئايماقلار بار ئىدى ؛ قارلۇقلارنىڭ تاسىرى قەبىلىسى قارا كۆل ( ھازىرقى فۇكاڭدىكى بوغدا كۆلى ) تۇتۇق مەھكىمىسىگە قارايتتى . بۇ تۇتۇق مەھكىمىلىرىنىڭ تۇتۇق بېگىلىكى تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ تەيىنلىشى بىلەن ھەرقايسى خانلىقلارنىڭ پادىشاھلىرى ياكى قەبىلە ئاقساقاللىرى ئۈستىگە ئالاتتى . تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتا تەسىس قىلغان ئالىي ھەربىي ، مەمۇرىي ئاپپاراتى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى ئىدى . غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ غەربىدىكى خانلىقلار قارايتتى ، ئىسسىق كۆل قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە سۇيئاب ( ھازىرقى قازاقىستاننىڭ چۇ دەرياسى قىرغىقىدىكى توقماق ) نىڭ شەرق تەرىپىدىكى غەربىي تۈركلەرنىڭ بەش تولىس قەبىلىسى قارايتتى ؛ بالقاش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى سۇيئابنىڭ غەرب تەرىپىدىكى

تۈركلەرنىڭ بەش ساداقلىقلار قەبىلىسىنى باشقۇراتتى. مىلادىنىڭ 702 ـ يىلى ئىسسىق كۆل قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى بىلەن بالقاش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى بىكار قىلىنىپ، بەشبالىقتا تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى را- يونلارنى باشقۇرىدىغان بەشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان. قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ قارىمىقىدا ھەربىي رايون، ئارمىيە ۋە قورول تەسىس قىلىنغان. مەسىلەن، غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى كۇسەندە، ئۇدۇندا، سۇلىدا ۋە سۈيئابتا تۆت ھەربىي رايون تەسىس قىلىپ، ھەر بىرىدە 30 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر تۇرغۇزغان. مانا بۇ، تارىختا مەشھۇر بولغان «غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى تۆت ھەربىي رايون» دۇر؛ پامىر ئېگىزلىكىدە پامىر قورولى تەسىس قىلىپ، ئۇ يەردە نەچچە يۈز ئەسكەر تۇرغۇزغان. ئاشۇ بىر يۈرۈش ھۆ- كۈمرانلىق ئاپپاراتلىرىدىن قارىغاندا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتا قۇرغان ھەربىي، مەمۇرىي ئاپپاراتلىرى خېلى مۇكەممەل بولغان ئىكەن.

## §3. تاڭ سۇلالىسى بىلەن تۇبۇتلەرنىڭ غەربىي يۇرتنى تالىشىشى، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە غەربكە كۆچۈشى

تۇبۇتلەر زاڭزۇلارنىڭ ئەجدادى، ئۇلار ئاساسەن چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىگە تارقىلىپ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 6 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تۇبۇتلەر ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىنى قۇرغان. پادىشاھى «زامپۇ» دېيىلەتتى. باش ۋەزىرى «لۇن» دېيىلەتتى. سۇڭزەنگەنبۇ «زامپۇ» بولغان ۋاقىتلاردا، قەبىلىلەرنىڭ بۆلۈنمە ھالىتى ئاخىرلىشىپ، بىرلىككە كېلىش ئىشى ئورۇنداﻟغان، يېزىقى كەشىپ قىلىنغان، قانۇنلىرى تۈزۈپ چىقىلىپ، ئۆزلۈكسىز گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەنىدى. سۇڭزەن گەنبۇ تاڭ سۇلالىسىدىن ئۆيلە- نىشنى تەلەپ قىلغاندا، تاڭ تەيزۇڭ مەلىكە ۋېنچېڭنى ئۇنىڭغا ياتلىق

قىلىپ . تاڭ سۇلالىسىنىڭ نۇرغۇن كاسىپلىرى ۋە كىتابلىرى بىلەن ئۇزاتقان . تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەرلىرى ۋە مەدەنىيىتى تۇبۇتلار ئارىسىغا تارقىلىپ ، ئۇلارنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرىلەتكەن .

سۇڭزەن گەنبۇ ئۆلگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ گۆدەك نەۋرىسى تەختكە چىققان . ھوقۇقنى باش ۋەزىر لۇدۇڭزەن تەنھا ئۆز قولىدا تۇتقان . مىلادىنىڭ 663 ـ يىلى ، تۇبۇتلار ئازارخانلىقىنى ھالاك قىلىپ ، چىڭخەينى ئىشغال قىلىپ ، شەرققە كېڭىيىپ ، غەربىي يۇرتنى تاڭ سۇلالىسى بىلەن تالاشقان . مىلادىنىڭ 670 ـ يىلى ، تۇبۇتلار غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى تۆت ھەربىي رايونغا ھۇجۇم قىلىپ ، بارخان شەھىرى ( ئاقسۇ ) گىچە كەلگەن ، ئەمما تاڭ ئارمىيىسى ، ئۇدۇن پادىشاھى ۋە سۇلى پادىشاھىنىڭ بىرلىكتە قايتۇرما زەربە بېرىشى ئارقىسىدا مەغلۇپ بولۇپ ، شىزاڭغا قايتىپ كەتكەن . ئەمما ، ئۇ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي ، غەربىي تۈركلەرنىڭ كۈچى بىلەن بىرلىشىپ ، بىرمەزگىل غەربىي يۇرتنى تىنچىتقۇچى تۆت ھەربىي رايوننى ئىشغال قىلىۋالغان . مىلادىنىڭ 692 ـ يىلى ، قوجۇ تۇتۇق بېگى تاڭ شيۇجىڭنىڭ غەربىي يۇرتنى تىنچلاندۇرغۇچى تۆت ھەربىي رايوننى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەلىپىگە بىنائەن ، ۋەزىيەتتىن باش سانغۇن ۋاڭ شياۋجيېنى تۇبۇتلارغا زەربە بېرىشكە بۇيرۇغان . ۋاڭ شياۋجيې مىلادىنىڭ 678 ـ يىلى باش سانغۇن لى جىڭشۇەن بىلەن بىللە چىڭخەيدە تۇبۇتلار بىلەن ئۇرۇشۇپ ، مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە چۈشۈپ ، زامپۇنىڭ ئالدىغا يالاپ ئېلىپ بېرىلغان ، زامپۇ يىغلاپ تۇرۇپ : « سىز مېنىڭ دادامغا بەك ئوخشايدىكەنسىز ! » دەپ ، ئۇنى ئەجداد سۇپىتىدە باققان . كېيىنكى ۋاقىتلاردا ۋاڭ شياۋجيې پۇرسەت تېپىپ قېچىپ چىقىپ ، تاڭ خاندانلىقىغا قايتىپ كېلىپ ، ئۇرۇشقا قاتنىشىپ ، ئاستا ـ ئاستا ئۆسۈپ تۇرۇپ چوڭ سانغۇن بولغان . ئۇ تۇبۇتلار ئارىسىدا ئۇزاق تۇرغانلىقتىن ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلىپ كەتكەن . لەشكەر باشلاپ غەربىي يۇرتقا كەلگەندىن كېيىن ، تۇبۇتلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ ، غەربىي يۇرتنى تىنچلاندۇرغۇچى تۆت ھەربىي رايوننى قايتۇ-

رۇۋالـغان . شۇنىڭدىن كېيىن غەربىي يۇرت بىرقەدەر تىنچلىنىپ قالغان .

7 ـ ئەسـىرنىڭ باشلىرىدا ، ئۇيغۇرلار ( 回纥 ، خۇيخې ) موڭغۇل ئېگىزلىكىدە پەيدىنپەي باش كۆتۈرۈپ چىققان . ۋېي ، جىن سۇلالىلىرى ۋە جەنۇبىي ، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە ئۇيغۇرلار قاڭقىللار ( تۆلۆسلەر ) نىـڭ ئالتە چوڭ قەبىلىسىنىڭ بىرى بولۇپ ، ئەسلىدە تۇلا دەرياسى بىلەن سېلىـنـگا دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنـاتتى . ئاپۇغۇر غەربكە كۆچۈپ ، قاڭقىل ( تۆلۆس ) خانلىقىنى قۇرغاندا ، ئۇيغـۇر (袁纥 ) قـەبىلىلىرى شىمالىي چۆللۈكتە تۇرىۋەرگەن . تۈركلەر بـاش كـۆتـۈرۈپ چـىـقـانـدا ، ئۇيـغـۇرلار بـىـلەن شـىـمالـىـي چۆلـلۈكـتـىـكى چـېـلى ( تېلى ) قەبىلىلىرى بىرلىكتە تېلى ( تۆلۆس ) دەپ ئاتىلىپ ، تۈركلەرگە تالىق بولغان . چۆلۈق قاغان مۇدىھىش يول تۇتۇپ ، تـېـلىلارنىڭ 600 دىن ئارتۇق يولباشچىسىنى تىرىك كۆمگەن . تېلىلارنىڭ ھەرقـايـسـى قەبىلىلىرى كەينى ـ كەينىدىن تۈركلەرگە ئاسىيلىق قىلغان . بـۇ چـاغـدا شـىمالىي چۆللۈك رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ( 袁纥 ياكى 韦纥 ) نـىـڭ بارغۇت ، توڭرا ، بايىرغۇ ، بورىكلى قەبىلىلىرىمۇ بىرلىشىپ شەرقىي تـۈركـلـەرگـە قـارشـى چـىققان . تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە ئۇيـغـۇرلار شـەرقىي تۈركلەرنىڭ زۇلمى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە چىدىماي جـەنۇبقا كۆچكەن . تاڭ تەيزۇڭ تەختكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ، شەرقىي تـۈركـلـەر 100 مـىـڭ ئەسـكـەر ئەۋەتـىـپ ئۇيـغـۇرلارغا تاجاۋۇز قىلغان . ئۇيـغـۇرلارنـىـڭ يـولـبـاشچىسى بۇسات تېكىن 5000 ئاتلىق ئەسكەرگە قوماندانلىق قىلىپ تۈركلەرنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ ، شەرقىي تۈركلەرنىڭ قـارارگـاھى تـۇرۇشـلـۇق ئۆتـۈكەن تېغىغىچە قوغلاپ بارغان ، شۇنىڭدىن كـېـيـىن ئۇيغۇرلار باش كۆتۈرۈشكە باشلىغان . غەربىي تۈرك قاغانى ئۆلـگـەنـدىـن كـېيىن ، سىر ـ تاردۇشلار خانلىقى تىكلەنگەن ، ئۇيغۇرلار نام جـەھەتـتە سىر ـ تاردۇشلارغا قارام بولغان . مىلادىنىڭ 646 ـ يىلى ، ئۇيغۇرلارنىڭ يولباشچىسى تۇمىد بارغۇت ، توڭرا ، ئىزگىل ، ئاتېئىر قاتارلىق قـەبـىـلـىـلـەرگە قوماندانلىق قىلىپ ، سىر ـ تاردۇشلارنىڭ دومى قاغانىنى مەغلۇپ قىلىپ ، ئۇنىڭ خانلىقىنى ھالاك قىلىپ ، زېمىنىنى ئىشغال قىلىپ ،

قاغان بولۇۋالغان. ئۇ نۇرغۇن مەنسەپلەرنى تەسىس قىلىپ، تامامەن تۈرك قاغانىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ئىش تۇتقان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا، ئۇ ئۆزىنىڭ باشقا قوۋملىرى ئىچىدىكى ئىناۋىتىنىڭ كۈچلۈك ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، مۇشۇنداق قىلىۋەرسەم، سۈر - تاردۇش پادىشاھىغا ئوخشاش، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا تەختتىن چۈشكۈدەكمەن — دەپ ئويلاپ، تىلىلارغا باشچىلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قارام بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، تاڭ تەيزۇڭنىڭ ھۇزۇرىغا تەزىمگە بارغان ھەمدە ئۆزىنىڭ ئىشغالىيىتىدىكى رايونلاردا تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەنسەپدار قويۇشىنى تەلەپ قىلغان. تاڭ تەيزۇڭ ئۇنىڭ تەلىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ ئىشغالىيىتىدىكى جايلاردا 6 ئايماق، 7 مەھكىمە تەسىس قىلغان. ئۇيغۇرلار كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋىچىلىق قىلغان جايلاردا تەسىس قىلىنغان قاڭقاي تۇتۇق مەھكىمىسى تۇمىدقا مەرىپەت قۇچقان ئۇلۇغ سانغۇن قوشۇمچە قاڭقاي تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ تۇتۇق بېگى، دەپ نام بەرگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسى زىچ مۇناسىۋەت ئورناتقان. مىلادىنىڭ 649 - يىلى، غەربىي تۈركلەرنىڭ سەركەردىسى ئاشىنا قۇلى شەرق تەرەپتىكى بەشبالىققا تاجاۋۇز قىلغاندا، تاڭ گاۋزۇڭ ئۇيغۇرلارنىڭ 50 مىڭ ئەسكىرىنى ئىشقا سېلىپ، تۈرك قوماندانى ئاشىنا شىر بىلەن چۆبە قەبىلىسىنىڭ سەركەردىسى چۆبە غۇلاننى ئەۋەتىپ، ئاشىنا قۇلىنى مەغلۇپ قىلىپ، بەشبالىقنى قايتۇرۇۋالغان. مىلادىنىڭ 657-يىلى، ئۇيغۇرلارنىڭ يولباشچىسى بايان ئۇيغۇرلارنىڭ نەچچە ئون مىڭ ئاتلىق ئەسكىرى بىلەن بىللە تاڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى سۇدىڭفاڭغا ئەگىشىپ، ئاشىنا قۇلىغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئېرتىش دەرياسىنىڭ قىرغىقىدا ئاشىنا قۇلى بىلەن ئۇرۇش قىلغان. تاڭ ئەسكەرلىرى ئېرتىش دەرياسى بويىدىكى بۇ ئۇرۇشتا بەختكە يارىشا ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ ئىككى تەرەپتىن ئاشىنا قۇلىغا قىستاپ ھۇجۇم قىلىشى ئارقىلىق تولۇق غەلىبە قازانغان. ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى غەربىي تۈركلەرنى تىنچىتىش جەھەتتە قالتىس تۆھپە ياراتقان. تاڭ شۈەنزاڭ تەختتىكى چاغدا، ئۇيغۇرلارنىڭ يولباشچىسى گورىبالا (كۆل بىلگە) شەرققە يۈرۈش

قىلىپ، قۇمۇقلارنى، قىتانلارنى بويسۇندۇرۇپ، غەربتە باسمىللارنى، قىرغىزلارنى، قارلۇقلارنى يېڭىپ، ئۆزىنى قۇتلۇق بىلگە قاغان دەپ ئاتاپ، ئۆتۈكەن تېغىدا قارار ـ گاھىنى قۇرۇپ، ئۇيغۇر خانلىقىنى رەسمىي قۇرغان. ئۇنىڭ زېمىنىنىڭ شەرق تەرىپى لياۋدۇڭغا، غەرب تەرىپى ئالتاي تېغىغا، جەنۇب تەرىپى سەددىچىن سېپىلىگە، شىمال تەرىپى بايقال كۆلىگە تۇتىشاتتى. گور بالا تاڭ سۇلالىسىگە ئۇلپان ئەۋەتكەن. مىلادىنىڭ 744 ـ يىلى، تاڭ شۈەنزۇڭ ئۇنىڭغا تەنتەنىلىك ھالدا دىيانەتلىك قاغان، دەپ نام بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، يېڭىدىن تەختكە چىققان ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ ھەممىسىگە تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇغات نام بېرىدىغان بولغان ھەمدە بۇ بىر خىل تۈزۈم بولۇپ قالغان.

مىلادىنىڭ 755 ـ يىلى، تاڭ خاندانلىقىدا ئۆگلۈك ـ سۈيگۈن توپىلىڭى يۈز بەرگەن. تاڭ شۈەنزۇڭ ئالاقزادە بولۇپ، سىچۈەنگە قېچىپ بېرىۋالغان، چاڭئەن قولدىن كەتكەن، تاڭ سۇزۇڭ لىڭۋۇ (نىڭشيانىڭ لىڭۋۇ ناھىيىسى) دا تەختكە چىققان. ئۇيغۇرلارنىڭ پادىشاھى گورلىگ قاغان بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، لىڭۋۇغا ئەلچى ئەۋەتىپ، تاڭ سۇلالىسىگە ئۆگلۈك ـ سۈيگۈن توپىلىڭىنى باستۇرۇشۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. مىلادىنىڭ 757 ـ يىلى، گورلىگ قاغان ئوغلى يابغۇنى، سانغۇن دىدېنى بەش مىڭ خىل ئەسكەر، ئون مىڭ جەڭ ئېتى بىلەن ئەۋەتىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى گوزىيى بىلەن بىرلىكتە چاڭئەنگە ھۇجۇم قىلدۇرغان. توپىلاڭچىلار ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، يۈز مىڭ ئەسكەر بىلەن ئاتلانغان ھەمدە ئۇلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، تاڭ ئارمىيىسى فرونتىنىڭ شەرق تەرىپىدە ئالدىنئالا ئاتلىق ئەسكەرلەرنى يوشۇرۇنىدۇرۇپ قويغان. ئۇيغۇرلار بۇ ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇر سانغۇنى بارغۇت قويىن قوماندانلىقىدا، دۈشمەننىڭ بۇ قىسمىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان. يەنە تاڭ ئارمىيىسى بىلەن بىرلىشىپ، توپىلاڭچىلار قوشۇنىنى قىسماققا ئېلىپ، ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قازىنىپ، چاڭئەننى قايتۇرۇۋالغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار شەرققە يۈرۈش قىلغانلىقتىن، توپىلاڭچىلارنىڭ 150 مىڭ ئەسكىرىي كۆچى شەنجۇ ئايمى-

قىغا قاپسىلىپ قالغان. توپىلاڭچىلار ئارمىيىسى بىلەن تاڭ ئارمىيىسى شىندىيەندە تۇتۇشۇپ قالغاندا، تاڭ ئارمىيىسى يېڭىلىپ بەك ئېغىر ئەھۋالدا قېلىپ، تاغ ئارىسىغا كىرىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. ئەسلىدە جەنۇبىي تاغدا توپىلاڭچىلار ئارمىيىسىنىڭ يوشۇرۇن قىسىملىرىنى ئىزدەۋاتقان ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكەرلىرى تاڭ ئارمىيىسىنىڭ جىددىي ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، جەنۇبىي تاغدىن ئۇچقاندەك چۈشۈپ ئون نەچچە پاي ئوق ئۈزگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئوقيالىرى ئۆزگىچە بولۇپ، ئوقى قالتىس كۈچلۈك ئىدى. توپىلاڭچىلار قوشۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوقلىرى كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىپ: «ئۇيغۇرلار كەلدى!» دەپ قىيا - چىيا بولۇپ، تەرەپ - تەرەپكە قاچقان. ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ ئارمىيىسى ئۇلارنى قوغلاپ، شەرقىي ئاستانە — لوياڭنى قايتۇرۇۋالغان. شۇنىڭدىن كېيىن تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆكلۈك - سۇيگۈن توپىلىڭىنى ئۇزۇل - كېسىل تىنچىتقان. تاڭ سۇزۇڭ لىخېڭ ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، كىچىك قىزى مەلىكە نىڭگونى گورلىگ قاغانغا ياتلىق قىلغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يەتتە مەلىكە ئۇيغۇر قاغانلىرىغا ياتلىق قىلىنغان.

ئۆكلۈك - سۇيگۈن توپىلىڭى داۋاملىشىۋاتقان مەزگىلدە، تاڭ سۇزۇڭ «غەربىي تىنچلاندۇرغۇچى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى، بەشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى، غەربىي يۇرت خانلىقلىرى ۋە غەربىي گەنسۇ ھىراۋۇلىنىڭ ئەسكىرىي كۈچلىرىنى ئاجرىتىپ بىرلەشتۈرۈپ، سەددىچىن سېپىلى ئىچىدە جەڭ قىلغان، چېگرا رايونلاردا ئەسكىرىي كۈچ ئازىيىپ قالغان. تۈبۈتلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، خېشى كارىدورىغا ھۇجۇم قىلغانلىقتىن، غەربىي يۇرت بىلەن تاڭ سۇلالىسى «ئۇيغۇرلار يولى» ئارقىلىق ئالاقىلىشىشقىلا مەجبۇر بولغان (ئۇيغۇرلارنىڭ تەۋەلىكىدىكى جايلاردىن غەربىي يۇرتقا بارىدىغان يول ئۇيغۇرلار يولى دېيىلەتتى). تۈبۈتلەر يەنە غەربىي يۇرتنى پىلە قۇرۇتىدەك كېمىرىپ يەپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب تەرىپىنى ئاستا - ئاستا ئۆز ئىشغالىيىتىگە

ئېلىنىۋالغان، تەڭرىتېغىنىڭ شىمال تەرىپى بولسا ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسى بولۇپ قالغان. تۈبۈتلەر بىلەن ئۇيغۇرلار بەشبالىقنى تالىشىپ، كۆپ قېتىم ھەرە تارتىش ئۇرۇشى ئېلىپ بارغان. ھەر ئىككى تەرەپ غەلىبىمۇ قازانغان، مەغلۇپمۇ بولغان.

8 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تۈبۈتلەر تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى قارلۇقلار بىلەن شۇنىڭدەك ئالتاي تاغلىرىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى قىرغىزلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئۇيغۇرلارغا بىرلىكتە تاقابىل تۇرغان. مىلادىنىڭ 795 ـ يىلى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىناۋەت قۇچقان قاغانى تەختكە چىقىپ، تۈبۈتلەرگە، قىرغىزلارغا ۋە قارلۇقلارغا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قىلغان. ئەينى ۋاقىتتا، قىرغىزلارنىڭ كۈچى كۆپ ئىدى، 400 مىڭ ئەسكىرى بار ئىدى. قاغانى ياش، باتۇر ئىدى. ئىناۋەت قۇچقان قاغان ئالدى بىلەن قىرغىزلارغا شەخسەن ئۆزى ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ قاغانىنى بىر ئوق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرگەن، قىرغىزلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن، تۈبۈتلەر بىلەن قىرغىزلارنىڭ بەشبالىقنى مۇھاسىرە قىلىپ تۇرۇۋاتقان بىرلەشمە ئارمىيىسىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، جەنۇب تەرەپكە ئىلگىرىلەپ، غەربىي تىنچلاندۇرغۇچى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى قايتۇرۇۋالغان. مىلادىنىڭ 808 ـ يىلى، ئىناۋەت قۇچقان قاغان ئۆلگەن. باۋيى قاغان ( ئادالەتچى قاغان ) تەختكە چىققان. تۈبۈتلەر بىلەن قارلۇقلار يەنە قوشۇنلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئەنشى ① ( كۇچا ـ ت ) گە ھۇجۇم قىلغان. باۋيى قاغان لەشكەر باشلاپ چىقىپ، ئەنشىگە ياردەم بەرگەن. نەتىجىدە تۈبۈتلەر قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، قارا شەھەرنىڭ غەرب تەرىپىدىكى 100 چاقىرىم نېرى بولغان شەلمىرە قەلئەسىگە قېچىپ كىرىۋالغان. باۋيى قاغان بۇ قەلئەنى

---

① ئەنشى ( 安西 ) غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى تۆت ھەربىي رايون ( 安西四 ) نىڭ قىسقارتىپ ئېيتىلىشى. غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى مىلادى 649 ـ يىلى كۇسەن ( كۇچا ) گە كۆچۈرۈلۈپ، يۇقىرىقى تۆت ھەربىي رايون ( ئۇنىڭ بىرى كۇچادا، بىرى سۇلىدا، بىرى ئۇدۇندا، بىرى سۇيئابتا ) نى قۇرغان. بۇ مەھكىمىلەرنى باشقۇرىدىغان قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى كۇچادا بولغاچقا، ئەنشى ( 安西 ) دەپ ئىزاھات بېرىلدى ـــ ت.

ئېلىپ، دۈشمەننى پۈتۈنلەي يوقاتقان. شۇنىڭدىن كېيىن باۋيى قاغان غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەپ، قارلۇقلارنىڭ ئاساسىي قىسمىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى قوغلاپ نارىن دەرياسى بويىغا ئاپىرىۋەتكەن، ئۇنىڭدىن كېيىن توبۇتلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى قوغلاپ فەرغانە خانلىقى (ئۆزبېكىستاننىڭ فەرغانە ئويمانلىقى) غا ئاپىرىۋېتىپ، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ زېمىنىنى ئوتتۇرا «ئاسىيانىڭ كىندىكىگىچە كېڭەيتكەن. باۋيى قاغان غەربىي يۇرتقا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئەنشى (كۇچا) دا، بېشبالىقتا ۋە ئىلىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى بالاساغۇندا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، ھەرقايسى خانلىق ۋە مىللەتلەرگە ھاكىمىيەت ۋە باج ئىشلىرىنى نازارەت قىلىدىغان نازارەتچى بەگ ئەۋەتكەن؛ يەنە تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۈزۈملىرى بويىچە، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى قاتناش تۈگۈنلىرىدە ھەربىي، مەمۇرىي ھۆججەتلەرنى ۋە ئالاقىچى ئەلچىلەرنى توشۇيدىغان راباتلارنى تەسىس قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىنكى 30 نەچچە يىلدا غەربىي يۇرت ئىزچىل تۈردە ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدا تۇرغان.

مىلادىنىڭ 809 ـ يىلى، ئۇيغۇرلارنىڭ باۋيى قاغانى تاڭ شيەنزۇڭغا ئىلتىماس قىلىش ئارقىلىق مىللەت نامىنى «خۇيخۇ» (回鹘 ئۇيغۇر) دەپ ئۆزگەرتكەن. بۇ، ئۇيغۇرلار (回纥人) لاچىنغا ئوخشاش چاققان، باتۇر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

مىلادىنىڭ 839 ـ يىلى، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مالىمانچىلىق يۈز بەرگەن. باش ۋەزىر بۈيرۇق ئىنەيۈن بىلەن شاھزادە سايغا تېكىن تىل بىرىكتۈرۈپ تەختنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنغانلىقتىن، ئىناۋەتلىك قاغان تەرىپىدىن سېزىلىپ قېلىپ ئۆلتۈرۈلگەن. شاھزادە سايغا تېكىن بىلەن ياخشى ئۆتۈپ كەلگەن كۆرلەمۈر بۇ چاغدا لەشكەر باشلاپ سىرتتا يۈرەتتى. ئۇ سىرتتا يۈرۈپ، سايغا تېكىننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، چۆل تۈركلىرىگە 400 ئات سوغات قىلىپ ئۇلاردىن ئەسكەر سوراپ، ئىناۋەتلىك قاغانغا ھۇجۇم قىلغان، ئىناۋەتلىك قاغان يېڭىلىپ قېلىپ ئۆلۈۋالغان. كۆرلەمۈر شاھزادە كاسار تېكىننى يۆلەپ تەختكە چىقارغان.

شۇ يىلى قىشتا قېلىن قار يېغىپ كەتكەنلىكتىن، نۇرغۇن ئات - كالا توڭلاپ ئۆلگەن. ئۇيغۇرلار قەھەتچىلىكتە قالغان، ئۇيغۇرلارنىڭ خانلىقى تېزلىكتە زەئىپلىشىپ كەتكەن. مىلادىنىڭ 840 - يىلى، سانغۇن كۈلۈگ باغا كۆرلەمۇر بىلەن كاسارغا قاتتىق نەپرەتلىنىپ، قىرغىزلارنىڭ خىل قوشۇنىغا قوشۇلۇپ كەتكەن. قىرغىزلارنىڭ قاغانى ئاگې ئاتىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن 100 مىڭ ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قارارگاھىغا ھۇجۇم قىلىپ، كۆرلەمۇر بىلەن كاسارنى ئۆلتۈرگەن. ئۇيغۇرلار تەرەپ - تەرەپكە تارقىلىپ كەتكەن. قارارگاھنىڭ ئەتراپىدىكى 15 قەبىلە ئۆزلىرىنىڭ بەشبالىق ۋە ئەنشىدىكى يېقىن كىشىلىرى بىلەن بىللە ئۆتۈش ئۈچۈن، شاھزادە پانتېكىننىڭ قوماندانلىقىدا غەرب تەرەپكە كۆچۈپ ماڭغان، ئىككىنچى يىلى باركۆل يايلىقىغا كېلىپ قىشلىغان. مىلادىنىڭ 843 - يىلى ئەتىيازدا، ئۇلار داۋاملىق غەربكە قاراپ ماڭماقچى بولۇپ تۇرغاندا، قىرغىزلارنىڭ زور قوشۇنى ئەنشى بىلەن بەشبالىقنى ئېلىۋالغان. جۇيىيەن كۆلى ئەتراپىدىكى بەش تاتار قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ، داۋاملىق شەرققە ئىلگىرىلەۋاتقاندا، پانتېكىننىڭ قوماندانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇلار بىلەن قاتتىق ئېلىشقان، ئۇيغۇرلار ئىككى بۆلەككە بۆلۈنۈپ كېتىپ، بىر بۆلىكى شەرقىي جەنۇب تەرەپكە قېچىپ گەنجۇ (گەنسۇنىڭ جاڭيې دېگەن يېرى) غا بارغان، ئۇ يەر تۈبۈتلەر ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايون ئىدى. شۇڭا، ئۇلار ۋاقتىنچە تۈبۈتلەرنىڭ پۇقراسى بولۇشقا مەجبۇر بولغان، يەنە بىر بۆلىكى پانتېكىننىڭ قوماندانلىقىدا تەڭرىتاغدىن ئاتلاپ ئېۋىرغول ئارقىلىق ئەنشىگە قاراپ ئىلگىرىلىگەن، سەپەر ئۈستىدە قىرغىزلار تەرىپىدىن پارچىلىۋېتىلگەن ئۇيغۇر يۇرتداشلىرىنى ۋە ئەسلىدە ئۇيغۇرلارغا ئەل بولغان غەربىي تۈركلەرنىڭ خۇسلو قەبىلىسىنىڭ نۇرغۇن كىشىلىرىنى يىغىپ دەبدىبىلىك ھالدا ماڭغان. ئەنشىنى بېسىۋالغان قىرغىزلارغا ئۆزلۈكسىز ھۇجۇم قىلىپ، قارا شەھەر، كۇچا قاتارلىق بىرنەچچە شەھەرنى قايتۇرۇۋالغان. پانتېكىن قاغان بولۇپ، ئەنشى ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان. شۇ يىلى خېشى كارىدورىدىكى تۈبۈتلەر ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان جايلاردا

جاڭ يىچاۋ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، خېجۇ، خۇاڭجۇ قاتارلىق 11 ئايماقنى قايتۇرۇۋالغان. پانتېكىن قاغان دەرھال جاڭ يىچاۋ بىلەن بىرلىشىپ، باش ۋەزىر ئەنىنىڭ قاتارلىق كىشىلەرنى ئەۋەتىپ، تۈبۈتلەرنىڭ قولىدىن قوجۇنى قايتۇرۇۋېلىپ، جاڭ يىچاۋغا بەرگەن. جاڭ يىچاۋ 11 ئايماقنى تاڭ سۇلالىسىگە بەرگەن. تاڭ سۇلالىسى بەيئەتچىلەر قوشۇنى قۇرۇپ، جاڭ يىچاۋنى 11 ئايماقنى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان ھېراۋۇللۇققا تەيىنلىگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، پانتېكىن بىلەن جاڭ يىچاۋنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن يېقىن بولۇپ كەتكەن. مىلادىنىڭ 856 ـ يىلى، تاڭ سۇلالىسى پانتېكىنگە يېڭىلىق ياراتقۇچى قاغان، دەپ نام بەرگەن.

مىلادى 850 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، تۈبۈتلەرنىڭ شاڭكۈگرى، شاگبىبى دېگەن ئىككى يولباشچىسى چىقىشالماي، ھەر يىلى ئۇرۇشۇۋەرگەن، شاڭكۈگرى شاگبىبىنى يېڭەلمەي، غەرب تەرەپكە قېچىپ، گەنجۇ، ئېۋىرغول، قوجۇلاردىن ئۆتكەن، ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە بۇيرۇق بېرىپ، يول بويى ئوت قويۇپ، خېشى كارىدورىغا ۋە غەربىي يۇرتقا غايەت زور بالايىئاپەت كەلتۈرگەن.

مىلادىنىڭ 866 ـ يىلى، ئەتىيازدا، ئۇلۇغ سانغۇن بارغۇت تېكىن پانتېكىن قاغاننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن لەشكەر باشلاپ شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، قوچۇ ئايمىقىنى تۈبۈتلەرنىڭ قولىدىن قايتا تارتىۋالغان، يەنە قىرغىزلارنىڭ قولىدىن جىڭجېن ( ھازىرقى ماناس )، بۇگۇر ( ھازىرقى ئۈرۈمچى ) ۋە بەشبالىقنى تارتىۋالغان. پانتېكىن قاغان بارغۇت تېكىننى بەشبالىقنىڭ يولباشچىسى قىلىپ تەيىنلىگەن.

مىلادىنىڭ 870 ـ يىلى، پانتېكىن قاغان قول ئاستىدىكىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئەنشى ئۇيغۇر خانلىقى پارچىلانغان. شىمالىي قىسمىدا قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ( بۇلار ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى دەپمۇ ئاتىلاتتى. تەڭرىتاغنىڭ شىمال تەرىپىدىكى بەشبالىق ئۇيغۇرلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى )، كۈسەن ئۇيغۇرلىرى بار ئىدى، جەنۇب تەرەپتە ئۇدۇن خانلىقى تەۋەلىكىدىكى شىنفۇ ئايمىقى ئۇيغۇرلىرى، ئۇدۇن خانلىقىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى سىرىق ئۇيغۇرلار بار ئىدى.

پانتېكىن غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرىلا، ئۇيغۇرلار تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا نەچچە يۈز يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان. تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا ۋە جەنۇبىي قىسمىدا 40 نەچچە يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئۇيغۇر كۆچمەنلىرى ھەممىلا يەرگە تارقالغان. ئۇيغۇرلاز غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، سان جەھەتتە تازا كۆپەيگەن. پانتېكىن خېلى چوڭ بىر خانلىق قۇرغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتۇغات نام بېرىشىگە ئېرىشىپ زور تەسىرگە ئىگە بولغان. ئۇيغۇرلار بىلەن تۈركلەر تىل ۋە ئۆرپ-ئادەت جەھەتتە ئوخشىشىپ كېتەتتى، شۇڭا، نۇرغۇن تۈركلەر تېزلىكتىلا ئۇيغۇرلارغا ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ بىر مەزگىل تۈركلەر تېزلىكتە ئازىيىپ كېتىش، ئۇيغۇرلار تېزلىكتە كۆپىيىپ كېتىشتەك ئەھۋال كۆرۈلگەن. شۇڭا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە، ئۇيغۇرلار تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئاساسلىق مىللەت بولۇپ قالغان.

## §4 غەربىي يۇرتنىڭ سۇي، تاڭ سۇلالىرى دەۋرىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئەھۋالى

ۋېي، جىن سۇلالىلىرى ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، غەربىي يۇرت تەڭرىتېغىنى چېگرا قىلغان ھالدا ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى بىر-بىرىنىڭكىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان ئىككى رايونغا بۆلۈنۈپ كەتكەن. تەڭرىتېغىنىڭ شىمال تەرىپىدىكىلەر چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكىلەر دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئەمما سۇي، تاڭ دەۋرلىرىگە كەلگەندە بۇنداق ئەھۋال خېلىلا ئۆزگەرگەن، تەڭرىتېغىنىڭ شىمال تەرىپىدىمۇ دېھقانچىلىق رايونلىرى بارلىققا كەلگەن، ئۇ يەردە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەسكەرلىرى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، خەنزۇلار يەر تېرىپلا قالماي، تېلىلارنىڭ بىرمۇنچە قەبىلىلىرىمۇ زىرائەت تېرىشقا ئۇستا بولۇپ كەتكەن. تۈركلەرنىڭمۇ

بىرمۇنچىسى دېھقانچىلىق قىلىشقا باشلىغان . بۇ ناھايىتى مۇھىم ئۆزگىرىش ئىدى . بۇ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش جەھەتتىكى پەرقىنى بارغانسېرى كىچىكلەتكەن ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئىقتىسادىي سىستېما بولۇشى ھەمدە مىللەتلەرنىڭ يېقىنلىششى ۋە سىڭىششى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەرگەن .

قۇرغاقچىلىق بولۇپ تۇرىدىغان غەربىي يۇرتتا ، سۇ قۇرۇلۇشى دېھقانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى ئىدى . تۇرپاندىكى قەدىمىي قەبرىستانلىقتىن قېزىۋېلىنغان ۋەسىقىلەردىن قارىغاندا ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوجۇ ئايمىقىدىكى سۇچىلىق ئىشلىرى قالتىس تەرەققىي قىلغان . تاڭ سۇلالىسىنىڭ نوپۇس دەپتىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە قوجۇ ئايمىقىدىكى دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىلگەن يەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆستەڭ ياقىسىدا ئىكەن ، بەزىلەرنىڭ يەرلىرىنىڭ ئۈچ تەرىپى ئۆستەڭگە تۇتىشىدىغان بولۇپ ، سۇغىرىشقا ناھايىتى ئەپلىك ئىكەن . مىلادىنىڭ 732 - يىلى قوجۇ ئايمىقىنىڭ ئىدىقۇت ناھىيىسىدىلا ئۈچ « مىراب » بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىككىسى خەنزۇ ئىكەن ، ئۇلاردىن بىرىنىڭ ئىسمى ياڭ جيايۈن ، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى گوۋ چيەنچۈن ئىكەن . يەنە بىرى تۈركلەرنىڭ چارلىغۇچى يولباشچىسى قۇلۇغۇس ئىكەن . سۇ بېگىنىڭ قول ئاستىدا دائىرىلەر بويىچە سۇ تۇتۇشقا مەسئۇل بولىدىغان بىرمۇنچە « كۆكبېشى » بولغان . كۆكبېشى ئىشلەيدىغان جايلاردا ئېلان چىقىرىلىدىغان ئورۇنلار بولۇپ ، ئۇ يەرگە دېھقانلارنىڭ ئىسىم فامىلىسى ۋە يېرىنىڭ كۆلىمى يېزىلغان تاختا ئادەتتە تەتۈر ئېسىپ قويۇلاتتى . سۇ تۇتۇش نۆۋىتى كىمگە كەلسە ، شۇ كىشىنىڭ تاختىسى ئۆرۈپ قويۇلاتتى . بۇ « گەۋە تاختىسى » دېيىلەتتى . مىلادى 732 - يىل 8 - ئايدا يېزىلغان بىر ۋەسىقىدە ئېيتىلىشىچە ، ئىدىقۇت ناھىيىسىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى سىڭگىم تەۋەسىدە 16 قاش بولۇپ ، بۇنى ياساش ئۈچۈن 600 ئەمگەك كۈچى كەتكەن ؛ ئىدىقۇت ناھىيىسىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى زەيلىك ئېرىق ، غول ئۆستەڭنى ياساش ئۈچۈن 850 ئەمگەك كۈچى كەتكەن . 8 -

ئاي دەل تەگرىتېغىدا يامغۇر كۆپ ياغىدىغان، قار ئېرىيدىغان، زىرائەت سۇغا تەشنا بولىدىغان مەۋسۇم بولغاچقا، مىراب ياڭ جىيۇن بىلەن گۇڭ چيەنچۈن يۇقىرىنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى نىزاملار بويىچە، قاش ۋە ئۆستەڭلەرنى ياساش ئۈچۈن ئەمگەك كۈچى يۆتكەپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. كۇسەندە غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ قارىمىقىدا «ئادالاش – كولاش ئۇرنى» دەيدىغان بىر مەخسۇس سۇچىلىق ئاپپاراتى قۇرۇلغان. «ئادالاش» سۇنى راۋانلاشتۇرۇش دېگەن بولىدۇ. «كولاش» كېڭەيتىش دېگەن بولىدۇ. ئادالاش – كولاش ئۇرنى سۇنى راۋانلاشتۇرىدىغان ۋە ئۆستەڭ چاپىدىغان، قاش ياسايدىغان مەخسۇس ئاپپارات ئىدى. قوجۇ بىلەن كۇسەنىنىڭ سۇچىلىق ئىشلىرى ئوبدان يولغا قويۇلغانلىقى ئۈچۈنلا، زىرائەت ئۈچ قېتىم سۇغىرىلىدىغان بولغان، ھو-سۇلمۇ يۇقىرى مەمۇرىچىلىق بولغان. تاڭ راھىبى شۈەنزاڭنىڭ غەربىي يۇرت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆرپ – ئادىتى ۋە مىجەز – خۇلقى توغرىسىدىكى با-يانلىرىغا ئاساسەن يېزىلغان «غەربكە ساياھەت» دېگەن كىتابتا قارغىلىق خانلىقى، يېڭىسار خانلىقى دائىرىسىدە سۈيىنى چىقىرىپ يەر سۇغارغىلى بولىدىغان دەريا بار، شۇڭا ئۇ يەرلەردە زىرائەت ئوخشايدۇ، ھەممىلا يەردە قوغۇنلۇق، باغ – ۋارانلار بار، دېيىلگەن. سۇ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى شۇ خانلىقلارنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا نۇرغۇن پايدا كەلتۈرگەن.

بۇ دەۋردە غەربىي يۇرتنىڭ يىپەكچىلىك، باپكارچىلىق كەسىپلىرى تازا تەرەققىي قىلغان. سۇلى، كۇسەن، ئىدىقۇت شەھەرلىرىدە شۇ ۋاقىتلاردا تاۋار – دۇردۇنلار كۆپ توقۇلاتتى. بۇ مەھسۇلاتلار غەربىي يۇرتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سېتىلىپلا قالماي، پۇلغا ئوخشاش رول ئوينايتتى، ئېلىم – بېرىم، سودا – سېتىق جەھەتتە كۆپىنچە سۇلى كىمخابى، كۇسەن كىمخابى، ئىدىقۇت كىمخابى ئاساسىي باھا قىلىناتتى. تۇرپاندىن «چۈي قىزىنىڭ قەبرە تاختىسى» قېزىۋېلىنغان. ئۇنىڭدا چۈي قىزىنىڭ كەچۈرمىشلىرى بايان قىلىنىپ: «بۇ قىز ئاخشاملىرى قاشتېشىدەك سۈپسۈزۈك موكىنى ئوينىتىپ، دەستىگاھتىكى قىزىل يىپتىن سۇقسۇرنىڭ سۈرىتىنى توقۇپ چىقىراتتى» دېيىلىدۇ. چۈي قىزى

مىلادىنىڭ 715 ـ يىلى ئۆلگەن. قەبرە تاختىسىدىكى بۇ ئىككى جۈملە سۆزدە قوجۇنىڭ ئائىلىلەردە كىمخاب توقۇش ئەھۋالى تەسۋىرلەنگەن. كۇچادىن قېزىۋېلىنغان تاڭ سۇلالىسىگە دائىر بىر ۋەسىقىدە ئېيتىلىشىچە، بىر قېتىملىق ھەربىي ھەرىكەت تۇپەيلىدىن كۇسەننىڭ مەلۇم بىر يېرىدىكى ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئەتىيازلىق كىيىم ئۈچۈن 100 گەزدىن رەخت سېلىق سېلىنغان. تاغار (بۆز تاغار) سېلىقى توغرىسىدىكى بىر ۋەسىقىدە ئېيتىلىشىچە، قوجۇدا بىر قېتىمدا 270 نەچچە تاغار سېلىق سېلىنغان. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، قوجۇدا خەقنىڭ ئۆيلىرىدە باپكارلىق قول سانائىتى خېلى تەرەققىي قىلغان.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكى يىپەك يولىنىڭ گۈللىنىشىگە ئىنتايىن پايدىلىق بولغان. تاڭ سۇلالىسى جۇڭگو بىلەن غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش ئالاقىسىنى ئاسانلاشتۇرۇش، ئىچكى جايلار بىلەن غەربىي يۇرت ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ئالاقىنى ئىلگىرىلىتىش ئۈچۈن، تەڭرىتاغنىڭ شىمال تەرىپىدە «سۇيئاب يولى» نى ئاچقان. بۇ يول تاشقوۋۇقتىن باشلىنىپ، ئېۋىرغول، بەشبالىق، بۇگۇر (ئۈرۈمچى) ئارقىلىق بۇغدا كۆلى (سايرام كۆلى) ئەتراپىغا تەڭرىتاغدىن ھالقىپ، يەنە كۆنەس قەلئەسى (ھازىرقى توققۇز تارا ناھىيىسى ياماتۇ ئەتراپى) دىن ئۆتۈپ سۇيئاب (ھازىرقى قازاقىستاننىڭ چۇ دەرياسى بويىدىكى توقماق دېگەن يېرى) قا بېرىپ، يەنە غەربىي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ پېرسىيە (ھازىرقى ئىران)، تاجىكىستان (ھازىرقى ئەرەبىستان) غا، كونىستانتىنوپول (ھازىرقى شەرقىي رىم) غا باراتتى. تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب تەرىپىدە «ئەنشى يولى» ئېچىلغان. بۇ يول ياڭگۇەن قوۋۇقىدىن چىقىپ، قوجۇ، كىنگىت، كۇسەن (غەربىي تىنچلاندۇرغۇچى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق جاي)، سۇلى ئارقىلىق پامىر ئېگىزلىكىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، پېرسىيىگە، ئەرەبىستانغا، كونىستانتىنوپولغا ۋە ھىندىستانغا باراتتى. يەنە بىر يول كوئىنلۇن تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىنى بويلاپ ماڭىدىغان «جەنۇبىي يول» بولۇپ، بۇ يول ياڭگۇەن قوۋۇقىدىن چىقىپ، كىرروران، ئۇدۇن

ئارقىلىق شىمالغا قاراپ سۇلىغا بېرىپ، ئەنشى يولىغا قوشۇلاتتى. تاڭ سۇلالىسى يىپەك يولىنىڭ ھەرقايسى نۇقتىلىرىدا — بۇگۇر (ئۈرۈمچى)، كۇسەن، ئۇدۇن، سۇلىدىن ئىبارەت تۆت يەردە باج چازىسى قۇرغان. يىپەك يولى راۋان بولغاندا، ئىچكى جايلارنىڭ نۇرغۇن يىپەك رەختلىرى غەربىي يۇرتقا توشۇلغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر شائىر جاڭ جى ئۆزىنىڭ بىر كۇپلېت شېئىرىدا مۇنداق دەپ يازغان:

پەس ئۇچىدۇ تۇرنىلار ھەر كۈنى كەچتە،
كۆكلەيدۇ قومۇچلار ھەر يىلى كۆلدە.
تۆگىنىڭ گۇدۇڭىدىن كېلىدۇ خەۋەر،
توشۇلىدۇ يىپەك رەخت شەھىرى ئەنشىگە.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەربىي يۇرتنىڭ تۆگىلىرى، ئاتلىرى، قاشتېشى، لەئىلە - ياقۇتلىرى سەددىچىن سېپىلى ئىچىگە كۆپلەپ توشۇلغان.

دۇفۇ ئۆزىنىڭ بىر كۇپلېت شېئىرىنىڭ باش مىسراسىدا مۇنداق دەپ يازغان:

كۇڭتۇڭ تېغىنىڭ مەشرىقى كۈنلۈن تېغىدۇر،
غەربىي يۇرتنىڭ ئاتلىرى ئەل بايلىقىدۇر.

دۇفۇنىڭ يەنە بىر كۇپلېت شېئىرىدا مۇنداق دېيىلگەن:

يۇرتىمىزغا كۆپلەپ كەلدى قىرغىز تېشى،
كىلگىت دەريا مەشرىقىنىڭ نېرىسىدىن،
غەربىي يۇرت ئەلچىلىرىمۇ ئېلىپ كىرگەن ئۇلارغا،
رەھمەت ئېيتىپ پادىشاھ بەردى تۇمەن توپ تاۋار.

ۋۇزېتيەن زامانىدا پېيى جۇشيەن ئىسىملىك بىر ياش چوڭ دادىسى پېيى يەنە ۋۇزېتيەنىنىڭ پادىشاھ بولۇشىغا قارشى تۇرغانلىقتىن بەشبالىققا سۈرگۈن قىلىنىپ، ئۇ يەردە بەش يىل تىجارەت قىلىپ، ناھايىتى نۇرغۇن

مال - مۈلۈككە ئىگە بولغان، ئۆيىدە نەچچە مىڭ يۇندىخورنى باققان. بەشبالىقتىن چاڭئەنگە، ھەتتا شەرقىي ئاستانە لوياڭغا بارغۇچە ھەممە رابات ۋە سارايلاردا ئۆزىگە كۆز - قۇلاق بولىدىغان ھارام تاماق يۇندىخورلارنى قويغان. خان ئوردىسىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى پېيى جۇشيەن ئۇدۇللۇق بىلىپ تۇرغان. ۋۇزېتيەن ھەرقايسى جايلاردىكى سۇرگۇنلەرنى پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرگەندە، پېيى جۇشيەن قۇتۇلۇپ قالغان.

غەربىي يۇرتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇسسۇل ئوينىيالايدۇ. ئۇلارنىڭ مۇزىكىلىرى ناھايىتى يېقىملىق. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردىسىدىكىلەر كۇسەن مۇزىكىسىغا، ئىدىقۇت مۇزىكىسىغا، سۇلى مۇزىكىسىغا بەك ئامراق ئىدى. غەربىي يۇرتنىڭ بۇ مۇزىكىلىرى سەددىچىن سېپىلى ئىچىدىكى جايلارغا كەڭ تارقالغان. سۇغدىلار « ئۇيغۇرلارنىڭ قۇيۇن ئۇسسۇلى » نى ئويناشقا ئۇستا ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئۇسسۇلىمۇ ئىچكى جايلاردا ئالقىشقا سازاۋەر بولغان. نۇرغۇن سۇغدى سەنئەتكارلىرى ئىچكى جايلارغا بېرىپ، ئۆز ماھارىتىنى كىشىلەرگە ئۆگەتكەن. ئۇلار رەڭگا رەڭ كىيىملەرنى، قونجى ئۇزۇن ئۆتۈكلەرنى كىيىپ چىرايلىق، يوغان ئۇدۇن گىلەملىرى ئۈستىدە قۇيۇندەك پىرقىراپ، تاماشىبىنلارنىڭ كۆزلىرىنى ئالا چەكمەن قىلىۋېتەتتى. كۇسەن خانلىقى ھەر يىلى 7 - ئايدا ئاممىۋى تاماشا ئۇيۇشتۇراتتى، كىشىلەر يۈزلىرىگە نىقاب تارتىپ، جىن - شەيتان قىياپىتىگە كىرىپ ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ سورۇنلارنى قالتىس قىزىتىۋېتەتتى. بۇ ئادەت ئىچكى جايلارغىمۇ كىرىپ، خەنزۇلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان. بۈگۈنكى كۈندىمۇ ھە رىيلى چاغان بايرىمىدا بەزى كىشىلەر يۈزىگە نىقاب تارتىپ ئۇسسۇل ئويناپ، قىزىقچىلىق قىلىدۇ. غەربىي يۇرتلۇقلار شىر ئۇسسۇلى ئويناشنىمۇ ياخشى كۆرەتتى، شىرنىڭ بېشىنى ياغاچتىن ياسايتتى، كۆزىگە ئالتۇندىن ھەل بېرەتتى. چىشلىرىغا كۈمۈشتىن ھەل بېرەتتى، پۈتۈن بەدىنىنىڭ تۈكىنى يىپەكتىن ياسايتتى. ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ئىككى بالا شىرنى قىزىقتۇرىدىغان تۈرلۈك ھەرىكەتلەرنى قىلاتتى. بۇنداق شىر ئۇسسۇلى ئىچكى جايلارغىمۇ تارقىلىپ،

خەنزۇلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان. بۈگۈنكى كۈندە شىر ئۇسۇلى چاغان بايرىمىدا كەم بولسا بولمايدىغان كۆڭۈل ئېچىش نومۇرى بولۇپ قالدى.

سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە، ئىچكى جايلارنىڭ رەسىم سىزىش سەنئىتى غەربىي يۇرتقا كىرگەن. تۇرپان قەبرىستانلىقىدىن شايىگە سىزىلغان بىرنەچچە رەڭلىك رەسىم تېپىلغان. رەسىمدىكىلىرى تازا يېتىلگەن، چىرايلىق كىيىنگەن خېنىملار بولۇپ، ئۇنىڭدا پۈتۈنلەي تاڭ سۇلالىسى كىشىلىرىنىڭ سالاپىتى ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭدا يەنە چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىپ شاھمات ئويناۋاتقان ئايال، كۈچۈكنى قۇچاقلاپ تۇرغان ئوماق بىر بالا بار، ئۇلار خۇددى تىرىكتەكلا كۆرۈنىدۇ. بۇ رەسىملەرنىڭ ھەممىسى جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى رەسىم سىزىش ئۇسۇلى بىلەن سىزىلغان. تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى مىڭئۆيلەرگە سىزىلغان تام سىزمىلارنىڭ، سۈرەتلەردىكى تاغ - دەريالارنىڭ، راۋاق، دەل - دەرەخ، قۇش - ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىدە مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى جايلىرىدىكى سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگە ئائىت رەسىملەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىپادىلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا غەرب ئەللىرىنىڭ رەسساملىق سەنئىتىمۇ ئىچكى جايلارغا كىرگەن. ئۇدۇندا ۋايجىرا ۋېچىر ئىسىملىك بىر كاتتا رەسسام بولۇپ، ئۇ چاڭئەنگە كەلگەندىن كېيىن مەشھۇر ئىبادەتخانىلاردا تۆت ماخاراجانىڭ رەسىمىنى خۇددى تىرىكتەكلا سىزغان. بولۇپمۇ شىمال ماخاراجاسى ( شىمال ماخاراجاسى پىسامۇن ماخاراجاسى دەپمۇ ئاتىلاتتى، ئۇ ئۇدۇن خانلىقىنىڭ ئىلاھى ئىدى ) خۇددى تامدىن سەكرەپ چۈشىدىغاندەكلا تۇرغان. ئەسلىدە ئۇنىڭدا غەرب ئەللىرىنىڭ رەسساملىق ماھارىتى قوللىنىلغان بولۇپ، رەڭنىڭ قېنىق - سۇسلۇقى، پېرسوناژنىڭ ستېرېئولۇقى كارامەت تەسىرلىك بولغان.

مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئاشۇنداق ئۆزئارا ئۆگىنىپ، بىر - بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيىتىنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇپ كەلگەن.

## بەشىنچى باب

# چىڭگىزخاننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ غەربىي يۇرتتا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى

## 1§ . غەربىي لياۋ خانلىقى قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى غەربىي يۇرت

مىلادى 907 ـ يىلى ، مىلىتارىست جۇۋېن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىپ ، كېيىنكى لياڭ پادىشاھلىقىنى قۇردى . 16 يىلدىن كېيىن چۆل تۈركلىرىنىڭ سەركەردىسى لى سۈنشۆي كېيىنكى لياڭ پادىشاھلىقىنى ئاغدۇرۇپ ، كېيىنكى تاڭ پادىشاھلىقىنى قۇردى . مىلادى 936 ـ يىلى ، شى جىڭتاڭ كېيىنكى تاڭ پادىشاھلىقىنىڭ ئورنىغا كېيىنكى جىن پادىشاھلىقىنى دەسسەتتى . شى جىڭتاڭ ئۆلگەندىن كېيىن مىلادى 947 ـ يىلى ، مىلىتارىست ليۇجىيۈەن پادىشاھ بولۇپ ، كېيىنكى خەن پادىشاھلىقىنى قۇردى . ئۈچ يىلدىن كېيىن ، چوڭ سانغۇن گوۋېي كېيىنكى خەن پادىشاھلىقىنى ئاغدۇرۇۋېتىپ كېيىنكى جۇ پادىشاھلىقىنى قۇردى . مانا بۇ تارىختىكى « بەش پادىشاھلىق » تۇر .

بەش پادىشاھلىقنىڭ ھەممىسى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى كىچىك سۇلالىلەر بولۇپ ، ئۇلار ئىچىلىپلا توزۇپ كېتىدىغان ھۆرىگۈلگە ئوخشاش بولدى : بەزىلىرى ئۈچ يىل ، بەزىلىرى 16 يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىدى ، ئۇلار غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ۋاقتىمۇ چىقىرالمىدى ، مادارىمۇ يەتمىدى . ئەينى زاماندا خېشى كارىدورىدىكى تۇبۇت ، ئۇيغۇر ، لوگجيا ، ئونمۇس ، تۈرك ، ئازار قاتارلىق مىللەتلەر دائىم ئۇرۇش قىلىپ تۇرغانلىقتىن ، ئەلچىلەر ۋە سودىگەرلەر قاتنىيالمىدى .

غەربىي يۇرت بىلەن ئىچكى رايونلارنىڭ ئالاقىسى ئازىيىپ كەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بەش پادىشاھلىق دەۋرىدە غەربىي يۇرتنىڭ تارىخىغا دائىر خاتىرىلەر ناھايىتى ئاز بولدى. ئىچكى رايونلار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشى بىرقەدەر قويۇق بولغىنى ئۇدۇن خانلىقىلا بولدى.

مىلادى 938 ـ يىلى، ئۇدۇن پادىشاھى لى شېڭتيەن ( ۋىسارا تەڭرىخان ) كېيىنكى جىن پادىشاھلىقىغا ئەلچى ئەۋەتىپ قاشتېشى، پاختا رەخت قاتارلىق بۇيۇملارنى تارتۇق قىلدى. شى جىڭتاڭ جاڭ كۇاڭيې بىلەن گاۋجۈيخەيىنى ئۇدۇنغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، لى شېڭتيەنگە ئۇلۇغ ئۇدۇن پادىشاھى، دەپ نام بەردى. لى شېڭتيەن خەنزۇچە كىيىنىپ، خەنزۇ پادىشاھىغا ئوخشاش تاج كىيىپ، خەنزۇ پادىشاھىنىڭكىگە ئوخشاش ئوردىدا ئولتۇرۇپ، ئىچكى رايونلارنىڭ مەركىزى خاندانلىقىغا ئوخشاش يىلنامە قوللاندى، يەنە تېخى شاجۇ ( گەنسۇدىكى دۇنخۇاڭ ) دىكى بەيئەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ھېراۋۇلى ساۋيىجىننىڭ قىزىنى نىكاھىغا ئېلىپ، تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن « مىسلىسىز بۈيۈك پادىشاھ » دەپ ئاتالدى. ئۆز دۆلىتىنى تاڭ سۇلالىسى تېررىتورىيىسىنىڭ بىر قىسمى دەپ، ئۆزىنى بولسا تاڭ سۇلالىسى خان جەمەتىنىڭ تۇغقىنى دەپ ئېتىراپ قىلدى، شۇنداق قىلىپ « لى » دېگەن فامىلىنى قوللاندى. يەنە تېخى تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۈزۈمى بويىچە، ئۆز دۆلىتىدە يىنجۇ، لۇجۇ، مېيجۇ ئايماقلىرىنى تەسىس قىلدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئىچكى جايلاردىكى خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىدە لى شېڭتيەننىڭ سۈرىتى ھازىرغىچە ساقلانماقتا، ئۇنىڭ كىيىملىرى تاڭ پادىشاھىنىڭكىدىن زادىلا پەرقلەنمەيتتى.

قەدىمكى ئۇيغۇرچە تارىخىي ماتېرىياللاردىن ۋە غەربنىڭ تارىخىي خاتىرىلىرىدىن شۇنى بىلىمىزكى، بەش پادىشاھلىق دەۋرىدە تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي قىسمى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ بىر ئۇيغۇر دۆلىتى بولغان. چەت ئەل تارىخشۇناسلىرى ئۇنى « قاراخانىيلار سۇلالىسى » دەپ ئاتايدۇ. بۇ سۇلالە تەخمىنەن 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قۇرۇلغان. ئۇيغۇر خانلىقى يوقىتىلىپ، قىرغىزلار

بەشبالىقنى ۋە ئەنشى ( كۇچا ) نى ئىگىلىگەن چاغدا ، بالاساغۇن شەھىرى ( ئىسسىق كۆلنىڭ غەربىدىن يىراق بولمىغان جايدا ) نى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان ئۇيغۇرلار سانغۇنى بىلگە ئۆزىنى كۆل قادىرخان دەپ ئاتاپ ، بالاساغۇن شەھىرىدە پايتەخت قۇردى . بىلگىنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ ، بىرى بازىر ، يەنە بىرى ئوغۇلچاق ئىدى . بىلگە ئۆلگىنىدىن كېيىن ئىككى ئوغلى ئۇنىڭ خانلىقىنىڭ زېمىنىنى بۆلۈشتى . بازىر ئۆزىنى ئارسلانخان ( شىرخان ) دەپ ئاتاپ ، يەنىلا بالاساغۇن شەھىرىنى پايتەخت قىلىپ تۇرۇپ ، غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ شەرقىي قىسمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى ؛ ئوغۇلچاق بولسا ئۆزىنى بۇغراخان ( نار تۆگە پادىشاھ ) دەپ ئاتاپ ، تالاس ( بۈگۈنكى قازاقىستاندىكى تالاس ) تا ئوردا قۇرۇپ ، غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ غەربىي قىسمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى . ئوغۇلچاق ئۆلگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ جىيەنى ساتۇق تەختكە ۋارىسلىق قىلدى ، ئۇ دۆلىتىنىڭ نۇرغۇنلىغان پۇقرالىرى بىلەن بىللە مانى دىنى ۋە بۇددا دىنىغا بولغان ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى . مىلادى 944 ـ يىلى ، ساتۇق شەرققە يۈرۈش قىلىپ ، بالاساغۇن شەھىرىدە شەرقىي تەرەپتىكى ئارسلانخاننى مەغلۇپ قىلدى . ئۇنىڭ ئوغلى بايتاش قاغان بولۇپ ، شەرقىي قىسمىنى ئۆزىنىڭ زېمىنىغا قوشۇۋېلىپ ، غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ، كۈندىن ـ كۈنگە قۇدرەت تاپتى . 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگە كەلگەندە ، غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتى سۇلى خانلىقىنى ئىستېلا قىلىپ ، سۇلى شەھىرىنى قەشقەر شەھىرى دەپ ئاتاپ ، ئۇنى ئۆزىنىڭ شەرقىي پايتەختى قىلدى . غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ نۇرغۇن قاغانلىرى « قارا خان » ( چوڭ خان ) دېگەن نام بىلەن ئاتالغانلىقتىن ، بەزى كىشىلەر غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتىنى « قارا خانىيلار سۇلالىسى » دەپ ئاتايدۇ . غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ بىر مۇنچە قاغانلىرى ئەينى ۋاقىتتا يەنە « تابغاچخان » دېگەن نام بىلەن ئاتالغان . غەربلىكلەر جۇڭگونى ۋە خەنزۇلارنى « تابغاچ » دەپ ئاتايدۇ . شۇڭلاشقا ، غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ جۇڭگونى ۋەتىنىمىز دەپ قارىغانلىقى تۇرغان گەپ . غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتى ئۇدۇن خانلىقىنىڭ لى ( ۋىسارا )

قامىلىلىكلەر خاندانلىقىنى يۇتۇۋېتىپ، سۇڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ تارتۇق يوللاپ، سۇڭ سۇلالىسى پادىشاھىنى « تاغا بېگىم » دەپ ئاتىغان. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكىنى، بۇرۇنقى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئېنىق خاتىرىلەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدىكى لياۋخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا ياشىغان قىتانلار كۈچەيدى. مىلادى 916 ـ يىلى، ئۇلارنىڭ يول باشچىسى ياللىغ ئاپاگى ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئاتاپ، قىتان دۆلىتىنى قۇردى.

مىلادى 960 ـ يىلى، قىتان قوشۇنلىرى كېيىنكى جۇ پادىشاھلىقىغا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قىلدى. ياش پادىشاھ جۇگۇڭ بىلەن خان ئانا باش سانغۇن جاۋ كۇاڭيىننى قوشۇن باشلاپ قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئەۋەتتى. ئۇ شۇ كۈنى كەچتە چېن چاۋ راباتىغا يېتىپ كېلىپ، قوراللىق ئىسيان كۆتۈرۈپ سېرىق تون كېيىپ، يار ـ يۆلەكسىز قالغان ئانا ـ بالىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تارتىۋېلىپ، پادىشاھ بولۇپ، سۇڭ سۇلالىسىنى قۇردى.

مىلادى 981 ـ يىلى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر پادىشاھى ئادۇدۇ قاتارلىق 42 كىشىنى سۇڭ سۇلالىسىگە ئەلچى قىلىپ تارتۇق ئەۋەتتى ھەمدە سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھىنى « تاغا » دەپ، ئۆزىنى بولسا، « قوجۇدىكى جەيەن شىرخان ئارسلانخان » دەپ ئاتىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ « شىر » دېگىنى « ئارسلان » دېگىنى. دېمەك، « ئارسلانخان » دېگەنلىك « شىرخان » دېگەنلىك بولىدۇ. سۇڭ تەيزۇڭ ئۇيغۇر پادىشاھىنىڭ ياخشى نىيىتىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن، شۇ يىلى 5 ـ ئايدا ( سۇڭ سۇلالىسىنىڭ تەيزۇڭ خانى ) ۋاڭ يەندې بىلەن بەي شۈننى ئىدىقۇت خانلىقىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. مىلادى 984 ـ يىل 4 ـ ئايدا، ۋاڭ يەندې بىلەن بەي شۈن بېيەنجىڭ ( كەيفېڭ ) غا قايتىپ كەلدى. بېرىپ ـ كېلىشكە تۆت يىل ۋاقىت كەتتى. ۋاڭ يەندې بۇ قېتىمقى ئەلچىلىككە چىقىش ئارقىلىق، بىر پارچە ماقالە يېزىپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئازسانلىق

مىللەت رايونلىرىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى تەپسىلىي سۆرەتلەپ بەرگەن. ئىدىقۇت ئۇيغۇر پادىشاھى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى ئەسلىگەن، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ باي ۋە ئاۋات، خاتىرجەم ئىكەنلىكىنى مەدھىيىلىگەن.

12 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، قىتانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان جۇرجىتلار شەرقىي شىمالدا باش كۆتۈردى. مىلادى 1114 ـ يىلى سەركەردە ۋەنيەن ئاگۇدا لياۋ قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى، ئىككىنچى يىلى پادىشاھ بولۇپ، جىن دۆلىتىنى قۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن، جىن دۆلىتىنىڭ قوشۇنلىرى قىتانلار دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلىۋېرىپ، ئۇنىڭ زېمىنىنىڭ كۆپ قىسمىنى تارتىۋېلىپ، ئۇنى ھالىدىن كەتكۈزدى. قىتان ئاقسۆڭەكلىرىدىن يوللىغ تاشىن تيەنزۇخان بىلەن زىتلىشىپ قالغانلىقتىن، مىلادى 1124 ـ يىلى ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلاپ، قوشۇن تارتىپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، تۇلا دەرياسى ۋادىسىدىكى خاتۇنبالىققا كېلىپ، يەتتە ئايماق، 18 قەبىلىنىڭ قۇرۇلتىيىنى ئېچىپ، 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇن يىغىپ، قولدىن كەتكەن يەرلىرىنى قايتۇرۇۋېلىشقا، قىتانلار دۆلىتىنى قايتا گۈللەندۈرۈشكە تەييارلاندى. مىلادى 1125 ـ يىلى جىن دۆلىتىنىڭ قوشۇنلىرى قىتانلارنى يوقاتتى. مىلادى 1130 ـ يىلى، يوللىغ تاشىن شەرقتە قۇدرەتلىك جىن دۆلىتى بىلەن ئۇرۇش قىلساق يېڭىلىپ قالىمىز، دەپ ئويلاپ، غەربكە ھەربىي يۈرۈش باشلىدى، ئالدى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ پادىشاھى بىلگىگە خەت يېزىپ، يولدىن ئۆتۈۋېلىش توغرۇلۇق ئىجازەت ئالغانىدى. بىلگە ئۇنى قارشى ئېلىپ بەشبالىقتىن خان سارىيىغا باشلاپ كىرىپ، 3 كۈن زىياپەت بەردى، 600 ئات، 100 تۆگە، 3000 قوي تەقدىم قىلىپ، چېگرىسىنىڭ سىرتىغىچە قىزغىن ئۇزىتىپ قويدى. يوللىغ تاشىن ئېمىلغا كېلىپ، بۇ يەرنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت، سۈيى، ئوت ـ چۆپلىرى مول، مەنزىرىسى ئېسىل ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، بۇ يەرگە بىر چوڭ شەھەر بىنا قىلىپ، ۋاقىتلىق ئولتۇراقلاشتى، ئاھالىلىرى كۆپىيىپ، 40 نەچچە مىڭغا يەتتى. بۇ چاغدا غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنىڭ زېمىنىدىكى قارلۇق ۋە قاڭلى قەبىلىلىرىنىڭ زۇلمىغا چىدالماي، يوللىغ تاشىنى بالاساغۇنغا

تەكلىپ قىلىپ، تەختنى ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈپ بېرىشنى جاكارلايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. يوللىغ تاشىن بالاساغۇن شەھىرىگە كېلىپ، بالاساغۇننىڭ ئىسمىنى قۇز ئوردۇ دەپ ئۆزگەرتىپ، قىتانلار دۆلىتىنى قۇرۇپ، گۇرخان ( چوڭ پادىشاھ ) دەپ ئاتالدى. پۇقرالىرىنى كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيتىپ، بارغانسېرى كۈچەيدى، قوشۇن ئەۋەتىپ قەشقەر ۋە خوتەننى ئىگىلىۋالدى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى يوللىغ تاشىننى ئۇزىتىۋېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئۇنىڭ ئەسلىدە بۇ يەردە تۇرۇشقا ئەۋەتكەن ئۈچ نازارەتچىسىنى باغلاپ، جىن دۆلىتىگە ئەۋەتىپ بەردى. يوللىغ تاشىن مىلادى 1137 ـ يىلى شەرققە قاراپ قوچۇغا يۈرۈش قىلىپ، بەشبالىقنى ئىگىلىدى. ئۇيغۇر پادىشاھى تەسلىم بولدى. خان دەپ ئاتالماي، « ئىدىقۇت » دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. مىلادى 1141 ـ يىلى، يوللىغ تاشىن ماۋرائۇننەھر ( ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى ئارىلىقىدىكى تۈزلەڭلىك ) گە يۈرۈش قىلدى، غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ قاغانى مەھمۇد بىلەن سالجۇق تۈركلىرىنىڭ سۇلتانى ( پادىشاھى ) سانجار 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ كېلىپ، ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش قىلدى. ئىككى قوشۇن ئۆز كەنت ( ھازىرقى ئۆزبېكىستان ) نىڭ سەمەرقەند شەھىرىنى جەڭ مەيدانى قىلدى. قىتان ئەسكەرلىرى دۈشمەنلىرىنىڭ كۈچىنى كۆرۈپ بەك ھودۇقۇپ كەتتى. يوللىغ تاشىن: « دۈشمەن گەرچە كۆپ بولسىمۇ، جاسارەتلىك بولسىمۇ پاراستى يوق، بىزنىڭ قوشۇنىمىز چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ » دەپ، چوڭ سانغۇن شياۋلا بىلەن ياللىغ سۇڭشەننى 2500 كىشىلىك قوشۇن بىلەن بېرىپ دۈشمەننىڭ سول تەرىپىگە ھۇجۇم قىلىشقا، شياۋلا ئابۇ بىلەن يوللىغ مۇشۈنى 2500 كىشىلىك قوشۇن بىلەن، بېرىپ دۈشمەننىڭ ئوڭ تەرىپىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى، ئۆزى قوشۇن باشلاپ بېرىپ، دۈشمەننىڭ قورغىنىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. ئۈچ قوشۇن تەڭ ھەرىكەتكە كېلىپ، شىددەتلىك زەربە بېرىپ، مەھمۇد بىلەن سانجارنى مەغلۇپ قىلدى، سانجارنىڭ ئايالىنى ئەسىرگە ئالدى. غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تارقاق غەربىي قىسىم تېررىتورىيىسىمۇ غەربىي

قىتانلارنىڭ قارام زېمىنىغا ئايلىنىپ قالدى . شۇنىڭدىن كېيىنلا يوللىغ تاشىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىنى بويسۇندۇردى . ئۇ ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يىلى ، ئاخىر ناھايىتى چوڭ غەربىي لياۋ دۆلىتىنى قۇردى . ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى شەرقتە ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى بىلەن چېگرىلىنىدىغان ، غەربتە ئارال دېڭىزى بىلەن چېگرىلىنىدىغان ، شىمالدا ئالتاي تاغلىرىنىڭ شىمالىدىن ھالقىيدىغان ، جەنۇبتا ماۋرائۇننەھر رايونى ۋە كوئىنلۇن تاغلىرى بىلەن چېگرىلىنىدىغان كەڭ جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى . ياللىغ تاشىنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى ئۇسۇلى مۇنداق ئىدى : بېقىندى دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنى ساقلاپ قېلىش ، ئۇلارنىڭ ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ زېمىنى ۋە ئاھالىلىرىنى كونكرېت باشقۇرۇشىغا يول قويۇش ، پەقەت ئۇلارنىڭ غەربىي لياۋ دۆلىتىگە سادىق بولۇشىنىلا تەلەپ قىلىش ، قەرەللىك ھالدا بەلگىلەنگەن مىقداردىكى باج ـ سېلىق ۋە تارتۇقلارنى ئېلىش . غەربىي لياۋ بىر ـ ئىككى نازارەتچى ئەمەلدار قويغانـ دىن تاشقىرى ، بېقىندى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا ئارىلاشمىغانىدى .

## §2 . موڭغۇللارنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ۋە چىڭگىزخاننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى

موڭغۇللار ئەسلىدە موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدىكى ئونون دەرياسى بىـ لەن كېرۇلېن دەرياسى ئارىلىقىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى . 12 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىـ نىڭ ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ، يېزىقلىق ئىگە بولدى ، تۆمۈر قوراللارنى ئىشلىتىدىغان بولدى ، كۈنسايىن كۈچىيىپ باردى . بۆرتچۈن قەبىلىسىنىڭ ئاقسۆڭەكى تېمۇچىن كۈچلۈك كېرەي قەبىلىسىنىڭ ۋاڭ خانىغا ئەگىشىپ ، شەرققە ، غەربكە جازا يۈرۈشى قىـ لىپ ، نۇرغۇن قېتىم خىزمەت كۆرسىتىپ ، موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى

ھەرقايسى قەبىلىلەر ئىچىدە ناھايىتى يۇقىرى ئابروي قازاندى. كېيىن ۋاڭ خان ئۇ ماڭا زىيانكەشلىك قىلىدۇ، دەپ ئەندىشە قىلىپ، ئۇنى قەستلەپ ئۆلتۈرمەكچى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، كىشىلەر ۋاڭ خاننىڭ سۇيىقەستىنى تېمۇچىنگە ئېيتىپ قويدى، شۇ سەۋەبتىن، تېمۇچىن ۋاڭ خان بىلەن ئېلىشىپ ئازغىنا ئەسكىرىي كۈچى بىلەنلا ۋاڭ خاننى يېڭىپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇ كۈچلۈك نايمان قەبىلىسىنى بويسۇندۇردى. ئۇنىڭ يولباشچىسى تاياڭ خاننى تىرىك تۇتۇۋالدى ۋە ئۆلتۈردى. تاياڭ خاننىڭ ئوغلى كۈچلۈك غەربىي لياۋغا قېچىپ كەتتى. مىلادى 1206 ـ يىلى. تېمۇچىن موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك بۆلۈنمە ھالىتىگە خاتىمە بېرىپ، موڭغۇل خانلىقىنى قۇرۇپ، ئونون دەرياسى بويىدا پادىشاھلىققا ئولتۇردى. موڭغۇل قەبىلىلىرى ئۇنى «چىڭگىزخان» دەپ ئاتاشتى. ئۇنىڭ مەنىسى «تەڭدىشى يوق ئۇلۇغ قاغان» دېگەنلىك بولىدۇ.

تېمۇچىن موڭغۇللارنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان چاغدا، قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىدىقۇتى بارچۇق ئارت تېكىن غەربىي لياۋغا بەيئەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى. غەربىي لياۋ قوجۇنى نازارەت قىلىدىغان كەنجى باسقاق بەگ ئەۋەتتى. بۇ نازارەتچى ئاچكۆز، زالىم ئىدى. ئۇ ئۇيغۇرلارنى باج ـ سېلىقلارنى ئاشۇرۇپ تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلايتتى، ئىدىقۇتنى ۋە قوجۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئەمەلدارلىرىنى ھاقارەتلەيتتى. ئۇنىڭ قىلمىشلىرى قوجۇ دۆلىتىنىڭ ھەممىلا يېرىدە زور غەزەپ قوزغىدى. ئۇنىڭ قىلمىشىدىن بىزار بولغان ئىدىقۇت كىشىلەرگە كەنجى باسقاق بەگنى ئۆيگە سولاپ قويۇپ تامنى ئۆرۈشكە بۇيرۇپ ئۆلتۈرگۈزدى. ۋەقەدىن كېيىن ئىدىقۇت چىڭگىزخانغا ئەلچى ئەۋەتتى. كېيىن يەنە ئۆزى چىڭگىزخان ھۇزۇرىغا تەزىمگە بېرىپ، ئۇنىڭغا: «سىز ئەگەر ماقۇل كۆرسىڭىز، مەن سىزنىڭ 5 ـ ئوغلىڭىز بولۇپ، سىز ئۈچۈن چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن بولسام» دەپ تەلەپ قويدى. چىڭگىزخان چوڭقۇر تەسىرلىنىپ، خۇددى ئۆز ئوغلىغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلدى، يەنە قىزىنى ئۇنىڭ نىكاھىغا بېرىشكە ماقۇل بولدى. چىڭگىزخان

سەپەرگە ئاتلانغان چاغدا، ئىدىقۇت 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، موڭغۇل قوشۇنلىرى بىلەن بىللە غەربكە يۈرۈش قىلدى. ئۇ قاتتىق تۈزۈم قوللىنىپ، چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن، چىڭگىزخانغا بەك ياراپ كەتتى.

ئەينى چاغدا، غەربىي لياۋ ھۆكۈمرانىنىڭ ئىسمى چۇلۇق ئىدى. ئۇ ئەيش ــ ئىشرەت، كەيپ ــ ساپاغا بېرىلىپ، دۆلەت خەزىنىسىنى بۇزۇپ ــ چېچىپ ئىسراپ قىلىپ قۇرۇتۇۋەتكەنىدى. كېيىن بېرىپ خەلقنى زۇلۇم ئاستىغا ئالغانىدى. بېقىندى ئەللەر ئۇنىڭ زۇلمىغا چىدىماي، تەرەپ-تەرەپتىن قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. چۇلۇق قارشىلىقنى باستۇرغۇدەك كۈچى بولمىغانلىقتىن، ناھايىتى تەس كۈنگە قالدى. دەل شۇ چاغدا، چىڭگىزخانىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، باش تىققۇدەك يېرى قالمىغان نايمان قەبىلىسىنىڭ شاھزادىسى كۈچلۈك غەربىي لياۋغا تەسلىم بولۇپ، چۇلۇقنىڭ كۆڭلىنى ئالدى. كۈچلۈك قارا نىيەت ئادەم بولۇپ، باشقىلارنىڭ قول ئاستىدا قېلىشىغا چىدىمايتتى. ئۇ چۇلۇقنىڭ يامان كۈنگە قالغانلىقىنى كۆرۈپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭغا: «مېنىڭ قوۋملىرىم ناھايىتى كۆپ، ئېمىل، بەشبالىق قاتارلىق جايلاردا موڭغۇللارنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچرىماقتا. مەن بېرىپ ئۇلارنى يىغىپ كېلىپ سىزگە ياردەم قىلاي، ئۇ چاغدا ھەممە كىشى سىزنىڭ گېپىڭىزنى ئاڭلايدىغان بولىدۇ» دەيدۇ. چۇلۇق بۇنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇش بولۇپ، ئۇنىڭ بېرىشىنى قىزغىنلىق بىلەن قوللايدۇ. كۈچلۈك نۇرغۇن ئادەم ۋە ئاتلارنى يىغىپ غەربىي لياۋغا قايتىپ كېلىپ، چۇلۇققا ئۇشتۇمتۇت زەربە بېرىپ، ئۇنى ئەسىر ئېلىپ، تەختىنى تارتىۋالدۇ. كۈچلۈك پۇت تىرەپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، غەربىي لياۋغا قارشى تۇرغان خانلىق ۋە رايونلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى قەشقەر بىلەن خوتەنگە كۆز تىكتى. چۇلۇق زامانىسىدە، ئۇ يەرلەردىكى خەلق قوزغىلىپ، قارشىلىق كۆرسەتكەنىدى. كۈچلۈكنىڭ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىش ئۇسۇلى ئىنتايىن قەبىھ بولدى. زىرائەتلەر پىشقانلىكى ۋاقىتتا، ئۇ ئەسكەر ئەۋەتىپ قوراللىق

ئاشلىق بولىدى ، زىرائەتلەرنى دەسسەپ چەيلىدى . ئۇ ئۇدا ئۈچ يىل مۇ-
شۇنداق قىلغانلىقتىن ، قەشقەر دېهقانلىرى يەردىن زادىلا ھوسۇل ئالالماي ،
ئاخىر تىز پۈكۈشكە مەجبۇر بولدى . شۇنىڭدىن كېيىنلا ، ئۇ خوتەن
قاتارلىق جايلارنى ئىگىلەپ ، غەربىي لياۋنىڭ بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىقى
ئاستىغا ئالدى ، غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ شەرقىي قىسمى مانا مۇشۇنداق
مۇنقەرز بولدى . كۈچلۈك قاتتىق بېسىم ۋاستىسىنى قوللىنىپ ، ئىسلام
دىنى ئېتىقادچىلىرىنى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلىدى ، ئۇنىڭغا
قارشى چىققان ئىماملارنى جامائەت ئالدىدا تامغا مىخلاپ ئۆلتۈردى . ئۇ
ھەتتا ئەسكەرلەرنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيىدە يېتىشقا ئەۋەتتى . كۈچلۈكنىڭ
جىنايى قىلمىشلىرى ھەرقايسى جايلاردىكى كىشىلەرگە ناھايىتى زور
بەختسىزلىك ئېلىپ كەلدى .

غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ قاغانى ئوسمان غەر-
بىي لياۋنىڭ ئېزىشىگە چىدىمايتتى ، چۈلۈقنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن
قۇتۇلۇشنى ئويلايتتى . بۇ چاغدا ، كۇتۇلمىگەن يەردىن
خارازم دۆلىتى ( پايتەختى ئۇرگەنچ ، يەنى بۈگۈنكى ئۆزبېكىستاننىڭ
غەربىدىكى ئۇرگەنچ ) دە مۇستەقىللىق ھەرىكىتى يۈز بەردى .
سۇلتان ( پادىشاھ ) مۇھەممەد چۈلۈقنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشلۇق كەنجى
باسقاق بېگىنى ئامۇ دەرياسى بويىدا تەسلىم بولۇشقا بۇيرۇدى ۋە كۈچلۈك
قوشۇن ئۇيۇشتۇرۇپ ، غەربىي لياۋ بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشقا
تەييارلاندى . ئوسمان شۇئان مۇھەممەد شاھتىن ياردەم تىلىدى . مۇھەم-
مەدنىڭ قوشۇنى مانا شۇنداق قىلىپ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ يېڭى
پايتەختى سەمەرقەندكە كىردى . مۇھەممەد قوشۇننى باشلاپ داۋاملىق
شەرققە يۈرۈش قىلىپ ، تالاس يايلىقىدا غەربىي لياۋنىڭ باستۇرۇشقا
ئەۋەتكەن زور قوشۇنى بىلەن ئېلىشتى . بۇ شىددەتلىك جەڭدە غەربىي
لياۋ قاتتىق مەغلۇپ بولدى ، ئۇلارنىڭ قوماندانى تايانغۇ ئەسىر ئېلىندى .
مۇھەممەد غەربىي لياۋ قوشۇنى يېڭىلمەستۇر دەيدىغان « ئەپسانە » نى
بۇزۇپ تاشلاپ ، بىردىنلا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەھرىمانى بولۇپ قالدى . ئۇ
مەغرۇرلاندى ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، زالىملىشىپمۇ قالدى . خوجايىن-

لىق سالاھىيىتى بىلەن غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتىگە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. باج ــ سېلىقنى غەربىي لياۋنىڭكىدىنمۇ كۆپەيتىۋەتتى، قىزىنى ئوسمانغا بېرىپ، ئۇنى نازارەت قىلدى ۋە كونترول قىلدى، ھەتتا ئۇنى خارەزمگە چاقىرتىپ نەزەربەنت ئاستىغا ئالدى. غەربىي لياۋ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە، ئوسمان ھۆرمەتكە ئېرىشكەنىدى، پەقەت بەلگىلەنگەن مىقداردىكى سوۋغا ــ سالام، باج ــ سېلىقلارنى تۆلۈق تاپشۇرۇپ قويۇپلا، ئۆز دۆلىتىگە ئىختىيارىچە ھۆكۈمرانلىق قىلالاتتى. ئەمدىلىكتە، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكىدىنمۇ ئايرىلىپ قالدى. بۇنداق ئەھۋالدا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئايالىنى قانداق قىلىپ سۆيەلىسۇن؟ ئۇ ئۆزىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، مىڭبىر ھىيلە ــ نەيرەڭلەر بىلەن بۇخارازم مەلىكىسىنى ئىزا ــ ئاھانەتكە قالدۇردى. 1212 ــ يىلى، غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ خەلقلىرى خارازم ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئوسماننىڭ قوللاپ ــ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى. مۇھەممەد قوشۇن ئەۋەتىپ ئىسياننى باستۇردى. ئوسمان غەربىي لياۋدىن ياردەم تىلەشكە مەجبۇر بولدى. بۇ چاغدا كۈچلۈك غەربىي لياۋنى تارتىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملىۋاتاتتى، يىراققا قارىغۇدەك ماجالى يوق ئىدى. خارازم قوشۇنى قىستاپ كېلىپ، شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىۋىدى، ئوسمان ئۆزىنىڭ تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى سېزىپ، قىلىچى بىلەن ئاخىرەتلىكىنى كۆتۈرۈپ شەھەردىن چىقىپ تەسلىم بولدى. مۇھەممەد قىزىنىڭ تۇل قېلىشىدىن قورقۇپ، ئوسماننى كەچۈرۈم قىلماقچى بولدى. خارازم مەلىكىسى بۇنىڭغا قەتئىي قوشۇلمىدى. ئاتىسىغا قاتتىق تەلەپ قويۇپ ئېرىنى ئۆلتۈرگۈزدى. مۇھەممەد ئۆزىگە قارشىلىق كۆرسىتىپ ئىسيان كۆتۈرگەنلەرنى كەڭ كۆلەمدە قىرىپ تاشلاپ، ماۋرائۇننەھر رايونىنى ئۆزىنىڭ تېررىتورىيىسىگە ئايلاندۇرۇۋالدى، غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ غەربىي قىسمىمۇ مۇنقەرز بولدى.

چۈلۈق گۈرخان بولغان ۋاقىتتا، ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا ئۇزار دەيدىغان بىر قارلۇق كىشى بىر توپ قوزغىلاڭچى ئەزىمەتلەرنى يىغىپ،

قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ، مەھەللە ـ كەنتلەرنى ئىگىلەپ ، ئىلى دەرياسىغا يېقىن بولغان مۇھىم بازار — ئالمالىق ( بۇگۈنكى قورغاس ) نى ئېلىپ ، شىمالدا تەگرى تېغىدىن ھالقىپ ، يەنە بىر مۇھىم بازار — بورتالانى ئېلىپ ، ئۆز ئالدىغا بىر ھاكىمىيەت بولۇۋالدى . چۈلۈق ھاكىمىيەتنى ئالغاندىن كېيىن ئۇزارغا كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلدى ، ھەر قېتىمدا مەغلۇپ بولدى . ئۇزار چىڭگىزخانىنىڭ تەگداشسىز ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ، موڭغۇل خانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ، ئۆزىنىڭ ئەل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ، چىڭگىزخانىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى . شۇنىڭدىن كېيىنلا چىڭگىزخانىنىڭ ھۇزۇرىغا تەزىمغا باردى ، چىڭگىزخان ئۇنى قارشى ئېلىپ ، چوڭ ئوغلى جوجىخانغا قۇدىلاشتۇردى . ئۇزار ئوۋ قىلىشقا ئامراق ئىدى ، ئۇ موڭغۇل ئېگىزلىكىدە كۆندە دېگۈدەك ئوۋغا چىقاتتى . ئۇ دۆلىتىگە قايتىدىغان ۋاقىتتا ئۇنىڭغا 1000 قوي تەقدىم قىلىپ ، ئۇنىڭغا : « بۇ قويلار سىنىڭ شىكاردا ئوۋلىغان ھايۋانلىرىڭنىڭ ئورنىدا بولسۇن » دېدى . چىڭگىزخان ئۇنىڭغا ھەرۋاقىت كۈچلۈكتىن ھوشيار تۇرۇشنى ، ئوۋ ئوۋلايمىز دەپ تاغقا چىقىپ كۈچلۈكنىڭ ئولجىسى بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ، شەھەردىن چىقماسلىقنى جېكىلىدى . ئۇزار ئالمىلىققا قايتقاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئوۋچىلىق ھەۋىسىنى باسالماي ، يەنىلا دائىم تاغقا چىقىپ يۈردى . بىر كۈنى كۈچلۈك ئۇنىڭ ئوۋغا چىققان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ، تۇساتتىن ھۇجۇم قىلىپ ، ئۇنى ئەسىر ئالدى ۋە ئۆلتۈردى . چىڭگىزخان ئۇزارنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ ، مىلادى 1218 ـ يىلى قوماندان جەبەنى كۈچلۈككە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى . موڭغۇل قوشۇنى يېتىپ بارغانلىكى جايلىرىدا باج ـ سېلىقلارنى يېنىكلىتىشنى تەشۋىق قىلىپ ، دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلىپ ، ھەرقايسى جايلاردىكى خەلقلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى ، غەربىي لياۋ ئەسكەرلىرىنى ھەدەپ ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى . موڭغۇل قوشۇنلىرى كۈچلۈكنىڭ تۇرغان يېرى — قەشقەر شەھىرىگە قان تۆكمەيلا يېتىپ كەلدى . كۈچلۈك چۆل ـ باياۋانلارغا قېچىپ ، نىشاندىن ئادىشىپ ، بەدەخشاندىكى بىر تار جىلغىغا كىرىپ قالدى . شۇ يەردە ئوۋ ئوۋلاۋاتقان

ئۇۋچىلار ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، موڭغۇل قوشۇنلىرىغا تاپشۇرۇپ بەردى. كۈچلۈك كۆرگۈلۈكنى كۆردى. غەربىي لياۋ مانا مۇشۇنداق مۇنقەرز بولدى، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي موڭغۇل خانلىقىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالدى.

چىڭگىزخاننىڭ قۇدرەت تېپىشى بىلەن، موڭغۇل ئېگىزلىكى ۋە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقى ئاستىغا كىردى، بۇ هال يىپەك يولىنىڭ راۋانلىششى، غەرب ۋە شەرق سودىگەرلىرىنىڭ ئۆزئارا باردى ـ كەلدى قىلىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت هازىرلاپ بەردى. بىر قىسىم ئوتتۇرا ئاسىيالىق سودىگەرلەر موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ كۈچلۈككە جازا يۈرۈشى قىلغان ئىزى بىلەن مېڭىپ، موڭغۇل ئېگىزلىكىگە كەلدى، چىڭگىزخان ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. بۇ ئوتتۇرا ئاسىيالىق سودىگەرلەر يۇرتىغا قايتىدىغان چاغدا، چىڭگىزخان 450 سودىگەردىن تەركىب تاپقان كارۋاننى نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش، پۇل ـ ماللار بىلەن بۇ سودىگەرلەرگە قوشۇپ قويدى، بۇ كارۋانلار ئۇ يەرگە بېرىپ نۇرغۇن گۆھەر، ئېسىل تاشلارنى سېتىۋالدى. چىڭگىزخان يەنە بۇ كارۋانلار ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ هاكىمبېگى خارازم پادىشاهى مۇهەممەدكە سالام خەت ئەۋەتتى. خېتىدە ئۇنى غەربنىڭ پادىشاهى، ئۆزىنى بولسا شەرقنىڭ پادىشاهى دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭ بىلەن باراۋەرلىك ئاساستا چىرايلىق ۋە قىزغىن سودا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. موڭغۇل كارۋانلىرى ئوترار (بۈگۈنكى ئۆزبېكىستاننىڭ سەمەرقەند شەهىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بىر جاي) شەهىرىگە كەلدى. شەهەرنىڭ خوجايىنى قادىر جىلان پۇل ـ ماللارنى كۆزلەپ، ئۇلارنى تۇتۇپ قالدى. پاكىتنى بۇرمىلاپ، سۇلتان مۇهەممەدكە چېقىشتۇردى. سۇلتان موڭغۇل سودىگەرلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. پۇل ـ ماللىرىنى مۇسادىرە قىلدى. ئۇلار ئىچىدىكى بىر سودىگەر قېچىپ چىقىپ، موڭغۇل ئېگىزلىكىگە قايتىپ بېرىپ، چىڭگىزخانغا بۇ بەختسىز خەۋەرنى يەتكۈزدى. مىلادى 1219 ـ يىلى، چىڭگىزخان قوشۇن باشلاپ غەربكە — خارازمگە يۈرۈش قىلدى. ئۇ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا تاغ ئېغىزلىرى،

جىلغىلارنى توسۇپ، ئالتاي تېغى ئارىسىدىكى يولنى ياخشى ياساپ، موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن جۇڭغار تۈزلەڭلىكىگىچە تۈپتۈز يول ياساشنى بۇيرۇدى. ئۈچىنچى ئوغلى ئۆگدەيگە ئىلىغا بارىدىغان كەڭسايدىن يول ئاچقۇزۇپ، تاغ جىلغىلىرىدىكى ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان ئېقىنلارغا 48 كۆۋرۈك ياساتتى، شۇنداق قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا بارىدىغان بۇ يول قىش - ياز تۇسالغۇسىز قاتنىغىلى بولىدىغان بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، چىڭگىزخان قوشۇنلىرى خۇددى قىيان كەبى ئوتتۇرا ئاسىياغا قاراپ ئاقتى. ئۈچ يىل ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق، چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇپ، ھەرقايسى شەھەرلەرگە دارۇغاچ (زالىم ھەكەم) قو-يۇپ، غەربىي يۇرتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى ئايرىم - ئايرىم باشقۇردى.

چىڭگىزخان موڭغۇللارنىڭ مەشھۇر داھىيسى. ئۇ موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تازا ئىلگىرى سۈردى. ئۇ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ھەربىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، چېرىكلىشىپ، زاۋاللىققا يۈزلەنگەن غەربىي لياۋ ھۆكۈمرانلىقىنى ھالاك قىلدى. ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلىشىنى سۇلتان مۇھەممەدنىڭ تەلۋىلىكى ۋە شەپقەتسىزلىكى، موڭغۇل سودىگەرلىرىنى ئۆلتۈرۈشى ۋە موڭغۇللارنىڭ پۇل - ماللىرىنى بۇلاپ - تالىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان. گەرچە چىڭگىزخان قوشۇنلىرىنىڭ ھەددى-دىن ئېشىپ كەتكەن ئۆچ ئېلىش قىلمىشلىرى ئۇ يەرگە بىرمۇنچە زىيان كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن چىڭگىزخان غەربكە يەنىلا بىرقەدەر ئوڭۇش-لۇق يۈرۈش قىلدى. پەقەت قوراللىق قارشىلىق كۆرسەتمىگەنلەرگە زىيانكەشلىك قىلمىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل ئۇسۇلى كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ھىلاكۇ ۋە باتۇنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشىغا ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشىنىڭ نەتىجىسى جۇڭگو بىلەن غەرب ئەللىرىنىڭ ئىقتىساد ۋە

مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ئۈچۈن ئەۋزەل شارائىت يارىتىپ بەردى .

## 3§ . چىڭگىزخاننىڭ سۇيۇرغاللىق تەقسىم قىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىنىڭ غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى

چىڭگىزخان ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بويسۇندۇرۇلغان يەرلەرنى تۆت ئوغلىغا تەقسىم قىلىپ بەردى . چوڭ ئوغلى جوچىغا قىپچاق يايلىقى ( بۈگۈنكى ئارال دېڭىزى ۋە كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالى ) نى بۆلۈپ بەردى ؛ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا ئىلى دەريا ۋادىسى ، ماۋرائۇننەھر رايونى ۋە كىنگىت ( قارا شەھەر ) نىڭ غەرب تەرىپىدىكى تارىم ئويمانلىقىنى بۆلۈپ بەردى . ئۈچىنچى ئوغلى ئۆگدەيگە چۆچەك ، ئالتاي ، شۇنىڭدەك موڭغۇل ئېگىزلىكىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى جايلارنى بۆلۈپ بەردى . تۆتىنچى ئوغلى تولۇيغا ئۆزىنىڭ ئەسلى زېمىنى — موڭغۇل ئېگىزلىكىنى بۆلۈپ بەردى . ئاتاق ئوغلى — قوجۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتى بارچۇق ئارت تېكىن ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى تېررىتورىيىسىنى ساقلاپ قالدى . ئۇلارغا تەگكەن يەرلەر ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولمىدى . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يەرلىرى ئىچىدە باج - سېلىق يىغالايدىغان بولدى ، ئۇ يەرلەردىكى ھەربىي ، ھۆكۈمەت ئىشلىرى موڭغۇللارنىڭ ئەسلى يېرىدىكى ئۇلۇغ خان ئەۋەتكەن ئەمەلدارلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلدى .

مىلادى 1227 - يىلى ، چىڭگىزخان جەنۇبقا — تاڭغۇت دۆلىتىگە يۈرۈش قىلىپ ، قايتىشىدا ئۆلدى . ھاكىمىيەت ۋاقىتىنچە كەنجى ئوغلى تولۇيغا قالدى .

مىلادى 1229 - يىلى ، موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ئۆگدەينى ئۇلۇغ خان قىلىپ سايلىدى .

مىلادى 1235 - يىلى ئۇلۇغ خان ئۆگدەي جوچىنىڭ ئوغلى باتۇنى 2 - قېتىم غەربكە يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇدى . ئۇ پولشا ، ماجار ( ۋېنگرىيە )

لارغا ئىچكىرىلەپ كىردى. باتۇنىڭ ياۋۇز ھەرىكىتى ئۆزى بېسىپ ئۆتكەن رايونلارغا ئېغىر بالايىئاپەت ئېلىپ كەلدى. ۋەقەدىن كېيىن باتۇ زېمىننى ئېتلەنگەن ئالتۇن نۇرچاقناپ تۇرىدىغان بارگاھىنى ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ۋادىسىغا كۆچۈرۈپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى قىپچاق خانلىقىغا ئۇل سالدى.

مىلادى 1241 ـ يىلى، ئۇلۇغ خان ئۆگدەي ۋە چاغاتاي خان كەينى ـ كەينىدىن ئۆلۈپ كەتتى، ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرى ئۇلۇغ خانلىق تەختىنى تالىشىپ توختىماستىن ئۇرۇشتى. مىلادى 1246 ـ يىلى، موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى كۈيۈكنى ئۇلۇغ خان قىلىپ سايلىدى، قىپچاق يايلىقىدىكى باتۇخان ئۇنىڭغا قارشى چىقتى. مىلادى 1248 ـ يىلى، كۈيۈك باتۇغا زەربە بېرىش ئۈچۈن غەربكە يۈرۈش قىلىپ كېتىۋېتىپ، يۇقۇملۇق كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ ئۆلدى. باتۇنىڭ كۈچى ناھايىتى زور ئىدى، ئۇ تولۇينىڭ ئوغلى مۆڭكۈنى يۆلەپ چوڭ خان قىلىپ تىكلىدى، ئۆگدەي جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئۇرۇق ئەۋلادلىرى 20 يىل ئىگىلىگەن چوڭ خانلىق تەختىدىن مەھرۇم بولدى.

مۆڭكۈ تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىنلا، ئۆگدەي ۋە چاغاتايلارنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرىنىڭ ئىرمىشىپ ـ چىرمىشىپ بىر قارشى كۈچكە ئايلىنىپ، ئۆزى ئۈچۈن ناھايىتى زور تەھدىت بولۇپ قالغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، دەرھال تەدبىر قوللىنىپ، بىر تۈركۈم رەقىبلىرىنى ئۆلتۈردى ۋە قامىدى، ئۆگدەي ۋە چاغاتايلارنىڭ كۆڭلىدە نارازىلىق ساقلاپ كەلگەن باشقا بىر تۈركۈم ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرىنى جاي ـ جايلارغا تارقاتتى، ئادەم بەلگىلەپ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن نازارەت قىلدۇردى.

ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن ھاكىمىيەتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، مۆڭكۈ غەربىي يۇرتتا تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى باشقۇرىدىغان بەشبالىق دىۋان ۋازارىتىنى تەسىس قىلدى. ماۋرائۇننەھر رايونىنى باشقۇرىدىغان ئامۇ دەرياسى ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتىنى تەسىس قىلدى. مۆڭكۈ ئۆگدەي، چاغاتايلارنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرىنىڭ ھەربىي ئىشلار ۋە سىياسىي ئىشلارغا ئارىلىشىۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن،

دىۋان ۋازارىتىنىڭ باشلىقلىقىغا مەخسۇس ئادەم تەيىنلىدى. ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتى «ۋاقىتلىق ۋازارەت» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇ غەربىي يۇرت تارىخىدا 1 ـ قېتىم تەسىس قىلىنغان «ئۆلكە» ئاپپاراتىدۇر. بىزنىڭ ھازىرقى زاماندا بۆلگەن نۇرغۇنلىغان ئۆلكە تۈزۈملىرىمىز دەل يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىن تەرەققىي قىلىپ كەلگەن.

بۇ موڭغۇل ھۆكۈمران گۇرۇھى ئىچىدىكى ھوقۇق ـ مەنپەئەت تالىشىش كۈرىشى جەريانىدا، قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتى سالىندى قۇربانلىق بولۇپ قالغان. ئەسلىدە سالىندىنىڭ ئۆگدەي بىلەن ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق ئىدى، مۆڭكۈ بۇنىڭغا ئۆچمەنلىك قىلاتتى. ئىدىقۇت دۆلىتى ئۇيغۇرلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكى بۇ مەزگىللەردە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بىر قىسىم كىشىلەرمۇ بار ئىدى. پايتەخت بەشبالىقتا بۇددا مۇخلىسلىرى ئىسلام دىنى مۇرىتلىرىنى كەمسىتىپ تۇراتتى. سالىندى بۇددا مۇخلىسلىرىغا يان باسقاچقا، ئىسلام دىنى مۇرىتلىرى بۇنىڭدىن ئىنتايىن بىزار ئىدى. مۆڭكۈ ئۇلۇغ خان بولغاندىن كېيىن، سالىندى ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىش ئۈچۈن موڭغۇل ئېگىزلىكىگە كەتكەن چاغدا، سالىندىنىڭ ئاستىرتتىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بىر چاكىرى يەرلىك ئەمەلدارغا سالىندى پايتەختتىكى مۇسۇلمانلارنى قويماي ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن سۇيىقەست پىلانلاۋاتىدۇ، دەيدۇ. بەشبالىق زالىم ھەكىمى سەيپىدىن ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېنىقلاش ئۈچۈن سالىندى كەلگەندە يۈزلەشتۈرىدۇ، نەتىجىدە ئۇنداق ئەھۋال يوق بولۇپ چىقىدۇ. ئەمما، ھېلىقى چاكار مۇشۇنداق ئىش بولغان دەپ تۇرۇۋالىدۇ، پايتەختتىكى ئىسلام دىنى مۇرىتلىرى يەنە غەزەپكە كېلىدۇ. سەيپىدىن ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ تەسلىكىنى ھېس قىلىپ، بۇ دېلونى چوڭ خان مۆڭكۈگە يوللايدۇ، مۆڭكۈ بۇ ئۆچ ئېلىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ بىلىپ، يېقىن ئادىمى ماڭگاسارنى ئەۋەتىپ سالىندىنى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى قېيىن ـ قىستاققا ئالىدۇ. سالىندى قاتارلىقلار قاتتىق قىيناققا بەرداشلىق بېرەلمەي ئىقرار قىلىدۇ. مۆڭكۈ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، سالىندىنىڭ ئىنىسى

ئوغۇل تېكىنگە ئاكىسىنى ئۆلتۈرگۈزىدۇ ، كېيىن ئۇنى ئىدىقۇت قىلىدۇ .
مىلادى 1253 ـ يىلدىن 1258 ـ يىلغىچە ، ئۇلۇغ خان مۆڭكۈ ئىنىسى هىلاكۇنى 3 ـ قېتىم غەربكە يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتتى . ئۇ قارا يەكتەكلىك ئەرەبلەر ( ئەرەب دۆلىتى ) نى مەغلۇپ قىلىپ ، باغدادنى ۋە سۈرىيىنىڭ دەمەشىق شەھىرىنى ئالدى ، هىلاكۇنىڭ قوشۇنلىرى يۈرۈش جەريانىدا شەھەرلەرنى ۋەيران قىلىپ ، پۇل ـ ماللارنى بۇلىدى ، ئاھالىلەرنى ئۆلتۈردى ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى ، بارغانلىكى جايلارنى غايەت زور بالايىئاپەتكە ئۇچراتتى . مىلادى 1264 ـ يىلى ، ئۇ ئىلىكخان بولۇپ ، كاۋكاز تاغلىرى ۋە كاسپى دېڭىزىنىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ جايلارنى باشقۇردى . ئۇ ئىلىكخان دۆلىتىگە ئۇل سالدى .
مىلادى 1271 ـ يىلى قۇبلاي ئۇلۇغ خان بولۇپ ، يۈەن سۇلالىسىنى قۇرۇپ ، يەنجىڭ ( بېيجىڭ ) نى چوڭ پايتەخت قىلدى . قۇبلاي دەل يۈەن سۇلالىسىنىڭ بوۋاكالانىدۇر . مىلادى 1279 ـ يىلى قۇبلاي جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى يوقىتىپ ، پۈتۈن مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈردى .
موڭغۇل خانلىقىنىڭ زېمىنى مىسلىسىز كېڭەيدى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاقسۆڭەكلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەزھەپچىلىك كۈرىشى يەنە ئىنتايىن كەسكىنلىشىپ كەتتى . بۇ هال ئۇنىڭ بىرلىككە كەلگەن ۋەزىيەتنى ئۇزاققىچە ساقلاپ قېلىشى مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى بەلگىلىدى . قۇبلاي هاكىمىيەتنى ئىگىلەپ ئۇزۇن ئۆتمەي ، موڭغۇل خانلىقى يۈەن سۇلالىسى ، ئۆگدەي خانلىقى ، چاغاتاي خانلىقى ، قىپچاق خانلىقى ۋە ئىلىكخان خانلىقىدىن ئىبارەت بەش قىسمغا بۆلۈنۈپ كەتتى . يۈەن سۇلالىسى پادىشاھى گەرچە نام جەھەتتىن ھەرقايسى خانلىقلارنىڭ ئۇلۇغ خانى بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت چاغلىقلا ئىدى . ئىلىكخان دۆلىتى بىلەن يۈەن سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى بىرقەدەر قويۇق بولسىمۇ ، يۈەن سۇلالىسى بىلەن قىپچاق خانلىقىنىڭ مۇناسىۋىتى بىرقەدەر يىراق ئىدى . ئۆگدەي خانلىقىنىڭ ۋە چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى قۇبلاي بىلەن دائىم زىتلىشىپ تۇراتتى .

بۇرۇن مۆڭكۇ دەۋرىدە قۇبلاي جىن دۆلىتىنى ئېلىشقا ئەۋەتىلىپ ،
جۇڭگونىڭ شىمالىي رايونلىرىنى باشقۇرغانىدى . خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ
تەسىرىدە ئۇ خەنزۇلارنىڭ كۈڭزىچى ئەمەلدارلىرىنى قوبۇل قىلىپ ،
جۇڭگونىڭ تارىختىكى فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىق تەجرىبىلىرىنى
ئۆگىنىپ ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇپ ، ناھايىتى زور
نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى . ئۇ ئۇلۇغ خانلىق تەختكە ئولتۇرغاندىن
كېيىن ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ، موڭغۇللارنىڭ خەنزۇلىشىش جەريانىنى
تېزلەتتى . ئۇنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى ۋە تۈرتكە بولۇشى ئارقىسىدا موڭ-
غۇللار ئەنئەنىۋى كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدىن ۋاز كېچىشكە
باشلىدى ، يايلاقلارنى تاشلاپ ، يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللاندى ياكى
شەھەرلەرگە كىرىپ ئەمەلدار بولدى ۋە سودىگەرچىلىك بىلەن
شۇغۇللاندى . بۇ جەمئىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ بىر خىل
ئىپادىسى بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ موڭغۇل مۇتەئەسسىپ كۈچلىرىنىڭ قارشى
تۇرۇشىغا ئۇچرىدى ، بولۇپمۇ ئۆگدەي جەمەتىكىلەر ۋە چاغاتاي جەمەتى-
دىكىلەر ئىچىدىكى جاھىللارنىڭ قارشى تۇرۇشىغا
ئۇچرىدى . مىلادى 1269 ــ يىلى ، ئۆگدەينىڭ نەۋرىسى قايدۇ تالاستا
غەربىي شىمال موڭغۇل خانلىرىنىڭ قۇرۇلتىيىنى ئېچىپ ، « موڭغۇللارنىڭ
ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ساقلاپ قېلىش ، يايلاقلاردا كۆچمەن
چارۋىچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇش » نى ، قۇبلايغا قوراللىق كۈچ بىلەن قار-
شىلىق كۆرسىتىشنى قارار قىلدى . چاغاتاينىڭ نەۋرىسى دۇۋا قايدۇنىڭ
يۈز ئۆرۈشىنى پائال قوللىدى . ئۇلار چوڭ خانغا سادىق بولغان ئەزىز قا-
تارلىق خانلارنىڭ زور قوشۇنىنى زەربە بىلەن چېكىندۈرۈپ ، شەرققە
داۋاملىق ھۇجۇم قىلدى . ھەممىدىن ئاۋۋال ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىگە
ھۇجۇم قىلىپ ، ئۇنى زەربە بېرىش ئوبيېكتى قىلدى . جانبالىق
( بۈگۈنكى سانجى ) ، لىۈگۈر ( بۈگۈنكى ئۈرۈمچى ) ، بەشبالىق
( بۈگۈنكى جىمسار ناھىيىسى ) لارنى ئىگىلەپ ، گۈللەنگەن قەدىمىي
شەھەرلەرنى خارابىزارلىققا ئايلاندۇرۇۋەتتى . مىلادى 1275 ــ يىلى ، دۇۋا
120 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن قاراقوچۇ ( ئىدىقۇت قەدىمكى

شەھىرى ) نى قورشۇۋېلىپ ، ئىدىقۇت قوچقار تېكىنگە : « ئەزىز قاتارلىق
خانلارنىڭ 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى تۇرۇقلۇق ، ماڭا قارشىلىق
كۆرسىتىشكە جۈرئەت قىلالمىغان يەردە ، كىچىككىنە جىنىڭغا قارىماي ، بۇ
كىچىك شەھەردە مېنىڭ قوشۇنۇم بىلەن قارشىلىشىشقا جۈرئەت قىلالامـ
سەن ؟ » دەيدۇ . ئىدىقۇت : « ئاسماندا ئىككى كۈن بولمايدۇ ، بىر دۆلەتتە
ئىككى خان بولمايدۇ ، مەن پەقەت ئۇلۇغ خاننىلا بىلىمەن ، مەن بۇ يەرنى
ئۆيۈم بىلىپ ياشىغان ، ئۆلسەم مۇشۇ يەردە ياتىمەن . مەن ھەرگىز سەن
بىلەن بىر ئېقىندا بۇلغانمايمەن » دەپ ، ئالتە ئايغىچە چىڭ تۇرىدۇ .
دۇۋا بىر پارچە خەت يېزىپ : « مەنمۇ چىڭگىزخان ( بوۋاكالان )
نىڭ ئۇرۇق ــ ئەۋلادى ، سەن نېمە ئۈچۈن ماڭا ئەل بولمايسەن ؟ سېنىڭ
ئەجدادىڭ موگغۇل مەلىكىسىنى ئەمرىگە ئالغان ، ئەمدى سەن قىزىڭنى
ماڭا ياتلىق قىلساڭ ، مەن قوشۇنۇمنى ئېلىپ كېتىمەن ، ئۇنداق قىلمىساڭ ،
شەھەرنى قورشاپ ، ھېچنەرسەڭنى قويماي قىرىپ تاشلايمەن » ، دەيدۇ .
خەتنى يا ئوقىغا باغلاپ ، شەھەرگە ئاتىدۇ . ئۇيغۇر پۇقرالىرى :
« ئاشلىق تۈگەپ قالدى ، دۈشمەن يەنىلا ھۇجۇم قىلماقتا ، بىز ھايات ــ
ماماتتا ئىدىقۇت بىلەن بىللە بولىمىز ، مەلىكىنى دۇۋاغا ياتلىق
قىلىشقا بولمايدۇ » دەيدۇ . ئىدىقۇت : « مەن بىر قىزىمنى دەپ كۆپچىـ
لىكنى بالايىئاپەتكە ئۇچراتسام بولمايدۇ ، لېكىن مەن ھاياتلا
بولىدىكەنمەن ، دۇۋانىڭ يۈزىگە قارىمايمەن ! » دەپ ، ئۆزىنىڭ بىردىنبىر
قىزى ئېقمىش بېكەنى قېلىن كۆرپىگە ئوراپ ، ئارغامچا بىلەن سېپىلنىڭ
سىرتىغا چۈشۈرۈپ بېرىدۇ . شۇنىڭدىن كېيىن دۇۋا ۋەدىسىگە ئەمەل قىـ
لىپ ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ كېتىدۇ . ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنى
باشلاپ قۇمۇلغا كېتىدۇ . دۇۋا ئەسكەرلىرىنى قايتۇرۇپ كېلىپ قىرغىنچىـ
لىق قىلىدۇ ، ئىدىقۇت جەڭ مەيدانىدا قۇربان بولىدۇ ، ئۇيغۇر ئاھالىلىرى
خېشى كارىدورىغا قاراپ قېچىشقا مەجبۇر بولىدۇ . ئىدىقۇتنىڭ ئوغلى نۇـ
رىن تېكىن قۇبلايدىن ياردەم تىلەپ ، ۋۇۋېيدىكى يۇڭچاڭ شەھىرىگە
بارىدۇ . قۇبلاي ئىدىقۇتنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ ، نۇرىن
تېكىننى ئىدىقۇتلۇق تەختىگە ۋارىسلىق قىلدۇرۇپ ، ۋۇۋېيدىكى يۇڭچاڭ

شەھىرىدە ئولتۇراقلاشتۇرىدۇ، تارقىلىپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنى يىغىپ ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ئىدىقۇت ئىچكى رايونلاردا مانا مۇشۇنداق ئۆتىدۇ.

ئىدىقۇت قوچقار تېكىننىڭ دۇۋانىڭ ئىسيانچى قوشۇنلىرىغا قەتئىي قارشىلىق كۆرسىتىشى يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىغا نادانلىق بىلەن ساداقەتلىك بىلدۈرگەنلىكى ئەمەس ئىدى. دۇۋاغا قارشى تۇرۇش — تۇرماسلىق، ئالغا بېسىش كېرەكمۇ ياكى تەسلىمچىلىك، مۇتەئەسسىپلىك قىلىش كېرەكمۇ، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى قوغداش كېرەكمۇ ياكى موڭغۇللارنىڭ مۇتەئەسسىپ كۆچلىرى تەشەببۇس قىلغان كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن ئىبارەت ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆزلىرىنى ئۆزگەرتىش كېرەكمۇ دېگەن مەسىلە ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ قەھرىمانانە ھەرىكىتى مۇئەييەنلەشتۇرۇلۇشكە ۋە ماختاشقا تېگىشلىك. يۈەن سۇلالىسى قايدۇ ۋە دۇۋانىڭ ئىسيانىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، بەشبالىقتا بەشبالىق قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلدى، كېيىن ئۇنى بەشبالىق باش ئەمرلەشكەر مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتتى. خوتەندە ئايغاقچى ۋە باش ئەمرلەشكەر مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، نۇرغۇن ئەسكەر تۇرغۇزدى. مىلادى 1302 ــ يىلى، قايدۇ يۈەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ قېچىپ كەتتى، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلدى. تۆت يىلدىن كېيىن، قايدۇنىڭ ئوغلى جەبە تەسلىم بولدى، جاھىل كۈچلەر مەغلۇپ بولۇپ تۈگەشتى. ئۆگدەي بويسۇندۇرغان يەرلەر بىكار قىلىنىپ، ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى چاغاتاي خانلىقىغا قوشۇۋېلىندى.

14 ــ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، چاغاتاي خانلىقى شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ۋە غەربىي چاغاتاي خانلىقى، دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. غەربىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ زېمىنى بولغان ماۋرائۇننەھر رايونىنى، 1370 ــ يىلى تېمۇرىلەر خانلىقى ئىگىلىدى. شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ زېمىنى ئىلى دەرياسى ۋادىسىنى، قەشقەر ۋە يەكەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. 14 ــ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، يۈەن سۇلالىسىنىڭ

كۇچى زاۋالغا يۈز تۇتقاندىن كېيىن ، ئۇ ئەسلىدە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بەشبالىق ، تۇرپان قاتارلىق جايلارمۇ شەرقىي چاغاتاي خانلىقى تەرىپىدىن قوشۇۋېلىندى .

15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى ئۇۋەيس تەختتىكى مەزگىلدە ، موڭغۇللارنىڭ ئويرات قەبىلىسى تەدرىجىي باش كۆتۈرۈپ چىقتى ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا كەسكىن تالىشىش يۈز بېرىپ ، ئۇدا 61 قېتىم ئۇرۇش بولدى . ئۇۋەيسخان بىر مەزگىل ئويرات قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئېسەن مۆڭكۈگە ئەسىر بولۇپ تۇردى . ئۇۋەيسخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە ، شەرقىي چاغاتاي خانلىقى يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا بىرقەدەر ئەھمىيەت بەرگەنىدى ، تۇرپان ، كۇچا قاتارلىق جايلاردا سۇ ئىنشائىتى راۋاجلاندۇرۇلغان ، تېخى دېھقانچىلىق قىلغانلارنى مۇكاپاتلىغان .

ئۇۋەيسخان ئۆلگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى يۇنۇسخان ئىلىغا ، ئىككىنچى ئوغلى ئېسەن بۇقا تۇرپان ۋە قۇمۇلغا ئىگە بولۇپ ، ئويراتلار بىلەن داۋاملىق كۈرەش قىلدى . جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۆپ قىسىم يەرلەر دوغلاتلاردىن بولغان ئەسكەر باشلىقى « ئەمىر » ( باش ۋالىي ) نىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكتىن ، بۆلۈنمە ھالەت شەكىللەندى . ئېسەن بۇقا ئۆلگەندىن كېيىن ، تۇرپان بىلەن قۇمۇل قايتىدىن يۇنۇسنىڭ باشقۇرۇشىدا بىرلىككە كەلدى . جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئەمىرلىرى يەنىلا يېرىم مۇستەقىل ھالەتتە تۇرىۋەردى . ئويراتلار كۈچەيگەنلىكتىن ، ئۇنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ، يۇنۇس چېپىپ يۈرۈپ ھالسىراپ كەتتى .

يۇنۇس ئۆلگەندىن كېيىن ، ئەخمەد تۇرپانغا خان بولدى . ئۇ باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇش قىلىپ ، ئويراتلارنى كۆپ قېتىم مەغلۇپ قىلدى . 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەخمەدنىڭ ئوغلى سەئىدخان شەرقىي چاغاتاي خانى بولۇپ ، دوغلاتلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەمىرنى قوغلاپ چىقىرىپ ، پايتەختنى ئىلىدىن قەشقەرگە يۆتكىدى . ئۆزى ئۇزۇن يىل يەكەندە تۇردى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، تارىختا بۇ مەزگىلدىكى شەرقىي

چاغاتاي خانلىقى « قەشقەر خانلىقى » دەپ ئاتالغان ، بەزىلەر « يەكەن خانلىقى » دەپمۇ ئاتايدۇ .

17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا شەرقىي چاغاتاي خانلىقى يېڭىدىن قۇرۇلغان جۇڭغار خانلىقى تەرىپىدىن يوقىتىلدى . چاغاتاي قەبىلىسىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى موڭغۇللىرى ئۇزاق مۇددەت ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىكتە تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكى ئۈچۈن ، كېيىن ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇرلار بىلەن سىڭىشىپ كەتتى .

ئىچكىرىدىكى خەنزۇ خەلقى مىللىي زۇلۇم ۋە سىنىپىي زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ، ئۈزلۈكسىز قارشىلىق كۆرسەتتى . يۈەن سۇلالىسى هۆكۈمرانلىرى دېهقانلار قوزغىلاڭلىرىنى باستۇرۇش بىلەن بولۇپ كېتىپ ، غەربىي يۇرتقا قاراشقا چولىسى تەگمىدى . شۇنداق بولغاچقا ، چاغاتاي خانلىقى زېمىنىدا كەسكىن قالايمىقانچىلىق پەيدا بولدى ، موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ئىچىدە بۆلۈنمە هالەت شەكىللىنىپ ئۇرۇش مالىمانچىلىقلىرى تىنىچىمىدى ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى زور ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى .

مىلادى 1351 ـ يىلى ، ئىچكىرىدە قىزىل ياغلىقلىقلار قوشۇنىنىڭ قوزغىلىڭى پارتلىدى . ئۇنىڭغا ئۇلىنىپلا يۈەن سۇلالىسىنىڭ هۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوراللىق كۈرەش پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىدى . مىلادى 1368 ـ يىلى ، دېهقانلار قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبە مېۋىسىنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان جۇيۈەنجاڭ پايتەختكە هۇجۇم قىلىپ كىردى ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شۇندى خان موڭغۇل ئېگىزلىكىگە قايتىپ كەتتى . جۇيۈەنجاڭ ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئاتاپ ، مىڭ سۇلالىسىنى قۇردى .

قۇمۇل غەربىي يۇرتنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى مۇهىم شەهەر بولۇپ ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تەۋەلىكىدە ئىدى . ئىدىقۇت سەرسان بولۇپ ئىچكىرىگە كەتكەندىن كېيىن ، يۈەن سۇلالىسى قايدۇ ۋە دۇۋالار باشچىلىقىدىكى ئىسيانچى ئارمىيىدىن قايتۇرۇۋېلىپ ، چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادى نانۇلىغا سۇيۇرغال قىلىپ بەردى . مىلادى 1404 ـ يىلى ، نانقۇلىنىڭ ئوغلى ئەنىق تېمۇر بېيجىڭگە بېرىپ مىڭ

سۇلالىسى چىڭگىزۇ خانىنىڭ ھوزۇرىغا تەزىمغا كىرىپ ، « ئىتائەتمەن خان » دېگەن نامغا ئىگە بولدى . مىلادى 1406 ـ يىلى ، مىڭ سۇلالىسى ئەمەلدار جۇئەننى دورغاپ قىلىپ تەيىنلەپ ، ئىتائەتمەن خانىنىڭ يەرلىك مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇرۇشىغا ياردەملىشىشكە ئەۋەتتى ؛ يەنە قۇمۇل ياساۋۇلخانىسى تەسىس قىلىپ ، ئۇ يەرنى ساقلاشقا ۋالىي بىلەن بىللە قوشۇن ئەۋەتتى . شۇنىڭدىن كېيىن قۇمۇل مىڭ سۇلالىسىنىڭ زېمىنى بولۇپ قالدى ، بۇ مىڭ سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە . مىڭ سۇلالىسىنىڭ تەيزۇخانى خەنۋۇدى ( خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋۇدى خان ) نى ئۈلگە قىلىپ ، غەربىي يۇرت بىلەن ئالاقە ئورنىتىش ئۈچۈن ، كۆپ قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ ، پىكىرلەشتى ، لېكىن ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ باشلىقلىرى چىڭگىزخانىنىڭ ئەۋلادلىرى بولغاچقا ، قىلچىمۇ ئۈنۈم ئالالمىدى . مىلادى 1387 ـ يىلى ، سەمەرقەند پادىشاھى تېمۇر مىڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ، 200 ئات تەقدىم قىلدى . مىڭتەيزۇ ( مىڭ سۇلالىسىنىڭ تەيزۇخانى ) ناھايىتى خۇشال بولۇپ ئۇنىڭغا جاۋابەن فۇئەننىڭ باشچىلىقىدا 1500 ئەمەلدار ـ ئەسكەر بىلەن نۇرغۇن سوۋغات ئەۋەتتى . بىراق ، تېمۇر بۇنى خاتا چۈشىنىپ قېلىپ ، فۇئەننى 11 يىل تۇتۇپ قالدى . تېمۇر ئۆلگەندىن كېيىن نەۋرىسى قالى تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ ، فۇئەننى قايتۇرۇپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، يەرلىك مەھسۇلاتلارنى سوۋغا قىلدى . مىڭچېڭزۇ چېن چېڭنى 3 قېتىم غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ ، سەمەرقەند ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى ھېرات خانلىقىدىن ھال سورىدى . چېن چېڭ سەپەردىن قايتىپ كېلىپ ، « غەربىي يۇرت سەپىرىدىن خاتىرىلەر » ، « غەربىي يۇرتتىكى قارام ئەللەر تەزكىرىسى » ناملىق ئىككى كىتاب يېزىپ ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلدى . بۇ مىڭ سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە .

مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ، ئويراتلار تەدرىجىي باش كۆتۈرۈپ چىقتى . ئۇلار چىڭگىزخان دەۋرىدە بېقىندى بولغان

موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. يۇەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، ئويراتلار تۇزلەڭلىكىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئۇلار چاغاتاي جەمەتىدىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ توختىماي ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقىدىن، يۇەن سۇلالىسىنىڭ دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ تەرەققىي قىلدى. كېيىن يەنە يۇەن سۇلالىسىنىڭ موڭغۇل قالدۇق كۈچلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن چېكىنىپ چىقىپ، مۇستەقىللىققا ئېرىشتى. مۆڭكۈتېمۇر ۋاقتىغا كەلگەندە، ئويراتلارنىڭ كالا- قويلىرىنىڭ كۆپىيىشى، نوپۇسىنىڭ ئاۋۇشى بىلەن غەربىي يۇرتتىكى قۇدرەتلىك بىر كۈچكە ئايلاندى. مۆڭكۈتېمۇر ئۆلگەندىن كېيىن، ئويراتلار ئۈچكە بۆلۈنۈپ كەتتى، مەھمۇد، تەيپىڭ، باتۇ بولاتلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا ھۆكۈمران بولدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مىڭ سۇلالىسىگە تارتۇق تاپشۇردى، مىڭ سۇلالىسىمۇ ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلاردىن ھال سورىدى. مىلادى 1408 - يىلى، مەھمۇد قاتارلىق ئۈچ كىشى مىڭ سۇلالىسىگە ئات تەقدىم قىلىپ، تامغا ۋە مەرتىۋە تەلەپ قىلدى. ئىككىنچى يىلى مىڭ چېڭزۇ مەھمۇدقا ئىتائەتمەن ئەمىن شاھ، تەيپىڭغا دانىشمەن ئادالەتچى شاھ دەپ، باتۇ بولاتقا خاتىرجەملىك شاھى دەپ مەرتىۋە، تامغا ۋە مەنسەپ يارلىقى بەردى. مىلادى 1417 - يىلى، مەھمۇد ئۆلدى. ئۇنىڭ ئوغلى توغۇن تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. مىلادى 1434 - يىلى، توغۇن يۇەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادىدىن بولغان ئارۇتاينى مەغلۇپ قىلىپ، كالىلىسىنى ئېلىپ، موڭغۇل ئېگىزلىكىنى كونترول قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، توغۇن يەنە دانىشمەن ئادالەتچى شاھ بىلەن خاتىرجەملىك شاھىنى ئۆلتۈرۈپ، ئويراتلارنى بىرلىككە كەلتۈردى. مىلادى 1439 - يىلى توغۇن ئۆلدى، ئوغلى ئېسەن تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىنى تەيشى خۇەيۋاڭ دەپ ئاتاپ، سەددىچىن سېپىلىنىڭ جەنۇبىغا ۋە خېشى كارىدورىغا داۋاملىق تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ تۇردى، ھەتتا مىڭ سۇلالىسىنىڭ يىڭزۇڭ خانىنى ئەسىر ئېلىپ، يەنە قويۇپ بەردى. ئېسەن ئوتتۇرا

تۇزلەڭلىكنى ئىگىلىۋېلىشقا كۆچىنىڭ يەتمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، كېڭەيمىچىلىك قىلىش نىشانىنى غەربىي يۇرتقا يۆتكىدى. ئۇ ئالتاي تېغى- نىڭ شىمالىدىكى ئويانغالارغا ھۇجۇم قىلىپ، چاغاتاي خانىنىڭ ئەۋلادلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، كۈچىنى ئالتاي تېغىنىڭ شىمالىدىكى چۆ- چەككە، ئىلىنىڭ غەربىي ۋە قارا شەھەر ئەتراپىغىچە كېڭەيتىپ، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىغا ھۆ- كۈمرانلىق قىلدى.

## §4 . تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رايونلارنىڭ 13 — 14 - ئەسىرلەردىكى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئەھۋالى

ئۇيغۇرلار موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا كۆچكەندىن كېيىن، ئەسلىدە شۇ يەرلەردە يېزا ئىگىلىك ئىش- لەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئۇيغۇرلار بىلەن قوشۇلۇپ، خەنزۇ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك ئاھالىلىرىنىڭ تەسىرىدە، بەشبالىق ۋە قوچۇنىڭ ئەۋزەل شەرت - شارائىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئاستا - ئاستا چارۋىچىلىقنى تاشلاپ، دېھقانچىلىققا ئۆتۈپ ئىقتىسادنى تېز راۋاجلاندۇردى. ئۇيغۇرلار تۆگە بىلەن يەر ھەيدەپ، كەتمەن بىلەن ئۆستەڭ چېپىپ، سۇ باشلاپ، چوڭ ئۆستەڭ- لەرنى توسۇپ سۇ ئامبىرى ياساپ، تۈگمەن بىلەن ئۇن تارتاتتى. ئۇيغۇرلار بۇغداي تېرىشقا ماھىر ئىدى، كېۋەز تېرىشقا تېخىمۇ ماھىر ئىدى. سۇلى، كۇسەن، قوچۇلاردا كېۋەز تېرىش ئومۇملاشقان. ئىدىقۇتنىڭ گۈللۈك پاختا رەختى، كۇسەنىنىڭ «ئەنشى يىپىكى» تارتۇق قىلىنىدىغان ئېسىل مال بولۇپ، ئىچكىرىدىكى بازارلاردا بەك ئاقاتتى. تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىن يىپەك كۆپ چىقاتتى. بولۇپمۇ ئۇدۇن (خوتەن) نىڭ ئۈجمە دەرىخى ھەممىلا يەردە بولاتتى. سۆڭ سۇلالىسى

زامانىدا ئۆتكەن ئەدىپ چىن گۇەن يازغان « پىلىچىلىك دەستۇرى » دېگەن كىتابتا ، ئۇدۇن ئەتراپىدا ئۆزگىچە بىر خىل يىپەك ئىشلەش ئۇسۇلى بارلىقى ، كېپىنەكنىڭ غوزەكنى تېشىپ چىقىدىغانلىقى ، كېپىنەك تۇخۇملاپ بولغاندىن كېيىن ، غوزەك قايناق سۇغا سېلىنسا يىپەك چىقىدىغانلىقى بايان قىلىنغان . بۇنىڭدىن ئۇدۇندىكى ئۇيغۇرلار ۋە خەنزۇلارنىڭ پىلە بېقىش ۋە يىپەك چىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭكىدىن ئىلغار ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ . قوچۇنىڭ شىمالىدىكى تەڭرىتېغىدىن نۇشۇدۇر چىقاتتى . تاغ ئارىسىدا ۋە جۇڭغار تۈزلەڭلىكىدە توپ - توپ ئاق قويرۇق ( بۆكەن ) ، ياۋا ئات ، ياۋا ئېشەكلەر بار ئىدى . ئۇيغۇرلار نۇشۇدۇر قازاتتى ، بۆكەن ، ئات ، ئېشەك ، تېرىسىدىن كۆن ئىشلەپ ئۆتۈكلەرنى تىكىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىچكى رايونلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن . تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىكى تۈركلەر ۋە قارلۇقلار چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى ، ئۇيغۇر هۈنەرۋەنلىرى قوي تېرىسىدىن جۇۋا تىكەتتى ، قوي يۇڭىدىن يۇڭ كىيىم ۋە تىۋىت كىيىملەر ئىشلەپچىقىرىپ ، ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ باراتتى . قوچۇ ئۇيغۇرلىرى رودا تاۋلاپ ، پولات چىقىرىپ پىچاق سوقاتتى . دەستىسى قاشتېشى بىلەن نەقىشلەنگەن پىچاقلىرى ناهايىتى ئىتتىك ۋە چىرايلىق ئىدى . ئىچكى ئۆلكىلەردىكىلەر بۇ خىل ساپ پولاتتىن ئىشلەنگەن پىچاقلارنى قىممەتلىك بۇيۇم دەپ قارايتتى . ئۇدۇندىكى دەريالاردىن ۋە تاغ ئارىلىرىدىن ئېسىل قاشتېشى چىقاتتى . ئۇيغۇرلار ئۇدۇندىكى دەريالاردىن قاشتېشى سۈزۈۋالاتتى ، تاغ ئارىلىرىدىن قاشتېشى قازاتتى ، قاشتېشىدىن هاسا ، ياستۇق ، ئىگەر ، يۈگەن ياسايتتى ياكى باشقا بۇيۇملارنى ياساپ ، ئىچكىرىگە سوۋغا - سالامغا ئېلىپ باراتتى ياكى ساتاتتى . قوچۇدىن ئۈزۈم ناهايىتى كۆپ چىقاتتى ، ئۇيغۇرلار ئۇنى قۇرۇتاتتى ، مۇسەللەس چىقىراتتى . قوچۇ مۇسەللىسى ئاچچىق - چۈچۈك ، ئېسىل ئىدى ، يۈەن سۇلالىسى پادىشاھلىرى سوغىلارغا قاچىلاپ ، تۆگىگە ئارتىپ ئاپىرىپ ئوردىنىڭ قىممەتلىك ئىچىملىكى قىلاتتى .

ۋاڭ يەندې ئىدىقۇتقا ئەلچىلىككە بارغاندا ، بۇ يەرنىڭ

ئىنتايىن باي ـ ئاۋات ئىكەنلىكىنى ، ئاچ قالغان ئادەمنىڭ يوقلۇقىنى ، كىمىنىڭ ئاشلىقى يېتىشمىسە ، كىشىلەرنىڭ ئۆزلۈكىدىن ياردەم قىلىدىغانلىقىنى ، شۇڭلاشقا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغان كىشىلەرنىڭ جىقلى-قىنى ، 100 ياشتىن ئاشقانلارنىڭ خېلى كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرگەن . بەشبالىق ئۆستەڭ بويىدىكى يىلقىلار رەڭگىگە قاراپ ئايرىلاتتى ، يايلاقلار 100 نەچچە چاقىرىم يەرگە سوزۇلاتتى . ئاقسۆڭەكلەر ، مەنسەپدارلار ۋە بايلار ئات گۆشى يېيىشنى ياخشى كۆرەتتى ، ئاددىي پۇقرالار كالا ، قوي گۆشى يېيىشنى ياخشى كۆرەتتى . ئەينى ۋاقىتتىكى ئىقتىسادنىڭ گۈللەن-گەنلىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى تەۋەسىدىكى يېزا ئىگىلىكى ۋە قول سانائەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە راۋاجلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى قەدىمكى سوغدى دۆلە-تىنىڭ زېمىنىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانىدى . سوغدىلار سودىگەرچىلىك بىلەن دۇنياغا تونۇلغانىدى . باللار بەش ياشقا كىرگەندە ، ئاتىلىرى ئۇلارنىڭ ئاغزىغا ھەسەل ، قولىغا يىلىم سۈرتۈپ قوياتتى . بۇ چوڭ بولۇپ تىجارەت قىلغاندا ، ئاغزى ھەسەلدەك تاتلىق بولسۇن ، كىرگەن پۇل يې-لىمدەك چىڭ چاپلىشىپ قالسۇن دېگەنلىك ئىدى . باللار ئون نەچچە ياشقا كىرگەندىلا ، ئاتىسىغا ئەگىشىپ باشقا يەرلەرگە بېرىپ سودىگەرچە-لىك قىلاتتى . قاراخانىيلار سۇلالىسى ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىللەردە ، نۇرغۇن سوغدىلار تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا كىرىپ ، ئۇيغۇرلار ئىچىگە سىڭىپ كەتتى . بۇ مەزگىللەردىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار سوغدىلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا ، سودا ـ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا ماھىر بولۇپ داڭق قازانغانىدى . ئۇلارنىڭ قەدىمى شەرقتە بېيەنجىڭ ( بۈگۈنكى كەيفېڭ ) ، جىنلىڭ ( بۈگۈنكى نەنجىڭ ) ، لىنئەن ( بۈگۈنكى خاڭجۇ ) لارغا ، غەربتە پېرسىيە ، ھىندىستانلارغا يەتكەنىدى . ئۇلار ئۆز يەرلىرىدە ئىشلەپچىقىرىلغان گۈللۈك گەزمال ، كىگىز ، جۇۋا ، قاشتېشى ، قۇيۇچ پىچاق قاتارلىق نەرسىلەرنى ؛ پېرسىيە ، ھىندىستانلار-نىڭ مەستىكى رۇمى ، ئۈنچە ـ مارجان ، ئاگات قاتارلىق بۇيۇملىرىنى ئىچكىرىگە ئاپىرىپ ساتاتتى . ئىچكىرىنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈش ، يىپەك ۋە

چايلىرىنى غەربكە ئاپىرىپ ساتاتتى. شۇنداق قىلىپ جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد ئالماشتۇرۇشقا زور تۆھپە قوشقانىدى. نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار تېخى سەددىچىن ئىچىدىكى شەھەرلەردە بىدىكلىك قىلغان، ئۇلار دەللاللىق قىلمىسا، سودىدا پۈتۈشۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

قايدۇ بىلەن دۇۋانىڭ ئىسيانى يۈز بەرگەندىن كېيىن، چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ ھوقۇق تالىشىشى تۈپەيلىدىن ئۇزاق مۇددەت تەپرىقىچىلىك بولغان، نەتىجىدە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنىڭ ئىقتىسادى زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، شەھەرلەر خارابىلىككە ئايلانغان، يېزا - كەنتلەر ۋەيران قىلىنغان، ئېتىزلىقلار قاقاسلىققا ئايلىنىپ قالغان. تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى كېزىپ چىققان بىر چەت ئەللىك 14 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى مەنزىرىنى تەسۋىرلەپ كېلىپ: «ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن كېيىن ئاھالىلەر قېچىپ كېتىپتۇ، ئۆيلەر خارابىلىككە ئايلىنىپتۇ، يىراقتىن نەزەر تاشلىسىڭىز، ئەتراپى بۈك - باراقسان ناھايىتى كۆركەم كەنتلەردەك كۆرۈنىدۇ؛ لېكىن يېقىن بېرىپ قارىسىڭىز بىر ئەسكى تاملىقلا ئىكەن. بۇ يەردە قېپقالغانلار ئازغىنا كۆچمەن چارۋىچىلار بولۇپ، ئۇلار تېرىقچىلىق قىلمايدىكەن. دالىدا چارۋىچىلىق قىلىدىغان يايلاقلاردىن باشقا، زىرائەتلەر يوق» دەپ يازىدۇ. ئىنتايىن مۈشكۈل مەزگىللەردە قاچالماي قالغان نامراتلار قۇل - دېدەكلەرگە ئايلىنىپ، زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرىدى. ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىدىن قۇل ئېلىپ - سېتىشقا دائىر بىرنەچچە پارچە تىلخەت تېپىلغان، بۇ تىلخەت مىلادى 1280 - يىلى (دۇۋانىڭ قوچۇ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشىدىن بەش يىل كېيىن) غا تەئەللۇق بولۇپ، ئۇنىڭدا راھىب ئاتى تۇتۇڭنىڭ شەنبىن ئىسىملىك بىر خەنزۇ بالىنى يۈي شۆسەي ئىسىملىك بىر راھىبقا يۈەن سۇلالىسىنىڭ توققۇز يامبۇسىغا ساتقانلىقى يېزىلغان. لېكىن، دىڭ خۇي ئىسىملىك راھىب بىر نەچچە كىشى بىلەن بىرلىشىپ، پۇل چىقىرىپ ئۇنى سېتىۋالغان، ئۇنىڭ ھۆرلۈككە ئېرىشكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بىر پارچە ھۆججەت يېزىپ، مىڭبېشىنىڭ مۆھۈرىنى باستۇرغان. دىڭ خۇي ئەسلىدە بۇ ھۆججەتنى شەنبىنگە بېرىشكە ماقۇل

بولغان، كېيىن قورسىقىغا جىن كىرىپ، شەنبىنگە ۋەكالىتەن ئۆزى ساقلاپ قويۇپ، شەنبىنىنى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە 20 نەچچە يىل بىكارغا ئىشلەتكەن، شەنبىن 40 ياش بولغاندا، دىڭ خۇي ئاستىرتتىن ئۇنى سېتىپ پايدىغا ئېرىشىشنى ئويلاپ، ئالغۇچى بىلەن يوشۇرۇنچە توختامنامە يېزىشقان، يەنە تېخى 15 سەر كۈمۈش تەڭگە زاكالەت ئالغان. شەنبىن بۇ ئىشنى بىلىۋېلىپ بىر پارچە شىكايەتنامە يېزىپ، دىڭ خۇينىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلغان. شەنبىنىنىڭ سەرگۈزەشتىدىن قۇللارنىڭ تەقدىرىنىڭ نەقەدەر يامان ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان. بۇ مەزگىللەردە ئۇيغۇر ئالىملىرى تۈرك ۋە ئەرەب يېزىقىدا دۇنيا بويىچە مەشھۇر ئىككى ئەسەر يازغانىدى، ئۇنىڭ بىرى بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ خاس ھاجىپ يازغان داستان «قۇتادغۇبىلىك» بولۇپ، ئۇنىڭ تىلى پاساھەتلىك، پەلسەپىۋى قائىدىلىرى مول؛ يەنە بىرى قەشقەرلىك مەھمۇد قەشقەرى يازغان «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى) بولۇپ، تۈركلەرنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن زور قىممەتكە ئىگە. بەشبالىقلىق ئۇيغۇر راھىب سىڭقوسەلى تۇتۇڭ خەنزۇ تىلىغا كامىل ئالىم ئىدى. ئۇ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى بۇددا نوملىرىنىڭ كامىل ئۇستازى بۇدساتۋانىڭ تەرجىمھالى» قاتارلىق بۇددا دىنى دەستۇرلىرىنى ئۇيغۇرچىغا ئىنتايىن مۇكەممەل تەرجىمە قىلغان. بۇ چاغلاردا مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا تارقالغان. تۇرپاندىن ياغاچ ئويمىدا بېسىلغان نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، تۈركچە، توبۇتچە بۇددا دىنى ۋە مانى دىنى نوملىرى تېپىلدى.

موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى ئەڭ بۇرۇن بەيئەت قىلغان ئۇيغۇر، قارلۇق ۋە باشقا ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارغا بىرقەدەر ئىشىنىپ، ئۇلارنى «رەڭدار كۆزلۈكلەر» دەپ ئاتاپ، سەددىچىن ئىچىگە كۆپلەپ يۆتكەپ، ئوردىدا ۋە جايلاردا مەنسەپكە قويغان. ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى خەنزۇچە كلاسسىك كىتابلارنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئېلىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنى-

يېتىنگە ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرغان. تارىخشۇناسلىق، ئەدەبىيات ۋە تەبىئىي پەن قاتارلىق جەھەتلەردە تۆھپە قوشقان. ئۇيغۇرلاردىن سارابان «جىن سۇلالىسى تارىخى» نى يېزىشقا قاتناشقان. لىيەنخۇيشەن قايا «قىتانلار تارىخى» نى يېزىشقا قاتناشقان، گۇڭ يۈنشى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى نۇرغۇن شېئىرلارنى ۋە يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئەل - نەغمىلىرىنى يازغان. لۇمىڭشەن مەشھۇر ئاگرونوم بولۇپ، «دېھقانچىلىق، يىپەك - ئىچمەك دەستۇرى» ناملىق كىتابنى يېزىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى يېزا - ئىگىلىك ۋە توقۇمىچىلىق تېخنىكىسى ھەم ئۇنىڭ چارە - ئۇسۇللىرىنى خۇلاسىلىگەن ۋە خاتىرىگە ئالغان. مۇنەۋۋەر تەرجىمان ئەنزاڭ «جېنگۇەن يىللىرىدىكى مۇھىم سىياسىي ئىشلار»، «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى»، «دورا گىياھلار»، «داۋالاش تەس كېسەللىكلەر» قاتارلىق خەنزۇچە تارىخ ۋە تىبابىي ئىلىمغا ئائىت داڭلىق ئەسەرلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان ئىدى.

8 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، 9 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئۇيغۇرلار مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىدى. چۈگدې قاغان مانى دىنىنىڭ مەركىزى بولغان قوچۇغا كېلىپ، مانى دىنى ئۇستازلىرىنى موڭغۇل ئېگىزلىكىگە بېرىپ، دىن تەشۋىق قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغانىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا مانى دىنى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ دۆلەت دىنى بولۇپ قالغانىدى. ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، مانى دىنىنىڭ مۇرىتلىرى بەك ئازىيىپ كەتكەن، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار كۆپىيىپ قالغان، ھەتتا ئىدىقۇتمۇ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. ۋاڭ يەندې قوچۇدا 50 نەچچە بۇتخانىنىڭ بارلىقىنى، بۇتخانىلارنىڭ ئىشىكى ئۈستىگە ئېسىپ قويۇلغان لەۋھەلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دىگۇدەك تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى چى نىڭ يېزىپ بەرگەنلىكىنى، بۇتخانىنىڭ ئىچىدە خەنزۇچە «تىرى پىتاكا» نومى ساقلانغانلىقىنى كۆرگەن. بەشبالىقتىكى ئۇيغۇر پادىشاھىنىڭ ئوردىسىدا ناھايىتى چوڭ ئىبادەتخانىلار، كېمىر ئۆي تام سىزمىلىرى بار. 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىسلام دىنى پامىر ئېگىزلىكى ۋە ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا تارقالدى، كېيىن تەدرىجىي ئۇدۇن ۋە بەشبالىققا تار-

قالدى. بۇددا دىنى بىلەن ئىسلام دىنى ئامىنى تالىشىپ، بەزىدە شىددەتلىك كۈرەش قىلدى. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانى بىلەن ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ لى (ۋىسارا) جەمەتى خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى ئوتتۇرىسىدا 24 يىلغا سوزۇلغان «دىن ئۇرۇشى» بولدى. تۇبۇت (زاڭزۇلار)، جۇڭيۇن (كىچىك ياۋچىلار)، شاجۇ (دۇنخۇاڭ) دىكى گۇيىي قوشۇنىنىڭ چېرىكچى بېگى ساۋ جەمەتى ھاكىمىيتى بۇ ئۇرۇشقا ئىشتىراك قىلىپ، لى جەمەتى پادىشاھلىقى تەرەپتە تۇردى. بەش-بالىقتىكى بۇددا دىنى بىلەن ئىسلام دىنى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بىر مەيدان چوڭ ماجىرانى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 14 — 15 - ئەسىرلەرگە كەلگەندە، ئىسلام دىنى ئاخىر بۇددا دىنى ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىدى. ئىسلام دىنى مۇرىتلىرى بۇتخانا ۋە غارلارنى بۇزۇپ، بۇددا دىنى مەدەنىيىتىگە بالايىئاپەت ئېلىپ كەلدى. سانسىزلىغان قىممەتلىك بۇت - ھەيكەللەر ۋە تام سىزمىلار ۋەيران قىلىندى، لېكىن ئىسلام دىنى مۇرىتلىرى ئەرەب مە-دەنىيىتى ۋە سەنئىتىنى قوبۇل قىلدى ۋە تارقاتتى، بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر ياخشى ئىش. بۇ مەزگىللەردە، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئىجتىمائىي ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت - سەنئەتنىڭ ئالغا بېسىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئاساسەن ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ. بۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ پەخىرلىنىشىگە ئەرزىيدۇ.

## ئالتىنچى باب

# چىڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۇرۇشى ھەم تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى

## §1 . جۇڭغارلارنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ۋە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بويسۇندۇرۇشى ، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى مىللەتلەرنى ئېزىشى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى

مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەيش ـ ئىشرەت ، كەيپ ـ ساپاغا بېرىلىپ كېتىشى ، پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسى ، ھەر يىلى بولۇۋاتقان قۇرغاق-چىلىق ئاپىتى ۋە چېكەتكە ئاپىتى دېھقانلارنى قوزغىلىپ قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىشكە مەجبۇر قىلدى . مىلادى 1644 ـ يىلى ، باھادىر شاھ لى زىچېڭنىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇنى بېيجىڭنى ئىگىلىدى ، پادىشاھ زۇڭجېن مېيشەن تېغى ( بېيجىڭ شەھىرىدىكى جىڭشەن باغچىسى ) دا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى ، مىڭ سۇلالىسى يوقالدى .

17 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىلا ، شەرقىي شىمالدىكى جيەنجۇ ئايمىقى ( كېيىن ئىسمى مانجۇ ئايمىقى دەپ ئۆزگەرتىلگەن ) دا ، جۇرجىتلار باش كۆتۈرۈپ چىقتى . مىلادى 1616 ـ يىلى ئۇلارنىڭ يولباشچىسى نۇرخاچ ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئاتاپ ، كېيىنكى جىن دۆلىتىنى قۇرۇپ ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ لياۋدۇڭدىكى 72 شەھىرىنى ئىگىلىدى . نۇرخاچ ئۆلگەندىن كېيىن قونتاجى تەختكە ئولتۇرۇپ ، موڭغۇل ئېگىزلىكىنىڭ جەنۇبىدىكى موڭغۇللار بىلەن قۇدىلىشىپ ، سەد-

دىچىن سىپىلىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى كەڭ رايونلارنى تىزگىنلىدى. مىلادى 1636 - يىلى، قونتاجى شېنياڭنى پايتەخت قىلىپ، دۆلەت نامىنى «چىڭ» دەپ ئۆزگەرتتى. لى زىچېڭ بېيجىڭنى ئالغاندا، شەنخەيگۇەن قوشۇنىنىڭ باشلىقى ۋۇسەنگۈي ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن، چىڭ قوشۇنلىرىنى شەنخەيگۇەننىڭ ئىچىگە باشلاپ كىرىپ، لى زىچېڭنىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى. چىڭ قوشۇنلىرى جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، پۈتكۈل مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈردى. قونتاجى پايتەختنى بېيجىڭگە يۆتكەپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا موڭغۇللار چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى موڭغۇللار، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇللار ۋە چۆللۈكنىڭ غەربىدىكى موڭغۇللار دەپ ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى. چۆللۈك «قۇملۇق» دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ موڭغۇل ئېگىزلىكىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى سايلىقتۇر. خالخا موڭغۇللىرى بۈگۈنكى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شىمالىي قىسمىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇلار «شىمالىي چۆللۈك موڭغۇللىرى» دەپ ئاتالغان؛ چاخار موڭغۇللىرى بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ شەرقىي قىسمىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇلار «جەنۇبىي چۆللۈك موڭغۇللىرى» دەپ ئاتالغان. ئۇيرات موڭغۇللىرى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ۋە ئىلى دەرياسى ۋادىلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇلار «غەربىي چۆللۈك موڭغۇللىرى» دەپ ئاتالغان.

ئۇيراتلار مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋالالارنىڭ تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلىدۇر. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا، ئۇيراتلار ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان جۇڭغارلار، ئېرتىش دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دۆربۈتلەر، تارباغاي تاغلىرىنىڭ ئەتراپىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تورغۇتلار،

ئۈرۈمچى ئەتراپىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان خوشۇتلاردىن ئىبارەت تۆت چوڭ قەبىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. خوشۇتلارنىڭ يولباشچىسى گۇشىخان كېيىن چىڭخەينى ئىگىلەپ، شىزاڭغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن.

17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، باتۇر قونتاجى باشلىق بولغان مەزگىللەردە، جۇڭغارلار كۈچىيىپ، قالغان ئۈچ قەبىلىگە قارىتا يەكلەش پوزىتسىيىسىنى تۇتتى. تۇرغۇتلار غەربكە — ۋولگا دەرياسى بويىغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى، دۇربۇتلەر بىلەن خوشۇتلار جۇڭغارلارغا تىز پۈكتى، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى جۇڭغارلارنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرىپ قالدى. شۇڭا، بىز بۈگۈنكىچە تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى ئويمانلىقنى جۇڭغار ئويمانلىقى دەپ ئاتاپ كەلمەكتىمىز.

باتۇر قونتاجى ئۆلگەندىن كېيىن سېڭگې تەختكە ئولتۇردى. باتۇر قونتاجى ۋە سېڭگې ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىللەردە جۇڭغارلار سەددىچىن سېپىلى ئىچىگە دائىم ئەلچى ئەۋەتىپ، چىڭ سۇلالىسىگە تارتۇق يوللاپ، ئىستائەتمەنلىك بىلدۈرۈپ كەلگەنىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى داۋاملىق ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇلاردىن ھال ـ ئەھۋال سورىغان، ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى بىر قەدەر قويۇق ئۆتكەن.

سېڭگې ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئانا باشقا ئىنىسى غالدان سېڭگېنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرۈپ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تارتىۋالدى. غالدان ئۆتۈپ كەتكەن قارانىيەت ئىدى. ئۇ غەرب تەرەپتە قازاق، قىرغىزلارغا تاجاۋۇز قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاشكەنت، سەمەرقەند ۋە ئەنجان قاتارلىق جايلارنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدى. ئۇ چىڭخەيدىكى خوشۇت قەبىلىلىرىنىڭ خانى چېچەن خاننىڭ قىزىنى ئەمرىگە ئېلىپ، ئۆزىنىڭ قېيىنئاتىسىنى ئۇشتۇمتۇت ئۆلتۈرۈپ، چىڭخەينى يۇتۇۋالدى. ئۇ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئىسلام دىنى مەزھەپلىرىنىڭ كۈرىشىدىن پايدىلىنىپ، ئەسكەر چىقىرىپ، تارىم ئويمانلىقىدىكى شەھەرلەرنى بويسۇندۇردى. غالدان تەختتىكى چاغلار جۇڭغارلار تازا كۈچەيگەن بىر ۋاقىت ئىدى.

جۇڭغار ئاقسۆڭەك ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى

ۋە شىمالىدىكى، چىڭخەي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر مىللەت خەلقىنى
سىياسىي جەھەتتە دەھشەتلىك تۈردە ئەزگەن، ئىقتىسادىي جەھەتتە
ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان. ئۇلار ھەرقايسى مىللەت يولباشچىلىرىنى تۇتقۇن
قىلىپ، ئىلىدا نەزەربەند قىلدى، ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرىنى ساداقەت بىلدۈ-
رۈشكە مەجبۇرلىدى. ئۇلار ھەرمىللەت خەلقىنى ئېغىر باج ـ سېلىق
تاپشۇرۇشقا، ئۆزلىرىنىڭ ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشىنى تەمىن ئېتىشكە
مەجبۇرلايتتى. ھەرقېتىم ئۇرۇش پارتلىغاندا، جۇڭغار ئاقسۆڭەك
ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ھەر مىللەت خەلقىنى ئەسكەر تەمىناتى تاپشۇرۇشقا،
ھاشارغا بېرىشقا، ئەسكەرلىككە ئادەم بېرىشكە، قوشۇن بىلەن بىللە ئۇ-
رۇش قىلىشقا مەجبۇرلايتتى. ئۇلار تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇر
خەلقىنى تېخىمۇ ئېغىر زۇلۇم ئاستىغا ئالدى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى.
شۇ يەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە، 50 داچەن بىر « تەڭگە »، تۆت دەن
بەش كۈرە ئاشلىق بىر « پاتمان » دەپ ئاتىلاتتى. 100 مىڭغا يېقىن نو-
پۇسى بار قەشقەر رايونى ھەر يىلى جۇڭغارلارغا 40 مىڭ 898 پاتمان
ئاشلىق تاپشۇراتتى. ئۇنى دادەنگە سۇندۇرغاندا 181 مىڭ 41 دادەن بولۇپ،
ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر كىشىگە تەخمىنەن 2 دادەندىن، 5 جان ئا-
ئىلىگە 10 دادەندىن توغرا كېلەتتى. باشقا ھەر خىل باجلار بۇنىڭ ئىچىدە
ئەمەس ئىدى. 100 نەچچە مىڭ نوپۇسى بار يەكەن رايونىدا ھەر يىلى ھەر
بىر ئادەمنىڭ قەشقەردىكىگە ئوخشاش ئاشلىق تاپشۇرىدىغانلىقىنى ھېسابقا
ئالمىغاندا، ھۈنەرۋەنلىك بېجى، جان بېجى، پاختا بېجى، زاراڭزا بېجى،
رەخت بېجى، ئالتۇن كان بېجى، مىسكەللىك بېجى، تېرە ئاشلاش بېجى،
كېگىز بېجى، باغ بېجى، ئۈزۈم بېجى، تۇياق بېجى دېگەنگە ئوخشاش
باجلارلا 100 مىڭ تەڭگە بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر كىشىگە
تەخمىنەن 50 داچەندىن توغرا كېلەتتى. كۈزلۈك ھوسۇل يىغىش
مەزگىلى يېتىپ كەلگەندە، جۇڭغار ئاقسۆڭەك ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ھەر
قايسى جايلارغا بېرىپ باج ـ سېلىق يىغىۋېلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىپ،
ئۇيغۇر خەلقىنى تۈرلۈك يوللار بىلەن قاقشاتتى. كۆڭلىدىكىدەك بول-
مىسا، دەرھال ئەسكەر ئەۋەتىپ قوراللىق بۆلۈۋالاتتى. ئۇلارنىڭ چارۋا ۋە

ئاشلىقلارنى قۇرالىق بۆلۈۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇيغۇر خەلقى كالا ـ قويلارنى تاغ ئىچىگە قويۇۋېتىشكە، ئاشلىقلارنى قەدىمىي ئورمانلىقلارغا كۆمۈۋېتىشكە، ئەگرى ـ توقاي يەر ئاستى يولى ياكى قاراڭغۇ لەخمىلەرنى كولاپ، پۇل، بايلىقلارنى يوشۇرۇپ قويۇشقا، ھەتتا ئۆيلەرنىڭ تاملىرىنى قېلىنلىتىپ، ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى كىچىكلىتىپ، يوشۇرۇنۇشقا ۋە مۇداپىئەلىنىشكە مەجبۇر بولدى. جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىنتايىن ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك ۋە خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرەتتى.

## §2. چىڭ سۇلالىسىنىڭ جۇڭغار ئاز سانلىق ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىش جەريانى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى

مىلادى 1688 ـ يىلى، غالدان 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، ئالتاي تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، خالخا موڭغۇللىرىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى. خالخا موڭغۇللىرى تەييارلىقسىزلا جەڭگە ئاتلىنىپ قاتتىق مەغلۇپ بولدى. ئۇلارنىڭ 100 مىڭ ئادىمى ئىچكى موڭغۇلغا كىرىپ، چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى، غالدانغا بېسىۋالغان چارۋىچىلىق رايونلىرىنى، ئەسىر ئالغان ۋە ئولجا ئالغان ئادەملەرنى ۋە كالا ـ ئاتلارنى قايتۇرۇپ بېرىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈرگەندە، غالدان پىسەنت قىلماي، چىڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇش يولىغا مېڭىشقا باشلىدى. مىلادى 1690 ـ يىلى، غالدان خالخا موڭغۇللىرىغا زەربە بېرىشنى باھانە قىلىپ، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا ئىچكىرىلەپ كىردى، تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، چىڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، كاڭشى خاندىن خالخا موڭغۇللىرىنىڭ سەركەردىسىنى چىقىرىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە: «سەن جەنۇبنىڭ خانى بولساڭ،

مەن شىمالنىڭ خانى » دېدى . كاڭشى ئۇنىڭ قەدەممۇ قەدەم قىستاپ كې-
لىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۆزى بىۋاستە قوشۇن تارتىپ يۈرۈش قىلىش
قارارىغا كەلدى . ئىككى تەرەپ قەدىمكى شىمالىي ئېغىزنىڭ سىرتىدىكى
ئۇلانبۇتۇر دېگەن جايدا دوقۇرۇشۇپ قالدى . جۇڭغار قوشۇنلىرى تاغ
باغرىغا چېدىر تىكىپ ، 10 مىڭغا يېقىن تۆگىنى تۇشەپ ياتقۇزدى ، تۆ-
گىگە ساندۇقلارنى ، هۆل كىگىزلەرنى ئارتىپ ، قەلئەگە ئوخشاش
چەمبىرەك هاسىل قىلدى . ئەسكەرلەر تۆگىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا قورال ،
ئوق ـ نەيزىلىرىنى قويدى . مانا بۇ « تۆگە قەلئەسى » دېگەن بولۇپ ،
جۇڭغارلار هەمىشە مۇشۇ خىل تاكتىكىغا تايىنىپ غەلىبە قىلاتتى . چىڭ
سۇلالىسى قوشۇنلىرى مانا پولكا ئوۋ مىلتىقى ۋە يەرلىك توپ ـ
زەمبىرەكلەرنى ئىشلىتىپ شىددەتلىك هۇجۇم قىلىپ ، ئەتىگەندىن كەچ-
كىچە بولغان جەڭدە جۇڭغارلارنىڭ نۇرغۇن تۆگىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ۋە
يارىلاندۇرۇپ ، تۆگە قەلئەسىنى تارمار قىلدى . چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلى-
رىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئاتاكىغا ئۆتۈپ ،
غالداننى مەغلۇپ قىلدى . بۇ جۇڭغارلارنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىققاندىن
بۇيانقى 1 ـ قېتىملىق مەغلۇبىيىتى بولۇپ هېسابلىنىدۇ . بۇ
تارىختا « ئۇلانبۇتۇر ئۇرۇشى » دەپ ئاتالدى . غالدان نىيىتىدىن يانمايلا
قالماستىن ، چارروسىيە بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ، ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن
پۇرسەت ئىزدىدى . ئۇ چىڭ سۇلالىسى ئەلچىسىگە : « مەن رۇسلاردىن 60
مىڭ ئوۋ مىلتىقى ۋە ئەسكەر ئارىيەت ئالدىم . چىڭ قوشۇنلىرى بىلەن
هەل قىلغۇچ جەڭ قىلىمەن » دەپ پو ئاتتى . كاڭشى خان قالدۇق دۈش-
مەننى تازىلاش ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم ئۆزى قوشۇن تارتىپ يۈرۈش
قىلىپ ، جاۋمودو دېگەن جايدا غالدانغا يەنە بىر قېتىم ئەجەللىك زەربە
بەردى . غالدان موڭغۇل ئېگىزلىكىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئۇ يەرنىڭ
مول ، ئېسىل سۇ ۋە يايلاقلىرىغا ئاچ كۆزىنى سېلىپ ، ئۇزاققىچە ئېلىغا
قايتمىدى ، نەتىجىدە ئۇنىڭ كونا ئۇۋىسىنى ئاكىسىنىڭ ئوغلى سېۋىن
ئارۇبدان ئىگىلىۋالدى ، ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەرب تەرىپى سېۋىن ئارۇبدانغا
تەۋە بولدى . غالدان چىڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇدا نەچچە يىل ئۇرۇشقاچقا ،

ئەسكەرلىرى يارىدار بولۇپ ۋە ئۆلۈپ، مال ـ چارۋىلىرى ئازلاپ، ناھايىتى تەس كۈنگە قالدى. مىلادى 1696 ـ يىلى، كاڭشى سېۋىن ئارۋبدان بىلەن كېلىشىپ، بىرلىكتە غالدانغا زەربە بەردى. غالدان ئۆزىنىڭ ھەممىنى بىزار قىلغانلىقىنى، خاتا كوچىغا كىرىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالدى.

كاڭشى سېۋىن ئارۋبداننى جۇڭغارلارنىڭ سەركەردىسى قىلغانىدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى غالدان سېرېن تەختكە چىقتى. غالدان سېرېن غالداننىڭ كونا يولىنى تۇتۇپ، خالخالارغا كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭجېڭ پادىشاھى جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەسكەر ئەۋەتىپ، غەلىبە قىلالماي، سۈلھى بىلەن ئۇرۇشنى توختىتىپ، ئالتاي تېغىنى چېگرا قىلىپ، جۇڭغارلارنىڭ شەرققە بېرىپ چارۋىچىلىق قىلماسلىقىنى بېكىتتى.

مىلادى 1745 ـ يىلى، غالدان سېرېن ئۆلدى. جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى تەخت تالىشىپ، بىر ـ بىرىگە ئورا كولىدى. غالدان سېرېننىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ، چوڭ ئوغلى لاما دارجا ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنىدى؛ ئىككىنچى ئوغلى نامزا تەختكە ئولتۇردى؛ ئۈچىنچى ئوغلى سېۋىنداش ئاقسۆڭەكلەر ئىچىدە ناھايىتى يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە ئىدى. نامزا بولسا ناھايىتى ۋەھشىي بولۇپ، ئۆز ئاچىسىنىمۇ نەزەربەند قىلغان، ئاقسۆڭەكلەرنى ئۆلتۈرگەنىدى، ئاخىر ئاچىسىنىڭ ئېرى ۋە ئاقسۆڭەكلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، ئورنىغا لامادارجا چىققان. لېكىن، جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرىدىن داش داۋا، داۋاچى، خوشۇت قەبىلىسىنىڭ ئاقسۆڭىكى بەنجۇر شۇنىڭدەك خوۋىتلار قەبىلىسىنىڭ ئاقسۆڭىكى ئامۇرسانالار ئۇنىڭغا بويسۇنماي، دارجانىڭ ئۇكىسى سېۋىنداشنى خان قىلىپ تىكلىمەكچى بولدى، دارجا ئۇلارنىڭ قەستىنى بىلىۋېلىپ داش داۋا بىلەن سېۋىنداشنى ئۆلتۈردى. ئامۇرسانا بىلەن داۋاچى قازاق ئوتتۇرا يۈزگە (يۈز — قىسىم دېگەن مەنىدە، ئوتتۇرا يۈز قازاقلارنىڭ سول قىسمى دېگەن مەنىدە) — ئابلاي خان ھۇزۇرىغا قېچىپ بېرىپ پاناھلاندى. دارجا ئۇلارنى تۇتۇش ئۈچۈن 30 مىڭ ئەسكەر ئەۋەتتى.

ئامۇرسانا ئۆزىنىڭ قەبىلىسىگە قايتىپ بېرىپ خىللانغان 1500 نەپەر ئەسـ
كەر يىغىپ غۇلجىنىڭ بوش قالغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ئوغرىلىقچە
ھۇجۇم قىلىپ دارجانى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇ ئەسلىدە تۆت قەبىلىنىڭ باشـ
لىقى بولماقچى بولغان بولسىمۇ، بىراق قالغان قەبىلىلەرنىڭ
بويسۇنماسلىقىدىن ئەنسىرەپ داۋاچىنى خان قىلىپ تىكلىدى. داۋاچى
بەگۋاش، كەيىپ ـ ساپا ئادەم ئىدى، ئۇ خەلق ئاممىسىنى قاتتىق ئېزىپ،
كىشىلەرنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىگە ئۇچرىغان. ئامۇرسانا خىزمەت كۆرسەتـ
تىم، دەپ ھاكاۋۇرلىشىپ ھوقۇق ۋە مەرتىۋە جەھەتتە ھېچقانداق
چەكلىمىگە ئۇچرىمايتتى. ئۇ داۋاچى بىلەن بارا ـ بارا ئۆچەكىشىپ قالـ
غان. مىلادى 1754 ـ يىلى داۋاچى 30 مىڭ ئەسكەرنى باشلاپ، ئامۇرساناغا
قارىتا جازا يۈرۈشى قىلدى. ئامۇرسانا تاقابىل تۇرالماي چىڭ
سۇلالىسىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى ھەم پادىشاھ چيەنلۇڭغا ئىلىنى ئېلىشقا
بولىدىغانلىقى توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇمات بېرىپ، ئەسكەر چىقىرىشنى
تەلەپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ چىڭ سۇلالىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى
بىلدۈردى. پادىشاھ چيەنلۇڭ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ غالداندىن بۇيان
داۋاملىق بۆلۈنمىچىلىك قىلىپ كەلگەنلىكىنى، پادىشاھ كاڭشى ۋە يۇڭـ
جېڭلارنىڭمۇ تىنجىتالمىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، مىلادى 1755 ـ يىلى 2 ـ
ئايدا ئىككى يۆنىلىش بويىچە غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەپ داۋاچىغا جازا يۈـ
رۈشى قىلدى. بۇ چاغدا ئامۇرسانا بىلەن ئىلگىرى تەسلىم بولغان جۇڭغار
ئاقسۆڭەكلىرىدىن سالار ئىككى يۆنىلىش قوشۇنغا مۇئاۋىن سانغۇن
بولۇپ، 3000 دىن ئەسكەرنى باشلاپ ئالدىن ماڭدى. ئامۇرسانا بىلەن
سالار ئەلەم كۆتۈرۈپ، يول بويى خەلقنى تەسلىمگە چاقىرىپ ماڭدى.
جۇڭغار پۇقرالىرى پىشلاق كۆتۈرۈپ، قوي ـ كالىلىرىنى يېتىلەپ چىـ
قىپ، چىڭ قوشۇنىنى كۈتۈۋالدى. چىڭ قوشۇنى قان تۆكمەيلا بورتالاغا
كېلىپ، كەڭسايغا كىرىش ئۈچۈن تەييارلاندى. داۋاچى ئەتىدىن
كەچكىچە مەست بولۇپ، تەييارلىقسىز يۈرگەچكە، تاقابىل تۇرالماي، 10
مىڭ ئادەمنى باشلاپ ئىلىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى گېدېڭ تېغىغا قېچىپ
كەتتى. چىڭ ئارمىيىسى قوغلاپ يېقىن بېرىپ، ئايۇشنى 24 ئادەم بىلەن

يول ئىزدەشكە ئەۋەتتى. ئايۇش تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئېتىنى قامچىلاپ، قىقاس سېلىپ ئالدىدا ماڭدى، ئۇنىڭ 24 ئادىمى ئوق چىقىرىپ، دۈشمەنلىرىنى باتۇرلۇق بىلەن قىرىپ جۇڭغار ئارمىيىسىنى پاتپاراق قىلىۋەتتى. داۋاچى ئالاقزادە بولۇپ قاچتى. ئايۇش داۋاچىنىڭ چېدىرىنى ئۆز قولى بىلەن چۇۋۇدى. ئالتە دانە يەرلىك زەمبىرەكنى چۇۋۇپ تاشلاپ، 7000 دىن ئارتۇق كىشىنى 24 كىشى تەسلىم قىلدى. چيەنلۇڭ خان غەلىبىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن گېدېڭ تېغىدا بىر تاش ئابىدە تىكلىدى. داۋاچى تەڭرىتېغىنى ئاتلاپ ئۇچتۇرپانغا قېچىپ بېرىپ، شۇ يەرنىڭ ھاكىمبېگى غوجەش تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنىپ، چىڭ ئارمىيىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىلدى.

پادىشاھ چيەنلۇڭ ئويرات قەبىلىلىرىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىنى بۆلۈپ ئىدارە قىلغان ھەمدە ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ كەلگۈسىدىكى يولباشچىلىرىنى بېكىتىپ چىققانىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئامۇرسانا خوۋىت قەبىلىسىنىڭ تەيجىلىكىگە نىشانلانغانىدى. ئەمما ئامۇرسانا ئۆزىنى كاتتا چاغلاپ، قارانىيىتى ھەددىدىن ئېشىپ، ئولتۇرسا ـ قوپسا تۆت قەبىلىنىڭ قونتاجىسى (چوڭ تەيجى) بولۇپ، پۈتكۈل غەربىي يۇرتقا مۇستەبىت ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنى ئويلايتتى. شۇڭا چيەنلۇڭنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن نارازى بولۇپ يۈردى. ئۇ چىڭ سۇلالىسى بەرگەن ئورۇنباسار سانغۇنلۇق تامغىنى ئىشلەتمەي، قونتاجىنىڭ گۈللۈك تامغىسىنى ئىشلەتتى. ئۇ قازاقلار بىلەن قىرغىزلارغا ئەگەر ئامۇرسانا تۆت قەبىلىنىڭ قوتناجىسى بولمايدىغان بولسا، چېگرا تىنچلانمايدۇ، دەيدىغان گەپلەرنى تارقاتقۇزدى. جۇڭغار قەبىلىلىرى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن بىگۇناھ پۇقرالارنى ئۆلتۈرۈپ، مال ـ چارۋىلارنى بۇلاپ، قولىدىن كېلىدىغانلىكى ئەسكىلىكنى قىلدى. پادىشاھ چيەنلۇڭ رېخىگە كېلىپ تازىمغا كىرىشكە چاقىرتسا، كۆرۈشۈشكە بارمىدى. نەچچە رەت سۈيلىگەندىن كېيىن يولغا چىققان بولسىمۇ، يولنىڭ يېرىمىدا دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ غۇلجىغا قايتىپ كەتتى، چىڭ ئارمىيىسىنىڭ چېكىنىپ كەتكەنلىكىنى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى بەندى ۋە ئېرۇڭ ئەنلەرنىڭ

500 ئادەم بىلەنلا بۇ يەرنى ساقلاۋاتقانلىقىنى پۇرسەت دەپ بىلىپ ،
ھەرقايسى قەبىلىلەر ئارىسىدا قوتراتقۇلۇق قىلىپ توپىلاڭ كۆتۈردى ،
ھەربىي راباتلارنى بۇلىدى ، ئارمىيىنى قورشىۋالدى . بەندى بىلەن
ئېرۇگىئەن كۆپچىلىككە باشچىلىق قىلىپ ، 300 نەچچە چاقىرىم نېرىغا بې-
رىپ ئۇرۇش قىلىپ ، پۈتۈنلەي قۇربان بولدى . مىلادى 1756 ـ يىلى چىڭ
سۇلالىسى ئىككى يول قوشۇننى غەربنى تىنچىتىشقا ئەۋەتتى ، بۇ قوشۇن
توسالغۇسىز ئىلگىرىلىدى . ئامۇرسانا بەرداشلىق بېرەلمەي قازاقلار تەرەپكە
قېچىپ ، ئابلەي خاننىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى .

چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى ۋەقەنىڭ جەريانىدىن خەۋەر تاپقاندىن كې-
يىن ، ئارقىمۇ ئارقا تۆت پارچە خەت يېزىپ ، ئۇنى رۇسىيە تەۋەلىكىگە
كىرىشكە ئۈندىدى ھەم رۇسىيە ئۇنى قوغدىيالايدۇ ، دېدى . بىراق ئابلەي
خان ئامۇرسانانىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ يۈرگەنلىكتىن ،
رۇسىيىنىڭ سۈيىقەستى ئەمەلگە ئاشمىدى . لېكىن ، ئۇ مەغلۇپ بولغىنىغا
تەن بەرمەي كونا ئويۇننى يەنە قايتا ئويناپ ، چىڭ ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي
كۈچى چېكىنىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن غۇلجىغا قايتىپ يەنە چىڭ
ھۆكۈمىتىگە قارشى پاتپاراقچىلىق تۇغدۇرۇش ئويىدا يۈرگەندى . چىڭ
سۇلالىسى جاۋخۇي قاتارلىق سانغۇنلارنى غۇلجىغا ئامۇرسانا توپىلىڭىنى
تىنچىتىشقا ئەۋەتتى . بۇ ۋاقىتتا جۇڭغارلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددى-
يەت كەسكىنلىشىپ كەتكەن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چېچەك كېسەللىكى يامراپ
نۇرغۇن ئەسكەرلەر ئۆلۈپ كەتكەن . ئامۇرسانا ھەربىي كۈچى ئاجىز بول-
غاچقا ، داۋاملىق غەربكە چېكىنگەن . جاۋخۇي 80 كىشىلىك ئارقا سەپ
ھىماتچى قىسمنى باشلاپ چارلاش ئېلىپ بېرىۋاتقاندا ، ئامۇرسانانىڭ
جاھىل ئەگەشكۈچىلىرىدىن نەچچە يۈز ئادەمنىڭ غۇلجىنىڭ غەربىي
شىمالىدىكى كۆلۈنكۈي تېغىدا خەتەردىن ئامان قېلىش ئۈچۈن مۆكۈۋال-
غانلىقىنى بايقىۋالغاندىن كېيىن ، 80 نەپەر ئەسكەرنى باشلاپ تۈن
قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ ، ئۆڭكۈرگە باستۇرۇپ كىرىپ ، دۈشمەننىڭ
قالدۇق قىسمىنى تەلتۆكۈس يوقاتتى . ئىككىنچى كۈنى ، جاۋخۇي
سەھەردىكى تۇماندىن پايدىلىنىپ ، ئىككى ئادەمنى ئەۋەتىپ ، دۈشمەننىڭ

ئات ـ ئۇلاغلىرىنى قاچۇرۇۋېتىپ، دۈشمەننى قېچىپ كېتەلمەيدىغان قىلىپ قويدى. جاۋخوي قاتارلىقلارمۇ قايتا ـ قايتا جەڭ قىلىپ، ئۇرۇش-نىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. ئۆز قىسىملىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن خەۋەر تاپقان ئامۇرسانا ئۆلگۈدەك قورقۇپ، ئۆزىگە سا-دىق 20 نەپەر ئەسكەرنى ئېلىپ قازاقلار ئارىسىغا قېچىپ كەتتى. چىڭ قوشۇنى ئىز قوغلاپ يۈرۈپ، قازاق خانى ئابلەي خاننىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا، ئابلەي خان چىڭ ئارمىيىسىگە ئات ھەدىيە قىلىپ، چىڭ ھۆكۈمىتىگە بويسۇنىدىغانلىقىنى، ئامۇرسانانى ئۇلارغا تۇتۇپ بېرى-دىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئامورسانا قاتارلىقلارنىڭ ئېتىنى تارتىۋالغان. ئامۇرسانا پىيادە روسىيە تەرەپكە قېچىپ كەتكەن. چىڭ ھۆكۈمىتى رو-سىيە تەرەپتىن ئىلگىرى ئىمزالانغان شەرتنامىنىڭ روھىغا ئاساسەن قاچقۇننى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، روسىيە ئامۇرسانانى قانات ئاستىغا ئېلىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ جۇڭگونى يەنە پارچىلاش سۇيىقەستىدە بولدى. ئىككى ئايدىن كېيىن ئامۇرسانا چېچەك كېسەللىكى سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتتى. روسىيە يەنە ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ جەسىتىنى چىڭ سۇلالىسىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. شۇنىڭدىن ئېتى-بارەن، ئازسانلىق جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قالايمىقانچىلىقلىرى ئۈزۈل ـ كېسىل بىتچىت قىلىندى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاز سانلىق جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتقانلىقىنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زور. ئۇ غەربىي يۇرتنى قايتىدىن چىڭ سۇلالىسى خەرىتىسى ئىچىگە كىرگۈزدى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جۇڭغار ھۆكۈمرانلار گورۇھىنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسى-يىسىدىن تېزرەك قۇتۇلۇشىغا، چار روسىيىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ زېمىنىنى يۇتۇۋېلىشتەك قارا نىيىتىنىڭ ئەمەلگە ئاشماسلىقىغا تۈرتكىلىك رول ئوي-نىغان.

پادىشاھ چيەنلۇڭنىڭ تۆھپىسى ناھايىتى زور. ئۇ ئۆزىنىڭ تۆھپىسىنى كۆز ـ كۆز قىلىش، ئۆزىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، بۇرۇندىن چىڭ سۇلالىسىگە تەۋە بولۇپ كەلگەن، كېيىن قولدىن كەت-

كەن ، ئەمما ئۆزىنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن يېڭىۋاشتىن تىنچىتىلغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى « شىنجاڭ » دەپ ئاتىدىغان . مەسىلەن ، سىچۈەندىكى چوڭ ـ كىچىك جىنچۈەن ( جىنشا جياڭ رايونى ) ، يۈننەننىڭ ۋۇمېڭشەن رايونى ، گۇيجۇنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى گۇجۇ ، غەربىي جەنۇبىدىكى ئەنشۈن ، جېننىڭ قاتارلىق جايلارنى شۇنداق دەپ ئاتىغان . جۇڭغارلار تىنچىتىلغاندىن كېيىن غەربىي يۇرتمۇ « شىنجاڭ » دەپ ئاتالدى .

## §3 . چىڭ سۇلالىسىنىڭ چوڭ ـ كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنچىتىشى ، تۇرغۇت قەبىلىسىنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشى ، ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭى

مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا خوجىلارنىڭ تەسىر كۈچى زورىيىشقا باشلىدى . « خوجا » دېگەن ئەرەبچە « پەيغەمبەر ئەۋلادى » دېگەنلىك بولىدۇ ، شۇڭا « خوجا » نامى بار ھەرقانداق كىشى ئۆزىنى ئىسلام دىنىنىڭ ئىجادچىسى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى ، دەپ قارايدۇ . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى تۇنجى خوجا مەقدۇم ئەزەم بولۇپ ، 16 ـ ئەسىرلەردە سەمەرقەندتىن كېلىپ ، چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەنىش . مەقدۇم ئەزەم ئۆلگەندىن كېيىن ئىككى ئوغلى دىنىي ئەقىدىلەرنى تارقىتىش ئۈستىدە كېلىشەلمىگەن . چوڭ ئوغلى خوجا مۇھەممەدئىمىن ئىشان ( ئىشان كالان ) ئاق تاغلىقلار سۇلۇكىنى ، كىچىك ئوغلى خوجا ئىسھاق قارا تاغلىقلار سۇلۇكىنى ياراتقان . كىشىلەر ئادەتتە ئىسلام دىنىنى « مۇسۇلمانلار دىنى » دەپ ئاتايدۇ . ئاق تاغلىقلار مەزھىپىدىكى ئەرلەر بېشىغا ئاق دوپپا كىيىدىغان ، قارا تاغلىقلار مەزھىپىدىكى ئەرلەر بېشىغا قارا دوپپا كىيىدىغان بولغاچقا ، ئادەتتە ئاق دوپپىلىقلار ۋە قارا دوپپىلىقلار ، دەپمۇ ئاتىلىدۇ . 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ، ئىسلام دىنى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا مۇتلەق ھۆكۈمرانلىق ئورۇنىنى ئىگىلىدى .

خوجىلارنىڭ مۇرد ـ مۇخلىسلار ئارىسىدىكى تەسىرى ۋە كۈچى بارغانسېرى زورايدى . چاغاتاي ئەۋلادلىرى ھوقۇقىنىڭ قولدىن كەتكەن-لىكىگە زادىلا تەن بەرمەيتتى . ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كەسكىنلەشكەن پەيتتە ، چاغاتاي ئەۋلادى بول-غان يەكەن سەئىدىيە خانى ئىسمائىل خان قارا تاغلىقلارنى قوللاپ ، ئاق تاغلىقلارنىڭ باشلىقى خوجىغا زەربە بېرىش ئارقىلىق ، بىر قىسىم ھوقۇقنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئۇرۇندۇ . خوجا شىزاڭغا قېچىپ بېرىپ دالاي لامادىن ياردەم تەلەپ قىلدۇ . دالاي غالدانغا خەت يېزىپ ، ئۇنىڭ خوجىغا يارەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدۇ . غالدان پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ 1678 ـ يىلى ئەسكەر چىقىرىپ ، ئىسمائىل خاننى ئەسىرگە ئېلىپ ، قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ ئىمتىيازلىرىنى بىكار قىلىپ ، ئاپئاق خوجىنى يۆلەپ قورچاق خان قىلىپ تىكلەپ ، ھەرقايسى شەھەرلەردىكى ئاھالىلەرنى ھەرقايسى قە-بىلىلەرگە بۆلۈپ بېرىدۇ ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىنى ئۆزىنىڭ بىۋاستە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالىدۇ . غالدان سېرىن دەۋرىدە ، ئەھمەد خوجا داۋاملىق قورچاق خان بولۇۋېرىشنى خالىماي ، جۇڭغارلارغا قارشى چىقىدۇ ، لېكىن غالدان سېرىن تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ ، چوڭ ئوغلى بۇرھانىدىن ، كىچىك ئوغلى خوجاجاھانلار بىلەن بىرلىكتە ئەسىرگە ئېلىنىپ ئىلىدا رېجىمغا ئېلىنىدۇ . ئۇ يەنە نەچچە مىڭلىغان ئۇيغۇر خەلقىنى مەجبۇرى ئىلىغا كۆچۈرۈپ ، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ يەرلىرىنى تېرىشقا سالىدۇ . مىلادى 1755 ـ يىلى چىڭ ئارمىيىسى داۋاچىغا قارشى ھەربىي يۈرۈش قىلىپ ، ئىلىغا يېقىنلاشقاندا ، ئاكا ـ ئۇكا بۇرھانىدىن بىلەن خوجا جاھانلار ئوتتۇز نەچچە ئۆيلۈك ئۇيغۇر دېھقاننى ئەگەشتۈرۈپ ، كەڭسايدىن ئۆتۈپ ، چىڭ ئارمىيىسىگە تەسلىم بولغان . ئىلى تىنچىتىلغاندىن كېيىن بۇرھانىدىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىناۋىتى ۋە قوللىشىغا ئېرىشىپ ، يەكەنگە قايتىپ ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ رايونلارنىڭ ھۆكۈمدارىغا ئايلاندى . ئەمما ئۇنىڭ ئىنىسى خوجاجاھان يە-نىلا ئىلىدا تۇتۇپ تۇرۇلدى ھەم شۇ جايدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قويۇلدى . تارىختىكى « چوڭ ـ كىچىك خوجا » دېگەنلەر

ئەنە شۇلاردۇر. ئامۇرسانا ئىسيان كۆتۈرگەندە، ئۇنىڭ ئىسيانىغا قاتناشقان خانخوجا ئامۇرسانانىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن بىرلىكتە، چىڭ سۇلالىسىگە سادىق موڭغۇل قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلغان. ئىككىنچى يىلى، چىڭ ئارمىيىسى ئىلىغا كەلگەندە، خوجاجاھان سۈرۈشتە قىلىنىشىدىن قورقۇپ يەكەنگە قېچىپ بېرىپ، ئاكىسى بۇرھانىدىننى چىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇشقا كۈشكۈرتۈپ ئۇنىڭغا: «چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلارنى ئەمدىلا مەغلۇپ قىلدى. جايلار تېخى تىنچىپ بولالمىدى، ئۇلار بىزگە جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەسكەر ئەۋەتەلمەيدۇ، ئەسكەر ئەۋەتكەن تەقدىردىمۇ، قورقمايمىز. چۈنكى، بىز ئىنتايىن مۇھىم يەردە تۇرىۋاتىمىز، چىڭ ئارمىيىسى ئاشلىق يۆتكەشتە قىينىلىدۇ، ئۇلارنى ئۇرۇشمايلا يېڭەلەيمىز». بۇرھانىدىن خوجا ئۇنىڭ پىكرىنى ماقۇللىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، خان خوجا ئۆزىنى «باتۇرخان» دەپ جاكالاپ، توپىلاڭ كۆتۈردى. چوڭ - كىچىك خوجىلار ئىلىدىن ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن بىر توپ يالاقچىلىرىنى ھەرقايسى جايلارغا ئەۋەتىپ ئەسكەر، ئات - ئۇلاغ، ئاشلىق ۋە قورال - ياراغ يىغدى. بۇ ئادەملەر تۈلكىدەك قۇۋ، يولۋاستەك يىرتقۇچ بولۇپ، ھەرقايسى جايلاردا ئاۋام خەلقنى قاقتى - سوقتى قىلىپ يۈردى. جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئاياغ - ئاستى قىلىشى ۋە ئېغىر ئېكسپىلاتاتسىيىسىدىن ئەمدىلا قۇتۇلغان تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرمىللەت خەلقى قايتىدىن چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىغا ئۇچراپ قاتتىق ئازاب - ئوقۇبەتكە قالدى.

مىلادى 1758 - يىلى ئەتىيازدا، چىڭ سۇلالىسى ئون مىڭ ئەسكەرنى ئىشقا سېلىپ تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يولباشچىسى ئىمىن خوجىنى، كۇچادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يولباشچىسى ھادى، ئۇچتۇرپاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يولباشچىسى غوجەشلەرنى مەسلىھەتچى ياكى يول باشلىغۇچى قىلىپ بەلگىلەپ، چوڭ - كىچىك خوجىلارنى تىنچىتىش ئۈچۈن جەنۇبقا ھەربىي يۈرۈش قىلدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى يول بويى خەلق ئاممىسىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپ، كۇچا، ئاقسۇ، باي، ئۇچتۇرپان

قاتارلىق جايلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىگىلىدى. چوڭ ـ كىچىك خوجىلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قەشقەر ۋە يەكەنگە كېتىشتى.

شۇ يىلى كۈزدە، چىڭ سۇلالىسى قوماندانى جاۋخۇي 4000 كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، يەكەنگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار يەكەن دەرياسىنىڭ ئوڭ قانىتىدا لەشكەرگاھ قۇرۇپ جايلاشتى. دەريانىڭ نامى قاراسۇ دەپ ئاتىلاتتى. شۇڭا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ بۇ لەشكەرگاھى «قاراسۇ لاگېرى» دەپ ئاتالدى. 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى خانخوجىنىڭ چارۋا ـ ماللىرى يەكەننىڭ جەنۇبىدىكى تاغدا ئىكەن، دېگەن خەۋەر كەلدى، جاۋخۇي 1000 دەك ئەسكەرنى باشلاپ جەنۇبى تاغقا بېرىپ ئولجىلارنى قولغا چۈشۈرۈش نىيىتىدە ئاتلاندى. 400 دەك ئەسكەر كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ بولغاندا، كۆۋرۈك توساتتىن بۇزۇلۇپ كەتتى. خوجاجاھان بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن 15 مىڭ ئەسكەرنى باشلاپ، دەريادىن ئۆتۈپ بولغان 400 دىن ئارتۇق چىڭ سۇلالىسى ئەسكىرىنى مۇھاسىرە قىلىۋالدى. جەڭ ئەتىگەندىن تا كەچكىچە ناھايىتى كەسكىن ئېلىپ بېرىلدى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى سانسىزلىغان دۈشمەن ئەسكىرىنى ئۆلتۈرۈپ كۆپ قىسمى دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۈزۈپ ئۆتۈۋالدى، خانجوجا ئادەملىرىنىڭ كۆپلۈكىنى ۋە ئارقا سەپ قىسىملىرىنىڭ ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن جاۋخۇي قارا سۇ لاگېرىنى مۇستەھكەملىدى. خان خوجا چىڭ ئارمىيىسىنى بەش كېچە ـ كۈندۈز مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى، چىڭ قوشۇنى مۇستەھكەم تۇردى. خان خوجا ئۇزۇن قىر ياساپ، چىڭ قوشۇنىنىڭ قارا سۇ لاگېرىنى قورشىۋالدى ۋە سۇ باشلاپ چىڭ قوشۇنىنى سۇغا باستۇرۇۋېتىشكە ئۇرۇندى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى كۆل كولاپ سۇ چىقىرىپ، ئىچىدىغان سۇنى ھەل قىلدى، ئارتۇق سۇنى دەرياغا قويۇپ بەردى. ئۇلار يەنە لەشكەرگاھدا دەل ـ دەرەخلەرنى كېسىپ ئۇنىڭغا قادالغان قوغۇشۇن ئوقلارنى چىقىرىۋېلىپ، شۇ ئوقلار ئارقىلىق دۈشمەنگە قايتۇرما زەربە بەردى. ئۇلار ئاشلىقى تۈگەپ كېتىشكە ئاز قالغاندا، ئۆستەڭ چېپىۋېتىپ، ئۆز ۋاقتىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ بۇلاپ

كېتىشىدىن ئەنسىرەپ كۆمۈپ قويغان ئاشلىقنى تېپىۋېلىپ، ئىستىھكامنى ئۈچ ئايغىچە مەھكەم ساقلىدى. مىلادى 1759 - يىل 1 - ئايدا، چىڭ ئارمىيىسىگە ياردەم بەرگۈچى قوشۇن يەكەنگە يېقىن كەلگەندە، چوڭ - كىچىك خوجىلار ئەسكەرلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى توسۇۋالدى. نەتىجىدە بەش كۈن شىددەتلىك جەڭ بولدى. چوڭ خوجا يوتىسىغا ئوق تېگىپ كەتكەنلىكتىن قەشقەرگە قېچىپ كەتتى، كىچىك خوجىمۇ يەكەنگە قېچىپ كەتتى. جاۋخۇي قارا سۇ مۇھاسىرىسىنى ئاخىر بۆسۈپ چىقىپ، ياردەمگە كەلگەن قوشۇن بىلەن ئۇچراشتى ھەم ئاقسۇغا بېرىپ ۋاقىتلىق دەم ئالدى. قارا سۇدىكى بۇ بىر مەيدان جەڭدە 4000 چىڭ سۇلالىسى ئەسكىرىنىڭ نەچچە ئون مىڭلىغان دۈشمەن ئارمىيىسىگە تاقابىل تۇرغانلىقى، ئۈچ ئاي مۇھاسىرە ئىچىدە تۇرۇپمۇ نۇرغۇن دۈشمەننى ئۆلتۈرگەنلىكى، چوڭ - كىچىك خوجىلارنى يۈرەكزادە قىلىۋەتتى.

شۇ يىلى 6 - ئايدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ، يەكەن ۋە قەشقەرگە ھۇجۇم قوزغىدى. چوڭ - كىچىك خوجىلار يەرلىك پۇقرالارنىڭ مال - بىساتىنى، چارۋىلىرىنى غالجىرلىق بىلەن بۇلاپ، بىرلىكتە بەدەخشان تەرەپكە قاچتى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى خوجىلار قوشۇنلىرىنى توختاۋسىز قوغلاپ، قوشقۇلاق ۋە ئالچۇر تاغلىرىدا ئىككى قېتىم زور چىقىمغا ئۇچراتتى. 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى يېشىل كۆل بويىغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەر بەدەخشان چېگرىسىغا يېقىن ئىدى. كۆلنىڭ ئىككى قىرغىقى بولۇتقا تاقاشقان ئېگىز تاغلار بىلەن تۇتاشقانىدى. يوللىرى تار بولۇپ، يەر شارائىتى ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. بۇ ۋاقىتتا چوڭ خوجا بۇرھانىدىن ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ، دەريانىڭ غەربىدىكى تاغ ئۈستىگە قېچىپ بېرىۋالغان بولۇپ، داۋاملىق غەربكە يۈرۈشكە تەييارلىق قىلماقتا ئىدى. كىچىك خوجا 10 مىڭ ئەسكەرنى ئېلىپ، شىمالىي تاغنى ئىستىھكام قىلىپ تۇرۇپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا مۆكۈپ تۇرۇپ زەربە بەردى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى دۈشمەنگە قارا مىلتىقلار بىلەن ئوت ئاچتى. ئىس - تۈتەك ئاسمانىنى قاپلىدى. شاۋقۇن - سۈرەنلەر گۈلدۈرمامىدەك ئاڭلان-

دى . كىچىك خوجىنىڭ قوشۇنى قورقىنىدىن پاتپاراقچىلىق ئىچىدە قېلىپ ھەر تەرەپكە قاچتى . ئات ھارۋىلار يولغا تىقىلىشىپ قالغانلىقتىن مېڭىش مۇمكىن بولمىدى . چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ھادى بىلەن غوجەشنى ئەلەم چۆرۈپ ، تەشۋىق قىلىشقا ئەۋەتتى ، ئەل بولغۇچىلار بالا - چاقىلىرىنى ، مال - چارۋىلىرىنى ھەيدەپ تاغدىن ئېلىپ چۈشكەندە ، كىچىك خوجا ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى غالجىرلىق بىلەن قىرغىنچىلىق قىلىپمۇ توسيالمىدى . يېرىم كۈن ۋاقىت ئىچىدىلا 12 مىڭدىن ئارتۇق كىشى نەچچە مىڭ چارۋىنى ھەيدەپ چىڭ ئارمىيىسى تەرەپكە كەلدى . چوڭ - كىچىك خوجىلار ھاپىلا - شاپىلا بەدەخشانغا قېچىپ بېرىۋالدى ، ھەم ئۇ يەردە سۇلتانشاھ بىلەن زىتلىشىپ قالدى . سۇلتانشاھ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەتتى . ئارقىدىنلا خان خوجىنىڭ كاللىسىنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا تەقدىم قىلدى . شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆزىنىڭ ئەل بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى .

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنچىتىشى شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قوللىشىغا ۋە قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى . چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى قەشقەرگە يېتىپ بارغاندا ، شۇ جايدىكى پۇقرالار قېرى - چۆرى ، ئۇششاق باللىرىنى يېتىلەپ ، مال - چارۋىلىرىنى ھەيدەپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىدىن ھاردۇق سورىغان ۋە ئۇلارغا : « بىز جۇڭغارلار تەرىپىدىن نەچچە ئون يىل خورلاندۇق ، ئېغىر باج - خىراج ، ھاشار - ئالۋان تۆلىدۇق ، كۈن كەچۈرەلىگۈسىز بولۇپ كەتتۇق ، چوڭ - كىچىك خوجىلار ۋاپاغا جاپا قىلىپ ، ئەسكەر تارتىپ ئىسيان كۆتۈردى . بىزنىمۇ تېرىقچىلىق قىلغىلى ، مال - چارۋا باققىلى قويمىدى . بۈگۈن ئۇلۇغ قوشۇن كېلىپ ، بىزنى قۇتۇلدۇردى » دېدى ، ئۇلارنىڭ پۈتكۈل تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھەرمىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ غەلىبە ساداسىنى ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئويىنى ئىپادىلەپ بەردى .

تۇرغۇت موڭغۇللىرى ئەسلىدە بۈگۈنكى چۆچەك ئەتراپىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى . مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ،

چېنگ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا جۇڭغار قەبىلىلىرىنىڭ چەتكە قېقىشى نەتىجىسىدە، تەدرىجىي غەربكە كۆچۈپ ۋولگا دەرياسى ۋادىلىرىغا كېلىپ جايلىشىپ، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. يۈز نەچچە يىللىق تىرىكچىلىك جەريانىدا، نوپۇسى ۋە مال ـ چارۋىلىرى كۆپەيگەن تۇرغۇت قەبىلىسى گەرچە يىراقتا ماكانلاشقان بولسىمۇ، قەلبىدە داۋاملىق ۋەتىنىنى ياد ئېتىپ، چېنگ سۇلالىسىگە ئەلچىلەر ۋە سوۋغا ـ سالاملار ئەۋەتىپ تۇراتتى. هازىرقى كۆكخوتقا كېلىپ، ئات سودىسى بىلەن شۇغۇللىناتتى. شىزاڭغا بېرىپ بۇتقا تاۋاپ قىلاتتى. مىلادى 1712 ـ يىلى تۇرغۇت قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئايۇش ئەلچى سامىردەننى چېنگ سۇلالىسى ئوردىسىغا يەرلىك مەھسۇلاتلار بىلەن سالامغا ئەۋەتىپ، كاڭشى خاننى ناهايىتى خۇشال قىلغان. بۇنىڭدىن سۆيۈنگەن پادىشاھ كاڭشى تۇلچىننى تۇرغۇتلاردىن هال سوراپ كېلىشكە ئالاھىدە ئەۋەتكەن. تۇرغۇت قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئايۇش ئەلچىگە ئۆزلىرىنىڭ چېنگ هۆكۈمىتىگە مايىللىقىنى، ۋەتىنىنىڭ قوينىغا قايتىپ كېلىش ئويىدا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن. روسىيە بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن تۇرغۇت قەبىلىسىنى كونترول قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەن بىلەن ئالاقىلىشىشىنى توسقان. مىلادى 1768 ـ يىلى، روسىيە بىلەن تۈركىيە ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلايدۇ. روسىيە تۇرغۇت پادىچىلىرىنى ئالدىنقى سەپكە بېرىپ جەڭگە قاتنىشىشقا مەجبۇرلاپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۇلارنىڭ 70 ــ 80 مىڭ ئادىمىنىڭ جەڭدە ئۆلۈشىگە سەۋەب بولىدۇ. روسىيە يەنىلا كونا ئادىتى بويىچە ئەسكەرلىككە ئادەم ئېلىپ ئات ـ ئۇلاغ، باج ـ سېلىق يىغىپ، تۇرغۇت قەبىلىسىنى چىدىغۇسىز ئازابلايدۇ. بۇ ۋاقىتتا، قەبىلە باشلىقى ئوباش ئىلنىڭ يېرى كەڭ، ئادىمى ئاز، كۆچۈپ بېرىپ جايلىشىپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا بولىدۇ، دەپ ئاڭلاپ، هەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرىنى يىغىپ يىغىن ئاچىدۇ، هەم قىش پەسلىدە دەريا يۈزىدە مۇز قاتقان ۋاقىتتا ۋەتەنگە قايتىپ بېرىشنى قارار قىلىدۇ، ئويلىمىغان يەردىن ئۇ يىلى هاۋا ئىسسىق بولغاچقا، دەريا سۈيى ئۈزۈنغىچە توڭلىمايدۇ. يول يۈرۈش قىيىن بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا روسىيىنىڭ

ئەسكەر ئېلىش بۇيرۇقى يەنە يېتىپ كېلىدۇ. تۇرغۇت قەبىلىسىنىڭ 16 ياشنىڭ يۇقىرىسىدىكى ئەرلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئالدىنقى سەپكە بېرىپ جەڭگە قاتنىشىشى شەرت قىلىندۇ. مىللەت ۋە ئۇرۇقنى قۇرۇتۇپ تاشلايدىغان بۇنداق خەۋپ ئالدىدا، يولنىڭ جاپاسىنى قايتا ئويلاپ ئول- تۇرماي، 169 مىڭ تورغوت قەبىلىسى خەلقى باشلىقى ئوباشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە شەرققە يۈرۈش قىلىپ داۋاملىق ئىلگىرىلىدى. روسىيە نەچچە ئون مىڭ ئەسكەر ئەۋەتىپ كەينىدىن قوغلىدى. تۇرغۇتلار يول بويى قېرى - چۈرىلەرنى يۆلەپ، مال - چارۋىلىرىنى قوغداپ، ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇققا بەرداشلىق بېرىپ، تاغ ئاتلاپ سۇ كېچىپ، شەھەر ئېلىپ، يول ئېچىپ، سان - ساناقسىز قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، سەككىز ئاي يول يۈرۈپ، ئاخىر ۋەتەننىڭ قويىنىغا قايتىپ كەلدى. سەپەر ئۈستىدە ھەددى ھېسابسىز مال - چارۋا ۋە ئادەمدىن ئايرىلىپ قالدى. ۋە- تەنگە قايتىپ كەلگەندە ئاران 70 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى قالغانىدى. قەبىلە باشلىقى ئوباش مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەجدادلىرىغا بەرگەن قاشتېشى تامغىسىنى ئىلى جياڭجۈنگە تاپشۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغانلىقىنى بىلدۈردى. پادىشاھ چيەنلوڭمۇ قايتىپ كەلگەن تۇرغۇت قەبىلىسىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قى- لىش ئۈچۈن، ئۇلارغا 260 مىڭ تۇياق مال - چارۋا، 20 مىڭ ساندۇق چاي، 40 مىڭ دادەن گۈرۈچ، بۇغداي، 50 مىڭ دانە قوي تېرىسى، 60 مىڭ توپ گەزمال تارقىتىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە قارا شەھەر، چۆچەك، قوبۇقسار، شىخو، ئالتاي قاتارلىق جايلاردىكى يايلاقلارغا ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرغان. تۇرغۇت قەبىلىسىنىڭ ۋەتەنگە قايتىپ كېلىشىدىكى تارىخي ئەھمىيەت موڭغۇل خەلقىنىڭ ۋەتەننى قىزغىن سۆ- يىدىغان، قۇربان بېرىشتىن قورقمايدىغان، باتۇر، قەيسەر، ئالىيجاناپ روھىنى ئىپادىلەپ بەردى.

چىڭ سۇلالىسى چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنجىتقان- دىن كېيىن قۇمۇللۇق ئابدۇللانى ئۇچتۇرپانغا بېرىپ، ھاكىم بەگ بولۇپ خەلق ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قويدى. سۇچېڭنى دائىمي ئىشلارنى بې-

جىرگۇچى ئامبالىقا تەيىنلەپ، ئۇچتۇرپاندا تۇرۇپ ئامانلىقنى قوغدىغۇچى قىلىپ بەلگىلىدى. ئابدۇللا ئۇچتۇرپاندا خالىغانچە ئەسكىلىك قىلىپ، ھەر يىلى كۈزدىن كېيىن ئۆز تەۋەلىكىدە مەجبۇرىي ئات ۋە قوي - كالا سېتىۋېلىپ، سېمىزلىرىنى ئۆزى ئىگىلىۋېلىپ، قوتۇرىنى ئاھالىلەرگە يۇقىرى باھادا سېتىپ بەردى. سۇچېڭ چىرىكلىشىپ، چۈشكۈنلىشىپ، ئۇيغۇر دېھقانلىرىدىن خالىغانچە پۇل، مال - مۈلۈك ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئوردىغا سېتىپ بەرگەن ئاشلىقىنىڭ پۇلىنى بەرمەي تۇتۇپ قالغان، خوتۇن - قىزلارنىڭ نومۇسىغا تەگكەن. ھەتتا بەگلەرنىڭ ياش خوتۇن - قىزلىرىنى نۆۋەت بىلەن يامۇلدا قوندۇرغان. ئابدۇللا بىلەن سۇچېڭنىڭ زوراۋانلىقى خەلقنىڭ قاتتىق غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغىغان. مىلادى 1765 - يىلىنىڭ باشلىرىدا سوچېڭ بىلەن ئابدۇللا 240 ئۇيغۇر دېھقاننى ئېچكىرىگە جىگدە كۆچىتى ئاپىرىپ بېرىشكە مەجبۇرلىغان، كىچىك بەگ رەخمىتۇللانى يالاپ ئېلىپ بېرىشقا بۇيرۇغان. سۇچېڭ ئىلگىرى رەخمىتۇللانىڭ خوتۇنىنىڭ نومۇسىغا تېگىپ، ئۇنىڭ غەزىپىنى قوزغىغانىدى. 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى كەچتە، ئۇ جىگدە كۆچىتى ئېلىپ ماڭماقچى بولغان ئۇيغۇرلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، قارشىلىق كۆرسىتىپ جوتۇ، كەتمەن ۋە ئوۋ مىلتىقى ئېلىپ يامۇلنى قورشىغان. سۇچېڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان، ئابدۇللا تۇتۇۋېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئاقسۇنىڭ ئامبىلى بيەن تاخەي بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن 500 ئەسكەر باشلاپ كەلگەن. قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان ئاما ئەسلىدە نۇرغۇن ئەسكىلىكلەرنى قىلغان سۇچېڭ بىلەن ئابدۇللانىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغان ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىشنى ئويلىغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشنى ئويلىمىغان. شۇڭا بيەن تاخەينىڭ كېلىشىگىلا رەخمىتۇللا باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر خەلقى دەرھال شەھەر قوۋۇقىنى ئېچىپ، ئالدىغا چىقىپ قارشى ئېلىپ، جېدەلنىڭ يىلتىزىنى چۈشەندۈرۈشنى، چۈشىنىش ۋە كەڭچىلىككە ئېرىشىشنى ئويلىغان ۋە ئۈمىد قىلغانىدى.

ئەمما، بېيەن تاخەي تەكەببۇرلىشىپ، باشقىلارنىڭ تۆھپىسىنى ئۆزىنىڭ
قىلىۋېلىپ، خەلقنىڭ سۆز قىلىشىنى كۈتمەيلا، دەرھال زەمبىرەك ئېتىشقا
بۇيرۇق چۈشۈردى. قوزغىلاڭچىلار قوۋۇقنى تاقاشقا، قارشىلىق كۆرسە-
تىشكە مەجبۇر بولدى. بېيەن تاخەي مەغلۇپ بولۇپ، قېچىپ كەتتى.
شۇنىڭدىن كېيىنلا، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى كۇچانىڭ لەشكەر بېشى ئام-
بىلى ئېباۋنى مەغلۇپ قىلدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى باستۇرۇش
ئۈچۈن يەنە چوڭ قوشۇن ئەۋەتىپ، ئۈچتۇرپاننى قورشاپ، زەمبىرەك-
لەرنى تىزىپ سېپىلنى توپقا تۇتتى. رەخمىتۇللا ئەسكەر باشلاپ كېلىپ
كېچىدە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، ئوق تېگىپ ئۆلدى. قوزغىلاڭچى
ئامما ئۇنىڭ ئاتىسى ئەسمەتۇللانى باشلىق سايلاپ، ئىستىھكامنى داۋاملىق
چىڭ ساقلىدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئۈچتۇرپان قوزغىلاڭچىلى-
رىنى قاپساپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كالا، قويلىرىنى تارتىۋېلىپ،
تۈگمەنلەرنى ئىگىلەپ، ئۇلارنىڭ ئوتۇن ئەكىلىدىغان يولىنى توستى.
قوزغىلاڭچى قوشۇن بىرنىيەتتە ھەمكارلاشتى، خوتۇن ـ قىزلار ۋە
بالىلارمۇ كۆرەشكە قاتناشتى. 7 ـ ئاينىڭ كېيىنكى ئون كۈنىگىچە چىڭ
تۇردى. شەھەردە ئاشلىق تۈگەپ، ئوتۇن ـ ياغاچلار قالىنىپ بولدى،
چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى يەرلىك زەمبىرەكلەر بىلەن شەھەرنى توپقا
تۇتتى، ھەربىي ۋەزىيەت جىددىيلەشتى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىچكى
قىسمىدىن خائىنلار چىقىپ، قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ئەسمەتۇللا قاتارلىق
سەركەردىلىرىنى تۇتۇشنى پىلانلاپ، شەھەرنىڭ قوۋۇقىنى ئېچىپ بېرىپ
تەسلىم بولدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى قوزغىلاڭچى ئاممىنى دەھ-
شەتلىك تۈردە باستۇرۇپ، خوتۇن ـ قىزلار ۋە بالىلارنى ئىلىغا كۆچۈپ
تېرىقچىلىق قىلىشقا مەجبۇرلىدى.

ئۈچتۇرپان قوزغىلىڭى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىستىخىيىلىك ھالدا چىڭ
سۇلالىسىنىڭ چىرىك ئەمەلدارلىرىغا قارشى قوزغىغان ھەققانىي كۈرىشى
ئىدى، ئۇ گەرچە مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن زور تارىخىي
ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ زۇلۇم ۋە ئېكس-
پىلاتاتسىيىگە قارشى تۇرۇش جاسارىتى ۋە ئىرادىسىنى نامايان قىلدى،

پادىشاھ چيەنلۇڭغا چېگرا رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۇسۇلىدا ئىللەت بارلىقىنى تونۇتتى. نەتىجىدە ئۇ بەزى ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولدى. ئالايلۇق: باج ـ سېلىقنىڭ نورمىسىنى بەلگىلىدى، ھاـ شار، ئالۋان ـ ياساقنى ئازايتتى. خۇسۇسىيلارنىڭ سېلىقنى بىكار قىلدى، ئازايتتى. بۇلار جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلاندۇرۇلۇشىغا ئوبيېكتىپ جەھەتتە پايدىلىق بولدى.

## §4. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشى

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، بۇ يەردە مۇكەممەل ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلدى.

تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى ئاساسلىق ئاھالە كۆچمەن چارۋىچىلىققا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان موڭغۇللار ئىدى، چىڭ سۇلالىسى جاساق تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، موڭغۇللارنىڭ چوڭ ـ كىچىك يولباشچىلىرىغا چىنۋاڭ، ئىنانچىخان، بېلى، بېزى، گۇڭ، تەيجى قاتارلىق مەرتىۋىلەرنى بېرىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنى باشقۇرغۇزدى. تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى قۇمۇل، تۇرپان، كۇچا، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر ئاھالىلىرى گەرچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانسىمۇ، لېكىن چىڭ سۇلالىسىگە بالـ دۇرراق بويسۇنغانلىقتىن، جۇڭغارلار ئىچىدىكى ئاز سانلىق ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ۋە چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتىشتا تۆھپە ياراتقان ئۇيغۇر يولباشچىلار، مەسىلەن ئىمىن خوجا، ھادى قاتارلىق كىشىلەرمۇ چىنۋاڭ، ئىنانچىخان دېگەن مەنسەپلەرگە ئېرىشىپ يۇقىرىقى جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شۇڭا، بۇ جايلاردىمۇ جاساق تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. بۇنىڭدىن باشقا، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى جايلاردا بەگلىك تۈزۈمىدىكى فېئودال ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلى ناھايىتى ئۇزاق داۋاملاشقاچقا، ئۇنى ئاسانلىقچە ئۆزگەرتكىلى بولمايتتى.

چىڭ سۇلالىسى بۇ جايلاردا ئەسلىدىكى تۈزۈمنى داۋاملاشتۇردى. ھەر-قايسى جايلاردىكى باش ئەمەلدارنى ھاكىمبەگ، مۇئاۋىن ئەمەلدارنى ئىسھاق بەگ دەپ ئاتىدى. ئۇلارنىڭ قول ئاستىدا غەللە ـ پاراقتا، ئەدلى-يىگە، سۇ ئىشلىرىغا، ئامانلىق ساقلاشقا، دىنىي ئىشلارغا، سودىغا مەسئۇل نۇرغۇن بەگلەرنى قويدى. قەدىمكىسىگە ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بەگلىك مەنسىپى ئاتىدىن بالىغا مىراس بولۇپ قالمايتتى. ئۇنى چىڭ ھاكىمىيىتى تەيىنلەيتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەلۇم دەرىجىلىك ئىدى، ئەمەلىيەتتە چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارلىرى ئىدى، ئۆز مىللىتىنىڭ مەنسەپ نامىنى قوللىناتتى. ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىدىكى جايلاردا خەنزۇ ئاھالىلەر كۆپ بولغانلىقتىن، چىڭ سۇلالىسى غەربىي قورغان مەھكىمىسىگە ۋە ئۈرۈمچىگە قاراشلىق ئايماقلارنى تەسىس قىلغان. بۇ گۇنكى ماناس، سانجى، قۇتۇبى، جىمىسار، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلاردا ناھىيە تەسىس قىلغان، ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا غەربىي قورغان مەھكىمىسىگە ۋە ئۈرۈمچىگە بىۋاسىتە قارايدىغان ئايماقلار ئىدى. بۇ ۋىلا-يەت ـ ناھىيىلەرنىڭ خەلق ئىشلىرىنى گەنسۇ ئۆلكىسى باشقۇراتتى.

چىڭ سۇلالىسى موڭغۇل ئېگىزلىكىدە ئۇلاستاي چېگرىسىنى تىنچلاندۇرغۇچى سول قانات سانغۇن تەسىس قىلغان، قوبدۇدا مەسلى-ھەتچى ئامبال قويغان، شىنجاڭنىڭ ئالتاي تېغىنىڭ شەرقى ۋە غەربىدىكى جايلىرىنى ئۇلاستاي جياڭجۇنى قارىمىقىدىكى قوبدۇ مەسلىھەتچى ئامبىلى باشقۇراتتى. چىڭ سۇلالىسى يەنە ئىلى جياڭجۇنى مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىنى ئۇنىڭغا قارام قىلدى. شىنجاڭ مۇ-ھىم چېگرا جاي بولغاچقا، ئەسكەرلەرگە قوماندانلىق قىلىدىغان ئىلى جياڭجۇننىڭ ھوقۇقى ناھايىتى زور ئىدى. ھەرقايسى جايلاردىكى بەگ، جاساق، ئايماق بېگى، ھاكىملار شۇنداقلا شۇ جايلاردا تۇرۇشلۇق چېگرا مۇداپىئە ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرى ھەربىي ئىشلار ۋە مەمۇرىي ئىشلاردا ئىلى جياڭجۇنىگە بويسۇنۇشى شەرت ئىدى.

ئىلى جياڭجۇنى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھەرقايسى شەھەرلەردە 19 مىڭ ئەسكەر، 1400 ھەربىي ئەمەلدار تۇرغۇزدى. بۇ

قوشۇنلارنىڭ كۆپىنچىسى شەرقىي شىمال ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن يۆتكەپ كېلىنگەن، ئۇلار ئاساسەن مانجۇ گازارمىسى، سولون گازارمىسى، شىبە گازارمىسى، چاخار گازارمىسىدىن ئىبارەت ئىدى. يەنە ئاز ساندا شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئويرات موڭغۇل چېرىكلىرى بار ئىدى. ئىلى جياڭجۈنىنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ چوڭ شەھەرلەردىكىلىرى تۇتۇق ياكى مەسلىھەتچى ئامبال ئىدى، كىچىك شەھەرلەردىكىلىرى يېتەكچى ئامبال، ئىش بېجىرگۈچى ئامبال ياكى ياردەمچى ئامبال ئىدى. چىڭ سۇلالىسى ھەربىي جەھەتتە مۇھىم بولغان چەت ـ ياقا جايلارنىڭ ھەممىسىدە قاراۋۇلخانا قۇرۇپ، ئاز ساندا چېگرا مۇداپىئە قوشۇنى تۇرغۇزغان. ئۇنىڭدىن باشقا چەت تاغلىق چېگرا جايلار ۋە چۆللۈكلەرنى قەرەللىك ھالدا ئەسكەر چىقىرىپ چارلاپ تۇرغان.

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى بۆلۈنمە ھالەتتە تۇرۇش ۋەزىيىتىنى ئاياغلاشتۇردى، مۇقىم ئىجتىمائىي تەرتىپ ئورناتتى. ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئالۋان يۈكىنى يېنىكلەتتى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ھەرخىل شەكىلدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى يولغا قويدى. شۇنداق قىلىپ، شىنجاڭ ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

چيەنلۇڭ خان دەسلەپتە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى ئۆلچەم بويىچە ئالۋان يىغقانىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ يولباشچىلىرى ۋە پۇقرالار، بەك ئېغىر بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، دەپ پىكىر بەرگەندىن كېيىن، چيەنلۇڭ دەرھال تۈزىتىپ، زور دەرىجىدە يېنىكلەتتى. مەسىلەن، قەشقەردىن ھەر يىلى يىغىلىدىغان ئاشلىق 25193 دادەن بەش كۈرە بولۇپ، جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى 184041 دادەننىڭ 1/7 نىلا تەشكىل قىلدى. يەكەننىڭ ھەر يىلى تاپشۇرىدىغان باج پۇلى پەقەت 26000 تەڭگىلا بولۇپ، جۇڭغار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى 100 مىڭ تەڭگىنىڭ 1/4 ىگىلا توغرا كېلىدىغان بولدى. چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئات ـ كالا بېجى 100 گە بىر، قوي بېجى 1000 غا بىر بولۇپ، يۈك تېخىمۇ يېنىكلىدى، يېنىك باج سىياسىتى شىنجاڭ ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىدا

ئەۋزەل شارائىت ياراتتى.

ئىلى جياڭجۈنىگە قاراشلىق ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر كۆپ بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئاشلىقنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن يۆتكەپ كېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، چىڭ سۇلالىسى خەن، تاڭ سۇلالىلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، قوشۇنلارغا شىنجاڭدا بوز يەر ئاچقۇزۇپ تېرىقچىلىق قىلدۇردى. بۇنى «ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش» دەپ ئاتىدى. دەسلەپتە ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش پەقەت باركۆل، قۇمۇل، تۇرپان، ئىلى قاتارلىق جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان بولسا، كېيىنچە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب، شىمالىدىكى ھەرقايسى جايلاردىمۇ ئېلىپ بېرىلدى. مىلادى 1764 ـ يىلى، چىڭ سۇلالىسى شەرقىي شىمالدىن 1000 دىن ئارتۇق شىبە ئوفىتسېر ـ ئەسكەر يۆتكەپ كېلىپ، شىبە گازارمىسى قۇرۇپ، ئىلىدا تۇرغۇزۇپ، ئۇلارغا يەر ئاچقۇزدى. شىبە گازارمىسىنىڭ ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرى بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن 200 چاقىرىملىق ئىككى ئۆستەڭ چېپىپ، بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلدى، توخۇ، چوشقا بېقىپ، ئىجتىھات بىلەن ئەمگەك قىلىپ ھەر يىلى مول ھوسۇل ئالدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ ئۆزلەشتۈرگەن يەرلىرىنى «باقىۋەندە يەر» قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ مەڭگۈ پايدىلىنىشىغا رۇخسەت قىلغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى يۇقىرى، يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۈنۈمى زور بولدى. ئىلى جاڭجۈنى شىبە گازارمىسىنىڭ بوز يەر ئېچىش تەجرىبىسىنى باشقا جايلارغا كېڭەيتتى. بىرنەچچە يىلغا قالمايلا قوشۇن ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى ئاشلىق ۋە كىيىم ـ كېچەكتىن غەم قىلمايدىغان بولۇپلا قالماي، بەلكى ئامبارلارنى ئاشلىق بىلەن لىق تولدۇردى. ئاشلىق يىللار بويى يېيىلىپ بولالمىغانلىقتىن، سېسىپ كەتتى.

چىڭ سۇلالىسى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىن 6000 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر دېھقانىنى ئىلىغا كۆچۈرۈپ، كەڭسايىنىڭ تۆۋىنىدىكى تۈزلەڭلىكتە تېرىقچىلىق قىلدۇردى. بۇ كىشىلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقتىن، «مۇسۇلمان تېرىقچىلار» دەپ ئا-

تالدى . ئۇيغۇر تىلىدا تېرىقچىلار « تارانچى » دەپ ئاتىلاتتى . شۇڭا ، ئىلىدىكى بۇ ئۇيغۇر تېرىقچىلار « تارانچىلار » دەپمۇ ئاتالدى . ئۇلارمۇ بىر ئۇزۇن ئۆستەڭ چېپىپ ، سۇ باشلاپ يەر سۇغاردى . ئىلىنى ئېچىش جەھەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى زور تۆھپىسى بار .

ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئەمگەك كۈچىدىن پايدىلىنىپ چېگرا رايونىنى ئېچىش ئۈچۈن ، چىڭ سۇلالىسى ئېغىر جازاغا ھۆكۈم قىلىنغان ئاققۇن جىنايەتچىلەرنى شىنجاڭغا ئەكىلىپ ، ئەسكەرلەرنىڭ نازارەتچىلىكىدە يەر تېرىتتى . بۇ ئاققۇن جىنايەتچىلەر ئەۋەتىلگەن جىنايەتچىلەر دەپمۇ ئاتىلاتتى . شۇڭا بۇ خىل تېرىقچىلىق ئۇسۇلى « ئاققۇنلار تېرىقچىلىقى » ياكى « ئەۋەتىلگەن جىنايەتچىلەر تېرىقچىلىقى » دەپ ئاتالدى . ئەۋەتىلگەن جىنايەتچىلەر تېرىقچىلىقى دەسلەپتە بارىكۆل ۋە سانجى قاتارلىق جايلاردا باشلاندى ، كېيىنچە ئىلىغا كېڭەيدى .

چيەنلۇڭ دەۋرىدە چىڭ سۇلالىسى جىيايۈيگۇەننى ئېچىۋېتىپ ، ئىچكىرىدىكى دېھقانلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ بوز يەر ئېچىشىغا ، سودىگەرلەرنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ تىجارەت قىلىشىغا يول قويدى . نۇرغۇن خەنزۇ دېھقانلار ۋە خەنزۇ سودىگەرلەر شىنجاڭغا كېلىپ « خېرىدار » بولۇپ ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ، سودىنى راۋاجلاندۇردى . بولۇپمۇ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدا خەنزۇ دېھقانلار يەرلىشىپ يىلتىز تارتىپ ، بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغاچقا ، نۇرغۇنلىغان يېڭى دېھقانچىلىق رايونلىرى بەرپا بولدى .

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەن 100 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ، ئىقتىساد تېز راۋاجلىنىپ ، نوپۇس ئون ھەسسە كۆپىيىپ ، گۈللىنىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن . مىلادى 1771 – يىلى ، شەنشى – گەنسۇنىڭ باش مۇپەتتىشى ۋېن شۇ بۇ يەرلەرنى تەكشۈرگەندىن كېيىن ، خانغا يوللىغان مەلۇماتىدا : شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئېتىزلار رەتلىك ، سۇ ئىشلىرى تەرەققىي قىلغان . كەنتلەر مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان . شەھەرلەر باي ۋە گۈزەل ، ئاھالىلىرى زىچ ئىكەن ، مەنزىرىسى ئىچكىرىدىن گۈزەل ئىكەن » دەپ يازغان .

# يەتتىنچى باب

# جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىشى، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ چىڭ سۇلالىسىغا قارشى كۆرەشلىرى

## 1§. قوقان خاندانلىقى ۋە ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىشى

19 ــ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى كۈنسېرى چىرىكلەشتى، سىنىپىي زىددىيەت ۋە مىللىي زىددىيەت بارغانسېرى ئۆتكۈرلەشتى. جاھانگىرلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تاجاۋۇز قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىگە غايەت زور بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى.

بۇ ۋاقىتتا، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى ھىندىستاننى بېسىۋېلىپ، شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنى قۇرۇپ، كەڭ دائىرىدە ئەپيۇن تېرىدى ھەمدە ئېلىمىزگە كىرگۈزۈپ، ئېلىمىزدىكى قېرىنداشلارنى ئەپيۇن بىلەن زەھەرلەپ ھەددىي ــ ھېسابسىز پايدىغا ئېرىشتى. شىنجاڭ بىلەن ھىندىستان چېگرىداش بولغاچقا، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى مەملىكىتىمىزنىڭ زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول، ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ناھايىتى مۇھىم بولغان بۇ مۇقەددەس زېمىنىغا بۇرۇندىنلا تاجاۋۇز قىلىش كويىدا بولۇپ، پايدىلىق پۇرسەتنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغانىدى.

پەرغانە ئويمانلىقىغا جايلاشقان قوقان خاندانلىقى چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا چىڭ سۇلالىسىگە قارايتتى، ئەسلىدە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىچىك بىر فېئوداللىق دۆلەت ئىدى. 19 ــ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە قوقان خانلىقى چىڭ سۇلالىسىنىڭ

زەئىپلەشكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، تارقاق ھالەتتىكى قازاق ۋە قىرغىز قە-
بىلىلىرىگە ھەدەپ ھۇجۇم قىلىپ، قازاق يايلاقلىرىنى ۋە پامىر
ئېگىزلىكىنىڭ غەربىدىكى كەڭ رايونلارنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى، شەرقىي
شىمالى ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا تۇتىشىدىغان، شىمالى سىر دەرياسىغا
تۇتىشىدىغان، غەربى ئۆلۈك دېڭىزغا تۇتىشىدىغان، جەنۇبى ھىندىستان
بىلەن چېگرىلىنىدىغان كەڭ زېمىنغا ئىگە بولدى، بىر سەكرەپلا
كېڭەيمىچىلىك قارانىيىتىگە ئىگە چوڭ دۆلەتكە ئايلىنىپ، ئېلىمىزنىڭ پا-
مىر ئېگىزلىكىگە ۋە پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى جايلارغا ئاچ
كۆزىنى تىكىپ يىرتقۇچلارچە خىرىس قىلدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى بىلەن
قوقان خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى تىل بىرىكتۈرۈپ، چوڭ ـ كىچىك
خوجىلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنى ۋاستە قىلىپ، پامىر ئېگىزلىكىگە ۋە
تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى شەھەرلەرگە قايتا ـ قايتا تاجاۋۇز قىلىپ،
مەزكۇر جايلارغا غايەت زور بالايىئاپەت كەلتۈردى.

چوڭ خوجا بۇرھانىدىنىنىڭ نەۋرىسى جاھانگىر خوجا قوقان
خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قۇترىتىشى ۋە مەدەت بېرىشى بىلەن 1820 ـ
يىلى ۋە 1824 ـ يىلى پامىر ئېگىزلىكىگە كەينى ـ كەينىدىن ئىككى قېتىم
تاجاۋۇز قىلىپ، ھەر ئىككى قېتىمدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تەرىپىدىن
چېكىندۇرۇلگەنىدى. 1826 ـ يىلى يازدا، جاھانگىر خوجا نۇرغۇن قوقان
ئەسكەرلىرى ۋە 20 نەپەر ئەنگلىيە مەسلىھەتچىسى بىلەن 3 ـ قېتىم پامىر
ئېگىزلىكى ۋە تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا تاجاۋۇز قىلدى. ئۇ يەردىكى چىڭ
سۇلالىسى ئەمەلدارى خىيانەتچىلىك قىلىپ چىرىكلىشىپ كەتكەچكە،
خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتكەنىدى. جاھانگىر خوجا ناھايىتى تېزلا
قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، خوتەن قاتارلىق شەھەرلەرنى بېسىۋالدى.
ئەمما، كىنشىلەر جاھانگىر خوجا ۋە قوقانلىقلارنىڭ چىڭ سۇلالىسى
ھۆكۈمرانلىرىدىنمۇ بەتتەر ئىكەنلىكىنى دەرھال ھېس قىلىشتى. جاھانگىر
خوجا ئەسكەرلىرىنى ئوت قويۇش، قىرغىنچىلىق قىلىش ۋە بۇلاڭچىلىق
قىلىشقا سېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ پۇل ـ مال، ئات ـ ئۇلاقلىرىنى ئېلىۋالدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرى جاھانگىر خوجا ۋە قوقانلىقلار تەرىپى-
دىن ئاياغ ئاستى قىلىندى ۋە ئويۇنچۇق قىلىندى. ئەينى ۋاقىتتىكى
ئىشلارنى كۆرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئېيتىشىچە، جاھانگىرنىڭ قەبىھلىكى
چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭكىدىنمۇ ئېشىپ كەتكەن.

شۇ يىلى 8 - ئايدا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىلى جياڭجۈنى
چاڭلىڭ بىلەن شەنشى - گەنسۇنىڭ باش مۇپەتتىشى ياڭ يۈچۈننى 36
مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن جاھانگىر خوجا باسمىچىلىرىنى يوقىتىشقا
ئەۋەتتى. 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئىككى تەرەپ ئاقسۇنىڭ قۇمباش
دەرياسى بويىدا ئېلىشتى. جىددىي جەڭ ئىككى كېچە - كۈندۈز
داۋاملاشتى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تۇنجى جەڭدە غەلىبە قىلدى. 11 -
ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى كەلپىندە يەنە جاھانگىر
خوجا باشچىلىقىدىكى قوقان قوشۇنلىرىنىڭ 3000 دىن ئارتۇق ئەسكىرىي
كۈچىنى يوقاتتى، شۇنىڭدىن كېيىن غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ، ئارقا -
ئارقىدىن يېڭىسار، يەكەن، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلارنى قايتۇ-
رۇۋالدى. جاھانگىر خوجا گويا ئوقتىن ئۈركۈگەن قۇشقا ئوخشاش،
پامىر ئېگىزلىكىدىكى تاغلارغا قېچىپ بېرىپ يوشۇرۇندى. 1828 - يىلى،
ئاچارچىلىقتا قالغان جاھانگىر خوجا باھار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن
چېگرا مۇداپىئەنىڭ بوششىپ قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ ئاتۇشقا بېسىپ
كىرىپ بۇلاڭچىلىق قىلدى. ئۇيغۇر خەلقى قوزغىلىپ قارشىلىق
كۆرسەتتى، جاھانگىر خوجا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي، كەلگەن يولى بى-
لەن تىكىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى ياڭ فاڭ
بۇ خەۋەرنى ئۇقۇپ 6000 لەشكەرگە قوماندانلىق قىلىپ، دۈشمەننى
قوغلاپ قاراتېكە تېغىغا ئاپىرىپ، تەرەپ - تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئالدى.
جاھانگىر قاچىدىغان يول تاپالماي، قىلىچ بىلەن ئۆزىنى بوغۇزلىۋالماقچى
بولغاندا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ سەركەردە - لەشكەرلىرى
ئۇچقاندەك بېرىپ ئۇنى تىرىك قولغا چۈشۈردى. ئۇ بېيجىڭغا يالاپ ئاپى-
رىلىپ قاتتىق جازاغا تارتىلدى.

قوقان خانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قارانىيىتى

جاھانگىر خوجىنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئۆزگىرىپ قالمىدى. ئۇلار 1830 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، يەنە جاھانگىرنىڭ ئاكىسى يۈسۈپ خوجىنى ۋاستە قىلىپ 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن قاتارلىق شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەرقايسى شەھەرلەردە تۇرۇۋاتقان قوشۇنلىرى كەڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قوللىشى بىلەن باتۇرانە جەڭ قىلىپ شەھەرنى ساقلىدى. ھەر تەرەپتىن ياردەمچى قوشۇنلار ئۈزۈلمەي كېلىشكە باشلىدى. يەكەن شەھىرىدىكى كېيىنكى بىر قېتىملىق جەڭدە قوقان قوشۇنى قاتتىق مەغلۇپ بولدى. ئۇيغۇر خەلقى تىرىك تۇتۇۋالغان دۈشمەنلەرلا 300 دىن ئاشىدۇ. 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، قوقان قوشۇنلىرى ۋەزىيەتنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، 12 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر خەلقىنى ھەيدەپ پاتپاراق بولۇپ قېچىشتى، نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار يېرىم يولدا سوغۇقتىن مۇزلاپ ئۆلۈپ كەتتى.

جاھانگىر خوجا ۋە يۈسۈپ خوجىنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن قوقان ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنىڭ قاتتىق شەرمەندە بولغانلىقىنى ھېس قىلدى، ئۇلار بۇ تاجاۋۇزچىلىق ۋاستىلىرىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئىشەنچلىك ئەمەسلىكىنى، يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئاتلىنىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن، 1833 ـ يىلى ۋە 1834 ـ يىلى ئارقا ـ ئارقىدىن قوشۇن ئەۋەتىپ، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ سارىقول ( بۈگۈنكى تاشقورغان ناھىيىسى ) تەۋەسىگە ئىككى قېتىم تاجاۋۇز قىلدى. 1836 ـ يىل 10 ـ ئايدا، يەنە لەشكەر قوشبېگى 2000 كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ سارىقول قورغىنىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ئۇ يەرنى سەككىز ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت بېسىۋالدى. قوقان باسمىچىلىرى بۇ يەرنى تايانچ بازا قىلىپ، ھەر تەرەپكە قاتراپ، تاجىكلارنىڭ مال ـ چارۋىلىرىنى تالان ـ تاراج قىلىپ، تاجىك چارۋىچىلىرىنىڭ كۈچلۈك غەزىپىنى قوزغىدى. تاجىكلار ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ باسمىچىلار بىلەن قەيسىرانە جەڭ قىلدى. ئىككىنچى يىلى 6 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، سارىقول قورغىنىدا قوقان باسمىچىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى يېزىلارغا بېرىپ مال ـ چارۋا بۇلىدى. تاجىك ئەزىمەتلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھۇجۇم قىلىپ قورغاننى

قايتۇرۇۋالدى. قوقان باسمىچىلىرى جېنىنى سىغدۇرغۇدەك جاي تاپالمىدى، تاجىك چارۋىچىلىرى ئۇلارنى دۆلەت چېگرىسىدىن قوغلاپ چىقاردى.

شۇنىڭدىن كېيىن، قوقان ھۆكۈمرانلىرى يەنە چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى تاجاۋۇزچىلىقنىڭ ۋاستىسى قىلدى. 1847 - يىل 7 - ئايدا، قوقان خانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قۇترىتىشى بىلەن جاھانگىرنىڭ ئىككى جىيەنى — مۇھەممەد ئىمىن خوجا بىلەن ۋەلىخان خوجا تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا تاجاۋۇز قىلىپ، ئاتۇشنى بېسىۋالدى ھەمدە نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنى توپىلاڭچى قوشۇنغا قوشۇلۇشقا زورلىدى. بۇ قوقان باسمىچىلىرى قەشقەر بىلەن يېڭىسارنى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن، قاتتىق بۇلاڭچىلىق ۋە قىرغىنچىلىق قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىنى قوزغىدى. شۇ يىلى 9 - ئايدا، چىڭ قوشۇنى ئىككى يۆنىلىش بويىچە يۈرۈش قىلدى. بىر يۆنىلىشتىكىلەر ئىلىدىن جەنۇبقا قاراپ يولغا چىقتى، يەنە بىر يۆنىلىشتىكىلەر جيۇچۇەندىن غەربكە قاراپ يولغا چىقتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىلىدىكى قوشۇنى ئالدىنقى سەپكە ئاۋۋال يېتىپ بېرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ياردىمىدە باسمىچىلار بىلەن يەكەن، يېڭىسار قاتارلىق جايلاردا جەڭ قىلىپ ئارقا - ئارقىدىن غەلىبىگە ئېرىشتى. باسمىچىلار ۋەزىيەتنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالاقزادە بولۇپ، 30 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى ھەيدەپ قوقانغا قاچتى.

ئاتۇشتا مىرئەھمەد ئىسىملىك بىر داموللا بولۇپ، ئىلگىرى جاھانگىر خوجىنىڭ توپىلىڭىنى ئاكتىپ قوللىغانىدى. 18 - ئەسىرنىڭ 50 يىللىرى ئۇ كۆپ قېتىم قوقانغا ئادەم ئەۋەتىپ، ۋەلىخان بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ شېرىكلىرى بىلەن يوشۇرۇن ئالاقىلىشىپ قورال ياساپ، ئاشلىق جۇغلاپ، پۇرسەت كۈتۈپ توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىق قىلغان. 1857 - يىل 6 - ئايدا، ۋەلىخان قوقان خانلىقىنىڭ قۇترىتىشى بىلەن يەنە بىر قېتىم تاجاۋۇز قىلىپ كەلگەندە مىرئەھمەد 3000 ئادەمنى باشلاپ، ئۇلارنى قارشى ئېلىشقا چىققان. باسمىچىلار قەشقەر بىلەن يېڭىسارنى ئىشغال قىلىپ مارالۋېشى، كەلپىن، يەكەن، خوتەن

قاتارلىق جايلاردىكى يېزا كەنتلەرنى بېسىۋېلىپ، مۇدھىش فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىق ئورنىتىپ، ھەرمىللەت خەلقىدىن مال - چارۋا، قورال - ياراغ ۋە ئېغىر باج - سېلىق يىغقان. ۋەلىخان قاتارلىق قوقان باسمىچىلىرى ھەرقايسى جايلاردا قاتتىق بېسىم سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، پۇقرالارغا قىلچە ئەركىنلىك بەرمەي، ئۇلارنى نېمە دېسە سۆزسىز باش ئېگىشكە مەجبۇر قىلدى، ئۇلارنىڭ ئىرادىسىگە كىچىككىنە خىلاپلىق قىلىپ قويغۇچىلارنىڭ كاللىسى ئېلىندى. ۋەلىخان ئەسلىدىنلا بىر جاللات ئىدى. ئۇ ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرگەن ۋە ئەتراپىدىكى قولچوماقچىلىرىغا ئۆلتۈرگۈزگەن ئادەملا 10 مىڭدىن كەم ئەمەس، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ جەسەتلىرىنى يىغسا 2.4 جاڭ ئېگىزلىكتىكى تۆت مۇنار ھاسىل بولاتتى. بۇ ھەقىقەتەن كىشىنىڭ ئىچىنى سىرىلدۇرىدۇ. ھەرمىللەت خەلقى ياشاشقا ئىمكانىيەت تاپالماي، بىرلىشىپ قارشى چىقتى. شۇ يىلى 7 - ئايدا، چىڭ سۇلالىسى قولدىن كەتكەن جايلارغا قوشۇن ئەۋەتىپ، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا قايتۇرۇۋالدى. ۋەلىخان بۇلىۋالغان نۇرغۇن مال - دۇنيانى ئېلىپ سالپايغان ھالدا قوقانغا قاراپ قاچتى. ۋەھشىيلەرچە ئادەم ئۆلتۈرۈپ خوردا بولۇپ كەتكەن ۋەلىخان كۆپ قېتىملىق تاجاۋۇزدا مەغلۇپ بولۇپ، ئاخىر ساراڭ بولۇپ قالدى.

قوقان خانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ خوجىلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىن قورال سۈپىتىدە كۆپ قېتىم پايدىلىنىپ، تەكرار تېغىنىڭ جەنۇبىغا قوشۇن ئەۋەتىپ پاراكەندىچىلىك سالغانلىقى ئۇلارنىڭ كېڭەيمىچىلىك قارا نىيىتىنى ئاساس قىلىپ، جۇڭگو تۇپرىقىغا ئوچۇق - ئاشكارا تاجاۋۇزچىلىق قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى قوقان خاندانلىقىنىڭ بۇ خىل تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىنى قوللاشتا جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىنى مۇستەملىكىگە ئايلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. لېكىن، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان بولغاچقا، ساتقىنلارغا نەپرەتلىنىپ، تاجاۋۇزچىلار بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىپ، دۈشمەنلەرنىڭ سۈيىقەستىنى كەينى - كەينىدىن

بىتچىت قىلىپ، ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى.

## §2. روسىيىنىڭ تاجاۋۇز قىلىشى، تارباغاتاي خەلقىنىڭ سودا چەمبىرىكىنى كۆيدۈرۈۋېتىشى

چاررۇسىيە ئىلگىرى بۈيۈك پېتر دەۋرىدىلا ھەر تەرەپكە تاجاۋۇز قىلغان. 18 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تەھدىت سېلىش، ئازدۇرۇش، بۆلۈش، پارچىلاش ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ، قازاقلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى. ئارقىدىنلا يەنە قورال كۈچى ئارقىلىق ئىلىمىزنىڭ بالقاش كۆلى ئەتراپىدىكى ۋە ئالتاي تېغىنىڭ شىمالىدىكى زېمىنىنى ئۈزلۈكسىز ھالدا قوراللىق كېمىرىپ يېدى. كېيىنكى قەدەمدە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىريولىلا كاپ ئېتىپ يۇتۇۋەتمەكچى بولدى. روسىيە جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش ئۈچۈن پۇختا ھەرىكەت پىلانى تۈزدى، بىر تەرەپتىن سودا ئالاقىسى ئورنىتىمىز دېگەن نام بىلەن «سودىگەر» لەرگە يول كۆرسىتىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرا رايونغا دائىر ھەرخىل ئاخباراتلىرىنى توپلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆسۈملۈك ۋە كان تەكشۈرۈش باھانىسى بىلەن «ئالىم» لارنى ئەۋەتىپ خەرىتە سىزدۇرۇپ، قوراللىق تاجاۋۇز قىلىشنىڭ ھەرخىل تەييارلىقلىرىنى قىلدى.

ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى كۈنسېرى زەئىپلەشتى، جاھانگىرلار ئوتتۇرىغا قويغان يولسىز تەلەپلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق بەجا كەلتۈردى. روسىيە بۇ ئەھۋاللارنى پىششىق بىلگەنلىكتىن 1847 - يىل 7 - ئايدىن 1850 - يىل 1 - ئايغىچە، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم ئىلى، چۆچەك، قەشقەردە سودا ئالاقىسى ئورنىتىشنى تەلەپ قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا قەشقەردىكى قالايمىقانچىلىق تۈپەيلىدىن چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇ يەرگە ماقۇل بولۇشتىن تاشقىرى، قالغان ئىككى جاينى سودا ئالاقىسى ئېغىزى قىلىپ بېكىتتى. ئىلى جياڭجۈنى يى شەن بىلەن روسىيە ئەلچىسى «جۇڭگو - روسىيە ئىلى، تارباغاتاي سودا ئالاقىسى نىزامنامىسى» ئىمزالىدى. بۇمۇ بىر تەڭسىز

شەرتنامە بولۇپ، ئۇنىڭدىن روسىيىنىڭ جۇڭگوغا كىرگۈزگەن ماللىرى-
دىن تاموژنا بېجى ئېلىنمايدىغانلىقى، ئىلى، چۆچەكتە كونسۇلخانا، سودا
چەمبىرىكى تەسىس قىلسا بولىدىغانلىقى، روسىيە سودىگەرلىرى ۋە مۇ-
ھاجىرلىرى بۇ ئىككى شەھەردە يەر ئېلىپ ئۆي سالسا، مال تۇرغۇزسا،
چارۋا باقسا بولىدىغانلىقى، بۇنىڭغا جۇڭگو ئەمەلدارلىرىنىڭ ئارىلاشمايدىغان-
لىقى ئېنىق بەلگىلەنگەن. روسىيە سودا چەمبىرىكىنى بازا قىلىپ،
دىپلوماتىك پائالىيەت ياكى سودا پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش باھانىسى ئاس-
تىدا ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، جايلارنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا مۇداخىلە
قىلدى. ئىقتىسادنى قالايمىقانلاشتۇردى ھەمدە شىنجاڭغا غايەت زور
بالايىئاپەت ئېلىپ كەلدى.

ئەينى ۋاقىتتا، چۆچەكنىڭ غەربىي جەنۇبىدا يارغاتۇ دەيدىغان بىر
ئالتۇن كېنى بار بولۇپ، رودا بەلگىلىرى بەكمۇ مول ئىدى. ھەر مىللەت
كان ئىشچىلىرى بۇ يەرگە يىغىلىپ، كاندىن رودا ۋە ئالتۇن قېزىپ پايدا
ئالاتتى. بۇنىڭغا كۆزى قىزارغان روسىيە سودىگەرلىرى كونسۇل تاتالى-
نوفنىڭ نوتىسىنى ئېلىپ، چىڭ ھاكىمىيىتىنى بۇ يەردىكى جۇڭگولۇق
كان ئىشچىلىرىنى كەتكۈزۈۋېتىشكە قىستاپ، بۇ يەرنى ئىگىلىۋالماقچى
بولۇشتى. گەرچە ئىلى جياڭجۈنى جاۋاب قايتۇرغان ھۆججەتتە بۇ يەر
جۇڭگونىڭ زېمىنى دەپ بايانات قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ روسىيىنىڭ
يولسىز تەلىپىنى رەت قىلىشىۋېتەلمەي كاننى تاقاش بۇيرۇقىنى چىقاردى.
ھەر مىللەت خەلقى ئۆزلىرىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن،
ئىلى جياڭجۈنىنىڭ بۇيرۇقىغا پىسەنت قىلماي، داۋاملىق كان
ئېچىۋەردى. روسىيە تاجاۋۇزچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ سۇيىقەستىنى ئىشقا ئا-
شۇرالماي، ئۆزلىرىنىڭ چىلبۆرىلىك ئەپت-بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ،
يەڭنى شىمايلاپ مەيدانغا چىقتى. 1854-يىلى قىشتىن 1855-يىلى ياز-
غىچە، تاتالىنوف تولۇق قوراللانغان روسىيە سودىگەرلىرى ۋە
ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كۆپ قېتىم يارغاتۇغا بېرىپ، ئىلگىرى-كېيىن
دەرياغا غەرق قىلىش، مىلتىق بىلەن ئېتىش، بورۇقتۇم قىلىش،
مۇزلىتىش، ئاچ قويۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، جۇڭگولۇق كان

ئىشچىلىرىدىن 200 نەچچە كىشىنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈردى . چۆچەك خەلقى چەكسىز غەزەپلىنىپ ، قوزغىلىپ قارشى چىقتى ھەم جەسەتلەرنى كۆتۈرۈپ نامايىش قىلدى . كانچىلاردىن شۇ تيەنياۋ ، ئەن يۈشيەن قاتارلىق توققۇز كىشىنى ۋەكىل قىلىپ ، چۆچەكتىكى سودا ئىشلىرى زەنگىسى سابىدىننىڭ قېشىغا ئەۋەتىپ ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى قوغداشنى ، قاتىللارنى قاتتىق جازالاشنى تەلەپ قىلدى . سابىدىن بۇرۇندىنلا روسىيە كونسۇلى ۋە سودىگەرلىرى بىلەن قويۇق ئارىلىشىپ كەلگەن بولغاچقا ، بۇ ھالەتتە چۆچەك خەلقى تەرەپتە تۇرۇپ ھەققانىيەت ئۈچۈن سۆزلەش ئۇياقتا تۇرسۇن ، ئەكسىچە ۋەكىللەرنى ئېغىر تاياق سالدۇرۇپ ، قاتتىق ئۇرغۇزدى . ئەمەلىيەت چۆچەك خەلقىنى ئويغاتتى . ئۇلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىغا تايىنىپ قەددىنى رۇسلاشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ، ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن پەقەتلا ئۆزلىرىنىڭ كۈچىگە تايىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتى . 1855 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى شۇ تيەنياۋ ، ئەن يۈشيەنلەر باشچىلىقىدىكى 100 دىن ئارتۇق كان ئىشچىلىرى روسىيە سودا چەمبىرىكى ئالدىغا يىغىلىپ نامايىش قىلىپ ، قاتىللارنى چىقىرىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى . روسىيە سودىگەرلىرى ۋە ئەسكەرلىرى قورققىنىدىن يوشۇرۇنۇۋېلىشتى . مەسلىھەتچى ئامبال يىڭ شيۇ ئىشنىڭ يوغىناپ كېتىپ ، ئەجنەبىيلەرنى خاپا قىلىپ قويۇشتىن قورقۇپ ، ئاتلىق چېرىكلەرنى ئەۋەتىپ كان ئىشچىلىرىنى تارقىتىۋەتتى . 1855 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى كېچىسى ، چۆچەكتىكى 5 ـ 6 يۈز ھەر مىللەت خەلقى سودا چەمبىرىكىنى قورشىۋالدى . ئەن يۈشيەن ئۆز قولى بىلەن قومۇشقا ئوت يېقىپ ، قورۇدىكى بېدە دۆۋىسىگە ئوت ياقتى . بۇ كېچىسى دەل شامال چىقىۋاتقان بولغاچقا ئوت شامالدا ئۇلغىيىپ ، قويۇق ئىس ـ تۈتەك پەلەكنى قاپلىدى . 51 ئېغىز ياتاق ئۆي ۋە ئامبار پۈتۈنلەي كۆيۈپ كۇلگە ئايلاندى . تاتالىنوف قاتارلىق روسىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا چاشقان تۆشۈكى ساراي بولدى .

بۇ ئىشتىن كېيىن ، روسىيە چىڭ ھۆكۈمىتىگە ئۆزلۈكسىز تەھدىت سېلىپ ۋە پوپۇزا قىلىپ ، جۇڭگولۇق كان ئىشچىلىرىنى قاتتىق باستۇ-

رۇپ ، زىيانىنى تۆلەشكە قىستىدى . چىڭ ھۆكۈمىتى بىر تەرەپتىن روسىيىنىڭ ئۇرۇش قوزغىشىدىن قورقسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، پۇقرالارنىڭ قوزغىلىپ قارشى چىقىشىدىن قورقاتتى . بىر تەرەپتىن روسىيىگە زىياننى تۆلەپ بېرىشكە ، 98 ئېغىز ئۆي سېلىپ بېرىشكە ، 135 مىڭ سەردىن ئارتۇق كۈمۈش تۆلەپ بېرىشكە ( روسىيە سودىگەرلىرى 47 ئېغىز ئۆيىنى ئارتۇق مەلۇم قىلغان ، مال ـ مۈلۈك ۋە ئۆي جاھازىلىرىنىمۇ كۆپلەپ مەلۇم قىلغان ) ماقۇل بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، چۆچەك خەلقىگە تەسەللىي بېرىپ ، سابىدىن ۋە يىلى شيۈنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى . ئاندىن شۇ تيەنياۋ ، ئەن يۈشيەن قاتارلىق كان ئىشچىلىرى باشلىقلىرىنى ئالداپ ئېلىپ سۈرگۈن قىلدى .

چۆچەكتىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ روسىيە سودا چەمبىرىكىنى كۆيدۈرۈۋېتىش ۋەقەسى جۇڭگو خەلقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇپ ، ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش كۈرىشى ئىدى . بۇ كۈرەش ئۇلار-نىڭ قورقماس مىللىي روھىنى ئىپادىلىدى .

## §3 . شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ چىڭ سۇلالىسىغا قارشى كۈرىشى

ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن ، جۇڭگو يېرىم فېئوداللىق يېرىم مۇستەملىكە جەمئىيەتكە قەدەم قويدى . جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزى سىنىپىي زىددىيەت ۋە مىللىي كىرزىسنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇردى . جۇڭگو خەلقى فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ زۇلۇمى ۋە ئېكسپلاتاتسىيىسىگە قارشى تۇرۇش ، جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تېزلىكتە قولىغا قورال ئالدى . 1851 ـ يىلى ، گۇاڭشى ئۆلكىسى گۈيپىڭ ناھىيىسىنىڭ جىنشيەن كەنتىدە تەيپىڭ ـ تيەنگو ئىنقىلابى پارتلىدى . ئۇرۇش ئوتى 14 ئۆلكىگە كېڭىيىپ ، نەنجىڭنى پەيتەخت قىلغان ھالدا دېھقانلار سىنىپىنىڭ ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تىكلەپ ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى . ئارقىدىنلا ئوتتۇرا تۈز-

لەڭلىك رايونىدا نيەنجۇن قوزغىلىڭى پارتلىدى، شەنشى ۋە گەنسۇدىكى
خۇيزۇلارمۇ توپلىشىپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى. دېھقانلارنىڭ ئىنقىلابى كۆ-
رىشىنىڭ يالقۇنى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا، خۇاڭخې
دەرياسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن ۋادىسىغا بىراقلا تۇتاشتى. ئىنقىلاب دول-
قۇنى شىنجاڭغىمۇ غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى، تەيپىڭ تيەنگونىڭ
ئېلان - چاقىرىقلىرى چۆچەكنىڭ تاملىرىغىمۇ چاپلاندى. شەنشىدە قوز-
غىلاڭ كۆتۈرگەن خۇيزۇلارمۇ ئىلىغا ئادەم ئەۋەتىپ، تەشۋىقات پائالىيىتى
ئېلىپ باردى. خېجۇ قوزغىلىڭىغا قاتناشقان خۇيزۇ ئاخۇن تودېلىن مەخ-
پىي ھالدا ئۈرۈمچىگە كېلىپ، مۇشاۋۇر سەركەردە سۇخۇەنجاڭنىڭ ئۆيىگە
يوشۇرۇنۇپ، يېقىن ئەتراپتىكى شەھەرلەردە تۇرۇشلۇق خۇيزۇلار بىلەن
مەخپىي ئالاقە باغلىدى. ھەتتا كۇچادىكى خۇيزۇلارمۇ ئۇنىڭ قوماندالىقىغا
بويسۇندى. «يامغۇرنىڭ شەپىسى كەلسە ئۆيدىن بوران چىقىپتۇ» دې-
گەندەك، دېھقانلارنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭىنىڭ يۇقىرى دولقۇنى كېلىش
ئالدىدا تۇراتتى.

قوزغىلاڭ ئاۋۋال ئىلىدا پارتلىدى. 1863 - يىل 3 - ئاينىڭ 27 -
كۈنى، شەنشىدىكى خۇيزۇلار قوزغىلىڭىغا ئاۋاز قوشۇش ئۈچۈن
سۈيدۈڭدىكى 200 دىن ئارتۇق خۇيزۇ مائېر، ياڭ سەنشىڭلارنىڭ باشچى-
لىقىدا تارانچى قورغىنىغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلدى. غۇلجا
شەھىرىدىكى خۇيزۇلارمۇ دەرھال ھەرىكەتكە كەلدى. لېكىن، ئىلى چىڭ
ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىق مەركىزى بولغاچقا، بۇ يەردە
تۇرغۇزۇلغان قوشۇن كۆپ، ئەكسىيەتچى كۈچ زور ئىدى. ئىلى جياڭ-
جۈنى دەرھال ئاتلىق قوشۇن يۆتكەپ قوزغىلاڭنى باستۇردى، قوزغىلاڭ
مەغلۇپ بولدى. مائېر بىلەن ياڭ سەنشىڭ قەتل قىلىندى. 100 دىن
ئارتۇق خۇيزۇ زىندانغا تاشلاندى.

1864 - يىلى، كۇچادىكى ئۇيغۇرلار بىلەن خۇيزۇلار قوزغىلاڭ
كۆتۈردى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئالۋان تۆلىيەلمىگەن نامرات دېھقانلار
ئىدى، قەھرىتان قىشتا، چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى ئۇلارنى تۇتۇپ
ئۆگەن دەرياسىغا ئاپىرىپ دامبا ياساتقانىدى. كۆپلىگەن كىشىلەر سوغۇق

ۋە ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەندى، نازارەتچى مانجۇ، خەنزۇ ئەمەلدارلار ۋە ئۇيغۇر بەگلەر ئىسسىق چېدىردا ئەيش - ئىشرەت، كەيپ - ساپالىق تۇرمۇش كەچۈرۈپ، پۇخادىن چىققۇچە راھەت كۆردى. سەۋر - تاقىتى تۈگىگەن دېھقانلار كەتمەن - گۈرجەكلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ مانجۇ، خەنزۇ ئەمەلدارلارنى ۋە بەگلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇدۇل شەھەرگە قاراپ ئاتلاندى. شەھەر ئىچىدىكى نامرات ئۇيغۇر، خەنزۇ ۋە خۇيزۇ خەلقى ئۇلارغا ئاۋاز قوشۇپ، ئىش بېجىرگۈچى ئامبال سارىنئانى، كۇچا ئىنانچىخانى ئەھمەد، ھاكىمبەگ قۇربان قاتارلىق كىشىلەرنى ئۆلتۈردى. كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ يالقۇنى دەرھاللا ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان ۋە قارا شەھەرگە تۇتاشتى. ھەرقايسى جايلاردىكى نامرات دېھقانلار چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋېلىپ، شەھەرلەرنى ئىگىلەپ، خىيانەتچى - پارىخور ئەمەلدارلارنى جازالىدى. چىڭ ھۆكۈمىتى كۇچا قوزغىلاڭچىلىرىغا ئىككى تەرەپتىن قىستاپ زەربە بېرىش ئۈچۈن، ئىككى يۆنىلىش بويىچە قوشۇن ئەۋەتتى. ئۈرۈمچى تۇتۇق مەھكىمىسىدىن يولغا چىققان شەرقىي يۆنىلىش يولىدىكى قوشۇن قارا شەھەر قوزغىلاڭچىلىرى تەرىپىدىن يوقىتىلدى. ئىلى جياڭجۈنى ئەۋەتكەن غەربىي يۆنىلىش قوشۇنى كۇچا قوزغىلاڭچىلىرى تەرىپىدىن مۇزداۋاندا توسۇۋېلىندى.

كۇچا قوزغىلىڭىنىڭ خەۋىرى ئۈرۈمچىدىكى ھەرمىللەت نامرات خەلققە مەدەت بولدى. ئۈرۈمچى تۇتۇق مەھكىمىسى كۇچاغا چېرىك ئەۋەتكەندىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھىرى مۇداپىئەسىز قالدى. 1864 - يىل 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، قوۋۇق ئىچىدىكى خۇيزۇلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، خەنزۇلار شەھىرىنى ئىگىلىدى. شۇ كۈنى سانجىدىكى خۇيزۇلار قوزغىلىڭىمۇ غەلىبىلىك بولدى. ئارقىدىنلا قۇتۇبى، ماناس، شىخو، ساۋەندىكى خۇيزۇلارمۇ قوزغىلاڭغا ئاۋاز قوشتى. ئۈرۈمچىدىكى قوزغىلاڭچىلار شەرققە يۈرۈش قىلىپ فۇكاڭ، جىمسار ۋە مورىنى ئىشغال قىلدى. ئۈرۈمچى قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئىلى جياڭجۈنى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن قوشۇن قۇتۇبىدا تىرە - پىرەن بولۇپ كەتتى. ئۇلاستاي جياڭجۈنى ئۈرۈمچى تۇتۇق مەھكىمىسگە ئەۋەتكەن

ھەمدەمچى قوشۇن گۇچۇڭدا قوزغىلاڭچىلارنىڭ توسۇپ زەربە بېرىشىگە دۇچ كېلىپ، زور تالاپەتكە ئۇچرىدى.

1864 ـ يىل 9 ـ ئايدا، قەشقەردىكى خۇيزۇ پومېشچىك جىن شىياگيىن، قىرغىز قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى سىدىق ھەرقايسى جايلاردا يۈز بەرگەن قوزغىلاڭلاردىن پايدىلىنىپ، قوشۇن تارتىپ قەشقەرنى بېسۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خوتەندىكى دىنىي زات ھەبىبۇللا ۋە خەزىنىچى بەگمۇ قوشۇن تارتىپ ناھىيە بازىرىنى بېسىۋالدى.

1864 ـ يىل 9 ـ ئايدا، ئىلى جياڭجۈنى ئۈرۈمچىدىكى ۋە ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن شەرققە ئەسكەر يۆتكىگەنلىكتىن، ئۇ يەردە تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ سانى زور دەرىجىدە ئازىيىپ، شەھەرلەر مۇداپىئەسىز قالدى. 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، غۇلجا شەھىرىدىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇ خەلقى شەھەرگە قوراللىق ھۇجۇم قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، كۈرە گازارمىسىدىكى 1000 دىن ئارتۇق ئەسكەرمۇ بۇنىڭغا ئاۋاز قوشتى. باشقا شەھەرلەردىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇ خەلقىمۇ تەشكىللىنىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۇ جايلاردا تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرىغا زەربە بەردى. قوزغىلاڭچىلار تېزلا كۆپىيىپ 30 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. ئىلى جياڭجۈنى كۈرەدىكى بۇ خىل ۋەزىيەتنى ئوڭشاشقا ئىلاج قىلالماي، تارانچى خەلقىنىڭ ئالۋان ئاشلىقىغا خىيانەت قىلغانلىقى ئۈچۈن زىندانغا تاشلانغان چوڭ بەگ مەزەمزات ھېكىمنى قويۇپ بېرىپ، ئۇنى قوشۇن تارتىپ قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇشقا ئەۋەتتى. مەزەمزات بىردىنلا يۈز ئۆرۈپ «زالىم زۇلۇم قىلسا، خەلق ئىسيان كۆتۈرىدۇ» دېگەن شوئارنى توۋلاپ، قوزغىلاڭچىلار توپىغا قوشۇلۇپ كەتتى. قوزغىلاڭچىلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، غۇلجا، سۇيدۇڭ قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلدى. چىڭ ئارمىيىسىنىڭ شىبەلەر گازارمىسىدىكى ئەسكەرلىرىنى بىتەرەپ تۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. ئىككى ئايلىق جاپالىق جەڭ ئارقىلىق قوزغىلاڭچىلار ئىلى جياڭجۈنى تۇرۇشلۇق كۈرە قورغىنىنىمۇ ئىشغال قىلدى. ئىلى قوزغىلىڭى غەلىبىگە ئېرىشتى.

1865 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، چۆچەكتىكى خۇيزۇ، قازاق

خەلقى سۈيۈدىنىڭ رەھبەرلىكىدە چاغان مەزگىلىدە چىڭ قوشۇنىنىڭ چاغاندا مۇداپىئەنى بوشاشتۇرغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي چىڭ سۇلالىسىگە سادىق موڭغۇل چېرىكلىرى تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلدى. 1866 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، قوزغىلاڭچىلار شەھەرگە يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلدى. ئەمما، موڭغۇل ئەسكەرلەر قايتىدىن تەييارلىق قىلىپ، قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. قوزغىلاڭچىلار كۈچىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، چۆچەكنى تاشلاپ شىخوغا بېرىپ ئۈرۈمچى قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن بىرلەشتى.

چۆچەكتىكى ۋە ئىلىدىكى ھەرمىللەت خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، روسىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا پائال قارشى تۇردى. ئۇلار كونسۇلخانا ۋە سودا چەمبىرەكلىرىنى كۆيدۈرۈپ، روسىيە كونسۇلى ۋە سودىگەرلىرىنى ئۆز ئېلىگە كەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇردى.

شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى قەددىنى رۇسلاپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قان كېچىپ جەڭ قىلىۋاتقاندا، ئاز ساندىكى فېئودال خوجىلار، دىنىي كاتتىۋاشلار ئۆز قورۇقلىرىغا كىرىۋالدى. بەزىلىرى ھەتتا چىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، قوزغىلاڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى، بىراق شىددەتلىك يالقۇن تەگرىتېغىنىڭ جەنۇب ـ شىمالىغا تۇتاشقان، خەلق ئاممىسى غەلىبىگە ئېرىشكەن چاغلاردا، بۇ فېئودال پومېشچىكلار ۋە دىنىي كاتتىۋاشلار بىر بۇرۇلۇپلا، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا كىرىۋېلىپ، رەھبەرلىك ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى. غەلىبە مېۋىسىنى تارتىۋالدى ھەمدە فېئودال ئىشغالىيەتچىل ھاكىمىيەت تىكلىدى. ئۈرۈمچىدىكى تودېلىن ئۆزىنى « مۇسۇلمان خان » دەپ ئاتىۋالدى. كۇچادىكى راشىدىن ئاخۇن ئۆزىنى « خان خوجا » دەپ ئاتىۋالدى. ئىلىدىكى مەزەمزات ئۆزىنى « سۇلتان » دەپ ئاتىۋالدى، خوتەندىكى ھەبىبۇللا ئۆزىنى « پاشا » دەپ ئاتىۋالدى. ئۇلار ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، ھۆكۈمرانلىق تەختىگە چىقىۋالدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ھەرمىللەت خەلقى ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلىقى چىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭكىدىنمۇ قەبىھ بولدى.

راشىدىن ۋە ئۇنىڭ جەمەتى ئۆزلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان جايلاردا
زورلۇق بىلەن ئالۋان ـ ياساق سېلىپ خەلقنىڭ بايلىقىنى شۇلۇۋالدى.
تودېلىن پۇقرالارنى ئۆزىگە ھەشەمەتلىك خان ئوردىسى سېلىپ بېرىشكە
مەجبۇرلىدى. مەزەمزات بىلەن ھەببۇللا ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قان ـ
تەرى بەدىلىگە ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈردى. قالايمىقانچىلىق
پەيدا قىلىش، سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن، ئۇلار ئاممىنىڭ
كۆرەش نىشانىنى بارلىق كۈچى بىلەن بۇراپ، زەھەرخەندىلىك بىلەن
دىنىي كەيپىياتنى ئۇلغايتىپ، مىللى ماجىرا قوزغىدى. بۇ فېئودال ئىشغا-
لىيەتچى ھۆكۈمرانلارمۇ ئۆزئارا پۇت تېپىشىپ، بىر ـ بىرىگە ئورا كولاپ،
بىر ـ بىرى بىلەن توختىماي قېرىشىپ يۈردى. ھەققانىي، داغدۇغىلىق
دېھقانلار ئىنقىلابى كۆرىشى مۇشۇ مۇناپىقلار تەرىپىدىن دەپنە
قىلىۋېتىلدى. ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قان تۆكۈپ قۇربان بېرىشى بەدىلىگە
كەلگەن نەتىجە شۇ خەلقنىڭ ئۆز تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلىيالمايلا
قالماستىن، ئەكسىچە ئازاب ئوقۇبەت ئازگىلىغا چۈشۈپ كەتتى.

سەككىزىنچى باب

# ياقۇپبەگ باندىتلىرىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى، روسىيىنىڭ ئىلىنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋېلىشى، زوزۇڭتاڭنىڭ قوشۇن باشلاپ كېلىپ، شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشى

## §1. قوقان خاندانلىقىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى ياقۇپبەگ باندىتلىرىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى ۋە روسىيىنىڭ ئىلىنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋېلىشى

دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبە مېۋىسىنى ئىگىلىۋالغان فېئودال ئېكسپلىئاتاتسىيىچىلەر، ئۆزلىرىنىڭ زېمىننى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئۆزئارا توختىماي ئۇرۇشتى. بۇ خىل تىنچسىز ۋەزىيەت قوقان خاندانلىقىدىكى ياقۇپبەگ باسمىچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى قولايلىق شارائىت بىلەن تەمىنلىدى.

1864 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، خۇيزۇ فېئودال پومېشچىك جىن شياڭيىن بىلەن قىرغىز قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى سىدىق دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاجىزلاشتۇرغانلىقىنى پۇرسەت دەپ بىلىپ، قەشقەر كونا شەھەرنى بېسىۋالدى. چىڭ قوشۇنى تۇرۇشلۇق جاي — يېڭى شەھەرنى كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلىپمۇ ئالالماي، ۋەتەننى سېتىپ، قوقان خاندانلىقىغا ئادەم ئەۋەتىپ ياردەم تىلىدى. 1865 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، قوقان خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى جاھانگىرنىڭ ئوغلى بۇزۇرۇكنى تاللاپ، ئۇنى قەشقەرنىڭ خانى قىلىپ بېكىتتى. ھەربىي ئەمەلدار ياقۇپبەگنى قوشۇن بىلەن ئەۋەتىپ ئېلىمىز چېگرىسىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. جىن شياڭيىن بىلەن سىدىق شۇ ھامان

ياقۇپبەگنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى . ياقۇپبەگ باسمىچىلىرى يېڭىسار بىلەن
يەكەننى ئارقا ـ ئارقىدىن بېسىۋالدى . 12 ـ ئايدا ، ياقۇپبەگ خوتەن «
پاشا » سى ھەبىبۇللاغا خەت يېزىپ « ئەۋلىيا مازىرى » نى تاۋاپ قىلىشنى
تەلەپ قىلدى . ھەبىبۇللا قارشى ئېلىش ئۈچۈن شەھەردىن چىققاندا ،
ياقۇپبەگ تەرىپىدىن نەزەربەند قىلىندى . ياقۇپبەگ شەھەرگە كىرگەندىن
كېيىن ، خوتەندىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا
ئۇچرىدى . ئۇ زور ئەسكىرىي كۈچكە تايىنىپ بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىتتا
مىڭ تەسلىكتە بۇ يەرنى تىنجىتتى . 1867 ـ يىلى باش يازدا ، ياقۇپبەگ
باسمىچىلىرى شىمالغا قوشۇن تارتىپ ئاقسۇنى ئىشغال قىلدى . « خان
خوجا » راشىدىننىڭ قوشۇنى ھەر قەدەمدە مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىپ ،
كۇچانى بېسىپ ياتتى . كۇچا خەلقى گەرچە راشىدىنغا ئۆچ بولسىمۇ ، لې-
كىن ئۇلار ياقۇپبەگنىڭ خوتەن ۋە يېڭىسار خەلقىنى قىرغىن قىلغانلىقىنى
بۇرۇنلا ئاڭلىغاچقا ، ئۇنىڭ راشىدىندىنمۇ قەبىھلىكىنى بىلەتتى . شۇڭا ،
ئۇلار شەھەرنى باتۇرلۇق بىلەن ساقلاپ ، ياقۇپبەگ باسمىچىلىرى بىلەن
جان تىكىپ جەڭ قىلىپ ، سانسىز دۈشمەننى ئۆلتۈردى . ھەتتا ياقۇپبەگ-
نىڭ ئوغلى خۇداقۇلىبەگمۇ كۇچا سېپىلىنىڭ سىرتىدىكى جەڭدە
جېنىدىن جۇدا بولدى . ئاخىر ئاز ئادەم بىلەن كۆپ دۈشمەنگە تەڭ كې-
لەلمەي كۇچانى ياقۇپبەگكە تارتقۇزۇپ قويدى . ياقۇپبەگ ئەمدى قورچاق
بولۇشنىڭ بىھاجەتلىكىنى ھېس قىلىپ ، بۇزۇرۇكنى قوقانغا كەتكۈزۈۋې-
تىپ ئۆزىنى « بە دۆلەت » دەپ ئاتاپ ، « يەتتە شەھەر خانلىقى » نى
قۇردى . ياقۇپبەگ تەسىر كۈچىنى زورايتىش ، زېمىنىنى كېڭەيتىش ئۈ-
چۈن ، تۈركىيە بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ بىر تۈركۈم ھەربىي
مەشقاۋۇللارنى تەكلىپ قىلدى . روسىيە بىلەن « روسىيە ـ ياقۇپبەگ سودا
ئالاقىسى شەرتنامىسى » ئىمزالاپ ، روسىيىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىنى قولغا
كەلتۈردى . ئەنگلىيە بىلەن « ئەنگلىيە ـ ياقۇپبەگ شەرتنامىسى »
ئىمزالاپ بىر تۈركۈم چەت ئەل قورالىغا ئىگە بولدى . 1870 ـ يىل
3 ـ ئايدا ، ياقۇپبەگ تۇرپانغا ھۇجۇم قىلدى . ئەينى ۋاقىتتا تۇرپاننىڭ
سىياسىي ۋەزىيىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىدى . بۇ يەردە چىڭ سۇلالىسى

چېرىكلىرى ، ئۈرۈمچىدىكى « مۇسۇلمان خان » تودېنىنىڭ قوشۇنلىرى ، يەنە تودېلىنىڭ مىللىي ئۆچ ئېلىش سىياسىتىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن بىرلىشىپ ئۆزىنى قوغداۋاتقان خەنزۇ مىنتۇەنى بار ئىدى . بىر ـ بىرىگە زىت بولۇپ كەلگەن بۇ بىرنەچچە ھەربىي كۈچلەر ۋەھشىي چەت ئەل تا-جاۋۇزچىلىرىغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ، ۋاقىتنىچە بىرلىشىپ جەڭگە ئاتلاندى ھەممە بېسىپ كەلگەن دۈشمەنگە قاتتىق زەربە بېرىپ ، دۈشمەنىنىڭ نەچچە مىڭ ئادىمىنى بىر يولىلا يوقاتتى . ياقۇپبەگنىڭ قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ قاچتى . تۇرپاندىكى ھەرمىللەت ئارمىيە ـ خەلق قوغلاپ زەربە بېرىپ ، قارا شەھەر ، كورلا ، كۇچا ۋە باينى قايتۇرۇۋالدى . كېيىن ، تۇرپان قوشۇنى ئۆزلۈكىدىن تارقىلىپ كەتكەنلىكتىن ، ياقۇپبەگ باسمىچىلىرى ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ قالدى . ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ ياۋۇز قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىپ ، ھەرقايسى شەھەر-لەرگە قايتا بېسىپ كىرىپ ، تۇرپانغا يەنە بىرقېتىم قىستاپ كېلىپ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ، پارچىلاش نەيرىڭىنى قوللىنىپ ، تۇرپاندىكى ھەرمىللەت ئارمىيە ـ خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى بۇزدى . ئاخىر 11 ـ ئاينىڭ 1 - كۈنى تۇرپاننى ئىشغال قىلىۋالدى . 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ، ياقۇپبەگ ئۈرۈمچىگە ئەسكەر كىرگۈزدى . بىر مەيدان شىددەتلىك جەڭ ئارقىلىق ، تودېلىن يېڭىلىپ تەسلىم بولدى . ئارقىدىنلا ياقۇپبەگ ماناسنى ئىلكىگە ئالدى . بۇ ۋاقىتتا ئىلىدىكى « سۇلتانلىق » تىن باشقا ، دېھقانلار قوزغىلى-ڭىنىڭ غەلىبە مېۋىسىگە تايىنىپ قۇرۇلغان بىرنەچچە فېئودال ئىشغالىيەتچى ھاكىمىيەت پۈتۈنلەي ياقۇپبەگنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى .

ياقۇپبەگ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنىڭ قەبىھلىكىنى ھەممە ئادەم ئاڭلىغان . ئۇ ھەربىر شەھەرنى بېسىۋالغاندا زور قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغان . خوتەندە ئۇنىڭ قوشۇنى بەش كېچە ـ كۈندۈز قىرغىنچىلىق قى-لىپ ، 50 مىڭ كىشىنى ئۆلتۈرگەن . شەھەرخەندىكى ۋە ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر جەسەت بىلەن تولغان . يەكەندە ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەر خۇددى سايىنىڭ تېشىدەك ياتقان . ئۈرۈمچىدە تودېلىن ياقۇپبەگنى « تەسىرلەندۈرۈش » ئۈچۈن قوللىرىغا قۇرئان تۇتقۇزۇپ ئە-

ۋەتكەن نەچچە يۈز ئۆسمۈرنىمۇ ياقۇپبەگ ۋەھشىيلەرچە قىرىپ تاشلىغان. ئۇ قارا شەھەردە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان سانسىزلىغان تۇرغۇت موڭغۇللىرىنى تەڭرىتېغىدىن ئۆتۈپ شىخوغا، ئىلىغا كېتىشكە مەجبۇر قىلىغان. نەتىجىدە ناھايىتى نۇرغۇن ئادەم يولدا توڭلاپ ۋە ئاچ قېلىپ ئۆلگەن.

ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، مەقسەتلىك ھالدا مىللىي ماجىرا پەيدا قىلغان. ئۇ « كاپىر » لارنى ئۆلتۈرۈش كېرەك، دەيدىغان ئەكسىيەتچىل شوئارنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ۋەھشىيلىكنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئەنگلىيىلىك جاسۇس سائونىڭ ئېيتىشىچە، پەقەت قەشقەر ۋە يەكەندىن ئىبارەت ئىككى شەھەردىلا 40 مىڭچە خەنزۇ ۋە مانجۇلار ئۆلتۈرۈلگەن.

ياقۇپبەگنىڭ يېقىنلىرىنىڭ ھەممىسى قوقان باسمىچىلىرى ئىدى، ياقۇپبەگ ئۇلارنىڭ « ساداقەتمەن » لىكىنى مۇكاپاتلاش، ئۇلارنىڭ ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدىكى زېمىننىڭ كۆپ قىسمىنى ئۇلارغا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىۋەتكەن. ئەسلى يەر ئىگىلىرى — دېھقانلار ئۇلارنىڭ يانچىلىرىغا ئايلانغان. ئۇلار ياقۇپبەگكە ھەر يىلى مەلۇم مىقداردا ئۇلپان تاپشۇرۇپ قويۇپلا ئۆز سۇيۇرغال يەرلىرىدە خالىغىنىنى قىلىپ يۈردى. ياقۇپبەگ مۇسادىرە قىلىنغان يەرلەرنى سېتىپ، پۇلىنى ئۆزىنىڭ چۆنتىكىگە سالدى. ئىككىنچى يىلى « تەكشۈرۈش » نامى بىلەن ئادەم ئەۋەتىپ، سېتىۋېتىلگەن ھېلىقى يەرلەرنى يېڭى ئۆزلەشتۈرۈلگەن تېرىلغۇ يەر ھېسابىدا يەنە بىر قېتىم ساتتى. ئۇ قايتا ـ قايتا شۇنداق قىلىش ئارقىلىق، نۇرغۇن پۇلغا ئېرىشەتتى. شۇ يەرلىك كىشىلەر ئاچچىقىدا ئۇنى: « يەتتە قات يەرنىمۇ سېتىپ بولدى » دەپ تىللىدى.

ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردا ئەمگەكچى خەلقنىڭ يۈكى ئىنتايىن ئېغىر، باج ـ سېلىقنىڭ تۈرى كۆپ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇقىم ئۆلچىمى يوق ئىدى. ئۇلار نېمىنى ئېلىشنى خالىسا شۇنى ئالاتتى، قانچىلىك ئېلىشنى خالىسا شۇنچىلىك ئالاتتى، قانداق ئېلىشنى

خالىسا شۇنداق ئالاتتى. مەسىلەن، دىنىي ئاقساقاللار دېھقانلاردىن ئۆشرە يىغاتتى. ئەسلىدىكى ئۆشرە ھوسۇلنىڭ 1/10 ى ئىدى، كېيىن كۆپىيىپ 30% ھوسۇل ئۆشرە ھېسابىدا يىغىۋېلىنىدىغان بولدى، ئۇ ۋاقىتتا باج ـ سېلىق ئېلىنمايدىغان ھېچنەرسە يوق دېگۇدەك ئىدى. ھەتتا ساماندىنمۇ «سامان پۇلى» ئېلىناتتى. ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە بۇ خىل سانسىز باج ـ سېلىقلارنى يىغىش ئۈچۈن باج ـ سېلىق ئەمەلدارلىرى قۇمدەك كۆپىيىپ كەتتى. ئۇلار پۇقرالاردىن باج ـ سېلىق يىغقاندا، قىلچىمۇ رەھىمدىللىك قىلماي قامچا بىلەن ساۋاپ ھەسسىلەپ ئالاتتى.

ياقۇپبەگ ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ تاپقان پۇللىرى بىلەن ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ياقۇپبەگ ئاقسۇدا پەرغانىگە تەقلىد قىلىپ ھەشەمەتلىك بىر ئوردا سالدۇردى. ھەممىلا يەردە داچا ـ سارايلار سالدۇردى. ئاياغ ئاستى قىلغان ھەر مىللەت خوتۇن-قىزلىرى 600 دىن ئاشتى. ئەڭ كۆپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغىنى قىرغىزلار بولدى. تۇرغۇنلىغان قىزلار ئىلاجسىزلىقتىن ئەرەنچە ياسىنىۋالغان ياكى چىرايىنى بۇزۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق قېچىپ يۈرگەن. ياقۇپبەگنىڭ يېقىنلىرىمۇ بىر ـ بىرى بىلەن بەسلىشىپ، چىرىكلىشىشتە بىر ـ بىرىدىن قېلىشمىغان. بۇنى ئەينى زاماندىكى تارىخچىلار تەسۋىرلەپ مۇنداق يازغان: ئۇلار كۈن بويى ئېگىز ئارغىماقلارغا مىنىشىپ، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى بۇزۇپ ـ چېچىپ، ئەل ئىچىدە ئاز تېپىلىدىغان تائاملارنى يەپ، قىزلارنى بىللە ئېلىپ يۈرۈپ، كۆڭلى خالىغان ھەرخىل پەسكەشلىكلەرنى قىلاتتى.

ياقۇپبەگنىڭ مۇدھىش ھۆكۈمرانلىقى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىقىنى ئۈزلۈكسىز قوزغاپ كەلدى. 1872 ـ يىل 6 ـ ئايدا، ئۈرۈمچىدىكى ئەمگەكچى ئاما ئىسيان كۆتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئاقچى ناھىيىسىدىكى قىرغىزلارمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈردى. بۇ خىل ئىسيان ۋە قوزغىلاڭلار گەرچە رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ھەرمىللەت خەلقىنىڭ زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش ئىستىكى تېخىمۇ كۆ-

چەيدى . ئۇلار كېچە ـ كۈندۈز ئىچكىرىدىكى خەلقنىڭ مەدەت ۋە ياردەم بېرىشى، بۇ قوقان باسمىچىلىرىنى قوغلىۋېتىپ، ئۆزلىرىنى دوزاخ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشىغا تەشنا ئىدى .

روسىيە گۈزەل، باي شىنجاڭغا بۇرۇندىنلا شۆلگىيىنى ئېقىتىپ يۈرەتتى . شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشتىن ئىلگىرىلا كۆپ قېتىم قوشۇن چىقىرىپ ئىلىنىڭ غەربىگە تاجاۋۇز قىلىپ، مال-چارۋىلارنى بۇلىغان، يېزا ـ قىشلاقلارنى كۆيدۈرگەنىدى . ياقۇپبەگ باسمىچىلىرى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىنى بېسىۋېلىپ، شىمالغا قاراپ كېڭەيگەندە، روسىيە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ زور قوشۇن بىلەن ئىلىغا تاجاۋۇز قىلدى .

1871 ـ يىل 4 ـ ئايدا، ئەسلى جۇڭگوغا تەۋە، كېيىن روسىيە تەرىپىدىن قۇل قىلىنغان قازاقلارنىڭ ئالبان قەبىلىسى روسىيىنىڭ زۇلمى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە چىدىماي، ئاقساقىلى تازاربېكنىڭ باشچىلىقىدا قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىپ، بەختكە قارشى مەغلۇپ بولۇپ، ئىلىغا چېكىنىپ « سۇلتان » ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن تۇتۇپ قېلىندى ۋە توققۇز تارادا چارۋىچىلىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى . روسىيە تازاربېكنى قوغلاپ تۇتۇش باھانىسى بىلەن قوشۇن تارتىپ 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى كەتمەن تېغىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى . 3000 دىن ئارتۇق تارانچى خەلقى ۋە ئەسكەرلەر جىلغا ئىچىدە روسىيە قوشۇنىنىڭ بىر تۈركۈم ئەسكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلدى . قانلىق جەڭ داۋامىدا 500 دىن ئارتۇق كىشى قۇربان بولغان بولسىمۇ، تاجاۋۇزچىلارنى مۇھاسىرىنى بۆسۈپ قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى . 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، روسىيە ئەسكەر ئەۋەتىپ ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى قورغاسقا تاجاۋۇز قىلدۇردى . 4000 تارانچى خەلقى ۋە ئەسكەرلەر ئالمۇتا دەرياسى بويىدا ئىستىھكام قۇرۇپ، 10 كېچە ـ كۈندۈز كەسكىن جەڭ قىلىپ، تاجاۋۇزچى دۈشمەننى چېكىندۈردى . 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، روسىيە ھەربىي ئەمەلدارى كېرپاكوۋسكىي قوشۇن باشلاپ كېلىپ يەنە كەتمەن تېغىغا بىرقېتىم تاجاۋۇز قىلدى . ئىلى خەلقى ۋە ئەسكەرلىرى دۈشمەن

بىلەن جان تىكىپ جەڭ قىلدى . ئۇلار كالتەك ـ توقماق ، دېھقانچىلىق قوراللىرى ، پىچاق ۋە تاش بىلەن روسىيە ئوفىتسېرىدىن ئىككىنى ، ئەسكەرلەردىن 36 نى ئۆلتۈردى . ئاز كۈچ بىلەن دۈشمەنگە تاقابىل كېلەلمەي ئىستېھكامدىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى . 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ، روسىيە تاجاۋۇزچى ئارمىيىسىنىڭ 2000 دىن ئارتۇق ئادىمى قورغاسقا يەنە بىر قېتىم تاجاۋۇز قىلدى . پۇقرالار ۋە ئەسكەرلەر چېگىسخوزىدا قەھرىمانلارچە توسۇپ زەربە بەرگەن بولسىمۇ ، قوراللىرى قالاق بولغانلىقتىن دۈشمەننى توسۇۋالالمىدى . 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ، روسىيە قوشۇنى قورغاسنى قورشىۋالدى . ۋەھشىي تاجاۋۇزچىلار ئالدىدا قورقىنىدىن غال ـ غال تىترىگەن ئىلى سۇلتانى ئەلاخان تەسلىم بولغانلىقىنى جاكارلاپ ، بارلىق قوراللارنى تاپشۇردى . قازاق خەلقىنىڭ روسىيىگە قارشى قەھرىمانى تازاربېكنى باغلاپ دۈشمەنگە تاپشۇرۇپ بەردى . ھەتتا روسىيە تاجاۋۇزچى قوشۇنىنىڭ ھەرقايسى شەھەر ـ قورغانلارنى ئىگىلىشىگە ئۆزى يول باشلاپ بەردى . روسىيە قوشۇنى كەڭسايدىن ئۆتۈپ ، بورتالا ، جىڭ ۋە شىخولارنى ئىگىلىدى . يەنە بىر تارماق قوشۇنى چۆچەكنى ئىگىلىدى .

روسىيە ئىلى قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن ، بىر تەرەپتىن ، ساختىلىق بىلەن چىڭ ھۆكۈمىتىگە : بىز ئىلىنى ۋاكالىتەن قايتۇرۇۋالدۇق ، ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇش نىيىتىمىز يوق ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قوۋۇق ( جىيايۇگۇەن قوۋۇقى ) نىڭ سىرتىنى تازىلاپ ، ئۇرۇمچى بىلەن ماناسنى قايتۇرۇۋالسىلا ، ئىلىنى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىمىز ، دەپ ئىپادە بىلدۈرسە ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ئىلىدا دەھشەتلىك مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزدى . ئىلىنى بېسىۋېلىپ تۆتىنچى كۈنى كېرپاكوۋسكىي ئاشكارا ھالدا : ئىلى مەڭگۈ روسىيىگە تەئەللۇق ، دەپ جاكارلىدى . چارروسىيە جۇڭگو خەلقىنىڭ قارشىلىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، گۇڭچېن ، گۇاڭرېن ، جەندېدىن ئىبارەت ئۈچ شەھەرنى چەت ئەللىكلەر ئۈچۈن تىنچ جاي قىلدى ، ئىلى جياڭجۈنى تۇرغان كۈرەنى چېقىپ ۋەيران قىلىۋەتتى . روسىيە ئىلىغا بىر تۈركۈم ئەمەلدارلارنى

ئەۋەتىپ بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. روسىيە ھەرمىللەت خەلقىگە تۆ-تۈن سېلىقى چاچتى. ھەربىر ئائىلىدىن مال - مۈلكىگە قاراپ پۇل يىغدى. باي ئائىلىلەردىن ھەر يىلى 100 نەچچە سەردىن، ھاللىق ئائىلىلەردىن ھەر يىلى نەچچە ئون سەردىن، ئەڭ نامرات ئائىلىلەردىنمۇ بىرنەچچە سەردىن تەڭگە يىغدى. ھەريىلى نەچچە يۈزمىڭ سەر يىغىۋالدى. روسىيە بۇ خىل ئېكسپلاتاتسىيە ۋاستىسى ۋە ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلىنى بورتالا، جىڭ ۋە شىخولارغىچە كېڭەيتتى. روسىيىنىڭ دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىلىدىكى ھەر مىللەت خەلقى چوڭقۇر ئازاب - ئوقۇبەتكە پاتتى. ئۇلار دۆلەتنىڭ مۇنقەرز بولۇشىنى خالىماي، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇن چىقىرىپ قۇتقۇزۇشىنى تەلەپ قىلدى. كېچە - كۈندۈز ۋەتەننىڭ قوينىغا بالدۇرراق قايتىپ كېلىشنى ئارزۇ قىلدى.

## §2. زوزۇڭتاڭنىڭ قوشۇن باشلاپ كېلىپ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشى، ياقۇپبەگنىڭ يوقىتىلىشى، ئىلىنىڭ قايتۇرۇۋېلىنىشى

ياقۇپبەگنىڭ تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بېسىۋېلىشى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بېشىنى قاتۇردى؛ روسىيىنىڭ قوشۇن چىقىرىپ ئىلىنى بېسىۋېلىشى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى تېخىمۇ تىت - تىت قىلىۋەتتى، چىڭ ھۆكۈمىتى مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى تونۇپ يېتىپ، ۋەزىيەتنى ئوڭشاش نىيىتىگە كەلدى. ئۇلاستايدا تۇرۇشلۇق ئىلى جياڭ-جۈنى رۇڭ چۈەننى دەرھال ۋەزىپىگە ئاتلىنىپ ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش توغرۇلۇق روسىيە بىلەن سۆھبەتلىشىشكە بۇيرىدى. ئۇرۇمچىنىڭ گەن-سۇدا تۇرۇۋاتقان باش ھەربىي ۋالىيسى چېڭ لۇ بىلەن قۇمۇلدىكى ياردەمچى نازارەتچى ئامبال جىڭ ليەنگە ئۈرۈمچىنى قايتۇرۇۋېلىش پىلانىنى تۈزۈشنى جېكىلىدى ھەمدە شەنشى - گەنسۇنىڭ باش ھەربىي ۋالىيسى زوزۇڭتاڭغا پۈتۈن شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش ھەققىدە كۆرسەتمە بەردى. زوزۇڭتاڭ روسىيىنىڭ ھەققىي ئەپت - بەشىرىسىنى تونۇپ يەتكەنىدى، ئۇنىڭ ھەدەپ ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى، مەڭگۈ قانائەت

قىلمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئەسلىدە، خىزمەتتىن چېكىنىپ يۇرتىغا قايتىشنى ئويلاۋاتقان زوزۇڭتاڭ ياقۇپبەگ باسمىچىلىرى ۋە روسىيىنىڭ شىنجاڭنى بېسىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، تولۇپ تاشقان ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقى بىلەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالمىسام ھەرگىز قايتمايمەن، دەپ ئىپادە بىلدۈردى.

1872 - يىلى 1 - ئايدا، ئىلى جياڭجۈنى رۇڭ چۈەن چۆچەككە كېلىپ، روسىيە تەرەپكە ئىلىغا بېرىپ، ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش توغرۇلۇق سۆھبەتلىشىشكە تەييارلىق قىلىشنى ئۇقتۇردى. روسىيە تەرەپ ھەرخىل يوللار بىلەن بۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇردى. 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، روسىيە ۋەكىلى ئاياغۇستا رۇڭ چۈەن بىلەن كېڭەشمە ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. شۇنداقتىمۇ يەنىلا يولسىزلىق قىلىپ، ئۆز گېپىنى يورغىلاتتى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ باش ۋەزىر ياموۇلى بىلەن روسىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى بېيجىڭدا سۆھبەتلەشكەن بولسىمۇ، سۆھبەت نەتىجىسىز بولدى. چىڭ ھۆكۈمىتى بۇ ئەھۋاللارنى زوزۇڭتاڭغا ئۇقتۇرۇپ، ئۇنىڭ پىكرىنى ئاڭلىدى. زوزۇڭتاڭ «روسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق سۈيىقەستىنى توسىماقچى بولىدىكەنمىز، ئالدى بىلەن ياقۇپبەگنى تىنچىتىشىمىز كېرەك، ئىلىنى قايتۇرۇۋالماقچى بولىدىكەنمىز، ئالدى بىلەن ئۈرۈمچىنى بويسۇندۇرۇشىمىز كېرەك» دەپ جاۋاب قايتۇردى. بۇ ۋاقىتتا ئىلى جياڭجۈنى رۇڭچۈەنمۇ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە: «روسىيىنىڭ ئېلىمىزنى بوزەك قىلىشى چېكىگە يەتتى، مەن تاقەت قىلىشقا ۋىجدانىم كۆتۈرمەيدۇ، ئۇرۇش قىلاي دېسەم ئەسكىرىم يوق، دۆلەتنىڭ ئۈرۈمچى بىلەن ماناسنى قايتۇرۇۋېلىشقا قوشۇن ئەۋەتىپ بېرىشىنىلا كۈتۈپ تۇرۇپتىمەن. روسىيىگە تەھدىت سالغاندىلا، ئىلىنى قايتۇرۇۋالغىلى بولىدۇ» دەپ مەكتۇپ يوللىغانىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئاشۇنداق ئەھۋالدىلا شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش نىيىتىگە كېلىپ، زوزۇڭتاڭغا شىنجاڭغا قوشۇن كىرگۈزۈش ئىشىنى نازارەت قىلىشنى تاپىلىدى.

بىر دولقۇننىڭ پەسىيىشىگە يەنە بىر دولقۇن كۆتۈرۈلدى. 1874 -

يىل 5 ـ ئايدا ، ياپونىيە مىلىتارىستلىرى تەيۋەندىكى گاۋشەنزۇلار لىۇچيۇ تاقىم ئارىلىدىكى بېلىقچىلارنى ئۆلتۈردى ، دېگەن باھانە بىلەن 3000 ئەسكەر چىقىرىپ ، تەيۋەننى بېسىۋالدى . شەرقىي جەنۇبنىڭ دېڭىز مۇداپىئەسى جىددىيلىشىپ كەتتى . يىل ئاخىرىدا ۋەتەن ساتقۇچ لى خۇڭجاڭ چىڭ سۇلالىسى خانىغا مەكتۇپ سۇنۇپ ، شىنجاڭدىن كېچىپ ، دېڭىز مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش توغرۇلۇق تەكلىپ بەردى . زوزۇڭتاڭ بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش سەددىچىن سېپىلى سىرتىنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى ئەستايىدىل بايان قىلدى . ئۇ تەمكىنلىك بىلەن : شىنجاڭدىن كېچىش دېگەنلىك قاشانى ئۆزلۈكىدىن بۇزۇۋېتىش دېگەنلىكتۇر ، جاھانگىرلار چەكسىز ئاچكۆزلۈك بىلەن ئىچكىرىلەپ كىرىۋېرىدۇ . گەنسۇ بىلەن شەنشىگىلا تەھدىت سېلىپ قالماي ، بەلكى شىمالىي يۆنىلىشتىكى قوبدۇ ، ئۇلاستايلارغىمۇ تەھدىت سالىدۇ ، پايتەخت قوۋۇق باقارلىرىدىن ئايرىلسا ، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلماق قېيىن ، دەپ كۆرسەتتى . چىڭ ھۆكۈمىتى ئىشنىڭ شىمالىي يېرىم جۇڭگونىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش – تۇرالماسلىق مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدىغانلىقىنى ئويلىشىپ ، زوزۇڭتاڭنىڭ پىكرىنى ئاڭلاشنى قارار قىلدى . بىر قېتىملىق دېڭىز مۇداپىئەسى ۋە قورۇل مۇداپىئەسى مۇنازىرىسى شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتى .

1875 ـ يىل 5 ـ ئايدا ، چىڭ ھۆكۈمىتى زوزۇڭتاڭنى رىۋىزور ، شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلار نازارەتچىسى قىلىپ تەيىنلىدى .

1876 ـ يىل 4 ـ ئايدا ، زوزۇڭتاڭ سۇجۇ ( بۇگۇنكى جيۇچۈەن ) غا كېلىپ ، 50 ، 60 مىڭ كىشىلىك چىڭ قوشۇنىنىڭ جيايۈگۈەن قوۋۇقىدىن چىقىپ ئىلگىرىلىشىگە بۇيرۇق بەردى . شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ، چىڭ قوشۇنى لىيۇجىنتاڭ ۋە جىن شۇننىڭ قوماندانلىقىدا جىمسارغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ ، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىنى قايتۇرۇۋېلىشقا تەييارلىق قىلدى . 28 ـ كۈنى ، چىڭ قوشۇنى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ، فۇكاڭنى قايتۇرۇۋالدى . ئاندىن غەربكە قاراپ گۇمۇدى ( مىچۈەن ) غا يۈرۈش قىلدى . فۇكاڭدىن گۇمۇدىغا بارغىلى بولىدىغان ئىككى يول بار ، بىرى

چۆللۈكتىكى تۈز، يېقىن چوڭ يول. بىراق 50 چاقىرىم ئارىلىقتا قۇدۇق ياكى بۇلاق يوق، يەنە بىرى، تەڭرىتېغىنىڭ ئېتىكىدىكى تۆپىلىك چىغىر يول بولۇپ، سۇ مەنبەسى مول، ئەمما خەتەرلىك، مۇساپىسى ئۇزۇنراق ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا ياقۇپبەگنىڭ قوشۇنى تاغ ئىچىدىكى مۇھىم جاي ساقا قورغىنىنى ئىگىلىۋېلىپ، چىڭ قوشۇنىنى چۆللۈكتىكى چوڭ يول بىلەن مېڭىشقا مەجبۇر قىلدى. 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، چىڭ قوشۇنى ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، چوڭ يولنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىدىكى تاتلىق بۇلاق، غەربىي ئورمان بېشى قاتارلىق جايلارغا قۇدۇق قازغۇزۇپ، قارارگاھ تىكىپ، داغدۇغا قوزغاپ، دۈشمەننىڭ نەزەرىنى شۇ يەرگە بۇراپ قويۇپ، 10 ـ كۈنى كەچتە، ساقا قورغىنىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، تاغ ئىچىدىكى بۇ مۇھىم قورۇلنى ئىشغال قىلىپ، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىدى. 16 ـ كۈنى، چىڭ قوشۇنى گۇمۇدىنىڭ سىرتىدىكى بارلىق قارارگاھلارنى تازىلىدى. 17 ـ كۈنى، كەسكىن جەڭ ئارقىلىق گۇمۇدىنى ئىشغال قىلدى. چىڭ قوشۇنى ئارقا ـ ئارقىدىن غەلىبىگە ئېرىشىپ، ئەسكەرلەر ۋە ھەرمىللەت خەلقىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە زور ئىلھام بەردى. ئارقىدىنلا ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمى بىلەن قىسقىغىنا بەش كۈن ئىچىدە ئۈرۈمچى، سانجى، قۇتۇبىلارنى مۇھاسىرىگە ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ ئايلىق كەسكىن جەڭ ئارقىلىق ماناسنى بويسۇندۇرۇپ، ياقۇپبەگنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى تەسىر كۈچىنى تازىلىدى.

ياقۇپبەگ چىڭ قوشۇنىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا يۈرۈش قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال خىللانغان تۆت مىڭ ئادىمىگە ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تەڭرىتاغ ئېغىزىدا داۋانچىڭ يېڭى شەھىرىنى بىنا قىلدۇرۇپ، 30 زەمبىرەكنى تەق قىلىپ قويدى. بۇنىڭغا باش باشقۇرغۇچى ھەيدەرقۇلنى قوماندان قىلىپ، چىڭ قوشۇنىنى تاغنىڭ شىمال تەرىپىدە توسماقچى بولدى. زوزۇڭتاڭ جىن شۈنگە تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىنى ساقلىتىپ، ليۇجىنتاڭنىڭ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىشىغا بۇيرۇق بەردى. 1877 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، ليۇجىنتاڭ باشچىلىقىدىكى قوشۇن داۋانچىڭنى قورشىۋالدى، 2 ـ كۈنى داۋانچىڭ شەھىرى ئىچىدىكى

ئۇيغۇر يۇرتداشلار خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ، ئوغرىلىقچە شەھەردىن چىقىپ چىڭ قوشۇنىغا ئەھۋالنى دوكلات قىلىپ، داۋانچىڭدىكى دۈشمەنلەر ياردەمگە ئېرىشەلمەيدۇ، ئۇلار شۇ تاپتا مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىشنى مەسلىھەتلىشىۋاتىدۇ، دېيىشتى. شۇ كۈنى كېچىسى چىڭ قوشۇنى تۆت ئەتراپقا مەشئەل يېقىپ، شەھەرنى كۈندۈزدەك يورۇتتى. ئۇلار ئىنچىكە كۆزىتىپ، دۈشمەننى قانات چىقىرىپمۇ ئۇچۇپ كېتەلمەس قىلىپ قويدى. 2 ـ كۈنى شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەننىڭ 2000 دىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقىتىپ، 1200 دىن ئارتۇق ئادىمىنى ئەسىر ئالدى. ھەيدەرقۇلمۇ تىرىك قولغا چۈشتى. ليۇجىنتاڭ ئەسىرگە چۈشكەن ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ياقۇپبەگ قورقىتىپ قوشۇۋالغان جەنۇبىي شىنجاڭلىق ھەرمىللەت پۇقرالىرى ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ، ئۇلارنى كىيىم ۋە ئاشلىق بېرىپ ئۆيلىرىگە قايتۇرۇۋەتتى ھەمدە ھەيدەرقۇلغىمۇ خىزمەت كۆرسىتىپ گۇناھىنى يۇيۇش پۇرسىتىنى بېرىپ، ئۇنى ياقۇپبەگكە خەت يېزىپ، ئەل بولۇشقا كۆندۈرۈشنى تاپىلىدى. ئۇبدان كۈتۈلۈپ قايتۇرۇلغان ئەسىرلەر يول بويى چىڭ قوشۇنىنىڭ غەلىبىسىنى تەشۋىق قىلىپ ماڭدى. بۇ ئىش ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردىكى خەلقنىڭ قەلبىنى مايىل قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، چىڭ قوشۇنى جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ قەيەرگىلا بارسا ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، چىڭ قوشۇنى تۇرپان، توقسۇننى قايتۇرۇۋالدى. قارا شەھەردە تۇرۇشلۇق ياقۇپبەگ ئارقا ـ ئارقىدىن يېڭىلىپ چېكىنگەنلىك توغرۇلۇق جەڭ مەلۇماتلىرىنى تاپشۇرۇۋېلىپ تىت ـ تىت بولۇپ، كورلىنى ساقلاۋاتقان كىچىك ئوغلى ھەققۇلىنى ھەربىي ئىشلار توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىشكە چاقىرتتى. ھەققۇلى ھەربىي جەھەتتىكى مەغلۇبىيەت سەۋەبىدىن جازاغا تارتىلىشتىن قورقۇپ، بارغىلى ئۇنىمىدى. بۇ ۋاقىتتا ياقۇپبەگ دەل ھەيدەرقۇلىنىڭ ئەل بولۇشقا دالالەت قىلىپ يازغان خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ ئۆز يېقىنلىرىنىڭ يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى، ۋەزىيەتنىڭ پايدىسىزلىقىنى كۆرۈپ، ئاچچىقىدىن غالجىر ئىتتەك ئوخشاش بولۇپ قالدى ۋە خەت ئە-

كەلگۈچىنى ئۆلتۈرۈپ، خەتنى ئوقۇغان كاتىپنى ئۇرۇپ يارىلاندۇرۇپ، زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالدى. ھەققۇلى ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىدى. ياقۇپبەگنىڭ چوڭ ئوغلى بەگقۇلى بۇنىڭغا قايىل بولماي، ھەققۇلىنى ئۆلتۈرۈپ خانلىق ئورنىنى تارتىۋالدى. چىڭ قوشۇنى كورلا، قارا شەھەر، كۇچالارنى ئىشغال قىلدى. بەگقۇلى بۇنى ئاڭلاپ بەدەر تىكىۋەتتى. چىڭ قوشۇنىنىڭ غەلىبە قىلغانلىقى ئاقسۇدىكى، بايدىكى ھەرمىللەت خەلقىگە ئىلھام بەردى. ئۇلار ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ، ياقۇپبەگنىڭ قالدۇق كۈچلىرىگە توسۇپ زەربە بېرىپ، چىڭ قوشۇنىنىڭ شەھەرگە كىرىشىنى قارشى ئالدى. چىڭ قوشۇنى داۋاملىق ئىلگىرىلىدى. ھەرمىللەت خەلقى ئاكتىپلىق بىلەن جەڭگە قاتنىشىپ، ھەممىلا جايدا قوقان باسمىچىلىرىغا زەربە بەردى. يەكەندىكى خۇيزۇلار نىيازنىڭ يېتەكچىلىكىدە شۇ يەردىكى قالدۇق باندىتلارنى قورشىۋالدى. 12 ــ ئاينىڭ 18 ــ كۈنى، چىڭ قوشۇنى قەشقەرنى ئىشغال قىلدى. بەگقۇلى ئالمان ــ تالمان روسىيىگە قېچىپ بېرىپ پاناھلاندى ۋە قوغدالدى. 1 ــ ئاينىڭ 2 ــ كۈنى، چىڭ قوشۇنى خوتەننى قايتۇرۇۋېلىپ، ئۇيگە بۆرىنى باشلاپ كىرگەن ساتقىنلارنىڭ كاتتىۋېشى جىن شياڭيىننى تىرىك تۇتۇپ، ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بەردى.

چىڭ قوشۇنىنىڭ ياقۇپبەگكە قارشى جازا يۈرۈش قىلىشى بىر قېتىملىق ئۇرۇش. شۇڭا، ئۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەن زېمىنىنى قايتۇرۇۋېلىشنى مەقسەت قىلىدىغان ھەققانى ئۇرۇش ئىدى. شۇڭا، بۇ ئۇرۇش شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىنىشىغا ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى. چىڭ قوشۇنى ھەرقايسى جايلاردا جەڭ قىلغاندا ھەرمىللەت خەلقى ئۇلارغا ئۆزلۈكىدىن ئات ــ ئۇلاغ ۋە ئاشلىق تەقدىم قىلىپ، ئاخبارات يەتكۈزۈپ بەردى. ئۆزلىرى يول باشلاپ، سۇ ئىزدەپ، خەلق ئارمىيىلىرىنى تەشكىللەپ، ماسلىشىپ جەڭ قىلدى. شىبە خەلقى چىڭ قوشۇنىنىڭ جىايۈگۈەندىن يولغا چىققانلىقىنى ئاڭلاپ، ئالدىنئالا 300 كىشىلىك ئەمگەك كۈچى سەپەرۋەر قىلىپ، خار بۇخقا

بېرىپ، ئۆستەڭ چېپىپ، بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىپ ئاشلىق جۇغلىدى. چىڭ قوشۇنى شىخوغا كەلگەندە، ئۇلار ئاشلىقنى كۆتۈرۈپ گازارمىلارغا ئاپىرىپ بەردى. چىڭ قوشۇنى كورلىنى ئالغاندىن كېيىن، دۈشمەنلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئاشلىقى تۈگەپ كېتىپ، ئاچارچىلىق خەۋپىگە دۇچ كەلدى. شۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار كۆمۈكلۈك ئاشلىقنى كولاپ چىقىپ چىڭ ئەسكەرلىرىنى نەچچە يۈز مىڭ جىڭ بۇغداي بىلەن تەمىنلىدى. قىرغىز خەلقى چىڭ قوشۇنىنىڭ غەلىبىلىك ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، قار چوققىسى ۋە قاراچىدا يەنە بىر قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، شۇ يەردىكى ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيەتكە قاتتىق زەربە بېرىپ، ئاقسۇغا كېلىپ چىڭ قوشۇنى بىلەن بىرلەشتى. شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى چىڭ قوشۇنىنىڭ تېز سۈرئەتتە غەلىبە قىلىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى.

ياقۇپبەگ باندىتلىرى قوقان خانلىقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىرى؛ ئەنگلىيە، روسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ غالچىلىرى. ياقۇپبەگ ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيىتىنىڭ يوقىلىشى ئەنگلىيە، روسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ياقۇپبەگدىن پايدىلىنىپ ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىنى يۇتۇۋېلىش سۇيىقەستىنىڭ پۈتۈنلەي بەربات بولغانلىقىنى جاكارلىدى.

چىڭ قوشۇنى ئۈرۈمچى، ماناسنى ۋە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىنى قايتۇرۇۋالدى، ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ شەرتىنى ھازىرلىدى. زوزۇڭتاڭ روسىيىنىڭ گېپىدە تۇرمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگەچكە، ليۇجىنتاڭ ۋە جىن شۈنگە مەخپىي بۇيرۇق بېرىپ، ئىلىغا قوشۇن تارتىشنىڭ تەييارلىقىنى ياخشى ئىشلەشنى تاپىلىدى. ئاقسۇدا ۋاقىتلىق تۇرۇشلۇق چىڭ قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى جاڭ ياۋغا ئاقسۇ، ئۇچتۇرپاندىن ئىلىغا تۇتىشىدىغان، قوشۇن ماڭالايدىغان يولنى ئېنىقلاش ھەققىدە كۆرسەتمە بەردى. لېكىن، چىڭ ھۆكۈمىتى كەسكىن تەدبىر قوللىنىشقا جۈرئەت قىلالماي، ئۈمىدنى سۆھبەتكە يۆتكىدى. چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مۇرەسسەچىلىك سىياسىتى ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىشتا يامان ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلدى.

چىڭ ھۆكۈمىتى 1876 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئەمدىلا ئۈرۈمچى بىلەن ماناسنى قايتۇرۇۋالغاندا ، روسىيىنىڭ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ ئىلىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانىدى . خۇددى ماركس ئەينى ۋاقىتتا تەھلىل قىلغاندەك ، بۇ ۋاقىتتا « روسىيە ۋەزىرى ۋە دىپلوماتىيە ئەمەلدارى ئۆزلىرىنىڭ ساختا نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ ، رەزىل سۇيىقەستىنى ئاشكارىلىدى » ، ئىلىنى ئۇزۇن مۇددەت ئىگىلەپ تۇرۇش ئۈچۈن ، سۆھبەتنى رەت قىلدى . ياقۇپبەگ باندىتلىرى ھالاك قىلىنغاندىن كېيىن ، چىڭ ھۆكۈمىتى كۆپ قېتىم روسىيە تەرەپكە تەلەپ قويدى . روسىيە يېڭى نەيرەڭلەرنى ئىشقا سېلىپ ، چېگرا مەسىلىسى تېخى ھەل بولمىدى ، ئالدى بىلەن چېگرىنى بېكىتىش كېرەك ، ئاندىن ئىلىنى قايتۇرىمىز ، دېدى . چىڭ قوشۇنى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ، شىمالىنىڭ ۋەزىيىتىنى تۇراقلاشتۇرغاندىن كېيىن ، ئەمەلىيەت جۇڭگونىڭ تاجاۋۇزچىلارنى قوغلاپ چىقىرىۋېتەلەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى . چىڭ ھۆكۈمىتى پاكىتنى ئوتتۇرىغا قويدى . روسىيە ئۆزىنى ئاقلاشقا سۆز تاپالماي قالغاندىلا ئاندىن ئىلاجىسىز ئىلىنى تاپشۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە كېڭەشىشكە قوشۇلدى . ئىشتىن ئاۋۋال ، چارروسىيە پادىشاھى پەرمان چۈشۈرۈپ ، قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرى مىليۇكىن باشچىلىقىدىكى « ئىلى مەسىلىسى ئالاھىدە كومىتېتى » قۇرۇپ ، تەدبىرلەرنى مۇزاكىرە قىلدى . ئۇزاق مۇددەت مەخپىي كېڭەشىش ئارقىلىق ، روسىيە ـ تۈركىيە ئۇرۇشى ئەمدىلا ئاياغلاشقاچقا ، ئادەم ۋە ماددىي كۈچىمىز زور دەرىجىدە خورىدى ، ئەمدىلىكتە يەنە جۇڭگوغا قارشى ئۇرۇش قىلىمىز دېسەك بولمايدۇ ـ دەپ قاراپ ، ئىلىنى ئۇزاق ۋاقىت ئىگىلەپ تۇرۇش نىيىتىنى ئۆزگەرتىپ ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن تېخىمۇ كۆپ پايدىغا ئېرىشمەكچى بولدى . بۇ « كومىتېت » يەنە چىڭ ھۆكۈمىتىگە پوپۇزا قىلىپ پايدىغا ئېرىشىدىغان كونكرېت لايىھىنى مۇپەسسەل تۈزۈپ چىقتى . 1876 ـ يىل 6 ـ ئايدا ، چىڭ ھۆكۈمىتى چوڭ خۇ روسىيىگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى . 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى قابىلىيەتسىز چوڭ خۇ روسىيىنىڭ تەھدىت سىياسىتى ۋە ئازدۇرۇشى بىلەن قىرىم يېرىم ئارىلىنىڭ لىۋاگىيە دېگەن يېرىدە روسىيە ۋەكىلى بىلەن « لىۋاگىيە

شەرتنامىسى » ( يەنى « ئىلىنى تاپشۇرۇپ بېرىش ، تاپشۇرۇپ ئېلىش شەرتنامىسى » ) نى ئىمزالىدى . ئۇنىڭدا : جۇڭگو روسىيىگە « ئىلىنى ساقلىغۇچى ئەسكەرلەر خىراجىتى » ئۈچۈن بەش مىليون رۇبلى ( 2 مىليون 800 مىڭ سەر كۈمۈش ) تاپشۇرىدۇ . قورغاس دەرياسى ۋە تېكەس دەرياسىنىڭ غەربىدىكى زېمىن روسىيىگە قايتۇرۇلىدۇ . روسىيە ئۈرۈمچى ، تۇرپان ، قۇمۇل ، گۇچۇڭ ، سۇجۇ ( جيۇچۈەن ) ، قوبدۇ ، ئۇلاستاي قاتارلىق جايلاردا كونسۇل تۇرغۇزىدۇ ، روسىيە سودىگەرلىرىدىن شىنجاڭدا ۋە موڭغۇلىيىدە باج ئېلىنمايدۇ ، دەپ بەلگىلەنگەن .

ئىنتايىن پايدىلىق ۋەزىيەتتە چوڭ خۇنىڭ يۇقىرىقىدەك دۆلەتكە ھاقارەت كەلتۈرىدىغان شەرتنامىنى تۈزگەنلىكى ، تەبىئىي ھالدا جۇڭگو خەلقىنىڭ كۈچلۈك غەزىپىنى قوزغىدى . خەۋەر دۆلەت ئىچىگە تارقالغاندىن كېيىن كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىدى . ھەممەيلەن چوڭ خۇنى دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىپ ، مىللىي مەنپەئەتنى ساتقان دەپ قاراپ ، ئۇنى قاتتىق جازالاشنى تەلەپ قىلدى . چىڭ ھۆكۈمىتى جامائەت پىكرىنىڭ تەقەززاسى بىلەن شەرتنامىنى تەستىقلىماي ، چوڭ خۇنى قولغا ئېلىپ ، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىپ ، كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىشقا قالدۇردى . روسىيە تەرەپ بۇنى ئۇققاندىن كېيىن بىخۇدلاشتۇرۇش ھىيلىسىنى ئىشقا سېلىپ ، جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال ۋە غەربىي شىمال چېگرىسىغا كۆپلەپ قوشۇن توپلىدى ھەمدە ھەربىي پاراخوتلارنى ئەۋەتىپ جۇڭگونىڭ دېڭىز تېررىتورىيىسىدە ھەيۋە كۆرسىتىپ ، چىڭ ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلەتتى ، روسىيىنىڭ قورال كۈچى بىلەن تەھدىت سېلىشى جۇڭگو خەلقىنىڭ غەزىپىنى كۈچەيتتى . پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىغان دۈشمەنگە ئورتاق نەپرەتلىنىش كەيپىياتى ئىچىدە چىڭ ھۆكۈمىتى ئۆزىنى قوغداشنى مەقسەت قىلىپ ئۇزۇنغا سوزۇلغان جۇڭگو - روسىيە چېگرىسىغا ھەربىي كۈچلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ، مۇداپىئەنى كۈچەيتتى . زوزۇڭتاڭنى يەنە بىر قېتىم رىۋىزور قىلىپ تەيىنلەپ ، شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇشقا ئەۋەتتى . زوزۇڭتاڭ ئىلىغا ئۈچ يۆنىلىش بويىچە كىرىش

ئۇچۇن جىددىي تەييارلىق قىلدى. جۇڭگونىڭ روسىيىگە قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلىشى، بۇ كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەرنى ئىنتايىن سەراسىمىگە سالدى. بۇ كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرۇش يالقۇنىنىڭ كۈندىن - كۈنگە زورىيىپ، ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگودا ئېرىشكەن مەنپەئەتىگە تەسىر يەتكۈزۈشىدىن ئەنسىرەپ، چىڭ ھۆكۈمىتىگە ۋەتەن ساتقۇچ چوڭ خۇنىڭ باستۇرۇلغانلىقىغا قارىتا «غەزەپلىنىدىغانلىقىنى» بىلدۈرۈش ئۈچۈن، غالجىرلاشقان ھالدا ئارقا - ئارقىدىن چىڭ ھۆكۈمىتىگە «ئاگاھلاندۇرۇش» بەردى. ئەنگلىيىنىڭ ئايال پادىشاھى ھەتتا چىڭ ھۆكۈمىتىگە تېلېگرامما يوللاپ، چوڭ خۇنى جازادىن ئازاد قىلىشنى تەلەپ قىلدى. چىڭ ھۆكۈمىتى كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ بېسىمى بىلەن چوڭ خۇنى قويۇۋەتتى ھەم چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن كېلىشىش ئۈچۈن زېڭ جىزېنى روسىيىگە ئىلى مەسىلىسىنى قايتا سۆزلىشىشكە ئەۋەتتى. زېڭ جىزې ئەمدىلا يولغا چىققاندا، روسىيىنىڭ مۇۋەققەت دىپلوماتىيە ۋەزىرى كـ رىس ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا «جۇڭگوغا چىشىمىزنى كۆرستىپ قويايلى» ۋە «مۇشتۇمىمىزنى پۇرۇتۇپ قويايلى» دەپ داۋراڭ سالدى، روسىيىنىڭ مۇئاۋىن دىپلوماتىيە ۋەزىرى رېمپېنى تېخىمۇ ئاشكارا تەھدىت سېلىپ: «جۇڭگو بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە، مىلـ تىقنى ئۇلارنىڭ كۆكسىگە توغرىلاپ قويۇش كېرەك» دېدى. زېڭ جىزې روسىيىنىڭ پايتەختى پېتىربورگقا بېرىپ سۆھبەتنى باشلىغاندىن كېيىن، روسىيە ۋەكىلى ئورۇنسىز مۇتىھەملىك قىلىپ، يولسىز ۋاستىلەرنى قوللاندى ھەمدە شۇ سورۇندا «ئىگىلىۋالغان جايلارنى جۇڭگوغا بىكارغىلا بېرىۋېتىدىغان گەپ يوق، جۇڭگو زېمىنىنى جۇڭگو زېمىنىغا تېگىشىش كېرەك، جۇڭگو دېڭىز بويى جايلىرىنى تۆلەم ھېسابىدا بېرىش كېرەك»، «جۇڭگو روسىيىگە قارشى قوشۇن تارتسا، تۆلەم كۆپەيتىلىپ، قوشۇن يۆتكەش ھەققى ئېلىنىدۇ» دەپ تەھدىت سالدى. زېڭ جىزې روسىيىنىڭ يولسىز تەلەپلىرىنى رەت قىلدى. سۆھبەت كۆپ قېتىم ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، نەتىجىلىك بولمىدى. چارروسىيە ۋەكىلى يەنە

تەھدىت سېلىپ : « كەيىنگە سۈرەۋەرگەندىن كۆرە ئۇرۇش قىلىش كې-
رەك » دېدى . چىڭ ھۆكۈمىتى مەجبۇرىي ھالدا 1881 - يىل 2 - ئاينىڭ 24 -
كۈنى « جۇڭگو - روسىيە ئۆزگەرتىپ ئىمزالانان ئىلى شەرتنامىسى »
نى ئىمزالىدى . ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى : روسىيە ئىلىنىڭ توققۇز شەھە-
رىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ ، جۇڭگو قورغاس دەرياسىنىڭ غەربىدىكى
زېمىنىنى روسىيىگە بۆلۈپ بېرىدۇ . روسىيىنىڭ تۇرپان ۋە
سۇجۇ ( جيۇچۇەن ) دا كونسۇل تۇرغۇزۇشىغا رۇخسەت قىلىدۇ ، قۇمۇل
قاتارلىق بەش شەھەردە كونسۇل تۇرغۇزۇش كېيىن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ ،
جۇڭگو تەرەپ تۆلەيدىغان ھەربىي خىراجەت 9 مىليون رۇبلى ( 5 مىليون
سەر كۈمۈش ) غا كۆپەيتىلىدۇ ، روسىيە سودىگەرلىرىدىن شىنجاڭدا ۋاق-
تىنچە باج ئېلىنمايدۇ ، ئىلى ئاھالىسىدىن روسىيىگە كۆچۈشنى
خالىغۇچىلار بولسا ، جۇڭگو ئەمەلدارلىرى توسمايدۇ ، ئىككى تەرەپ
شەرتنامە ئىمزالانغاندىن كېيىنكى يىلى روسىيە قوشۇنى ئىلىدىن چېكىنىپ
چىقىدۇ، ئىلىنى جۇڭگو ئۆتكۈزۈۋالىدۇ ، دەپ كېلىشتى .

روسىيە بىر يىللىق مۇددەتتىن پايدىلىنىپ ، ئىلىدا پۈتۈن كۈچى
بىلەن بۇزغۇنچىلىق قىلدى ، روسىيە ئەمەلدارلىرى ۋە قوشۇنلىرى ھەرخىل
يوللار بىلەن جۇڭگو ئاھالىلىرىنى روسىيىگە كۆچۈشكە مەجبۇرلاپ ، قات-
تىق پاراكەندە سالدى . يىغا - زارە پۈتۈن يېزا - كەنت ۋە داللارنى
قاپلىدى . روسىيە ئىلىدىن 45 مىڭ ئۇيغۇرنى ، 20 مىڭ قازاقنى ، 4600
خۇيزۇنى جەمئىي 70 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى زورلۇق بىلەن كۆچۈرۈپ
كەتتى . بۇ شۇ يەردىكى نوپۇسنىڭ 60 - 70 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ .
ھەرمىللەت خەلقى يۇرت - ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ ، ئىلى چۆلدەرەپ
قالدى . شۇ ۋەقەدىن كېيىن ، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر روسىيىنىڭ ھۆ-
كۈمرانلىقىغا نارازى بولۇپ ، يۇرتىنى سېغىنىپ ، ئىلىغا قايتىپ كېلىشنى
ئارزۇ قىلىشتى .

روسىيە ئىلىنى 11 يىلدىن ئۇزاق ۋاقىت بېسىۋالدى . ئىلى نۇرغۇن
مۇشكۈلچىلىكلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ ئاخىر 1882 - يىل 2 - ئايدا ۋەتەن
قوينىغا قايتىپ كەلدى .

قوينىغا قايتىپ كەلدى.

زوزۇڭتاڭ گەرچە تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىنى ۋە خۇيزۇلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشتا قان ـ قەرزگە بوغۇلغان بولسىمۇ، ئەمما قوقان خاندانلىقى شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلدۇرغان ياقۇپبەگ باندىتلىرىنى يوقىتىشتا، روسىيىنى ئىلىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇرلاشتا، شۇنداقلا شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتتى.

# توققۇزىنچى باب
# شىنجاڭنىڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇشى، ئۈرۈمچى قوزغى-
# لىڭى ۋە ئىلى قوزغىلىڭى

## §1 . شىنجاڭنىڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇش جەريانى ۋە
## ئۇنىڭ ئەھمىيىتى

چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلار ۋە چوڭ - كىچىك خوجىلارنى تىنى-
جىتىقاندىن كېيىن، ماناسنىڭ شەرقىدىكى بىرقىسىم رايونلاردا ۋىلايەت -
ناھىيە تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، بۇ جايلارنى مەمۇرىي جەھەتتە گەنسۇ ئۆلكى-
سىگە قارايدىغان قىلغاندىن باشقا، قالغان رايونلارنىڭ ھەممىسىدە جاساق
ۋە بەگلىك تۈزۈمىنى يۈرگۈزدى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ۋاڭ، گۇڭ،
بەگلىرى ھەرقايسى جايلارنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى ئايرىم - ئايرىم
باشقۇرۇپ، ناھايىتى زور ھوقۇقنى ئىگىلىۋالدى. چىڭ ھۆكۈمىتى گەرچە
بۇ ۋاڭ، گۇڭ، بەگلەرنى باشقۇرىدىغان ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى
تەسىس قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ھەربىي ئىشلارغا ئەھمىيەت بېرىپ، مەمۇ-
رىي ئىشلارنى يەرلىك ۋاڭ، گۇڭ، بەگلەرنىڭ ئۆز مەيلىچە باشقۇرۇشىغا
قويۇپ بەرگەندى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەركىزىي ھۆكۈمەت قۇدرەت تاپقاندا
ۋاڭ، گۇڭ، بەگلەر چىڭ سۇلالىسىنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ھەر-
قايسى مىللەت خەلقلىرىنى خالىغانچە ئەزدى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى؛
مەركىزىي ھۆكۈمەت ئاجىزلاشقاندا، بىرقىسىم ۋاڭ، گۇڭ، بەگلەر مىللىي
زىددىيەت پەيدا قىلىپ، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى.
قوقان خانلىقى، ئەنگلىيە - روسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ خوجىلارنىڭ
ئەۋلادلىرىدىن پايدىلانغانلىقى ۋە ياقۇپبەگنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلغان-
لىقى جاساق تۈزۈمى ۋە بەگلىك تۈزۈمىنىڭ دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە پايدىسىز

ئىگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

ئىلگىرى چىڭ سۇلالىسى جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنى ئەمدىلا تىنچىتىپ تۇرغان مەزگىلدە، ئاتاقلىق مۇتەپەككۇر گوڭ زىجېن بۇ مەسىلىنى كۆرۈپ يېتىپ، شىنجاڭنى مەمۇرىي ئۆلكە قىلىپ ئۆزگەرتىپ، جاساق تۈزۈمى ۋە بەگلىك تۈزۈمىنىڭ ئورنىغا ۋىلايەت - ناھىيە تۈزۈمىنى ئورنىتىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بىراق، ئوردا بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلمىدى. 1875 - يىلى، زوزۇڭتاڭ رېۋىزورلۇققا تەيىنلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇۋاتقاندا «ئۆلكە قۇرۇپ، ۋىلايەت - ناھىيە تەسىس قىلىش» فاڭجېنىنى بەلگىلىدى. 1877 - يىلدىن 1882 - يىللىرىغىچە زوزۇڭتاڭ شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىش توغرىسىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۆت قېتىم چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئىلتىماس سۇندى، دەسلەپ ئۆزى بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتى، كېيىن يارلىققا بىنائەن پايتەختكە كېتىپ قالدى، ئۆلكە تەسىس قىلىش ئىشى ئىزچىل تاشلىنىپ قالدى. 1882 - يىل 2 - ئايدا، ئىلى قايتۇرۇۋېلىندى. 4 - ئايدا، شەنشى - گەنسۇنىڭ باش ۋالىيسى تەن جۇڭچى زوزۇڭتاڭنىڭ پىكرىگە ئەمەل قىلىپ، چىڭ ھۆكۈمىتىدىن شىنجاڭدا ۋىلايەت، ناھىيە تەسىس قىلىشنى، باش ۋالىي ۋە باش مۇپەتتىش ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى، چىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇۋاتقان ليۇجىنتاڭنى بۇ ئىشقا مەسئۇل قىلدى. 8 - ئايدا، ليۇجىنتاڭ زوزۇڭتاڭ بىلەن تەن جۇڭچىنىڭ لايىھىسىدىن پايدىلىنىپ ۋە ئۇنىڭغا ئاز - تولا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، ئۆلكە قۇرۇش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقتى. شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئىشلىرىنى گەنسۇنىڭ باش مۇپەتتىشى ۋاكالىتەن باشقۇرىدۇ، دەپ بەلگىلىدى. 1884 - يىل 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، چىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلغانلىقى توغرۇلۇق رەسمىي بۇيرۇق چۈشۈردى. گەنسۇ بىلەن كېلىشىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھەممە شەھەرلەرنىڭ بارلىق ئامباللىرىنى ۋە بەگلەرنى بىردەك قىسقارتىپ، ۋىلايەت، نازارەت، ئايماق، ناھىيىلەرنى تەسىس قىلىپ، گەنسۇ - شىنجاڭ باش نازارەتچىسى ئەۋەت-

تى. بۇ ئەمەلدار شىنجاڭنىڭ بارلىق ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ھەمدە شەنشى ــ گەنسۇ باش ۋالىيسىنىڭ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلىدىغان بولدى. 2 ــ كۈنى، چىڭ ھۆكۈمىتى لىيۇجىنتاڭنى گەنسۇ ــ شىنجاڭ باش مۇپەتتىشى قىلىپ بەلگىلىدى.

شىنجاڭ ئۆلكە بولغاندىن كېيىن، گەنسۇ ــ شىنجاڭ باش مۇپەتتىشى ئەڭ يۇقىرى ھەربىي ــ سىياسىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدار بولدى، ئىلى جياڭجۈنىنىڭ ھوقۇق دائىرىسى زور دەرىجىدە تارايدى، ئۇ ئىلى بىلەن چۆچەكنىڭ ھەربىي ــ مەمۇرىي ئىشلىرىنى ۋە روسىيە بىلەن بولغان تاشقى ئىشلارنىلا باشقۇرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۈرۈمچى شىنجاڭنىڭ ئۆلكە مەركىزى قىلىندى. شۇنىڭدىن باشلاپ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزىمۇ ئىلىدىن ئۈرۈمچىگە يۆتكەلدى. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا خەلق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئايماق، ناھىيىلەر تەسىس قىلىندى. بىر مەزگىللىك كۆپەيتىش ۋە تەڭشەش جەريانى باشتىن كەچۈرۈلۈپ، شىنجاڭدا ئۈرۈمچى، ئىلى ــ تارباغاتاي، ئاقسۇ، قەشقەردىن ئىبارەت تۆت ۋىلايەت، ئالتە مەھكىمە، 11 نازارەت، ئۈچ ئايماق، 23 ناھىيە تەسىس قىلىندى.

شىنجاڭدا ئۆلكىنىڭ تەسىس قىلىنىشى زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن، تۈزۈم ئىچكىرىنىڭكى بىلەن تامامەن ئوخشاش بولدى، بۇ ھال مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشى ئۈچۈن نۇرغۇن جەھەتلەردىن قولايلىق يارىتىپ بەردى. ئىلگىرى، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ پەرمانلىرى ۋە سىياسەتلىرى چوقۇم ئىلى جياڭجۈنى ئارقىلىق ھەرقايسى ۋاڭ، گۇڭ ۋە بەگلەرنىڭ قولىدىن ئۆتۈپ ھەرقايسى مىللەتلەر ئىچىدە ئىجرا قىلىناتتى، بۇ ئارىدا توسالغۇلار كۆپ بولاتتى، ۋاڭ ــ بەگلەر دائىم دېگۈدەك ئالدامچىلىق، ھىيلىگەرلىك قىلىشاتتى. ئەمدىلىكتە چىڭ ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن ئەمەلدارلار شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى بىۋاستە باشقۇرىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى تېخىمۇ كۈچەيتىلدى.

شىنجاڭ ئۆلكە بولغاندىن كېيىن، سىياسىي جەھەتتە مۇقىملىق

بارلىققا كېلىپ، جەمئىيەت تىنچلاندى، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىلدى. ئۆلكە قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، چىڭ ھۆكۈمىتى ئىچكىرىدىكى خەنزۇ ۋە خۇيزۇلارنىڭ تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈپ بېرىشىغا قەتئىي يول قويمايتتى. ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر خەلقى بىلەن بىرلىشىپ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە قارشى چىقىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن، چىڭ ھۆكۈمىتى بۇ پەرماننى بىكار قىلدى. ئىچكىرىدىكى خەنزۇ ۋە خۇيزۇلارنىڭ تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈپ ئولتۇراقلىشىنى تەشەببۇس قىلدى ۋە تەشكىللىدى. تېرىقچىلىق قىلىش ياكى سودىگەرلىك قىلىشقا چىڭ ھۆكۈمىتى يەنە نۇرغۇن قولايلىقلارنى يارىتىپ بەردى، ئۇلارغا ئۆي بەردى، ئۇرۇق قەرز بەردى، تېرىلغۇ كالىلىرىنى ئىجارىگە بەردى. ھەر مىللەت خەلقى ئىناق، ئۆم ياشاپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئۆزئارا ياردەملىشىپ شىنجاڭنى بىرلىكتە ئاچتى، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ناھايىتى زور تۆھپىلەرنى ياراتتى. تارىختا خاتىرىلىنىشىچە، شىنجاڭ ئۆلكە بولغاندىن كېيىن سەرسان بولۇپ كەتكەن دېھقانلارنى يىغىپ، بوز يەر ئاچتۇرۇپ، ئۆستەڭ چاپتۇرۇپ يەر تېرىتقان، مال باققۇزغان. نەتىجىدە، 20 يىل ئىچىدىلا تېرىلغۇ يەرلەر كېڭەيتىلىپ، نوپۇس كۆپىيىپ، ئاۋات مەنزىرە بارلىققا كەلگەن. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 1884 ـ يىلدىن 1905 ـ يىلغىچە، شىنجاڭدا جەمئىي 9 مىليون 600 مىڭ مو بوز يەر ئېچىلغان.

## §2. پامىر مەسىلىسىنىڭ ھەقىقىي تارىخىي ئەھۋالى

پامىر ئېگىزلىكى قەدىمدە «كۆكئارت» دەپ ئاتىلاتتى، ئۇ شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپلا جۇڭگونىڭ زېمىنى ئىدى. چىڭ سۇلالىسى پامىر ئېگىزلىكىدە سەككىز ئورۇندا چېگرا مۇداپىئە پونكىتى قاراۋۇلخانىسى قۇرغان. ئۇ يەردە گازارما، رابات ۋە تۈگمەن بار ئىدى، ئەسكەر تۇرغۇزۇلغانىدى. بۇ قاراۋۇلخانىدىن بىرىنىڭ ئىسمى سۇمەنتاش بولۇپ، مەنىسى «تاش ئابىدە» دېگەنلىك

بولىدۇ . چۈنكى ، بۇ قاراۋۇلخانىنىڭ يېنىدا ، چيەنلۇڭ خان چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنى تىنچىتقاندىن كېيىن ئورناتقان تۆھپىكارلارنى خاتىرـ زىلەش ئابىدىسى بار ئىدى . پامىر ئېگىزلىكىنىڭ جۇڭگو بىلەن غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش تۈگۈنلىك ۋە ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولغاچقا ، ئەنگلىيە بىلەن روسىيە ئاللىبۇرۇنلا بۇ جايغا كۆز تىككەنىدى .

1881 ـ يىلىلا ، زېڭ جىزې روسىيىدە ئىلى مەسىلىسى توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقاندا ، روسىيە يولسىز تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، جۇڭگو بىلەن روسىيىنىڭ چېگرىسى چوقۇم مالتابار تاغ ئېغىزىدا بولۇشى كېرەك دەپ ، ئېغىزنىڭ غەربىدىكى پامىر رايونى زېمىنىنى يۇتۇۋەتمەكچى بولغان ، زېڭ جىزې بۇنىڭغا قاتتىق رەددىيە بەرگەن . 1884 ـ يىلى ، جۇڭگو بىلەن روسىيە « قەشقەر چېگرىسىنى داۋاملىق چارلاش شەرتنامىسى » نى ئىمزالىدى . بۇنىڭدا : پامىر رايونىدا روسىيىنىڭ چېگـ رىسى ئۇز بەل تاغ ئېغىزىدىن باشلاپ ، غەربىي جەنۇبقا بۇرۇلىدۇ ، جۇڭگونىڭ چېگرىسى توپتوغرا جەنۇبقا سوزۇلىدۇ ، دەپ بەلگىلەنگەنـ دى . روسىيە جۇڭگو ـ روسىيە چېگرىسىنى مالتابار تاغ ئېغىزىغا سۈرۈپلا قالماي ، يەنە جەنۇب تەرەپكە 200 چاقىرىمدىن ئارتۇق سوزۇپ ، توپتوغرا ئۆزبەل تاغ ئېغىزىغا يەتكۈزۈپ ، جۇڭگونىڭ پامىر رايونىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئالەي ئويمانلىقى ۋە شىجۇكۇك قاتارلىق نەچچە تۈمەن كۋادرات كىلومېتىر زېمىنىنى يۇتۇۋالدى .

1887 ـ يىلدىن 1889 ـ يىلغىچە ، روسىيە گېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈشنى باھانە قىلىپ ، كامساپۇسكى شاگشاۋنىڭ باشچىلىقىدا پاـ مىرغا ئەسكەر كىرگۈزدى . پىلاكات خادىلىرىنى تىكلەپ ، ئۇقتۇرۇشلارنى چاپلاپ ، يەرلىك پۇقرالار ئارىسىدا قۇتراتقۇلۇق قىلدى . چىڭ ھۆكۈمىتى ئەيىبلىگەندىن كېيىن ، ئاندىن روسىيە ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرى ئامالسىز چېكىندى . شۇنىڭدىن كېيىن ، تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئوغرىلىقچە كىرىشـ دىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، چىڭ سۇلالىسى چېگرىدا چارلاش قېتىم سانىنى ۋە چارلىغۇچىلارنىڭ سانىنى كۆپەيتتى . سۇمەنتاش ئېغىزىدا ئەسكىرىي

كۇچىنى ئاشۇردى . 1891 ـ يىلى ، روسىيە يىغىن ئېچىپ پۈتكۈل پامىرنى ئىشغال قىلىشنى مەخپىي پىلانلىدى . قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرى ، تاشقى ئىشلار ۋەزىرى ۋە باش شتاب باشلىقى پامىرغا چارلاش ئەترىتى ئەۋەتىشنى بىردەك ئوتتۇرىغا قويدى . شۇ يىلى 7 ـ ئايدا ، روسىيە ئىئونوف شاڭشىياۋنى تولۇق قوراللانغان 120 نەپەر كازاك ئاتلىق ئەترىتى بىلەن ئەۋەتىپ ، لاڭقۇل ، ئاقتاش ، سۇمەنتاش قاتارلىق جايلارغا تاجاۋۇز قىلدى ، يەرلىك پۇقرالارغا بۇ جايلار روسىيىنىڭ دەپ داۋراڭ سالدى . روسىيە ئارمىيىسى ئۆزلىرىنىڭ جىنايەت پاكىتلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن پادىشا چىيەنلۇڭنىڭ سۇمەنتاشتا ئورناتقان تۆھپىكارلار ئابىدىسىنى ئوغرىلاپ ئېلىپ كەتتى . چىڭ ئارمىيىسى سۈرۈشتە قىلىپ بارغاندا ، ئىئونوف ئامالسىز پامىردىن چىقىپ كەتتى . چىڭ ھۆكۈمىتى بۇ جايدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ، مۇداپىئەنى كۈچەيتىشنى تەكىتلىدى . شىنجاڭ باش مۇپەتتىشى ۋېي گۇڭتاۋ سۇمەنتاشتا چىيەنلۇڭنىڭ تۆھپىكارلار ئابىدىسىنى قايتا ئورناتتى ، قورۇم تام سېلىپ قوغدىدى .

1892 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 4 ـ ئايغىچە ، روسىيە ھۆكۈمىتى پامىر مەسىلىسى توغرىسىدا ئىككى قېتىم « پەۋقۇلئاددە يىغىن » ئېچىپ ، ئەنگلىيە پامىرغا تاجاۋۇز قىلىشنى جىددىيلەشتۈرۈۋاتىدۇ ، جۇڭگو بولسا پامىردىكى چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىپ ، « پەرغانە ئۆلكىسىنىڭ ئامانلىقىغا خەۋپ كەلتۈرۈۋاتىدۇ » دېگەن باھانە بىلەن ئاشكارا ھالدا : « پامىرنىڭ مۇھىم جايلىرىنى چوقۇم ئىگىلەش كېرەك » دەپ جار سالدى . شۇ يىلى 2 ـ ئايدا ، روسىيە بۇرژۇئازىيىسى جۇڭگۇبىي باشچىلىقىدىكى چارلاش ئەترىتى ئەۋەتىپ لاڭقۇلغا قايتا تاجاۋۇز قىلدى ، چىڭ ئارمىيىسى ئۇلارنى ئۈچ كۈن ئىچىدە چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇدى . روسىيە ئارمىيىسىنىڭ تاجاۋۇزىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، چىڭ ئارمىيىسى ئۈچ تۈركۈم ئاتلىق قىسىم ئەۋەتىپ چېگرىنى قوغدىدى . 5 ـ ئايدا ، روسىيىنىڭ مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار ۋەزىرى كىسگىن جۇڭگونىڭ روسىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شۈي جىڭچېڭغا يالغان ئېيتىپ : « ئەگەر جۇڭگو چېگرىدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرىنى ۋە قاراۋۇلخانىدىكى

ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ چىقىپ كەتسە، روسىيە دەرھال ۋەكىل ئەۋەتىپ جۇڭگو بىلەن چېگرا سىزىقىنى بەلگىلەيدۇ» دېدى، چىڭ ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا ئىشىنىپ كېتىپ، ئۈچ ئاتلىق قىسمىنى ۋە قاراۋۇلخانىدىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنى قايتۇرۇپ كەلگەن، ھەربىر قاراۋۇلخانىدا ئىككىدىن ئۈچكىچىلا ئادەم قالدۇرغان. 6 ـ ئايدا، روسىيە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىئونوف باشچىلىقىدا پامىرغا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلدى ھەمدە ئاقتاش ۋە سۇمەنتاش قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىۋالدى. روسىيە ئارمىيىسى چېگرىنى قوغداۋاتقان جۇڭگو ئەسكەرلىرىنى قوغلاپ چىقىرىۋېتىپ، ئامباردىكى ماددىي ئەشيالارنى ئىگىلىۋالدى، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۇنلىرىنى يەپ، جۇڭگولۇقلار ئىشلەپ چىقارغان ئارپا بىلەن ئاتلىرىنى باقتى. سارقول چوققىسىنىڭ غەربىدە قورۇلۇش قىلىپ، جۇڭگونىڭ زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلدى. روسىيە ئەنە شۇنداق ئالدامچىلىق ۋە قورال كۈچى ئارقىلىق، يەنە ئېلىمىزنىڭ سارقول چوققىسىنىڭ غەربىدىكى ئىككى تۈمەن كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق زېمىنىنى يۇتۇۋالدى.

1892 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، روسىيە ھىيلىگەرلىك بىلەن جۇڭگوغا پامىردىكى چېگرىنى بەلگىلەش توغرۇلۇق تەكلىپ بەردى. سۆھبەت جەريانىدا، روسىيە ۋەكىلى جۇڭگونى ئۆزلىرىنىڭ يالغانچىلىق ۋە قورال كۈچى ئارقىلىق بېسىۋالغان رايونلىرىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرلاش جىنايى قىلمىشلىرىنى قانۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئېرىشكەن مەنپەئەتىنى سۆھبەت ۋە تەڭسىز شەرتنامە شەكلى ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان جۇڭگو ـ روسىيە چېگرىسى خەرىتىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، سارقول چوققىسىدىكى تاغ ئومۇرتقىسىنى چېگرا قىلىپ بېكىتىشنى يولسىزلىق بىلەن تەلەپ قىلدى. جۇڭگو ۋەكىلى روسىيە ۋەكىلىنىڭ سەپسەتىسىگە رەددىيە بەردى ھەمدە ئىلگىرى ئىككى تەرەپ بىرلىكتە تۈزگەن «قەشقەر چېگرىسىنى داۋاملىق چارلاش شەرتنامىسى»نى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇردى ھەمدە روسىيە ئارمىيىسىنىڭ پامىر رايونىدىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلدى. روسىيە ئەسكەر

چېكىندۈرمەيلا قالماي، ئەكسىچە: «پامىر گىياھ ئۈنمەيدىغان قاقاس سوغۇق جاي، جۇڭگوغا ھېچقانداق پايدىسى يوق، نېمىشقا بۇنچىلىك چىڭ تۇرۇۋالىسىلەر» دەپ جۆيلىدى، ھەتتا نومۇسسىزلارچە ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا: «پامىر ئەنگلىيە بىلەن روسىيە تالىشىۋاتقان يول، بۇ روسىيىگە تەۋە زېمىن، ھەرگىزمۇ باشقا دۆلەتنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالماسلىقى كېرەك» دەپ، چىڭ ھۆكۈمىتىنى پامىرنى كېسىپ بېرىشكە مەجبۇرلىدى. جۇڭگو ۋەكىلى ئادالەتلىكنى قوغداپ، قەتئىيلىك بىلەن رەددىيە بەردى: «روسىيە بىلەن ئەنگلىيىنىڭ تالاش - تارتىشى جۇڭگو بىلەن مۇناسىۋەتسىز»، «پامىر جۇڭگونىڭ زېمىنى، بۇ زېمىن ئۈنۈملۈك ياكى ئۈنۈمسىز بولسۇن تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ» دېدى. سۆھبەت خېلى ئۇزاق داۋاملاشتى، ئەمما نەتىجىسى بولمىدى. چىڭ ھۆكۈمىتى روسىيە ئەسكەرلىرىنىڭ داۋاملىق تاجاۋۇز قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سارقول چوققىسىنىڭ شەرقىي ئېتىكىدە قوغداش تورى قۇردى، ئىككى تەرەپ ئارمىيىسى چوققىنى بويلاپ قارىمۇ قارشى تۇرۇشتى.

1894 - يىلى ئەتىيازدا، ياپونىيە جۇڭگوغا بولغان تاجاۋۇزچىلىقىنى تېزلەتتى. جىياۋۇ ئۇرۇشى كۆز بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالدى، چىڭ ھۆكۈمىتى ھەربىي جەھەتتە زور بېسىمغا دۇچ كەلگەنلىكتىن، بىر مەھەل پامىر مەسىلىسىنى ۋاقىتىنچە قويۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، روسىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى گېرس جۇڭگونىڭ روسىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىسى شۈي جىڭچېڭغا نوتا تاپشۇرۇپ، جۇڭگو بىلەن روسىيىنىڭ پامىر چېگرا مەسىلىسى توغرىسىدىكى سۆھبەتنى توختاتتى، ئىككى تەرەپ ئارمىيىسى ۋاقىتىنچە ئۆزلىرىنىڭ ئورنىنى ساقلاپ تۇرۇشتى. روسىيە ھۆكۈمىتى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى قىيىن ئەھۋالىدىن ھىيلىگەرلىك بىلەن پايدىلىنىپ، پامىرنى مەڭگۈلۈك ئىگىلىۋېلىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى. 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، جۇڭگونىڭ روسىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىسى شۈي جىڭچېڭ روسىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى گېرسقا جاۋاب قايتۇرۇپ، سۆھبەتنى ۋاقىتىنچە توختىتىشقا قوشۇلدى ھەمدە: «جۇڭگونىڭ يۇقىرىقى تەدبىرىنى

قولللانغانلىقى ھەرگىز جۇڭگو ئارمىيىسى قوغدىمىغان پامىر رايونلىرىدىكى زېمىن ھوقۇقىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. جۇڭگو تەرەپ تاكى كۆڭۈلدىكىدەك شەرتنامە ئىمزالىنغانغا قەدەر 1884 ـ يىلدىكى چېگرا شەرتنامىسىنى ئاساس قىلىش ھوقۇقىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك دەپ ھېسابلايدۇ» دەپ ئوچۇق ئىپادە بىلدۈردى. روسىيە كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلمەي، ئۆزىنىڭ يولسىزلىقىنى بىلىپ تۇرغاچقا، جۇڭگونىڭ روسىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىسىنىڭ پىكرىگە نائىلاج قوشۇلدى، سارقول چوققىسىنى چېگرا قىلىشنى قايتا تەكىتلىمىدى.

1894 ـ يىلى، جۇڭگو بىلەن روسىيە ئۆزئارا نوتا تاپشۇرغاندىن كېيىن، پامىر چېگرا سىزىقى توغرىسىدىكى سۆھبەت قايتا ئۈتكۈزۈلمىدى. روسىيە ئېلىمىزنىڭ سارقول چوققىسى غەربىدىكى كەڭ زېمىنىنى ئىزچىل ئىشغال قىلىپ كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭگو بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدا پامىر چېگرىسىنى بەلگىلەش مەسىلىسى مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، چار پادىشاھ ئاغدۇرۇلدى، ئەمما سوۋېت ھۆكۈمىتىمۇ بۇ مەسىلىگە زادىلا توغرا مۇئامىلە قىلماي كەلدى، پامىر مەسىلىسى تاكى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ھەل بولماي كېلىۋاتىدۇ.

1895 ـ يىل 3 ـ ئايدا، روسىيە ۋەدىسىدە تۇرماي ئەنگلىيە بىلەن يەڭ ئىچىدە شەرتنامە ئىمزالاپ، ئىلگىرى جۇڭگوغا تەۋە بولغان سارقول چوققىسىنىڭ غەربىدىكى پامىر رايونىنى ئوغرىلىقچە بۆلۈشۈۋالدى. چىڭ ھۆكۈمىتى بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، قاتتىق ئېتىراز بىلدۈرۈپ: «بۇ ھېسابنى كەلگۈسىدە چوقۇم ئالىمىز» دېدى، ھەمدە ئەنگلىيە بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدىكى مەخپىي سودىنى قەتئىي ئېتىراپ قىلماي ئېلىمىزنىڭ پامىرغا بولغان ھەققانىي ئىگىلىك ھوقۇقىنى قايتا تەكىتلىدى.

## §3. شىنجاڭدىكى شىنخەي ئىنقىلابى

1894 — 1895 ـ يىللىرىدىكى جۇڭگو ـ ياپونىيە جياۋۇ ئۇرۇشىدا چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيىلىرىنىڭ پاجىئەلىك مەغلۇپ بولغانلىقى جۇڭگو خەلقىگە قاتتىق تەسىر كۆرسەتتى. قانۇنى

ئۆزگەرتىپ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش توغرىسىدىكى مۇراجىئەتلەر پۈتۈن دۆلەتنى قاپلىدى. 1895 ـ يىلدىكى ۋۇشۇي قانۇن ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىنىڭ مەغلۇبىيىتى چىڭ سۇلالىسى فېئودال ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۆزگەرمەس جاھىل تەبىئىتى، ھېچقانداق ئىلغار شەيئىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە يول قويمايدىغانلىقىنى دەلىللەپ بەردى. جۇڭگو خەلقىنىڭ بۇ ھۆكۈمەتتىن كۈتكەن ئۈمىدلىرى يوققا چىقتى. 1900 ـ يىلى، سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسى تاجاۋۇز قىلدى، ئىككىنچى يىلى شىنچيۇ شەرتنامىسى ئىمزالىنىپ، 450 مىليون سەر كۈمۈش تۆلەم پۇلى جۇڭگو خەلقىنىڭ بېشىغا تاغدەك يۈك بولدى.

كەڭ جۇڭگو خەلقى جاھانگىرلار بىلەن فېئودال كۈچلەرنىڭ ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ تۇرغانلىقىنى، جاھانگىرلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئاۋۋال چىرىك چىڭ ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتى. 1911 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، سۇن جۇڭشەن رەھبەرلىك قىلغان ئىنقىلابچىلار خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ۋۇچاڭ شەھىرىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، ھەمدە جۇڭخۇا مىنگونىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. مەملىكەتنىڭ ھەممە جايلىرى بۇنىڭغا قىزغىن ئاۋاز قوشتى. 1912 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ ۋەكىللىرى سۇن جۇڭشەننى جۇڭخۇا مىنگونىڭ ۋاقىتلىق بۈيۈك زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلىدى. سۇن جۇڭشەن نەنجىڭدە قەسەم بېرىپ ۋەزىپىگە ئولتۇردى، بۇنىڭ بىلەن ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت داۋاملاشقان پادىشاھلىق مۇستەبىتلىك تۈزۈم ئاياغلاشتى.

شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ بورىنى پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىدى. شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىمۇ ئۇنىڭغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، ئۈرۈمچى قوزغىلىڭى ۋە ئىلى قوزغىلىڭىنى قوزغىدى.

ۋۇشۇي قانۇن ئۆزگىرىشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ۋاقىتتا، ئىلى جياڭجۈنى چاڭ گېڭ، شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى ليەن كۇي چىڭ سۇلالىسىنىڭ «يېڭى سىياسىتى»، «يېڭى ئارمىيە» تۈزۈشكە قىزىقىپ، شۆتاڭ ئېچىپ، خۇبېيدىن جەنۇبىي رايونىنىڭ بىر

تۇركۇم «يېڭى ئارمىيىسى» نى يۆتكەپ كەلدى. ئىچكىرىدىن نۇرغۇنلىغان «يېڭى مەمۇرىيلار» نى تەكلىپ قىلىپ ياكى يۆتكەپ ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن ئىنقىلابىي زاتلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا كىردى. ئۇلار گېزىتخانا قۇرۇپ ئىنقىلابىي ئىدىيىلەرنى تەشۋىق قىلدى، ئادەملىرىنى كۆپەيتتى، ئارمىيە ۋە گېلاۋخۇي بىلەن ئالاقە ئورناتتى، ئىنقىلابنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

ۋۇچاڭ قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبە خەۋىرى يېتىپ كېلىپ، شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن زور ئىلھام بولدى. ئۈرۈمچىدىكى ئىنقىلاۋى زاتلاردىن ليۇشيەنجۈن، تاڭ شياۋيۈن، چېن گۇاڭمۇ قاتارلىقلار يېڭى ئارمىيىنىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى ۋە گېلاۋخۇي ئەزالىرى بىلەن زىچ ئالاقىلىشىپ قوزغىلاڭغا تەييارلىق كۆردى. ئىنقىلابىي قوشۇنغا سوقۇنۇپ كىرىۋالغان سودىگەرلەر چىڭ هۆكۈمىتىگە مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويغاچقا، شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى يۈەن داخۇا 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، تاڭ شاۋيۈن بىلەن چېن گۇاڭمۇنى ئۆلتۈردى، ليۇشيەنجۈننى نازارەت قىلىشقا ئادەم قويدى. ليۇشيەنجۈن ئۆزىنى نازارەت قىلىۋاتقان ئىشپىيونلاردىن قۇتۇلۇپ، بىر كۈن چېپىپ يۈرۈپ ئاخىر 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى كېچىدە، مۇددەتتىن بۇرۇن قوزغىلاڭ كۆتۈردى. نەچچە يۈز ئىنقىلابىي ئامما بىلىگىگە ئاق بەلگە تاقاپ، كېچىلىك چارلىغۇچى ئەسكەرلەر قىياپىتىگە كىرىپ ياسىنىپ، بىرىنگادا گازارمىسىگە كىرىپ، بىر قىسىم قورال - ياراغ، ئوق - دورىلارغا ئىگە بولدى. قوزغىلاڭچى قوشۇن باش مۇپەتتىش يامۇلىنىڭ شەرقىي گازارمىسىغا شىددەت بىلەن هۇجۇم قىلدى، گازارما ئىچىدىكى بىر قىسىم ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر قوزغىلىپ، پىلان بويىچە قوزغىلاڭغا ئاۋاز قوشتى، بىراق ياساۋۇللار ئوفىتسېرى ۋاڭ شۆبىنىنىڭ باستۇرۇشىغا ئۇچرىدى. ۋاڭ شۆبىننىڭ نازارەتچى قىسىملىرى قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەچكە، قوزغىلاڭچى قىسىم پايدىسىز ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ قېلىپ، هۇجۇمنى قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى توپچى قىسىملىرى گازارمىسىغا قاراتتى ھەمدە

توپلارنى تارتىۋېلىپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلماقچى بولدى، يامۇللارغا ۋە ھەربىي قورال – ياراغ زاۋۇتىغا ئوت ئاچتى، بىراق توپچى قىسىم گازارمىسىدىكى چىڭ قوشۇنلىرى ئورنىنى قاتتىق ساقلىغانلىقتىن، قوزغىلاڭچى قىسىم توپلارنى قولغا چۈشۈرەلمىدى، شۇڭا ھۇجۇمنى ساقچى ئىدارىسىنىڭ 1 – شۆبە ساقچىخانىسىغا قاراتتى، ئەمما يەنىلا قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرىدى. ئاخىر قوزغىلاڭچى قىسىم ئامالسىز بىرگادا يامۇلىغا قايتىپ، ئۇ يەرنى تايانچ بازا قىلدى. يۈەن داخۇا ئەسكەر يۆتكەپ بىرگادا يامۇلىنى قورشىۋالدى ۋە قاتتىق ھۇجۇم قوزغىدى. قوزغىلاڭچى قىسىم كۈچلۈك قايتۇرما زەربە بەردى. يۈەن داخۇا تېزلىكتە غەلىبە قىلالمايدىغانلىقىنى پەملەپ، تەسلىم بولۇشقا قىزىقتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، قوزغىلاڭچى قىسىمغا ئۆز قەلىمى بىلەن خەت يېزىپ ئەۋەتىپ، قورال تاپشۇرساڭلار باش جىنايەتچى ئۆلتۈرۈلگەندىن تاشقىرى قالغانلىرىڭلارنىڭ ھەممىسىنى قويۇپ بېرىمىز دېدى، ئەمما ئۇنىڭ ئالغان جاۋابى قوزغىلاڭچى قىسىمنىڭ كۈچلۈك ئوق ئاۋازى بولدى. يۈەن داخۇا قاتتىق غەزەپكە كېلىپ چوڭ زەمبىرەكلەرنى يۆتكەپ كېلىپ، بىرگادا يامۇلىنى توپقا تۇتتى. قوزغىلاڭچى قىسىم گازارمىسى بىر كېچە ئىككى كۈندۈز قاتتىق قوغدۇنۇپ، ئاخىر ئاجىز كېلىپ مەغلۇپ بولدى. بىر قىسىم ئىنقىلابىي زاتلار ئۇرۇشتا قۇربان بولدى. ليۇشيەنجۈن قاتارلىقلار تۇتۇلۇپ ئۆلتۈرۈلدى، گېلاۋخۇيىنىڭ بىرقىسىم قوزغىلاڭغا قاتناشقان ئەزالىرى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا يالاپ ئېلىپ كېتىلدى.

ئىلى جىياڭجۈنى چاڭ گېڭ ئىلگىرى ھەربىي تەييارلىق مەكتىپى ئاچقانىدى، كېيىن ئۇنى قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئۆزگەرتتى، چەت ئەلدە ئوقۇغان، تەجرىبىلىك ھەربىي ئىشلار بىلىمى يۇقىرى ئادەملەرنى مەشقاۋۇللۇققا تەكلىپ قىلىپ، يېڭىچە ئوقۇتۇش ۋە مەشىق قىلىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلىدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا، چىڭ ھۆكۈمىتى يەنە چاڭ گېڭنىڭ تەلىپىگە بىنائەن يېڭى ئارمىيىنىڭ جەنۇبىي رايونلار ۋەزىرىگە قاراشلىق خۇبېيدىكى 42 – پولكىنى ئىلىغا يۆتكەپ كىرگۈزدى. پولك باشلىقى ياڭ

زۇەنـشۇي ئىلگىرى ياپونىيدە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا تونگمېڭخۇيغا كىرگەن ،
ۋەتـەنگە قايتقاندىن كېيىن گەرچە چىڭ ئارمىيسىنىڭ ئوفىتسېرى بولغان
بـولـسىمۇ ، ئاستىرتتىن ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر بىلەن پائال شۇغۇللانغان .
بـاشـقـا پـۇتـۇكچى ئەمەلدار ۋە لەشكەر بېشى فېڭ تېمىن ، فېڭ داشۇ ، لى
پـۇخـۇاڭ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى خۇبېي ئىنقىلابىي تەشكىلاتى « كۈنـدـ
لـىـك بـىـلـىم تەشكىلاتى » نىڭ ئەزالىرى ئىدى . ئۇلار ئىلىغا كەلگەندىن
كـېـيـىـن قىسىم ، ئورگان ، مەكتەپلەردە ۋە ھەرمىللەت خەلقى ئىچىدە ئىنـ
قـىلابىي ھەرىكەتلەرنى قانات يايـدۇردى . فېـڭ تېـمىن شىنـجاڭـدىـكى
تـۇنـجـى گـېزىت ـــ « ئىلى ئورتاق تىل گېزىتى » نى چىقاردى ھەمدە بۇ
گـېزىتنى خەنزۇ ، مانجۇ ، ئۇيغۇر ، موڭغۇل يېزىقلىرىدا بېسىپ تارقىتىپ ،
ئىـنـقـىلابـىـنى تەشۋىق قىلىپ ، ناھايىتى چوڭ تەسىر قوزغىدى . فېڭ داشۇ
دائـىـم ئۇيـغـۇر ۋە خـۇيـزۇ خـەلـقـلىرى ئارىسىدا ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ ،
ئىـلـگىرىكى مىللىي ئاداۋەتنىڭ مەنبەسىنى ئېچىپ تاشلاپ ، مىللەتلەر ئىتـ
تـىـپـاقـىـنـى تـەشـۋىـق قـىلىپ ، ئۇلارنى ئىنقىلابقا يۈزلەندۈردى . ئۇزۇن
مـۇددەتـلـىـك تەشۋىقات ۋە تەربىيە ئارقىلىق خۇيزۇ خەلقى ئىنقىلابقا يۈز-
لـەنـدى ھەمدە قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا قاتنىشىشنى تەلەپ قىلدى . ئۇيغۇر
خـەلـقىمۇ سەردار ھاكىمبەگنىڭ باشلامچىلىقىدا باشۋى كەنتىنىڭ يېزا ئىـ
گـىـلـىـك مـەھسۇلاتـلـىـرى ئارقـىـلـىـق ئىنقىلابقا ياردەم قىلىدىغانلىقىنى
بـىلدۈردى . ئۇيغۇر چوڭ سودىگەر ھۇسەين باي ، ياقۇپبايلارمۇ قىزغىنلىق
بـىـلـەن قـوزغىلاڭچىلار قوشۇننى ئىگەر ، ھەربىي ئۆتۈك ۋە باشقا ئەشيالار
بـىـلـەن تـەمـىـنـلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى . ياڭ زۇەنشۇي ئادەم ئەۋەتىپ
گېلاۋخۇي بىلەن ئالاقە باغلىدى . گېلاۋخۇينىڭ ئىلىدىكى سەردارى شۇي
سـەنـتـەي ئارمىيە ۋە يەرلىككە نۇرغۇن ئادەم چىقىرىپ بېرىپ ، زور تەسىر
كـۆرسـەتـتى . ئۇلارمۇ ئىنقىلابنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى . ياڭ زۇەنـ
شـۇي شـۇي سـەنتەينى مەخپىي ھالدا قوزغىلاڭچى قىسىمنىڭ پولكوۋنىكى
قـىـلـىپ بەلگىلىدى . شۇي سەنتەي قوشۇن تەشكىللەپ ، بۇيرۇق كۈتۈپ
تۇردى .

ئىـلـىـدا ئىـنـقـىلاب تـازا پىشىپ يېتىلىۋاتقان مەزگىلدە ، ۋەزىيەت

شىددەت بىلەن ئۆزگەردى ، چىلىڭ سۇلالىسى ئىلى جياڭجۇنى گۇاڭفۇ بىـ
لەن خاڭجۇ سانغۇنى جى رۇينى ئالماشتۇردى . گۇاڭ فۇ ئاق كۆڭۈل
خۇش پېيىل ئادەم ئىدى ، ئىنقىلابچىلارنىڭ پائالىيىتىگە ئانچە ئارىلاشـ
مايتتى . جى رۇي بولسا گۇاڭشۇي خانىنىڭ ئەتىۋارلىق توقال خانىشىنىڭ
ئاكىسى بولۇپ ، پارىخور ، ئاچكۆز ، زالىم ، جاھىل ، ئەكسىيەتچى ئادەم
ئىدى . ئۇ ۋەزىپىسىگە ئولتۇرۇش ئۈچۈن كېلىۋېتىپ شىئەن ۋە لەنجۇنىڭ
ئەمەلدارلىرى بىلەن مەخپىي كېڭىشىپ ، ئەگەر چىلىڭ ئوردىسى پۇت تىرەپ
تۇرالمىسا شۇەنتۇڭ خاننى شىنجاڭغا كۆچۈرۈپ چىقىپ ، موڭغۇلىيە بىلەن
ئالاقىلىشىپ ، ئاستا ـ ئاستا كۈچ توپلاپ قايتا كۆتۈرۈلۈپ چىقماقچى بوـ
لۇشتى . ۋۇخەندىكى ئىنقىلابچىلار بۇ ھىيلە ـ مىكىردىن خەۋەر تېپىپ ،
تېلېگىراما يوللاپ فېڭ تېمىنغا خەۋەر قىلدى ۋە ئىلىدا دەرھال قوزغىلاڭ
كۆتۈرۈپ ، ۋۇچاڭغا ئاۋاز قوشۇشنى ، جى رۇي قاتارلىق جاھىللارنىڭ
ھىيلىسىنى بەربات قىلىپ ، ئىنقىلابنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى .
ياڭ زۇەنشۇي بىلەن فېڭ تېمىن قوزغىلاڭغا جىددىي تەييارلىق قىلدى .
جى رۇي ئىلىغا كېلىپلا ، ئىنقىلاب بورىنىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى
پەرەز قىلدى ـ دە ، ئۆزىنىڭ ياۋۇز ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ ، ئىنـ
قىلابنى باستۇرۇشقا كىرىشتى . ئۇ ياڭ زۇەنشۇينى « رۇخسەت سوراپ »
ئىچكىرىگە كىرىشكە مەجبۇرلىدى . يېڭى ئارمىيىنى زورلۇق بىلەن تارقىـ
تىۋەتتى ، قىشلىق كىيىملەرنى يىغىۋېلىپ ، ئۇلارنى ئىچكىرىگە قايتۇرماقچى
بولدى . ئۇ يەنە قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپىنى تاقاپ ، ئوقۇغۇچىلارنى
قايتۇرۇۋەتتى . ئۇ ھەتتا باستۇرۇش ئوبىيېكتىنى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
بىر قىسىم ھەربىي گازارمىلىرىغىچە كېڭەيتتى ، مەسىلەن ، شىبە
باتالىيونى ، چاخار باتالىيونى ۋە ئويرات باتالىيونى قاتارلىق باتالىيونلارنى
قورال تاپشۇرۇپ ئۆز قەبىلىلىرىگە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇرلىدى . جى
رۇي ياڭ زۇەنشۇينىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن ، بۇ ئاز سانلىق مىللەت ئەسـ
كەرلىرىنى خۇرۇم ئاياغ ۋە كىيىملەرنى كىيىپ كېتىپ ، ئۆيىگە بارغاندىن
كېيىن قايتۇرۇپ بېرىشكە نائىلاج ماقۇل بولدى . ئەمما مەخپىي ھالدا
قوشۇن ئەۋەتىپ ئۇلارنى يول ئاغزىدا توسۇپ خۇرۇم كىيىملىرىنىڭ

ھەممىسىنى سالدۇرۇۋالدى. يالىڭاچ قالغان ئاز سانلىق مىللەت ئەسكەرلىرى ئامالسىز ئىلىغا قايتىپ كوچىلاردا سەرسان بولۇپ يۈرۈشتى. جې رۇي مانجۇ باتالىيونىنىڭ ئەسكەرلىرىدىن باشقا بارلىق ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى قورال تاپشۇرۇشقا بۇيرۇدى. يېڭى تىپتىكى قورال - ياراغلارنىڭ ھەممىسىنى كۈرەدىكى جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئامبارغا يىغىپ پېچەتلىدى. جې رۇي يەنە شۇ يىلىدىكى ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقىدىن پايدىلىنىپ، خاڭجۇدىن كىگىز قالپاق ئەكىلىپ قىممەت باھادا ئىلىدىكى ئەسكەرلەرگە ۋە پۇقرالارغا سېتىپ مۇددەتكە بۆلۈپ پۇل تاپشۇرغۇزۇپ ھايانكەشلىك قىلدى. مۇددەت توشقاندا پۇلنى تۆلىيەلمىگەنلەرگە بىردىن قوي جەرىمانە قويدى، ئەگەر يەنە بىر ھەپتىگىچە قويىنى تاپشۇرالمىغانلاردىن بىر كالا جەرىمانە ئالدى. جې رۇينىڭ بۇ ئېپلاس قىلمىشلىرى ئىلىدىكى ئارمىيە ـ خەلقنىڭ چەكسىز غەزىپىنى قوزغىدى. 1912 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، ئۈرۈمچىدىكى قوزغىلاڭنىڭ خەۋىرى ئىلىغا يېتىپ كېلىپ، ئىلىدىكى ھەرمىللەت ئىنقىلابىي خەلقىنى رىغبەتلەندۈردى. ئىنقىلابچىلار تېزلىكتە قوزغىلاڭنىڭ باش شتابىنى قۇردى، ياڭ زۇەنشۈينى بىردەك باش قوماندانلىققا سايلىدى، فېڭ تېمىن بىلەن لى فۇخۇاڭ گېنسۇلىككە سايلاندى. 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قوزغىلاڭ كۈنى قىلىپ بەلگىلەندى. 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، ئىنقىلابچىلار كۈرەنىڭ جەنۇبىي قوۋۇقىنىڭ سىرتىدىكى توپچىلار گازارمىسىدا يىغىن ئېچىپ، ھەرىكەت پىلانى تۈزۈشكە تەييارلىق كۆردى، ئويلىمىغان يەردىن يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان مانجۇ ئەسكەر گۇەن دولىن مەخپىي لەخمىدىن قېچىپ چىقىپ، شەھەرگە كىرىپ جې رۇيغا مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويدى، فېڭ تېمىن ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىكىنى سېزىپ قوزغىلاڭنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئۇيۇشتۇرماقچى بولدى.

شۇ كۈنى كەچ سائەت 8 دە، فېڭ تېمىن بىرىنچى بولۇپ قوشۇن باشلاپ چىقىپ، ئامبارچى ئوفىتسېر خۇاڭ لىجۇڭنىڭ ماسلىششى ئارقىلىق جەنۇبىي ئامبارغا كىرىپ، نۇرغۇن يېڭى قورال ۋە ئوق دورىلارغا ئېرىشىپ قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ روھىغا راسا ئىلھام بەردى. لى فۇخۇاڭ

قوشۇننى باشلاپ كېلىپ شەرقىي قوۋۇقنى تېزلىكتە ئىگىلىدى. قوزغىلاڭچى قىسمغا قوشۇلغان گازارمىلاردىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر ۋە گېلاۋخۇينىڭ سەردارى شۇي سەنتەي تەشكىللىگەن پىدائىيلار قوشۇنى شەھەرگە شىددەت بىلەن كىرىپ ئىلى جياڭجۈن يامۇلىنى قورشىۋالدى. جى رۇي دەرھال يامۇلىنىڭ ئارقىسىدىكى ئاتخانىغا قېچىپ كىرىۋالدى. قوزغىلاڭچى قوشۇن تېزلا پۈتۈن شەھەرنى ئىگىلەپ، ئەسكەرلەرنى يىغىپ شىمالىي ئامبارغا ھۇجۇم قىلدى. شىمالىي ئامبارنى ساقلاۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى مانجۇ بولۇپ، قوراللىرى سەرخىل، قارشىلىقى كۈچلۈك ئىدى. گېلاۋخۇينىڭ خۇيزۇ سەردارى مادىيۈەن يۈزدىن ئارتۇق پىدائىيلارنى باشلاپ قاتتىق جەڭ قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا يېقىنلىشالمىدى. فېڭ تېيمىن زەمبىرەك بىلەن ئوت ئېچىشنى، كىرسىن چېچىپ ئوت قويۇش تەكلىپىنى بەردى. ئەمما، ياڭ زۈەنشۇي پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ كۆيۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلماي، ئاسمانغا قارىتىپ بىرنەچچە پاي زەمبىرەك توپى ئېتىپ ھەيۋە قىلىپ قويدى. كەينىدىنلا سابىق ئىلى جياڭجۈنى گۇاڭ فۇنى سەممىيلىك بىلەن تەكلىپ قىلىپ، مانجۇ باتالىيونىنىڭ ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرىگە نەسىھەت قىلغۇزۇپ، قارشىلىق كۆرسەتمەيدىغان بولسىلا، ئۇلارنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ يېڭى ھاكىمىيەتكە قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مانجۇ ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ دەبدەبىسىگە، ئىشەنچلىك ئەمەلدار گۇاڭ فۇنىڭ كاپالىتىگە قاراپ، قارشىلىق كۆرسىتىشنى توختىتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن شىبە، چاخار، ئويرات، سولون باتالىيونلىرىنىڭ ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرىمۇ بۇنىڭغا ئاۋاز قوشتى. شۇ كۈنى يېرىم كېچىدە، ياڭ زۈەنشۇي قاتارلىق ئىنقىلابچىلار يىغىنى چاقىرىپ خەنزۇ، موڭغۇل، خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قازاق بەش مىللەتتىن تەركىب تاپقان ئورتاق ئىلگىرىلەش ئىتتىپاقى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى، يىغىن ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇرۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. يىغىن مانجۇ، موڭغۇل ئارمىيىسى ۋە خەلقلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقا تېخىمۇ ئا-

سانچىلىق يارىتىش، كۆپ مىللەتلىك ئېلىنىڭ يەرلىك ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، گۇۋاڭ فۇنى ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ ۋاقىتلىق تۇتۇقلىقىغا بەلگىلىدى. 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئەتىگەندە، كۈرە شەھىرىگە شىنجاڭ ئىلى باش تۇتۇق مەھكىمىسى نامىدىن ئەلنى ئەمىن قىلىش ئېلانى چاپلاندى. شۇ كۈنى چۈشتە، فېڭ تېمىن كىچىك ئەترەتنى باشلاپ جى رۈينى تۇتۇپ، شەھەرنىڭ شەرقىي كوچىسىدىكى راۋاقنىڭ ئالدىدا ئېتىپ ئۆلتۈردى، ئارمىيە ـ خەلقنىڭ ھەممىسى بۇنىڭدىن چەكسىز خۇشال بولدى. 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ئىلى ئىنقىلابىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى، گۇۋاڭفۇ تۇتۇق بولدى، ياڭ زۈەنشۈي باش شتاب باشلىقى بولدى، فېڭ تېمىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بولدى، فېڭ داشۇ تىنچلاندۇرۇش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولدى، لى فۇخۇاڭ ئالدىنقى سەپ باش قوماندانى بولدى.

ئىلى قوزغىلىڭى پارتلىغان كۈنى كەچتە، شىنجاڭ باش مۇپەتتىشى يۈەن داخۇا ئىلى پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى فېڭ زودۇڭنىڭ تېلېفون ئارقىلىق بەرگەن دوكلاتىنى تاپشۇرۇۋالدى، ئىككىنچى كۈنى، كەڭسايى ۋە دېڭنۇس تاغ ئېغىزىنى ساقلاش ئۈچۈن ئاتلىق قوشۇن ۋە پىيادە قىسىم ئەۋەتىلدى، يەنە جىڭدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان يولدا نۇرغۇن مۇداپىئە تورلىرى قۇرۇلدى. ئىلى ئىنقىلابىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى يۈەن داخۇاغا جۇمھۇرىيەت قۇرۇشنى قوللاشقا، ئىنقىلابقا ئاۋاز قوشۇشقا دەۋەت قىلىپ ئۇنىڭغا تېلېگراما ئەۋەتتى، جاھىل يۈەن داخۇا ئىلى بىلەن قوراللىق ئېلىشىدىغانلىقىنى، ئىنقىلابچىلارنى قوراللىق باستۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ جاۋاب تېلېگراما ئەۋەتتى. يۈەن داخۇاغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بىر تۈركۈم قاۋۇل خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىپ، شەرققە يۈرۈش قىلىش قوشۇنى تەشكىللىدى ۋە لى فۇخۇاڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە مەشىق قىلدۇرۇلۇپ، 1 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا كەڭسايغا ئاتلاندۇردى ھەمدە «چاغاننى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يۈەن داخۇا ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك چاپارمىنى ۋاڭ پېيلەننى يېڭى ئارمىيىنىڭ 1 ـ براگاداسىغا باشلىق قىلىپ ئىلىغا ئاتلان-

دۇردى. ئۇ، يولدا يەنە بىر قىسىم مىنتۇەنلەرنى يىغدى. ئىككى تەرەپ كەڭسايىنىڭ شەرق تەرىپىدە دوقۇرۇشۇپ قالدى، قوزغىلاڭچى قوشۇن داخېيەن، جىڭ، قۇمبۇلاق قاتارلىق مۇھىم ھەربىي بازىلارنى ئارقىمۇ ئارقا ئىشغال قىلدى. شەرققە يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇننىڭ ئالدىنقى قىسمى گۈرتكە يېتىپ كەلگەندە، ئارقا سەپ قىسىملىرى بىلەن كوماندىرلار ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت تۇغۇلدى. مۇستەقىل ئاتلىق پولك كوماندىرى چيەن گۇاڭخەن خائىنلىق قىلىپ دۈشمەنگە سېتىلىپ كەتتى. ئارقىدىن كېلىۋاتقان قىسىمنى چىڭ ئەسكەرلىرى گازارمىسى يېنىغا ئالداپ ئېلىپ كەلدى، ئاندىن شەرققە يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇننى چىڭ ئارمىيىسى بىلەن ماسلىشىپ مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن شەرققە يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇن قاتتىق يېڭىلىپ چېكىندى، چىڭ قوشۇنلىرى غەربكە ئىلگىرىلەپ قۇمبۇلاقنى ئىگىلىدى. شەرققە يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇننىڭ يېڭىلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر ئىلىغا يېتىپ كەلگەندە، ياڭ زۇەنشۈي بەل باغلاپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆزى بەش گازارمىنىڭ سەرخىل ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، شەرققە يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇننى قۇتقۇزۇشقا ئاتلاندى. يەنە چاخار، ئويرات ئاتلىق قىسىملىرىنىڭ ھەربىرىدىن مىڭدىن ئەسكەرنى يۆتكەپ بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە جىڭدا ئۇچرىشىشنى ئورۇنلاشتۇردى. ياڭ زۇەنشۈي جىڭغا كەلگەندىن كېيىن، شەرققە يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇننىڭ تارقىلىپ كەتكەن مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى يىغىپ، ئۇلارغا قورال ۋە ئاشلىق تارقىتىپ بېرىپ، دەم ئېلىپ بۇيرۇق كۈتۈشنى بۇيرۇدى. چاخار، ئويرات ئاتلىق ئەسكەرلەر باتالىيونغا يېتىپ كەلگەن ھامان، ياڭ زۇەنشۈي پۈتۈن قوشۇننى يىغىپ قەسەم بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ نۇتۇق سۆزلەپ، پۈتۈن قوشۇن بىلەن بىرلىكتە كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى، ئىلگىرىلەشكىلا بولىدىغانلىقى، چېكىنمەيدىغانلىقىنى مەردانىلىك، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئىپادىلىدى. ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر نۇتۇقنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، روھى كۆتۈرۈلدى. ياڭ زۇەنشۈي شۇ يەردىلا ئويرات ئاتلىق قوشۇننى دۈشمەنىڭ سول تەرىپىگە، چاخار ئاتلىق قوشۇننى ئوڭ تەرىپىگە پىستۇرما

قويۇشقا بۇيرىدى. قالغان قىسىملارنى ئۈچ تۈركۈمگە بۆلدى: پىدائىيلار بىلەن يېڭى ئەسكەرلەرنى ئوتتۇرىغا، ئاتلىق ئەسكەرلەرنى سولغا، شەرققە يۈرۈش قىلىش قوشۇنىنى ئوڭغا ئورۇنلاشتۇردى، بۇ قىسىملار قاراڭغۇ چۈشكەندە ئالغا ئىلگىرىلىدى، چىڭ قوشۇنىنىڭ بىخۇتلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنىڭ قومبۇلاقتىكى بارگاھىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. مۇداپىئەسىز تۇرغان چىڭ ئەسكەرلىرى تەييارلىقسىزلا جەڭگە ئاتلىنىپ قويۇپ، ئالاقزادە بولۇپ شەرققە قاراپ قاچتى. قوزغىلاڭچى قوشۇن ئۇلارنى توپقا تۇتتى. چاخار، ئويرات قوشۇنلىرى توپ ئاۋازىنى ئاڭلاپ بىراقلا ئېتىلىپ كەلدى ھەمدە چىڭ قوشۇنلىرىنى تەرەپ - تەرەپتىن قورشىۋېلىپ ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئادىمىنى قىرىپ تاشلىدى. مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى ئەسىرگە ئالدى، نۇرغۇن ئاتلىق ۋە ئوق - دورا ئولجا ئېلىندى. چىڭ قوشۇنىنىڭ ئاز بىر قىسىم ئەسكەرلىرى يېڭىلىپ شىخوغا قاراپ قاچتى ۋە يۈەن داخۇا ئەۋەتكەن ياردەمچى قوشۇن بىلەن بىرلىشىپ شەھەر ئىچىنى جېنىنىڭ بارىچە قوغدىدى. قوزغىلاڭچى قوشۇن شىخونىڭ سىرتىدىكى توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، چىڭ قوشۇنى بىلەن شىخۇ شەھىرى ئالدىدا تىركىشىپ قالدى.

1912 - يىل 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، شۈەنتۇڭ خان تەختتىن چۈشكەنلىكىنى جاكارلىدى. 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، شىمالىي رايون ۋەزىرى يۈەن شىكەي جۇمھۇرىيەتنى قوللايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. سۇن جۇڭشەن ۋاقىتلىق بۈيۈك زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەردى، كېڭەش پالاتاسى يۈەن شىكەينى بۈيۈك زۇڭتۇڭ قىلىپ سايلىدى. 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، يۈەن داخۇا پادىشاھنىڭ تەختتىن چۈشكەنلىكى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالدى ھەمدە ئامالسىز مەركىزىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنى ئېتىراپ قىلدى. 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، يۈەن شىكەي تېلېگرامما ئەۋەتىپ، شىنجاڭدىكى ئىككى تەرەپنى دەرھال ئۇرۇش توختىتىشقا بۇيرۇدى. شۇ سەۋەبتىن يۈەن داخۇا ۋە ئىلى ئىنقىلابىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى چۆچەكتە تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزدى.

ئىلىدىكى ئىنقىلابچىلار يۈەن داخۋانىڭ يېڭىلگەنلىكىگە تەن بەرمەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ تىنچلىق سۆھبىتىگە قاتنىشىشىنىڭ دەم ئېلىش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىكەنلىكىدىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى، يېتەرلىك ئەسكىرىي كۈچ يىغالسا، قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى يۈەن داخۋانىڭ بۇ ھىيلىسىنى تارمار قىلىپ، ئىنقىلابىي ۋەزىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ھەرمىللەت خەلقى ۋە گېلاۋخۇي ئەزالىرى بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۇلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈپ ئىلى قوزغىلىڭىغا ئاۋاز قوشۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ليۇچىمىڭ قاتارلىق 30 نەچچە كىشىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەۋەتتى. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى گېلاۋخۇي باشچىلىرى ئىلگىرى ئۇرۇمچى قوزغىلىڭىغا قاتناشقان، مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن يۈەن داخۋانىڭ زۇلمىنى يەتكۈچە تارتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا پالىۋېتىلگەنلەر ئىدى. ليۇچىمىڭ قاتارلىقلار ئاقسۇغا كەلگەن ھامان، ئۇلار كوللىكتىپ ماسلىشىپ، خەلق ئاممىسى قاتتىق نەپرەتلىنىدىغان ئاقسۇ دوتىيى چېن جېڭيۈەن، كۇچا ئامبىلى ماۋيىڭۋېي، قارا شەھەر ئامبىلى جاڭ شيەن قاتارلىق خىيانەتچى، پارىخور ئەمەلدارلاردىن ئون نەچچىنى ئۆلتۈردى. يۈەن داخۋا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئىنقىلاب ۋەزىيىتىنىڭ ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يېتىپ، ئۆزىنىڭ بۇ ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىنى بىلىپ دەرھال ئىستىپا بەردى، قەشقەر دوتىيى يۈەن خوڭيۈنى شىنجاڭنىڭ تۇتۇقلىقىغا كۆرسىتىپ، يۈەن شىكەيىنىڭ تەستىقلىشىغا ئېرىشتى. يۈەن خوڭيۈنىڭ ئىدىيىسى ۋە پوزىتسىيىسى يۈەن داخۋانىڭكىدىنمۇ ئەكسىيەتچىل ۋە جاھىل ئىدى. بۇنداق ئادەمنىڭ تۇتۇق بولۇشى شىنجاڭنىڭ ئىنقىلابىغا پايدىسىز ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، قەشقەردىكى گېلاۋخۇي يولباشچىلىرىدىن ۋېيدېشى، بيەن يۇڭفۇلار بىرلىشىپ يۈەن خوڭيۈنى ئۆلتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن، قېرى تۈلكە، شىنجاڭ تەپتىش بېگى، ئۇرۇمچى دوتىيى ياڭ زېڭشىننى تۇتۇقلۇققا كۆرسەتتى. 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، يۈەن شىكەي ياڭ زېڭشىننى شىنجاڭنىڭ تۇتۇق بېگىلىكىگە تەيىنلىدى، ياڭ زېڭشىن ئىلى

ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن قايتا سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. 6 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە، قايتا ـ قايتا تالاش ـ تارتىش قىلىش ئارقىلىق، ئاخىر ئىلى ئىنقىلابچىلىرى يول قويۇپ، ياڭ زىڭشىن بىلەن كېلىشىم ئىمزالىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىككى تەرەپ ئۇرۇش توختاتتى، قوشۇنلارنى چېكىندۈردى، ياڭ زىڭشىننىڭ شىنجاڭنىڭ تۇتۇقى بولۇپ، ھەربىي مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغانلىقى ئېتىراپ قىلىندى، ئىلى ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىكار قىلىندى. شىنجاڭدىكى شىنخەي ئىنقىلابى شۇنىڭ بىلەن يېرىم يولدا توختاپ قالدى.

## §4. شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت ئارمىيە، خەلقىنىڭ روسىيىگە قارشى كۈرىشى ۋە چىرا كەنتى ۋەقەسى

شىنجاڭدا شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشى روسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ گۇلقەقەلىرىنى ئېچىلدۇرىۋەتتى. ئۇلار بۇنى «جۇڭگونىڭ زېمىنىنى يۇتۇۋېلىپ، ئارزۇيىمىزغا يېتىشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى» دەپ قاراشتى. چار پادىشاھ نىكولاي II «پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشقا بولمايدۇ» دەپ قايتا ـ قايتا بۇيرۇق چۈشۈردى. روسىيىنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرى تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىراقلا يۇتۇۋەتمەكچى بولۇپ، «مۇھاجىرلارنى قوغدايمىز» دېگەن باھانە بىلەن 1912 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ۋە 6 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا قەشقەر بىلەن ئىلىغا ئۈچ يۆنىلىشتىن تاجاۋۇز قىلدى.

روسىيە تەڭسىز شەرتنامىلەرگە ئاساسەن شىنجاڭدا كونسۇلخانا قۇرغاندىن كېيىن، بۇ كونسۇلخانىلاردىن ئۆزلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قىلىش تايانچ بازىسى سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كەلدى. روسىيە كونسۇللىرى بۇنىڭ بىلەنلا قانائەتلەنمەي ئۆزلىرىنىڭ ئىبلىس قولىنى كونسۇلخانا قۇرۇلمىغان شەھەر ـ يېزىلارغىمۇ سۇنۇپ، ھەرقايسى جايلاردا ئاقساقال (شاڭيۇ) لارنى قويدى، بۇ ئاقساقاللار نامدا شۇ يەرنىڭ مۇھاجىرلار ئىشلىرى ۋە سودا ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە

ئۇلارنىڭ تولىسى روسىيىنىڭ جاسۇسلىرى ئىدى . روسىيىنىڭ ئۈرۈمچىدە
تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھو-
قۇقىنى دەپسەندە قىلىپ ، شىنجاڭ باش مۇپەتتىشىگە نوتا تاپشۇرۇپ ،
روسىيە بۇ « شاڭيۇ » لارنىڭ كونسۇللۇق ھوقۇقىنى ۋاكالىتەن يۈرگۈ-
زۈشىگە ، روسىيە مۇھاجىرلىرى ۋە سودىگەرلەرنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى
بېجىرىشىگە رۇخسەت قىلدى ، بۇ ئىشلارنى ئۇلار بېجىرمىگۈچە جۇڭگو
ئەمەلدارلىرىنىڭ سۈرۈشتۈرۈشىگە ، ئارىلىشىشىغا قەتئىي بولمايدۇ ، دېدى .
بۇ روسىيە تاجاۋۇزچىلىرى بىزگە چىش ـ تىرنىقىغىچە ئۆچمەنلىك بىلەن
ھەيۋە قىلىپ ، قولىدىن كېلىدىغانلىكى ئەسكىلىكلەرنى قىلدى . ئۇلار
روسىيە ئەلچىخانىسىنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن ھەرقايسى مىللەت
ئاھالىسىنى روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ شىنجاڭدا باجسىز سودا قىلىشى ئۈ-
چۈن ئىشلىتىلىدىغان « سودا ئالاقىسى بېلىتى » سېتىۋېلىپ ، ئۇنى روسىيە
تەۋەلىكىگە كىرىشىنىڭ كاپالەتنامىسى قىلىشقا قىستىدى . شىنجاڭدىكى
ھەرمىللەت ئارمىيە ـ خەلق روسىيىنىڭ قوراللىق تاجاۋۇزچىلىقىغا ۋە
شاڭيۇلارنىڭ زۇلمىغا قاتتىق نەپرەت بىلەن قاراپ ، ئۇلارغا دائىم دېگۈدەك
قايتۇرما زەربە بېرىپ تۇردى . روسىيىگە قارشى كۈرەشنىڭ ئوتى بارغان-
سېرى ئۇلغايماقتا ئىدى . چىرا ۋەقەسى روسىيىگە قارشى كۈرەشنى يۇقىرى
دولقۇنغا كۆتەردى .

چىرا كەنتى ( بۈگۈنكى چىرا ناھىيىسى بازىرى ) ئۆز ۋاقتىدا
كېرىيە ناھىيىسىنىڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان ، ماددىي ئەشيا-
لىرى مول بىر چوڭ بازىرى ئىدى ، شۇڭا روسىيە سودىگەرلىرى بۇ يەرگە
دائىم كىرىپ چىقىپ تۇراتتى ، بىر تەرەپتىن سودا قىلسا ، يەنە بىر تەرەپ-
تىن ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى . چىرا كەنتى
ۋەقەسىنى پۈتۈنلەي روسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ گۇماشتىسى سېيىت
ھاجى قوزغىغان ، ئۇ ئىلگىرى خوتەندىكى بىر مۇناپىق بولۇپ ، بۇرۇن
روسىيىدە تۇرغان ۋە روسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتكەن . كېيىن يەنە شىنجاڭغا
قايتىپ كېلىپ ، روسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلى سوكوف تەرىپىدىن
چىرا كەنتىنىڭ شاڭيۇلىقىغا تەيىنلەنگەن . سېيىت ئۆزىنىڭ بۇ خوجايىنىغا

تايىنىپ ئۆكتەملىك قىلىپ ، قانۇنسىز ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ مال ـ مۈلكىنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ ، ئاياللارنى ئاياغ ـ ئاستى قىلىپ ، قىلمىغان ھېچ ئەسكىلىكلىرى قالماي خەلقنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىغان . سىيىت « سودا ئالاقىسى بېلىتى » ۋە پۇل بىلەن قىزىقتۇرۇش ئارقىلىق بىر قىسىم كەنت ئاھالىلىرىنى روسسىيە تەۋەلىكىگە كىرگۈزگەن . ئەمما ، زور كۆپچىلىك ۋەتەنپەرۋەر پۇقرالار « سودا ئالاقىسى بېلىتى » نى سېتىۋېلىشنى رەت قىلغان ، روسسىيە تەۋەلىكىگە كىرىشنى خالىمىغان ئۇيغۇر دېھقانلار ھەرخىل زەربىلەرگە ئۇچرىغان . ئۇرۇمچى قوزغىلىڭى ۋە ئىلى قوزغىلىڭى پارتلىغاندىن كېيىن ، روسسىيە ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى كونسۇللىرى ۋە شاگىيۇلارنى ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا قۇتراتقان . سىيىت سوكوفنىڭ قوماندانلىقىدا ، چىرادا تەتۈر تەشۋىقات تارقىتىپ ، كىشىلەرنى ساراسىمىگە سالغان ھەمدە روسسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىدىن قورال ئېلىپ ، روسسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتكەن ئاز بىر قىسىم مۇناپىقلارنى توپلاپ كۆتۈرۈلۈشكە تەشكىللىگەن . 1912 ـ يىل 2 ـ ئايدا ، سىيىت زورلۇق بىلەن سۇ مەنبەسىنى ئىگىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن چىرا كەنتىدىكى ۋەتەنپەرۋەر پۇقرالار ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلغان . سىيىت گۇناھىنى تونۇش ئۇياقتا تۇرسۇن ، ئەكسىچە بىر قىسىم لۈكچەكلەرنى باشلاپ كېرىيە يامۇلىغا باستۇرۇپ كىرىپ ، چىلىك سۇلالىسى ئەمەلدارىغا ھەيۋە قىلىپ ، چىلىك سۇلالىسىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارى تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنىپ نەزەربەند قىلىپ قويۇلغان ، بۇ چاغدا سىيىت دەرھال سوكوفقا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭدىن ياردەم سورىغان . سوكوف مۇئاۋىن كونسۇل بىلونىسنى كېرىيىگە ئەۋەتىپ ، يەرلىك ھۆكۈمەتكە بېسىم ئىشلەتكەن . نەتىجىدە چىلىك سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى سىيىتنى روسسىيە كونسۇلخانىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولغان . دېمەك ، سوكوف ئۇلارنى قوغداپ قالغان . 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ، گېلاۋخوينىڭ قەشقەردىكى باشلىقى ۋېي دېشى ، بـ يەنيۇگفۇلار دوتەي يۇمن خوگيۇنى ئۆلتۈرۈپ ، ئىلى قوزغىلىڭىغا ئاۋاز قوشقان . سوكوف بىلەن بېلونىس مەخپىي كېڭىشىپ ، سىيىتنى چىرا

كەنتىگە ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا قايتا ئەۋەتكەن.
سىيىت قولىغا قورال ئېلىپ، پەيلىنى بۇزۇپ، كەنتنىڭ ئاغزىغا كېلىپ
چوماقچىلىرىنى ئاسمانغا قارىتىپ ئوق چىقىرىشقا بۇيرۇپ. ئۆچ ئالىمىز،
دەپ داۋراڭ سالغان. 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، سىيىت يەنە سۇ مەنبەسىنى
ئىگىلىۋالغان، ۋەتەنپەرۋەر كەنت ئاھالىلىرىنى ئۇرۇپ ئوچۇق ـ ئاشكارا
ھالدا يەرلىك ئەمەلدار سالاھىتىدە ئېلان چاپلىغان. روسىيە قوشۇنلىرى
قەشقەرگە باستۇرۇپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇ تېخىمۇ ھاكاۋۇرلىشىپ
ئاكاڭ قارىغاي بىرىنچى دەپ، چىرا كەنتى پۇقرالىرىنى روسىيە تەۋەلىكىگە
ئۆتۈشكە بۇيرۇدى ھەمدە ھەربىرىنى 20 سەردىن 25 سەرگىچە كۈمۈش
تەڭگە چىقىرىپ، روسىيە پۇقرالىقىنى سېتىۋېلىشقا قىستىدى،
سېتىۋالمىغانلارنى قاماپ قويدى. قاتتىق غەزەپكە كەلگەن ۋەتەنپەرۋەر
چىرا خەلقى خوتەن شەھىرىگە كىرىپ سىيىت ئۈستىدىن ئەرز قىلدى.
خوتەن ئايماقلىق ھۆكۈمەت دېلونى قەشقەردىكى ئىنقىلابىي ۋاقىتلىق
ھۆكۈمەتكە يوللىدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت باشلىقى ۋېي دېشى، بيەن
يۈڭفۇلار چىرا كەنتىدىكى ۋەتەنپەرۋەر خەلققە ئىنتايىن ھېسداشلىق قىلدى
ۋە ئۇلارنى قوللىدى، يەكەننىڭ مەسلىھەتچى سانغۇنى شيۇڭ گاۋشېڭنى
بۇ دېلونى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا بەلگىلىدى. 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ
كۈنى، شيۇڭ گاۋشېڭ قوغدىغۇچىلارنى ۋە ئەرز سۇنغان چىرا خەلقىنىڭ
ۋەكىللىرىنى باشلاپ چىرا كەنتىگە كېلىپ، سىيىتنى سوراق قىلماقچى
بولدى. سىيىت قوراللىق چوماقچىلىرىنىڭ قوغدىشى ئاستىدا، قېيناتىس
نىڭ قورۇسىغا كىرىۋالدى. ئۆگزىگە روسىيىنىڭ بايرىقىنى قاداپ،
ئۆزىنىڭ جۇڭگو پۇقراسى ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ، سوراق قىلىشنى رەت
قىلدى. شيۇڭ گاۋشېڭ ئەھۋال ئىگىلىمەكچى بولۇپ يەنە ئىككى قېتىم
ئادەم ئەۋەتىپ سوراق قىلىشقا چاقىرتتى، سىيىت ۋە ئۇنىڭ قول چوماق
لىرى ئۆگزىدە تۇرۇپ ۋەتەنپەرۋەر كەنت پۇقرالىرىنى تىللىدى ھەمدە
شيۇڭ گاۋشېڭ ئۆزى كېلىپ ماڭا سالام بەرسۇن، دەپ ۋالاقلىدى. سى
يىتنىڭ يولسىزلىقى ۋە ئۆكتەملىكى چىرا كەنتىدىكى ئۇيغۇر پۇقرالارنىڭ
قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى، سۇپۇرگە باشچىلىقىدىكى 400 دىن ئارتۇق

ۋەتەنپەرۋەر كەنت ئاھالىسى سىيىتنىڭ قېيناتىسىنىڭ ھويلىسىنى قورشىۋالدى ، قاتتىق غەزەپكە كەلگەن ئاما گۈلدۈرمامىدەك شاۋقۇن كۆتۈردى . بۇ چاغدا شيۇڭ گاۋشېڭ سىيىتنى قولغا ئالماقچى بولۇپ تۆت قېتىم ئادەم ئەۋەتتى . سىيىت ئوق چىقىرىپ قارشىلىق كۆرسەتتى ھەمدە ئىككى نەپەر قوغدىغۇچى بىلەن بىر كەنت پۇقراسىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى ، يەنە بىر كەنت پۇقراسىنى يارىدار قىلدى . چىرا كەنتىدىكى ۋەتەنپەرۋەر ئاما قاتتىق غەزەپكە كېلىپ قورۇغا ئوت قويدى . سىيىت كېچىدە ئايالچە ياسىنىپ ئارقا تامنىڭ ئاستىن كولاپ قېچىپ ، روسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىغا كىرىۋالدى ، قالغان مىللىي مۇناپىقلاردىن 29 ى ۋە روسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىرىدىن بىرى ئوتتا كۆيۈپ ئۆلدى .

ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن ، روسىيە ھۆكۈمىتى ۋەقەنى ئۇلغايتىش ئۈچۈن ، دەرھال روسىيە ئەسكەرلىرىگە يەنە 500 كىشى قوشۇپ ، قەشقەر شەھىرىگە كىرگۈزدى . پىلىموت ، زەمبىرەكلەرنى دوتەي يامۇلىغا توغرىلاپ ، يەرلىك ئەمەلدارلارنى جۇڭگو ئەمەلدارلىرى ۋە پۇقرالىرىدىن 180 كىشىنى ئېتىپ بېرىشكە ، تۆلەم تۆلەشكە ۋە كەچۈرۈم سوراشقا قىستىدى . سوكوف : مەن 200 ئاتلىق كازاك ئەسكەرلىرىنى باشلاپ بېرىپ چىرا كەنتىنى ۋەيران قىلىۋاتىمەن ، دەپ داۋراڭ سالدى . روسىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى بېيجىڭدا يۈەن شىكەيگە بېسىم ئىشلەتتى . يۈەن شىكەي تېز پۈكتى ھەمدە ياڭ زېڭشىنغا « قاتىل » لارنى قاتتىق جازالاڭلار ، تۆلەم تۆلەپ ، كەچۈرۈم سوراڭلار ، دەپ تېلېگرامما ئارقىلىق بۇيرۇق چۈشۈردى . قەشقەرنىڭ ياساۋۇل بېگى جياۋداجۈي دوتەي ۋاڭ بىنكۇنلار ياڭ زېڭشىنىڭ بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئامالسىز خوتەن ئايمىقىنىڭ باش ئەمەلدارى تاڭ يۇنجۇڭنى ، كېرىيە ئامبىلى شېن يۈگچىڭنى ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلىدى . شۇڭ گاۋشېڭنى تۇتۇپ تەكشۈرمەكچى بولدى ھەمدە روسىيە كونسۇلخانىسىدىن كەچۈرۈم سورىدى . روسىيە تاجاۋۇزچىلىرى يەنە رازى بولماي ، 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى قەشقەرنىڭ قوۋۇقىنى پارتلىتىۋەتتى ، شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىپ

قەستەن چاتاق چىقاردى. 9 ـ ئايدا، بېلونىس جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپلا، ئىلگىرى ـ كېيىن ئىككى قېتىم تاجاۋۇزچى ئارمىيىنى باشلاپ خوتەن، كېرىيە ۋە چىرا كەنتىگە باستۇرۇپ كىردى، ئۆز مەيلىچە ئىككى نەپەر جۇڭگو ئەمەلدارىنى، 24 نەپەر كەنت ئاھالىسىنى تۇتۇپ قورالىلىق قەشقەرگە يالاپ ئېلىپ كەلدى. 1913 ـ يىل 2 ـ ئايدا، چىرا كەنتى ۋەقەسى توغرىسىدىكى سوت قەشقەردە ئېچىلدى، دوتەي ۋاڭ بىنكۇن باش سوتچى بولدى، دەۋاگەر سوكوفنىڭ قوغدىشىغا ئېرىشىپ سوتقا چىققان 26 نەپەر يالغان روسىيىلىك، جاۋابكار شۇڭ گاۋشېڭ، تاڭ يۈنجۈڭ، شېن يۈگچىڭ ۋە چىرا كەنتىدىكى 70 نەپەر ۋەتەنپەرۋەر كەنت پۇقراسى ئىدى. سوت باشلىنىش بىلەنلا جاۋابكار سىيىتنىڭ گۇناھىنى غەزەپ بىلەن پاش قىلدى، ئۇ پولاتتەك دەلىل ـ ئىسپات ئالدىدا ئۆزىنى زادىلا ئاقلىيالمىدى، بۇ ھال سوكوفنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى، بۇ دەۋاگەر جاۋابكارغا ئايلىنىپ قالدى. سوكوف غالجىر ئىتتەك ئەسەبىيلىشىپ، بىر تەرەپتىن سوتچىلىق ھوقۇقىنى تارتىۋالماقچى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن سىيىتنى ئەلچىخانىدىن چىقىرىپ بىر ئوچۇم مۇناپىقلارنى تەشكىللەپ شەھەر ئىچىدە نامايىش قىلدۇردى، سوكوفنىڭ قالايمىقان قىلىشى تۈپەيلىدىن سوت ۋاقىتىنچە توختاپ قالدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ سەردارى ياڭ زۆەنشۆي قەشقەرنىڭ تۇتۇقلىقىغا ۋە دىپلوماتىيە ۋەكىللىكىگە تەيىنلىنىپ، سوكوف بىلەن بولغان سۆھبەتكە رىياسەتچىلىك قىلدى. سوكوف ياڭ زۆەنشۆيگە ھەيۋىسىنى بىر كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن، روسىيە تاجاۋۇزچى قىسىم-لىرىنى ئەتىگەن ۋە كەچتە مەشىق قىلدۇرۇپ، ئۇرۇشقا جىددىي تەييارلىق قىلدۇردى. تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئەنئەنىگە باي ھەرمىللەت شىنجاڭ خەلقى روسىيىنىڭ قوراللىق ھەيۋىسىدىن قىلچە قورقۇپ قالمىدى. ئەك-سىچە دەلمۇ دەل تاقابىل تۇرۇپ، قەتئىي كۈرەش قىلدى. قەشقەر قوزغىلىڭىدىن كېيىن، گېلاۋخۇي ئەزالىرىنى ئاساس قىلىپ تۈزۈلگەن يېڭى ئارمىيە تېزلىكتە كېڭەيتىلىپ، قەشقەر، يەكەن ۋە خوتەندىكى زور بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىپ، روسىيىگە

قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك قوراللىق كۈچ ئۇيۇشتۇردى، بۇ قوراللىق كۈچ قەشقەر شەھىرىنىڭ مەركىزىدە سەپ تۈزۈپ نامايىش قىلدى. ياڭ زۇەنشۈي كۈچىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، قەستەن سوكوف قاتارلىقلارنى يېڭى ئارمىيىنىڭ مەشقىنى كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدى. سوكوف قەشقەردە جۇڭگو ئارمىيىسىنىڭ بۇنداق كۆپەيگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشىنىڭ رەتلىكلىكىنى كۆرۈپ قاتتىق ھەيران بولدى، پەيلىنى بىرئاز يىغىۋالدى. سوكوف بىلەن بولغان سۆھبەتتە ياڭ زۇەنشۈي ئۇنىڭ جۇڭگونىڭ ئەمەلدار ۋە پۇقرالىرىنى ئېتىپ بېرىڭلار، دېگەن يولسىز تەلەپىنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلدى ھەمدە كەسكىنلىك بىلەن پەقەت سىيىتلا چىرا كەنتى ۋەقەسىنىڭ باش جىنايەتچىسى، ئۇ ئادەتتە زومىگەرلىك قىلىپ، كەنت پۇقرالىرىنى بوزەك قىلغاچقا مۇشۇنداق چوڭ ۋەقە يۈز بەرگەن، دەپ كۆرسەتتى ھەمدە سوكوفتىن سىيىتنى روسىيە قانۇنى بويىچە قاتتىق جازالاشنى تەلەپ قىلدى.

شۇ يىلى 3 ـ ئايدا، يەن شىكەينىڭ ھاكىممۇتلەقلىق يۈرگۈزۈشكە قارشى تۇرغان ئىنقىلابىي زات سۇڭ جياۋرېن يەن شىكەي تەرىپىدىن قەست قىلىندى. سۇن جۇڭشەن يەن شىكەينىڭ تەبىئىتىنى تولۇق تونۇپ يېتىپ، يەن شىكەيگە قارشى جازا يۈرۈشى قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇ يىلى يازدا، يەن شىكەيگە قارشى ئېقىم ھەممە يەرنى قاپلىدى. يەن شىكەي ئۆزىگە قارشى بۇ ھەرىكەتلەرنى باستۇرۇش ئۈچۈن ھە دەپ جاھانگىرلاردىن مەدەت تىلىدى. شۇ يىلى 8 ـ ئايدا، يەن شىكەي روسىيىگە ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى سېتىشتىن يانماي، روسىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىسىنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ، چىرا كەنتى ۋەقەسىنىڭ باش سوتچىسى ۋاڭ بىڭكۈننى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلىدى، ياڭ زۇەنشۈينى سۈلھىلىشىپ يول قويۇشقا بۇيرۇدى. ياڭ زۇەنشۈي ئار ـ نومۇسلۇق شەرتلەرنى ئېتىراپ قىلىپ سوكوف بىلەن كېلىشىم ئىمزالىدى. 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئىككى تەرەپ دېلونىڭ نەتىجىسىگە ئىمزا قويدى: تاڭ يۈنجۇڭ بىلەن شېن يۇڭچىڭ خىزمەتتىن ھەيدىلىپ جەرىمانە قويۇلدى،

شىيۇڭ گاۋشېڭ 12 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. 40 نەپەر چىرا پۇقراسىغا قاماق جازاسى ياكى ئېغىر ئەمگەك جازاسى ھۆكۈم قىلىندى.

گەرچە يۈەن شىكەينىڭ ۋەتەن ساتقۇچلۇق تەسلىمچىلىكى تۈپەيلىدىن چىرا كەنتى ۋەقەسى ئىنتايىن ناھەق بىر تەرەپ قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ھەرمىللەت خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك كۈرىشىنىڭ يالقۇنلىرى ئۆچمىدى. 1914 - يىلى، قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان شىيۇڭ گاۋشېڭ ۋەتەنپەرۋەر خەلقنىڭ قوغدىشى ئاستىدا، تۈرمىگە كىرمەيلا قالماي بەلكى يەنە قەشقەردە روسىيىگە قارشى كۈرەشكە داۋاملىق رەھبەرلىك قىلدى. چىرا كەنتىدىكى ۋەتەنپەرۋەر خەلقنىڭ يولباشچىسى سۈپۈرگە جازا مۇددىتىنى توشقۇزۇپ ئۆيىگە قايتىپ بارغاندا، پۈتۈن كەنت خەلقى ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى، ھەتتا بەزىلىرى 300 چاقىرىم يىراقلىقتىكى خوتەنگە بېرىپ كۈتۈۋالدى، بۇ ئىشلار ئېلىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئورتاق دۈشمىنىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، زوراۋانلىقتىن قورقماي دۈشمەنگە بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇشتەك شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى تولۇق نامايان قىلدى.

## §5. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى

ئەپيۇن ئۇرۇشى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، لىن زېشۈي چىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇربانلىقى سۈپىتىدە ئىلىغا ئەۋەتىلىپ قوشۇنغا قېتىلدى. 1842 - يىلى ئۇ ئىلىغا كېلىپلا، ئىككىنچى يىلى يۈز يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە دۇچ كەلدى. ئېتىزلار قۇرۇپ كەتتى. ئۇ يېزىلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى كۆرۈپ ناھايىتى ئىچى سېرىلدى ھەمدە سۇ ئىنشائىتى ئېلىپ بېرىشقا، سۇغۇرۇش ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بەل باغلىدى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشىغا

ئېرىشتى. ئۇنىڭ پىلانى بويىچە، ئىلىدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت تىرىشىش ئارقىلىق، كۈرەڭنىڭ شەرقىدىكى ئاچچىقسۇ ئۆستىڭىنى ياساپ پۈتتۈردى، بۇنىڭ بىلەن يېقىن ئارىدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ سۇيىگە كېپىللىك قىلغىلى بولۇپلا قالماي، يەنە 16 تۈمەن مو يېڭى بوز يەر ئېچىلدى. 1845 ـ يىلى، ئۇ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھەرقايسى جايلارنى ئارىلاپ نەچچە ئون مىڭ چاقىرىم يول يۈرۈپ، سۇ ئىنشائاتلىرىنى ۋە ئېچىشقا بولىدىغان بوز يەرلەرنى تەكشۈردى، تۇرپاندا كارىز چېپىشنى تەشەببۇس قىلدى، يىپەك توقۇش تېخنىكىسىنى ياخشىلىدى. ئۇ يەنە كەڭ ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن چىڭ ھۆكۈمىتىگە ئىلتىماس قىلىپ، خېنى يەرلەرنى ئۇلارنىڭ مەڭگۈ تېرىشى ئۈچۈن بەردى. لىن زېشۈي ئىنتايىن مۇشكۈل شارائىتتا، ياشىنىپ قالغان، كېسەل چىرمىۋالغان ئەھۋالدا شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىگە نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەردى ھەمدە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

قوقان خانلىقىنىڭ باندىتى ياقۇپبەگنىڭ ۋە روسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكى ۋە بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن شىنجاڭنىڭ يېزا ـ بازارلىرى چۆلدەرەپ، ئېرىق ـ ئۆستەڭلار تاشلىنىپ، تېرىلغۇ يەرلەر قاقاسلىشىپ، خەلق سەرسان بولۇپ، ئېچىنىشلىق ھالەت شەكىللەنگەنىدى. چىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، زوزۇڭتاڭ شىنجاڭدا ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ھەرقايسى جايلاردا «خەير ـ ئېھسان ئىدارىلىرى» تەسىس قىلىش، ئۆستەڭ چېپىپ، بوز يەر ئېچىپ تېرىلغۇلارنى كېڭەيتىش، يەرنى ئۆلچەپ ئېنىقلاش، پاراق ـ باجنى ئۆلچەم بويىچە ئېلىش، پۇلنى ئۆزگەرتىش توغرۇلۇق چىڭ ئوردىسىغا تەكلىپ بەردى، زوزۇڭتاڭنىڭ تەكلىپى چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشىغا ئېرىشتى ۋە شىنجاڭدا تېزدىن يولغا قويۇلدى.

كۆپ يىللىق ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى شىنجاڭنىڭ نوپۇسىنى زور دەرىجىدە كېمەيتىۋەتكەنىدى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى ئەسلىگە

كەلتۈرۈش ئۈچۈن، چوقۇم ئەمگەك كۈچىنى كۆپەيتىش زۆرۈر ئىدى. شۇڭا، چىڭ ھۆكۈمىتى ئىچكىرىدىن كۆچمەنلەرنى شىنجاڭغا كېلىشكە ئىلھاملاندۇردى، ئارتۇق ئەسكەرلەرنى ئۆز جايىدا تارقاقلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇردى. سەرسان بولۇپ سىرتلاردا يۈرگەن دېھقانلارنى يىغىپ كەلدى. چىڭ ھۆكۈمىتى ئىچكىرىدىن چىققان «مېھمان» لارغا، ئۆز جايلىرىدا ئولتۇرۇراقلاشقان ئەسكەرلەرگە ۋە يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن دېھقانلارغا قۇتقۇزۇش ئاشلىقى تارقىتىپ، تېرىلغۇ يەر بۆلۈپ بەردى ھەمدە يەرلىرىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بويىچە ھەقسىز ئۇرۇق ۋە كالا بىلەن تەمىنلىدى. چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ تەدبىرلىرى قىسقا مۇددەت ئىچىدىلا زور ئۈنۈمگە ئېرىشتى. قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلار قوقان باندىتلىرىنىڭ كۆپ قېتىم بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىغا ئۇچرىغانلىقتىن، ئۇ يەرلەردە قالغان ئاھالىمۇ ناھايىتى ئاز بولۇپ، ھەممە يەرنى غۇربەتچىلىك باسقانىدى. بىرقانچە يىللىق ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارقىلىق، ئاخىر كەنتلەر بىر - بىرىگە تۇتاشقان، تېرىلغۇ يەرلەر كېڭەيگەن، توخۇلارنىڭ چىللىشى، ئىتلارنىڭ قاۋشى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان تىنچ مەنزىرە بارلىققا كەلدى.

شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەسىلىسىدە، زوزۇڭتاڭ خەير - ئېھسان ئەمەلدارلار ئىدارىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىغا: «غەربىي شىمالنى تۈزەشتە ئىشنى سۇ ئىنشائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن باشلاش كېرەك» دەپ قايتا - قايتا تاپشۇرۇق بەردى. زوزۇڭتاڭنىڭ ھەيدەكچىلىك قىلىشى ئارقىسىدا، چىڭ ئەسكەرلىرى ۋە ھەرقايسى جايلاردىكى پۇقرالار نۇرغۇن ئۆستەڭ ۋە كارىزلارنى بەرپا قىلدى.

چىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ پىلىچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى، ئەمما ئۈجمە كۆچەتلىرى ۋە پىلە قۇرتى سۈپىتىنىڭ ناچارلىقىنى، يىپەك چىقىرىپ دۇردۇن توقۇش تېخنىكىسىنىڭ تۆۋەنلىكىنى، پايدىسىنىڭ ئاز ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ پىلىچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بەل باغلاپ، جېجياڭدىن

نەچچە ئون تۈمەن ئۈجمە كۆچىتى ۋە نۇرغۇن پىلە ئۇرۇقى ئەكەلدۇردى ، خوجۇ ئايمىقىدىن پىلە بېقىش ، يىپەك سوزۇش ئۇستىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ كېلىپ ، ئۇلارنى ھەرخىل سايمانلار بىلەن قۇمۇل ، تۇرپان ، كۇچا ، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا ئەۋەتىپ ھەرمىللەت دېھقانلىرىغا ئۈجمە تىكىش ، ئۇلاش ، پىلە قۇرتى بېقىش ۋە يىپەك چىقىرىش ۋە دۇردۇن توقۇش تېخنىكىسىنى ئۆگەتكۈزدى . بەش يىل ئىچىدىلا ، شىنجاڭنىڭ پىلە ۋە يىپەك مەھسۇلاتى بىر ھەسسىدىن ئارتۇق ئاشتى .

دېھقانلارنى خاتىرجەم ئىشلەپچىقىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ، چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇرۇمچى ئامبىلى تاۋمونىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ ، دېھقانلارنىڭ يۈكىنى زور دەرىجىدە يەڭگىللەتتى . شىنجاڭ ھۆكۈمىتى : ئىككى مو يەر بىر مو بويىچە ھېسابلىنىدۇ ، بىرىنچى دەرىجىلىك يەردىن سەككىز شېڭ ، ئوتتۇرا ھال يەردىن بەش شېڭ بەش ئوچۇم ، ناچار يەردىن ئۈچ شېڭ پاراق ئېلىنىدۇ ، دەسلەپ ئالتە ئۈلۈش ئېلىنىدۇ ، قالغان تۆت ئۈلۈشى كېچىكتۈرۈپ ئېلىنىدۇ ياكى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ ، دەپ ئېنىق بەلگۈلىمە ئورناتتى . بۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلدىكى ھەرمو يەردىن بىر كۈرە پاراق ئېلىنغىنىغا قارىغاندا 2/3 ھەسسىدىن ئارتۇق تۆۋەنلىگەن .

چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ خەير ـ ئېھسانلىق تەدبىرلىرى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە ، چېگرا مۇداپىئە كۈچىنى كۈچەيتىشكە قارىتا ئىجابىي رول ئوينىدى .

بىراق ياخشى كۈنلەر ئۇزۇنغا بارمىدى ، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بارغانسېرى چىرىكلىشىشىگە ، جاھانگىرلار تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىمۇ بارغانسېرى ناچارلىشىپ كەتتى .

شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ ، ئادىمى ئاز بولغاچقا ، يىغىلغان باج كىرىمى چەكلىك ئىدى . يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىراجىتى ۋە ئەمەلدارلارنىڭ مائاشى ئاساسەن شەرقىي جەنۇبى ئۆلكىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ھەل قىلىنىپ كەلگەن ، بۇ خىل ئىقتىسادىي ياردەم ئۇزۇن ۋاقىتقىچە « ھەمكارلىق

تەمىناتى » دەپ ئاتالغانىدى ، ھەر يىلى 2 مىليون 400 مىڭ سەر كۈمۈش بېرىلەتتى . ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن ، چىڭ ھۆكۈمىتى كۆپ قېتىم تەڭسىز شەرتنامىلەرنى ئىمزالاپ ، جاھانگىرلارغا نۇرغۇن تۆلەم تۆلەپ ، ئىقتىسادنى بارغانسېرى خارابلاشتۇرۇۋەتكەنىدى . بۇلۇپمۇ سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسى باستۇرۇپ كىرگەنىدىن كېيىن ، چىڭ ھۆكۈمىتى « گېڭزى تۆلىمى » ئۈچۈن 450 مىليون قەرزدار بولدى ، چىڭ ھۆكۈمىتى بۇ پۇلنى ھەرقانداق قىلىپمۇ چىقىرالمايتتى ، شۇنىڭ ئۈچۈن ، باج ـ سېلىقنى كۆپەيتىپ ، يۆكنى دۆلەتنىڭ پۇقرالىرىغا ئارتىپ قويدى . شەرقىي جەنۇبتىكى ئۆلكىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قەرزلىرىمۇ يېتىپ ئاشقۇچە تۇرغان يەردە ، نەدىمۇ شىنجاڭغا ياردەم قىلالىسۇن ؟ « ھەمكارلىق تەمىناتى » ئۈزۈلۈپ قېلىۋىدى ، شىنجاڭنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي جەھەتتىكى ئاساسلىق مالىيە مەنبەسى توسۇلۇپ قالدى . قاتمۇ قات قىيىنچىلىق يۈز بەردى . يەرلىك دائىرىلەرنىڭ ھېچقانداق پۇل تېپىش يولى قالمىدى ، باجنىڭ تۈرى ۋە مىقدارىنى ئاشۇرۇپ ، پۇقرالارنىڭ يىلىكىنى شوراشقىلا توغرا كەلدى . شۇنىڭ بىلەن ئۆي بېجى ، باغ بېجى ، دەرەخ بېجى ، تۇز بېجى ، كۆمۈر بېجى ، ئالتۇن ـ كۈمۈش بېجى ، بىدىكلىك بېجى ، پاھىشە بېجى ، يەم ـ خەشەك ۋە ئوتۇن بېجى قاتارلىق غەيرىي باجلار بارلىققا كەلدى ، پاراق ئۈچۈنلا ئەسلىدىكى بەلگىلىمىنىڭ سىرتىدا خوراش ھەققى ئېلىنىدىغان ، بىردەن پاراققا « خوراش ھەققى » ئۈچۈن بەش كۈرە بەش شىڭ ئاشلىق ئارتۇق ئېلىنىدىغان بولدى ! دېھقانلار تاپشۇرىدىغان باج ـ سېلىق ھەر دەرىجىلىك پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ قاقتى ـ سوقتىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ، ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتتى .

ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن ، كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر ئېلىمىزگە قارىتا تاجاۋۇزچىلىقنى كۈچەيتتى . ئۇلار ئېلىمىزنىڭ زېمىنىنى بېسىۋېلىپ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشقاندىن سىرت ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرىنى كونترول قىلدى ، ئېلىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى ، يىراق چېگرىغا جايلاشقان شىنجاڭمۇ بۇنىڭ سىرتىدا قالمىدى .

19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا، ئەنگلىيە ھىندىستان بىلەن ئافغانىس-
تاننى بېسىۋالغانىدى، ئارقىدىنلا شىنجاڭغا كۆز تىكتى، كۆپ قېتىم
كەشمىر ئارقىلىق يەكەن، ئىلى قاتارلىق جايلارغا ئىشپىيون كىرگۈزۈپ،
ھەربىي ئاخبارات ئوغرىلاپ، بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى
ئېلىپ باردى. يەرلىك ھۆكۈمەت ۋە خەلق ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىنى
سەزگەن ھامان چېگرىدىن قوغلاپ چىقاردى. قوقان خانلىقى جاھانگىر
خوجىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا كىرگۈزگەندە، ئەنگلىيىمۇ 20 نەپەر ئىشپى-
يوننى ھىندىستاندىن شىزاڭ ئارقىلىق قەشقەرگە كىرگۈزگەنىدى. بۇ
جاسۇسلار قوقان تاجاۋۇزچى ئارمىيىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇپ،
ئەسكەر مەشىق قىلدۇرۇپ، پىلان كۆرسىتىپ، نۇرغۇن يامان ئىشلارنى
قىلغانىدى.

روسىيە گەرچە شىنجاڭغا ئەنگلىيىدىن كېيىنرەك بېسىپ كىرگەن
بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتى تېخىمۇ ۋەھشىيانە
بولدى. 1851 ـ يىلى، روسىيە «ئىلى، تارباغاتاي سودا ئالاقىسى نىزامى»
دىن پايدىلىنىپ، ئىلى ۋە تارباغاتايدا سودا بېجىدىن كەچۈرۈم قىلىنىش
ۋە كونسۇل كېسىم چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇۋالغان، شۇنىڭدىن ئېتى-
بارەن، روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نۇرغۇن سودىگەرلىرى
شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىغا يوپۇرۇلۇپ كىردى. ئىككى يىلغا يەتمىگەن
ۋاقىت ئىچىدە روسىيىنىڭ شىنجاڭدىكى سودا سوممىسى بىر ھەسسە
كۆپەيدى. 1881 ـ يىلى، روسىيە يەنە ئۆزگەرتىلگەن «ئىلى شەرتنامى-
سى» دىن پايدىلىنىپ، تۇرپان، گەنسۇلاردا كونسۇلخانا قۇرۇپ، باجدىن
كەچۈرۈم قىلىنىدىغان سودىنىڭ دائىرىسىنى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەممە
يېرىگە كېڭەيتتى. بۇنىڭ بىلەن، روسىيە سودىگەرلىرى تۈركۈم - تۈر-
كۈملەپ شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىغا ۋە جەنۇبىي قىسمىغا ئېقىپ كىردى.
ئەنگلىيە بۇ جەھەتتە ئارقىدا قېلىشنى خالىماي، مۇستەملىكە زېمىندىكى
زور بىر تۈركۈم ھىندىستانلىق ۋە ئافغانىستانلىقلارنى جەنۇبىي شىنجاڭغا
كىرگۈزۈپ، روسىيە سودىگەرلىرى بىلەن بازار تالاشتۇرى ھەمدە «تەڭ
مەنپەئەتدار بولۇش» شوئارىدىن پايدىلىنىپ، قەشقەردە كونسۇلخانا قۇ-

رۇپ، سودا بېجىدىن كەچۈرۈم قىلىنىش ھوقۇقى ۋە كونسۇل كېسىم قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى. روسىيە سودىگەرلىرى بىلەن ئەنگلىيە سودىگەرلىرى پاختا رەخت، نېفىت، بوياق، غەربچە دورا، ماشۇق، قۇم شېكەر، تاماكا، سەرەڭگە، ئەينەك ۋە تۆمۈر سايمانلارنى يۇقىرى باھادا سېتىپ، شىنجاڭنىڭ يۇڭ، پاختا، ئالتۇن، قاشتېشى، ئۈچەي، خام يېپەك، پىلە غوزىكى قاتارلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئەرزان باھادا سېتىۋالدى. ئۇلار قۇرغان سودا تورلىرى ۋە ئەجنەبىي دۇكانلار پۈتۈن شىنجاڭنىڭ بازارلىرىنى مونوپول قىلىۋالدى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرىنى كونترول قىلىۋالدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە جۇڭغارلار بىلەن چوڭ - كىچىك خوجىلار تىنچىتىلغاندا، تيەنجىن ۋە سەنشىلىك سودىگەرلەر ئەسكەرلەر بىللە شىنجاڭغا كىرگەن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ناھايىتى كۆپ كاپىتالغا ئىگە بايلاردىن بولۇپ قالغان، « تيەنجىن گۇرۇھى »، « سەنشى گۇرۇھى » دەپ ئاتىلىدىغان بولغان. زوزۇڭتاڭ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغان مەزگىلدە، خۇنەنلىك سودىگەرلەرمۇ ئۇنىڭ بىللە كېلىپ، « خۇنەن گۇرۇھى » دەپ ئاتىلىدىغان بولغان. ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن سودىگەرلەر رەخت، چاي، چەرچىن مال سېتىپ، تېرە، ئالتۇن، قاشتېشى، بۆكەن مۈڭگۈزى، ئىپار، ھەششە تۇلھە جەل، چۈچۈكبۇيا قاتارلىق دورا ماتېرىياللىرىنى يىغاتتى. ئۇلار ئىلگىرى ناھايىتى نۇرغۇن پايدا ئېلىپ، سودىسىنى تازا روناق تاپقۇزغانىدى، بىراق كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەنگلىيە سودىگەرلىرى ۋە روسىيە سودىگەرلىرى كۆپلەپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇلار چەت ئەل سودىگەرلىرى بىلەن رىقابەتلىشەلمەي ئاخىر ھەممىسى بىر - بىرلەپ ۋەيران بولدى.

1900 - يىلى، ئېلىمىزدە جاھانگىرلىككە قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك يېڭىتۈمەن ھەرىكىتى يۈز بەردى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى دەسلەپ يېڭىتۈمەندىن پايدىلىنىپ ئەجنەبىيلەرگە قارشى تۇردى. كېيىن سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسى بىلەن بىرلىشىپ يېڭىتۈمەننى باستۇردى، بۇ-

نىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ جاھانگىرلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈش، ئېغىز ـ بۇرۇن يالىششتەك خائىنانە ئەپت ـ بەشرىسىنى تولۇق ئاشكارىلاپ بەردى. سىنىپىي زىددىيەت ۋە مىللىي زىددىيەتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى، نەتىجىدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئېغىر كرىزىس كېلىپ چىقتى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ نارازىلىقىنى پەسەيتىش ئۈچۈن، خانىش سىشى تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ، 1901 ـ يىلى يىلىنىڭ بېشىدا «قانۇن ئۆزگەرتىپ»، «يېڭى سىياسەت» يۈرگۈزىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ شامال تەبىئىي ھالدا شىنجاڭغىمۇ يېتىپ كەلدى. «يېڭى سىياسەت» نى پائال يۈرگۈزۈۋاتقان ئىلى جياڭجۈنى چاڭ گېڭ چىڭ ھۆكۈمىتىگە شىنجاڭدا «يېڭى سىياسەت» يۈرگۈزۈش توغرىسىدىكى بەش ماددىلىق تەكلىپىنى سۇندى. بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش، سودا، ھۈنەر ـ كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى ئۈچ ماددا شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شىنجاڭ باش مۇپەتتىشى لىيەن كۈيمۇ «يېڭى سىياسەت» يۈرگۈزۈشكە كۆپ كۈچ چىقاردى، ئۆزى باشلامچى بولۇپ كەسىپ تۈرلىرى بەرپا قىلدى. بۇنىڭ بىلەن، ئىلىدا ھۆكۈمەت بىلەن پۇقرالارنىڭ بىرلىشىش تۈسىنى ئالغان خۇرۇم زاۋۇتى قۇرۇلدى. ئۇيغۇر سودىگەر ھۈسەيىن باي دىرېكتور بولۇپ، گېرمانىيەدىن ماشىنا سېتىۋېلىپ، روسىيىنىڭ تېخنىكلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، 100 دىن ئارتۇق ئىشچىنى ياللاپ، يەرلىك ئۇسۇل بىلەن زامانىۋى ئۇسۇلنى بىرلەشتۈرۈپ، يىلىغا ئون نەچچە مىڭ دانە خۇرۇم ئىشلىدى. لىيەن كۈي ئۈرۈمچىدە ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىدا بىرقەدەر چوڭ يېزا ئىگىلىك، ئورمانچىلىق تەجرىبە مەيدانى قۇرۇپ، خېلى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى، ئۇنى باشقا رايونلارغىمۇ كېڭەيتتى. خوتەندە ۋە گۇمىدا ھۆكۈمەت باشقۇرىشىدىكى پىلىچىلىك ئىدارىسى قۇرۇلدى. ئالتايدا ھۆكۈمەت بىلەن سودىگەرلەر بىرلىشىپ ئاچقان ئالتۇن كېنى قۇرۇلدى، شىخودا، مايتاغدا ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىدا ماي كانلىرى قۇرۇلۇپ، بۇ كانلارمۇ روسىيىنىڭ كونا ئۈسكۈنىلىرىدىن سېتىۋېلىپ ئىشلەتتى، بىراق

تېخنىك كەمچىل بولغاچقا، ماي باكلىرى ئىزچىل تۈردە ئىسكىلاتتا تۇردى. بۇنىڭدىن باشقا، ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشى، ھۆكۈمەتنىڭ نازارەتچىلىكىدىكى سودىگەرلەرنىڭ ئېچىشى، ئىككى تەرەپنىڭ بىرلىشىپ ئېچىشى، سودىگەرلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئېچىشى قاتارلىق شەكىللەردىكى، كېرىيە، چۆچەكنىڭ ئالتۇن كانلىرى، باينىڭ مىس كانى، جىمسارنىڭ تۆمۈر كانى قاتارلىق كانلار قۇرۇلدى، ئەمما بۇ كانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى قول ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان بولغاچقا، تەننەرخ يۇقىرى بولۇپ كەتتى، مەھسۇلاتلىرى چەت ئەل ماللىرى بىلەن رىقابەتلىشەلمىدى، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ھەممىسى تاقالدى. شىنجاڭنىڭ سانائەت قۇرۇش جەھەتتىكى نەتىجىسى چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن مىللىي كاپىتالنىڭ بىخلىرىنى يېتىلدۈرگەنلىكى شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنى تەبىئىي پەن بىلەن، ماشىنا ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ۋە يېڭى كاپىتالىستىك ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇللىرى بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بۇ شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا قارىتا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى.

## ئونىنچى باب

# ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدىكى تىنچ، بېكىنمە، قالاق ھالەتتە تۇرغان شىنجاڭ

### §1. ياڭ زېڭشىننىڭ ئىنقىلابچىلارنى ۋە قوزغىلاڭچى دېھقانلارنى باستۇرۇشى، شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن روسىيە ئاق باندىتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانى

ياڭ زېڭشىن، تەخەللۇسى دىڭ چېن بولۇپ، يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ مېڭزى ناھىيىسىدىن، بيۇروكرات پومېشچىك ئائىلىدىن كېلىپ چىققان. ئۇ 1889 ـ يىلى تەشرىپتارلىققا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتۈپ، گەنسۇدا كۆپ يىل ئەمەلدار بولۇپ ئىشلىگەن. 1907 ـ يىلى، شىنجاڭ باش مۇپەتتىشى ليەن كۈي «يېڭى سىياسەت» نى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن ئۇنى شىنجاڭغا يۆتكەپ كەلگەن. ئۇ دەسلەپ قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپىنىڭ مۇدىرى قوشۇمچە مەشىق مەسلىھەتچىسى بولغان، كېيىن ئاقسۇغا دوتەي بولغان. 1911 ـ يىلى شىنجاڭ باش مۇپەتتىشى يۈەن داخۇانىڭ كۆرسىتىشى بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ دوتىيى ۋە شىنجاڭنىڭ تەپتىش ئەمەلدارى بولغان.

يۈەن داخۇا نۇرغۇن ئەسكەر ئەۋەتىپ ئىلى قوزغىلىڭىنى باستۇرغاندا، ياڭ زېڭشىن ئۇتتۇرىغا چىقىپ، يېڭى ئارمىيە تۈزۈپ خىزمەت كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ياڭ زېڭشىننىڭ تەكلىپى يۈەن داخۇانىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى، ئۇ دەرھال ئۈرۈمچىدىكى 24 مەسچىتنىڭ خۇيزۇ ئاھالىسى ئىچىدىن ياشلارنى توپلاپ، بەشىنچى باتالىيون تۇڭگان ئەترىتىنى تەشكىل قىلدى ۋە قاتتىق مەشىق قىلدۇردى. ياڭ زېڭشىن بۇ ئەسكەرلەرگە تايىنىپ ئۈرۈمچىدە ئاساسىنى چىڭىتىپ، شىنجاڭدىكى كونا ئەمەلدارلار ئىچىدە تەسىرى ئەڭ چوڭ شەخس بولۇپ قالدى. يۈەن داخۇا

ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەرگەندىن كېيىن، بۇ ئەكسىيەتچى، مۇتەئەسسىپنى
يۈەن شىكەيگە تونۇشتۇردى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ بۈيۈك زوڭتۇڭى بو-
لۇۋالغان يۈەن شىكەي 1912 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، ياڭ زېڭشىننى
شىنجاڭ باش تۇتۇقى، قوشۇمچە پەرمانبەردار قىلىپ تەيىنلىدى، بۇنىڭ
بىلەن پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ھوقۇقى ئۇنىڭ قولىغا
ئۆتتى.

بىراق، ياڭ زېڭشىننىڭ ئەينى چاغدىكى ئەھۋالى ئىنتايىن مۈشكۈل
ئىدى. ئۆلكە بىلەن ئىلى ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى
سۆھبەت قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قالدى، جەنۇبىي شىنجاڭدا گېلاۋخۇي
ئەزالىرىنىڭ چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ۋەقەلىرى
دائىم بولۇپ تۇردى، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ يالقۇنى تازا ئەۋج
ئالدى. روسىيە قانات ئاستىغا ئېلىپ يېتىلدۈرگەن ئاتالمىش تاشقى
موڭغۇل مۇختارىيەت ھاكىمىيىتىنى ئۈزلۈكسىز ھالدا ئالتاي رايونىغا تاجا-
ۋۇز قىلىشقا كۈشكۈرتۈپ تۇردى. ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتە يۈز بېرىپ
تۇرغان بۇنداق پاراكەندىچىلىك ۋە ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان خەۋپلەر ئۇنىڭغا
تولىمۇ پايدىسىز ئىدى. بىراق، ياڭ زېڭشىن قانداقلا بولمىسۇن كۆپنى
كۆرگەن ئەمەلدار بولۇپ، ھوقۇق ھىيلىسىنى پىششىق بىلەتتى،
تەجرىبىلىك فېئودال ھۆكۈمران ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھوقۇقى ۋە ئورنىنى
مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ھەرخىل ھىيلە ـ مىكىرلەرنى ئىشلىتىپ
ئىنقىلابنى ۋە ئىلغار كۈچلەرنى بوغدى ۋە قانلىق باستۇردى.

ياڭ زېڭشىن ئىنقىلابچىلار قۇرغان ئىلى ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆ-
كۈمىتىنى ئەڭ چوڭ خەۋپ دەپ قارىدى. دەسلەپ ئۇ ساختا قىياپەتكە
كىرىۋېلىپ، ئىلى ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەتنى قايتا
باشلاشنى تەلەپ قىلدى. ئىلىنىڭ ۋەكىلى خې جيازۇڭ، خاۋكېچۈەنلەرنى
ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارنى يۇقىرى مەنسەپ ۋە پۇل بىلەن ئۆز
يېنىغا تارتتى. يەنە بىر تەرەپتىن بۈيۈك زوڭتۇڭ يۈەن شىكەينىڭ بۇيى-
رۇقى ئارقىلىق بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇلارغا كېلىشىمنى مەجبۇرىي
ئىمزالىتىپ، ئۆزىنىڭ شىنجاڭ تۇتۇق ئەمەلدارلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىل-

غۇزۇپ، ئىلى ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنى بىكار قىلدى. ئارقىدىنلا ياڭ زۇڭشۈينى قەشقەرگە باش بۇغ قىلىپ يۆتكەپ، ئىلى ئىنقىلابچىلىرىنى رەھبەرلىك يادروسىدىن مەھرۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە كۇاڭ كېشىڭنى ئەۋەتىپ ئىلىدىكى خۇيزۇ پىدائىيلار ئەترىتىنىڭ باشلىقى مادېيۈەنىنى سېتىۋېلىپ، ئۇنى فېڭ تېمىن، لى فۇ قاتارلىق يىگىرمە نەچچە ئىنقىلابچىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ يەنە ھەرخىل ھىيلە ـ نەيرەڭلەرنى قوللىنىپ، ياڭ زۇڭشۈي، خې جيادۇڭ، خاۋ كېچۈەنلەرنى شىنجاڭدىن ئىچكىرىگە كەتكۈزىۋەتتى. ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ ئىنقىلابىي كۈچلىرى ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن پۈتۈنلەي يوق قىلىۋېتىلدى.

ياڭ زېڭشىن گېلاۋخۇيىنى شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە مۇقىمسىزلىق پەيدا قىلىدىغان مۇھىم ئامىل دەپ قاراپ، ئۇنى پۈتۈن كۈچى بىلەن باستۇردى. 1913 ـ يىلى قىشتا، ياڭ زېڭشىن ماشاۋۋۇنى تۇڭگان قوشۇنلىرى بىلەن كۇچاغا ئەۋەتىپ، گېلاۋخۇيىنىڭ شۇ يەردىكى باشلىقى تەن چاڭگۇنى ئۆلتۈرگۈزدى، گېلاۋخۇيىنىڭ چاچۈنخۋا ئىسىملىك يەنە بىر باشلىقىنى ئىچكىرىگە قايتىشقا مەجبۇرلىدى. بيەن يوڭفۇ بىلەن ۋېي دېشى يۈەن خۇڭيۈنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن. يۈەن شىكەي ياڭ زېڭشىنغا «قاتىلنى چوقۇم تۇتۇڭلار» دەپ تېلېگراما ئارقىلىق بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇ چاغ دەل تاشقى موڭغۇل مۇختارىيەتچىلىرى روسىيىنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن ئالتايغا بېسىپ كىرگەن ۋاقىتقا توغرا كەلدى، بيەن يوڭفۇ بىلەن ۋېي دېشى ياڭ زېڭشىنغا ئىلتىماس سۇنۇپ، ئالدىنقى سەپكە بېرىپ «خىزمەت كۆرسىتىپ، گۇناھىنى يۇيۇش» نى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ياڭ زېڭشىن ئۇلارنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ كېلىپ، ۋېي دېشىنى ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتتى. بيەن يوڭفۇنى ئاقسۇنىڭ مۇئاۋىن سانغۇنلۇقىغا تەيىنلىدى. كەينىدىنلا كۇچادىكى ماشاۋۋۇغا تېلېگراما ئەۋەتىپ، بيەن يوڭفۇنى تۇتۇپ، پۇتىغا ئىشكەل سېلىپ، ياغاچ قەپەسكە سولاپ يۇرتىغا ئەۋەتىپ، شۇ يەردىكى ئەمەلدارلارنىڭ رېجىمغا ئېلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى بۇيرۇدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ياڭ

زىگىشىن گېلاۋخۇينىڭ ھەرقايسى جايلاردىكى ئەزالىرىنى ھە دەپ قىرىشقا باشلىدى. ئېتىلغان ۋە جادۇغا بېسىلغانلار ئۈچ ــ تۆت يۈزگە يەتتى.

ياڭ زېڭشىن يەنە ئىنتايىن ئېپلاس ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، قۇمۇل تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ يالقۇنىنى ئۆچۈردى.

ئىلگىرى قۇمۇل ۋاڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرى ھەرئايدا ئۈچ كۈن ھاشارغا چىقاتتى. كېيىن بۇنداق ھاشار بىر ئايدا يەتتە كۈن بولىدىغان بولدى. قۇمۇل ۋاڭ بۇ دېھقانلارنى ئۆزى ئۈچۈن يەر تېرىتاتتى، ئۇرۇق بىلەن تېرىقچىلىق سايمانلىرىنى دېھقانلار چىقىراتتى، ھەممە ھوسۇل قۇمۇل ۋاڭىغا تالىق بولاتتى. كەڭ ئۇيغۇر دېھقانلىرى بۇنداق زۇلۇمغا زادىلا چىداپ تۇرالماي، 1907 ــ يىلى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ۋاڭ ئوردىسىنى قورشىۋالدى، ئوردىنىڭ ئىشىك ــ دېرىزىلىرىنى كېسەك بىلەن توسۇپ، بۇ قان شورىغۇچىلارنى سىرتقا چىقارمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، يەرلىك ھۆكۈمەتكە ئىلتىماس قىلىپ قۇمۇل ۋاڭىغا بولغان بېقىندىلىقتىن قۇتۇلۇپ، چىڭ ئوردىسى قارىمىقىدىكى پۇقرا بولۇپ، باج ــ سېلىق تۆلەشكە رازى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇنىڭدا «يەر بىلەن سۇنى قايتا تەقسىم قىلىش» كۆزدە تۇتۇلغانىدى، ياڭ زېڭشىن ئاقسۇنىڭ دوتەيلىكىگە تەيىنلىنىپ، قۇمۇلدىن ئۆتىدىغان چاغدا، چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنى بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشقا بۇيرىدى. ياڭ زېڭشىن قۇمۇل ۋاڭى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، دېھقانلارنىڭ ئايلىق ھاشار كۈنىنى ئۈچ كۈنگە قىسقارتتى. قوزغىلاڭ شۇنىڭ بىلەن تىنچىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي قۇمۇل ۋاڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماي، شىنجاڭ باش مۇپەتتىشى ليەن كۈينى سېتىۋېلىپ باركۆلنىڭ ئامبىلى شېڭخۇنى ئەسكەر بىلەن ئەۋەتىپ قوزغىلاڭچىلار باشلىقلىرىدىن سەككىز كىشىنى ئۆلتۈرگۈزدى. 1912 ــ يىلنىڭ بېشىدا، يەن داخۇا ئىلى قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن، قۇمۇل ۋاڭىغا 500 قوشۇن تەشكىللەپ ئۇلارنى قىسىم تەشكىللەپ قوراللاندۇرۇپ، شىخوغا ئۇرۇش قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇيغۇر دېھقانلاردىن تەركىب تاپقان بۇ قوشۇن، ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، تۆمۈر باشچىلىقىدا «يەر بىلەن سۇنى قايتا تەقسىم قىلىش» دېگەن شوئارنى قايتىدىن ئوتتۇرىغا قويۇپ،

قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، تەگرى تاغلىرىغا كىرىپ كەتتى. قۇمۇل ۋاڭى يى شىڭفۇدىن ئەسكەر چىقىرىپ ئۇلارنى باستۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. قوزغىلاڭچى قىسىم جەنۇبىي تاغ ئېغىزلىرىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، هۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، يى شىڭفۇنى ئۆلتۈردى. بۇ چاغدا يۈەن داخۇا ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ شەرققە ماڭغانىدى. ياڭ زېڭشىن ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ خائىنى چيەن گۇاڭخەننى ئەسكەر بىلەن ئەۋەتتى، ئۇلار قۇمۇلغا كەلگەندە، يۈەن داخۇا چيەن گۇاڭخەننى تاغقا چىقىپ ئىسيانچىلارنى تازىلاشقا ئەۋەتتى، چيەن گۇاڭخەننىڭ ئەسكەرلىرى پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولدى، چيەن گۇاڭخەن بىرنەچچە ئەسكەر بىلەنلا قۇمۇلغا قېچىپ كىرىۋالدى. يۈەن داخۇا باستۇرۇشقا ئامالسىز قېلىپ، ئىچكىرىگە قايتىپ كەتتى. قۇمۇل ۋاڭى ياڭ زېڭشىنغا بىرقانچە قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. 1913 ـ يىلى، ياڭ زېڭشىن قوزغىلاڭچى دېھقانلار قوشۇنىنى پارچىلاش ئۈچۈن، تۇڭگانلار قوشۇنىنىڭ باتالىيون كوماندىرى لى شۇفۇنى ئىككى قېتىم تاغ ئارىسىغا كىرىشكە بۇيرۇدى، تۆمۈر خەلپە بىلەن سۆھبەتلىشىشنى، تۆمۈرنىڭ ئۇنىڭغا دىنىي زاتلارنى قوشۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى. لى شۇفۇ ياڭ زېڭشىننىڭ چىرايلىق سۆزلەر بىلەن تولغان بىر خېتىنى ئالغاچ باردى ھەمدە قۇرئاننى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، قوزغىلاڭچى دېھقانلار ئالدىدا قەسەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى ھەم بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. قوزغىلاڭچى دېھقانلار ياڭ زېڭشىننىڭ ساختا مېھرىبانلىقى بىلەن يالغان سۆزلىرىگە ئىشىنىپ قايىمۇقۇپ قېلىپ، لى شۇفۇ بىلەن كېلىشىم تۈزدى. قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ بىر قىسىم ئادەملىرى ئائىلىسىگە قايتۇرۇلۇپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى، بىر قىسىم ئادەملىرى تۆمۈرگە ئەگىشىپ ئۈرۈمچىگە كەلدى، ياڭ زېڭشىن ئۇلارنى چېگرىنى ئەمىن قىلىش ئاتلىق 3 ـ باتالىيونىغا ئۆزگەرتىپ، تۆمۈرنى باتالىيون كوماندىرلىقىغا تەيىنلىدى.

تۇرپان دېھقانلىرى لۈكچۈن ۋاڭى ئىمىننىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە زۇلۇمىغا چىدىماي، مۇھەممەدىنىنى يولباشچى قىلىپ سايلاپ قوزغىلاڭ كۆ-

تۇردى . ئۇلار قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ ، ئۆزئارا ياردەملىشىپ تۇراتتى . تۆمۈر ئالدام خالتىغا چۈشكەن چاغدا مۇھەددىنمۇ ئالدىنىپ ، ئەسكەرلىرىنى ئۈرۈمچىگە باشلاپ كېلىپ ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن ئۆزگەرتىپ تۈزۈلگەنىدى .

شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ، ياڭ زېڭشىن تۆمۈر بىلەن مۇھەددىن « قايتا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش پىلانىدا بولۇۋاتىدۇ » دېگەن باھانە بىلەن ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۇلارنىڭ گازارمىلىرىنى قورشىۋېلىپ ، تۆمۈرنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ سازايە قىلدى ، موھەددىننى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى ، ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىنى يېزىلارغا تارقىتىۋەتمەكچى بولۇپ ، شەرق تەرەپكە ئەسكەر بىلەن يالاپ ماڭدى . يول بويىغا پىستۇرما قويۇپ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلىدى . ئۇنىڭدىن كېيىن ، ياڭ زېڭشىن يەنە قۇمۇل بىلەن تۇرپانغا تېلېگراممىا ئارقىلىق بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ، قوزغىلاڭچى دېھقانلارنى ئاختۇرغۇزۇپ ، نۇرغۇن ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولدى .

1915 ـ يىل 12 ـ ئايدا ، يۈەن شىكەي ياپونىيە ، ئەنگلىيە ، ئامېرىكا قاتارلىق جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ قوللىشى بىلەن جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىدىكى ھاكىمىيەتنى بىكار قىلغانلىقىنى جاكارلىدى ، ئىككىنچى يىلى ئۇ يىلنامىنى « خۇڭشيەن »دەپ ئۆزگەرتىپ سېرىق تون كىيىپ پادىشاھ بولماقچى بولدى . ئۇ ئالدى بىلەن ياڭ زېڭشىنغا « 1 ـ دەرىجىلىك كىنەز » دېگەن مەرتىۋىنى بېرىپ ، ئۇنى « شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلار نازىرى ، قوشۇمچە سەييارە ئوردا ئەمەلدارى » قىلىپ تەيىنلىدى . بۇنىڭدىن قاتتىق خۇشال بولغان ياڭ زېڭشىن يۈەن شىكەيگە تېلېگراممىا يوللاپ ، چوڭقۇر مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە ئۇنىڭ تېزرەك تەختكە ئولتۇرۇشىنى ئارزۇ قىلدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي ياڭ زېڭشىننىڭ يۇرتى يۈەننەندە بىرىنچى بولۇپ يۈەن شىكەيگە قارشى ھەرىكەت قوزغالدى . پۈتۈن مەملىكەت بويىچە غا قىزغىنلىق بىلەن ئاۋاز قوشتى ، ياڭ زېڭشىن ھەدەپ تېلېگراممىا ئەۋەتىپ يۈەننەندىكى بۇ ھەرىكەتنى ئەيىبلەپ ، جاھىللىق بىلەن يۈەن شىكەي تەرەپتە تۇردى .

يۈەن شىكەيگە قارشى تۇرىدىغان ئىنقىلابچىلار يۈەننەنلىك ياڭ

يېڭى شىنجاڭغا ھەرىكەت قىلىشقا ئەۋەتتى. ياڭ يى توپچى قىسىم باتالىيون كوماندىرى لى يىن، تۇتۇق مەھكىمىسى ياساۋۇللار قىسمىنىڭ باتالىيون كوماندىرى شىيادىڭ، ساقچى نازارىتىنىڭ نازىرى لىيۇيىڭفۇ، كىيىم-كېچەك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى دۇگوجېن، كان ئىشلىرى دۇبەنى ۋۇمىڭكۇي قاتارلىق يۈننەنلىك ئەمەلدارلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش، يۈەن شىكەيگە قارشى تۇرۇش ئويىنى ياڭ زېڭشىنغا ئېيتىپ ئۇنى چېكىپ باقتى، بىراق ياڭ زېڭشىن دەرھال قارشى چىقتى. شۇڭا، يۈەن شىكەيگە قارشى ئىدىيىدىكى كىشىلەر يوشۇرۇن مۇزاكىرىلىشىپ، ئەگەر شىنجاڭدا ئۆلكە باشلىقى ئالماشتۇرۇلمىسا، يۈەن شىكەيگە قارشى تۇرۇش، جۇمھۇرىيەتنى ھىمايە قىلىش ھەرىكىتىگە ئاۋاز قوشقىلى بولمايدۇ، دەپ قاراشتى. بۇنىڭ ئىچىدە لى يىن بىلەن شىيادىڭنىڭ سۆزىنى مەخپىي رازۋېتچىك شىي ۋېنفۇ ئاڭلاپ قېلىپ، دەرھال يۈننەنلىكلەر بار سورۇندا ياڭ زېڭشىنغا يەتكۈزۈپ قويدى، ياڭ زېڭشىن شىي ۋېنفۇنى قاتتىق تىللاپ مەن بىلەن يۈننەنلىك يۇرتداشلىرىم ئارىسىدا يېرىكچىلىك تۇغدۇرماقچى بولدۇڭ، دەپ ئەيىبلىدى ۋە ئېتىپ ئۆلتۈردى. يېرىم ئايدىن كېيىن ئۇ چوڭ سورۇن تۈزۈپ، ھاراق ئۈچ ئايلانغاندىن كېيىن كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا لى يىن بىلەن شىيادىڭنى چېپىپ ئۆلتۈردى. ئارقىدىنلا ياڭ يېنى تۇتۇپ ئاتتى. قالغان يۇرتداشلىرىنى يۈننەنگە «ماڭغۇزۇپ» قۇمۇلنىڭ شەرقىدىكى جەزىرىدە ئۆلتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن ئۆزى ماقالە يېزىپ شىي ۋېنفۇنى خاتىرىلىدى.

شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئالدى-كەينىدە، روسىيىنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن ئېلىمىزنىڭ تاشقى موڭغۇل رايونىدىكى گېگەن جېبزۇندانبادا «مۇختارىيەت» ئېلان قىلدى. 1912-يىلى ئەتىيازدا، جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، قوبدۇ رايونى بىلەن ئالتاي رايونىنى مەركەز بىۋاستە باشقۇرىدىغان بولدى، ئۇزۇن ئۆتمەي تاشقى موڭغۇلنىڭ قورچاق ھۆكۈمىتى روسىيىنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن قوبدۇغا ھۇجۇم قىلىپ، تىغ ئۇچىنى ئالتايغا قاراتتى. بېيجىڭدىكى مەركىزىي ھۆكۈمەت موڭغۇلىيىنىڭ قورچاق ھۆكۈمىتىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئەسكەر

چىقىرىش توغرۇلۇق شىنجاڭغا بۇيرۇق چۈشۈردى. بىراق، ياردەم بېرى-
دىغان ئەسكەرلەر يىغىلىپ بولغۇچە قوبدۇ قولدىن كەتتى. ياڭ زېڭشىن
ئالتاينىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر چۈشەنگەچ-
كە، شىنجاڭنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، 1913 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئەڭ
خىل قوشۇنىنى چىقىرىپ، چاغانتوڭغۇت بىلەن يۇەنخۇنى قوغدىدى.
روسىيىنىڭ ئۇلاستايدىكى، قوبدۇدىكى، ئۈرۈمچىدىكى كونسۇللىرى ياڭ
زېڭشىنغا كەينى ـ كەينىدىن ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن بولسىمۇ، ياڭ
زېڭشىننىڭ ئالتاي رايونىنى قوغداش ئىرادىسىنى قىلچە تەۋرىتەلمىدى. 7 ـ
ئايدا، تاشقى موڭغۇل قورچاق ھاكىمىيىتىنىڭ قىسىملىرى چاغانتوڭغۇتقا
ئىككى قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ياردەمچى ئارمىيىسى تەرىپىدىن
چېكىندۈرۈلدى. يىل ئاخىرىدا، جۇڭخۇا مىنگونىڭ ئالتايدىكى باش ئە-
مەلدارى — تۇرغۇت قەبىلىسىنىڭ شاھزادىسى پالتا بىلەن تاشقى موڭغۇل
قورچاق ھاكىمىيىتىنىڭ خوجايىنى — روسىيىنىڭ ئالتايدا تۇ-
رۇشلۇق كونسۇلى بىلەن «جۇڭگو ـ روسىيە ئۇرۇش توختىتىش
كېلىشىمى» نى ئىمزالىدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا، بېيجىڭدىكى مەركىزىي
ھۆكۈمەت بىلەن روسىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش
ئەلچىسى «جۇڭگو ـ روسىيە باياناتى» ۋە «جۇڭگو ـ روسىيە باياناتى-
نىڭ باشقا ھۆججەتلىرى» نى ئىمزالىدى. ئۇنىڭدا: قوبدۇ تاشقى
موڭغۇلىيىگە قوشۇۋېتىلىدۇ، ئالتاي جۇڭگونىڭ زېمىنى بولىدۇ، ئىككى
تەرەپ بەلگىلىگەن چېگرىدىن ئۆتمەيدۇ، دەپ بەلگىلەندى. ياڭ زېڭشىن
قەتئىي قارشى تۇرۇش سىياسىتىنى قوللانغانلىقتىن، روسىيىنىڭ تاشقى
موڭغۇل قورچاق ھاكىمىيىدىن پايدىلىنىپ ئالتاي رايونىنى يۇتۇۋېلىش
سۇيىقەستى ئەمەلگە ئاشمىدى.

1918 ـ يىلى، ئالتاينىڭ باش ئەمەلدارى جاڭ چىڭتۇڭ شۇ يەردە
تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ ئۈچ ئايلىق تەمىناتىنى بەرمەي كېچىكتۈرۈپ، ئو-
فىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى. ۋەزىپىسىدىن
ئېلىپ تاشلانغان باش ئەمەلدار مەھكىمىسىنىڭ قوغدىغۇچى قىسىم لىيەن-
جاڭى فېڭ جىيەن ئوفىتسېر دۇخەيشۈن، موتىگىيەنلەر بىلەن بىرلىشىپ

ھەربىي ئۆزگىرىش قىلىپ، 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئامباردىكى قورال ـ ياراغ، ئوق دورىلارنى قولغا چۈشۈرۈپ، باش ئەمەلدار مەھكىمىسىنى قورشىۋېلىپ، جاڭ چىڭتۇەننى تۇتۇۋالدى. مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بىلەن تاشقى ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى، باش ئەمەلدار مەھكىمىسى خوجىلىق باشقارمىسىنىڭ باشلىقى يى يەنيۈننى زورلۇق بىلەن ئىش بېجىرگۈچى ئەمەلدار قىلدى، فېلىك جىرەن باش يېتەكچى، دۇخەيشۈن قوماندان، موتېڭيەن مەسلىھەتچى بولدى. ياڭ زېڭشىن بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال مەركىزىي ھۆكۈمەتكە تېلېگرامما يوللاپ، گەنسۇدىن شىنجاڭغا ئەمەلدار بولۇش ئۈچۈن كېلىۋاتقان جۇۋۇشۈنى ئالتاينىڭ مۇۋاققەت باش ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلەپ، مەخپىي ھالدا ئۇنى بىر ئاتلىق ئەسكەرلەر باتالىيونى، پىيادە ئەسكەرلەر باتالىيونى، بىر توپچى ئەسكەرلەر باتالىيونى بىلەن ئالتايغا يولغا سېلىپ بۇ ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلغۇزۇشنى سورىدى. 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، جۇۋۇشۈ باش ئەمەلدار مەھكىمىسىگە كېلىپ ئىشقا چۈشۈپ، ئادەم ئەۋەتىپ بىتەرەپ ھەربىي ئۆزگىرىش قىلغان قىسىملار، ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەردىن ياخشى سۆزلەر بىلەن ھال سورىدى، ئۇلارنىڭ تەمىناتىنى تولۇقلاپ بېرىشكە ۋەدە بەردى، شۇنىڭدىن كېيىن فېلىك جىددەن، دۇخەيشۈن، موتېڭيەنلەرنى مەسلىھەتلىشىمىز، دەپ باش ئەمەلدار مەھكىمىسىگە تەكلىپ قىلىپ قولغا ئالدى ھەم ئۇلارنى ئېتىپ ئۆلتۈردى، ئارقىدىنلا ئۇلارنىڭ بىر ئوچۇم شېرىكلىرىنى جازالاپ، ھەربىي ئۆزگىرىشنى تىنچىتتى، ياڭ زېڭشىن مەركەزنىڭ ئەمەلىي كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇپ، ئالتاي بىلەن شىنجاڭنى بىر ـ بىرىگە باغلىنىشلىق ــ دېگەن باھانە بىلەن ئالتاينى شىنجاڭغا تەۋە قىلىپ، ئالتايدا ۋىلايەت قۇرۇپ، جۇۋۇشۈنى دوتەيلىككە تەيىنلىدى.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، لېنىن باشچىلىقىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى ـ بولشېۋىكلار پارتىيىسى سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇردى. ئەنگلىيە، ئامېرىكا، ياپونىيە قاتارلىق 14 جاھانگىر

دۆلەت يېڭى سوۋېت ھاكىمىيىتىنى بۆشۈكىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن، ئاق بانىدىت كولچاك، دېنىكىن قاتارلىقلارنى قورال-ئوق، توپ-زەمبىرەك، كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتتى قولۇلدى. روسىيىنىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرۇۋاتقان كونسۇلى دىياكوۋ ياڭ زېڭشىنغا نوتا تاپشۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاق باندىتلارغا ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ئىزادىن روسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى مىشچېن بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، قەشقەر باش بۇغى مافۇشىڭنى جەنۇبىي شىنجاڭ ئىسلام دۆلىتى قۇرۇپ، ئەسكەر چىقىرىپ سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتتى. شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىمۇ سوۋېت ھاكىمىيىتى بىلەن دۈشمەنلەشتى. بۇنداق جىددىي سىياسىي ۋەزىيەتتە ياڭ زېڭشىن ئادەم ئەۋەتىپ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئەھۋالىنى مەخپىي تەكشۈرۈپ، روسىيىنىڭ يېڭى پارتىيىسى چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ، كونا پارتىيىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى مۇمكىن ئەمەس، دەپ قارىدى. ئۇ شىنجاڭنىڭ ئامانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى چىڭىتىشنى كۆزلەپ، شىمال مىلىتارىستلىرى ھۆكۈمىتىگە تۆپتىن ئوخشىمايدىغان پوزىتسىيە تۇتتى: «روسىيىنىڭ كونا پارتىيىسى بىلەن يېڭى پارتىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتا قايسىسىنىڭ يېڭىشىدىن قەتئىينەزەر، بىز ئارىلاشماسلىق، بىتەرەپ مەيداندا تۇرىمىز» دېدى. ياڭ زېڭشىن روسىيە كونسۇلىنىڭ شىنجاڭ ئەسكەر چىقىرىپ ئاق باندىتلارغا ياردەم بەرسە — دېگەن تەلىپىنى رەت قىلىپ، ئەنگلىيە ۋە روسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى بىلەن مافۇشىڭنىڭ ھەرىكەتلىرىنى قاتتىق نارازەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە چېگرىدىكى ئەمەلدارلاردىن پەخەس بولۇشنى، قاراملىق بىلەن ھەرىكەت ئېلىپ بارماسلىقنى تاپىلىدى.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئاق باندىتلار قىزىل ئارمىيە تەرىپىدىن يوقىتىلدى، ئۇلارنىڭ قالدۇق قىسىملىرى شىنجاڭغا تۈركۈملەپ قېچىپ كىرىپ، چېگرا رايوندا قالايمىقانچىلىق تۇغدۇردى، بۇزغۇنچىلىق قىلدى. ھەمدە روسىيىنىڭ شىنجاڭدىكى كونسۇللىرى بىلەن بىرلىشىپ، سوۋېت

ھاكىمىيىتى بىلەن دۈشمەنلەشتى. بۇ باندىتلار سان جەھەتتىن كۆپ، قوراللىرى خىل، ئۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، شىنجاڭنىڭ بىخەتەرلىكىگە غايەت زور تەھدىت سالاتتى. شۇڭا، ئۇلارنى تازىلاش زۆرۈر ئىدى. ئەمما، شىنجاڭنىڭ ئەسكىرىي كۈچى ئاجىز، قوراللىرى ناچار، مەشىقى كامچىل ئىدى. ئەگەر ئۇلار ئاق باندىتلار بىلەن ئومۇمييۈزلۈك تۇتۇشۇپ قالىدىغان بولسا، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ياڭ زېڭشىن ئەھۋالنىڭ جىددىيلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى، ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق مەنسەپ تۇتۇش تەجرىبىسىدىن پايدىلىنىپ، ئاق باندىتلارنىڭ ئەھۋالى ۋە روھىي ھالىتىنى تەھلىل قىلىپ، ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئوبدان چارىسىنى تۈزۈپ چىقتى: ئاۋۋال ئۇلارنىڭ خەلقئارا قانۇنغا ئەمەل قىلىپ قورال تاپشۇرۇشىنى تەلەپ قىلىپ، ئۇلارنى قالايمىقانچىلىق چىقىرىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلىش، ئاندىن كېيىن مۇۋاپىق ئولتۇراقلاشتۇرۇش ياكى دۆلىتىگە قايتۇرۇش، كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمىكىگە، بىخەتەرلىكىگە كاپالەت قىلىش.

1920-يىلى 2-ئايدا، باچىش باشچىلىقىدىكى 12 مىڭ باندىت چۆچەككە قېچىپ كىردى. ياڭ زېڭشىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن قابىلىيەتلىك سەركەردە جاڭ جيەننى تېزلىكتە ئەسكەرلەر بىلەن بىللە چۆچەككە ماڭغۇزدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا ئاشلىق، يېقىلغۇ، ئوتۇن-سامان قاتارلىق قۇتقۇزۇش ئەشيالىرىنى يەتكۈزۈپ بەردى، ئاندىن كېيىن ئاق باندىتلارغا قورال ۋە ئۇرۇش ئاتلىرىڭلارنى تاپشۇرۇپ بېرىڭلار — دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، يېتەرلىك قۇتقۇزۇش ئەشيالىرى تارقىتىپ بەردى ۋە ئۇلارغا مۇۋاپىق ئولتۇراقلاشتۇرۇش توغرۇلۇق ۋەدە بەردى. چېگرىغا كىرگەن باندىتلارغا جان بېقىش مۇھىم ئىدى، ئۇلار ھەممىنى بەجا كەلتۈردى، شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇلار دۆربىلجىن يايلاقلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

1920-يىل 2 — 5-ئايلاردا چار پادىشاھنىڭ كۈيئوغلى ئالېنكوف بىلەن ئوفىتسېر دۇتوۋ باشچىلىقىدىكى بەش مىڭدىن ئارتۇق ئاق باندىت ئىلىغا قېچىپ كىرىپ، ئۈزلۈكسىز بۇلاڭچىلىق قىلدى. ياڭ زېڭ-

شىـن ئادەم ئەۋەتـىپ ئالېنكوفقا خىزمەت ئىشلەپ ، ئۇنىڭدىن قىسملىرىنى چېكىنىپ تۇتۇشنى ، قورال تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى . شۇنىڭ بىلەن بىنرۋا-قىتتىـا ، ئىلى ھاكىمى ياڭ فېيشياغا ئۇلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشنى تاپىـلىـدى . ئەكسىيەتچى ھېيلىگەر ئالېنكوف قورالىنىڭ كۆپ قىسمىنى چېگرىغا يوشۇرۇپ قويۇپ ، ئاز بىر قىسمىنى ئىلى دائىرىلىرىگە تاپشۇرۇپ بەردى . ئۇنىـڭ قول ئاستىدىكىلەر بورتالاغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى . ئالېنكوف بىلەن دۇتوۋ سوۋېت ھاكىمىيىتىگە داۋاملىق قارشى تۇرۇش سۇيىقەستىنى پىلانلاش تـوغـرۇلـۇق روسـىيە كونسۇلى بىلەن مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن ئىلىدا قالدى .

سـوۋېـت ھۆكـۇمـىـتـى شىنجاڭغا قېچىپ كىرگەن ئاق باندىتلارغا قـاتـتـىـق دىـقـقـەت نەزەرى بىلەن قارىدى ، شىنجاڭغا دىپلوماتىيە ۋەكىلى ئەۋەتـىـپ ، روسـىـيـىنىڭ ئىلىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى رۇبا بىلەن ئاق باندىتلارنى چېگرىدىن ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى . ياڭ زېڭشىنمۇ بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشتا ناھايىتى ئېھتىياتچان بولدى ، كۆپ قېتىم ئادەم ئەۋەتـىـپ سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقىلىشىپ ، رۇبانىڭ خەلقئارا قائىدە بـويـىـچە بېيجىڭغا يالاپ كېتىلگەنلىكىنى چۈشەندۈردى . شىنجاڭغا قېچىپ كـىـرگـەن ئاق بـانـدىـتلارنىڭ ھەممىسى قورالسىزلاندۇرۇلغاچقا ، سوۋېت ھاكـىـمـىيىتىنىڭ ئۇلارنى كەچۈرۈم قىلىشنى ئۈمىد قىلدى . شىنجاڭ دائىـرىـلـىرى ئۇلارنى يۇرتىغا قايتىشقا ھەرىكەتلەندۈردى . شۇ يىلى 5 ـ ئايدا ، تـاشـكـەنت سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى دۆلەتنىڭ ئاق باندىتلارنى كەچۈرۈم قـىـلـىش توغرىسىدىكى ھۆججىتىنى ئىلىغا يەتكۈزۈپ بەردى ، بىر سـەپـەرۋەر قىلىش بىلەنلا ئىلى ۋە چۆچەكتىكى يەتتە مىڭدىن ئارتۇق ئاق باندىت دۆلىتىگە قايتتى .

1920 ـ يـىـل 2 ـ ئايدا ، ئاق بـانـدىـتلارنـىـڭ ئوتـتـۇرا ئاسـىيادا قـۇراشـتـۇرغـان « پەرغانە ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى » قىزىل ئارمىيە تەرىپىدىن بـىـتـچـىـت قىلىندى ، گېنېرال مۇقانوف باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم قوشۇن قـەشقەر چېگرىسىغا چېكىندى ، ئەنگلىيىنىڭ ۋە روسىيىنىڭ قەشقەردە تۇ-رۇشـلـۇق كونسۇللىرى قەشقەر دائىرىلىرىنىڭ بۇ قىسمغا ئاشلىق ۋە قورال-

ياراغ، ئوق ـ دورا ياردەم بېرىشنى ياكى ئۆلارنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈپ جان ساقلىشىغا رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى، ئۇلارنىڭ بۇ تەلىپى دەرھال ياڭ زېڭشىننىڭ قەتئىي رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى. 3 ـ ئايدا، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى مۇقانوفنىڭ تاشقورغان ئارقىلىق ھىندىستانغا قېچىپ كېتىشىگە يول قويۇشنى تەلەپ قىلدى، ياڭ زېڭشىن بۇنىڭغىمۇ ماقۇل بولمىدى. قەشقەر چېگرىسىدىكى جۇڭگو ئەسكەرلىرى چېگرىنى چىڭ ساقلاپ، قاتتىق پەخەس بولۇپ تۇرغاچقا، بۇ باندىتلار جەنۇبىي شىنجاڭغا قېچىپ كىرىشكە پېتىنالمىدى.

9 ـ ئايدا، ياڭ زېڭشىن ئەكسىيەتچىل ئالېنكوفنىڭ ئىلىدا چاتاق چىقىرىشىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن، ئۇنى ئەسكەرلىرى بىلەن ئۈرۈمچىگە چاقىرىتتى ھەمدە ئۇلارنى ئىچكىرى ئۆلكىلەر ئارقىلىق دۆلىتىگە ئەۋەتىۋېتىشكە ماقۇل بولدى. ئالېنكوف ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئاشلىق، مال ئاش ئېلىپ تۇرۇپ يەنە روسىيىلىك سودىگەرلەر تىجارەت قىلىۋاتقان دۇكانلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلغىلى تۇردى، ھەتتا ئۈرۈمچىدە ئوت قويۇپ بۇلاڭچىلىق قىلماقچى، دەپ داۋراڭ سالدى. ياڭ زېڭشىن بىر تەرەپتىن ئۈرۈمچىدىكى ھەربىي كۈچنى كۈچەيتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئالېنكوفقا ئۈرۈمچىدە ئاشلىق كەمچىل، كۈچۈڭگىغا بېرىڭ، ئۇ يەردە ئاشلىق كۆپ، دېدۇ. ئالېنكوف ئۈرۈمچىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ كۆپەيگەنلىكىنى، يەنە ئىچكىرىدىن نۇرغۇن ئوق ـ دورا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ، بۇ يەردە ئىش تېرىشقا پېتىنالمىدى. ئۇ يەنە ئاق باندىتلار گېنېرالى شېمنوف تاشقى موڭغۇلغا كىرىپ ئۇلانباتۇرنى ئىگىلەپتۇ، ياپونىيە جاھانگىرلىكىنىڭ قوللىشى ئارقىلىق، سىبىرىيىگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىق قىلىۋېتىپتۇ — دەپ ئاڭلاپ، گۇچۇڭنىڭ تاشقى موڭغۇلغا يېقىن ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، شۇ يەردىن تاشقى موڭغۇلىيىگە قېچىپ كەتمەكچى بولۇپ، ئۆزىنى شېمنوفنىڭ قوينىغا ئېتىش ئۈچۈن، ئادەملىرىنى دەرھال گۇچۇڭغا باشلاپ كەتتى ۋە شەھەرنىڭ شەرقىدىكى گازارمىغا ئورۇنلاشتى، چېگرىدا كۆمۈپ قويۇلغان بارلىق قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورىلارنى ئەكەلدۈرۈپ، ئىلىدىكى دۇتوۋ بىلەن ئالاقە باغلاپ توپلاڭ كۆتۈرۈپ ئالتاينى ئىگىلەپ،

تاشقى موڭغۇلدىكى ئاق باندىتلار بىلەن بىرلىشىپ سوۋېت ھاكىمىيىتىگە
قارشى تۇرماقچى بولدى. ياڭ زېڭشىن بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن،
ئالېنكوفنى قورال تاپشۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئالېنكوف ھەرىكەت قىلىشقا تەي-
يارلىق قىلىپ قول ئاستىدىكى جۇڭگولۇق مۇھاجىر ئىشپىيون چى
خەيشەننى شەھەرگە كىرىپ ھەربىي ئاخبارات ئىگىلەشكە ئەۋەتكەندە، بۇ
ئىشپىيون يەرلىك دائىرىلەر تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىندى. ئالېنكوف ئادەمنى
بېرىڭلار دەپ كەلگەندە، يەرلىك دائىرىلەر قەتئىيلىك بىلەن: چى خەي-
شەن جۇڭگولۇق، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۇنى تەكشۈرۈپ جازالاشقا
ھوقۇقلۇق، دەپ جاۋاب بەردى. 1921 - يىل 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ئا-
لېنكوف قوشۇن باشلاپ كېلىپ گۇچۇڭنىڭ ناھىيە بازىرىغا تۇيۇقسىز
ھۇجۇم قىلغان، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قىسىم ئالدىن تەييارلىق قىلىپ قوي-
غاچقا، ئۇلار شىددەتلىك قارشىلىققا ئۇچراپ شەھەرنى ئالالمىغان، ياڭ
زېڭشىن ئالېنكوفقا ئوخشاش جاھىل ئۇنسۇرلارنى يوقىتىشقا قەتئىي بەل
باغلاپ، نۇرغۇن ئەسكەرلەرنى يىغىپ، ئالېنكوفنىڭ قىسىملىرىنى تەرەپ -
تەرەپتىن قورشىۋالغان ھەمدە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، يوللارنى
قاتتىق قامال قىلىپ، ئۇلارنىڭ قېچىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئاخىر
ئۇنى قورال تاپشۇرۇشقا، تەكشۈرۈش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشنى قوبۇل
قىلىشقا مەجبۇر قىلغان. ئۇ يەنە ئادەم ئەۋەتىپ ئالېنكوفنىڭ ئەسكەرلىرىنى
تۈركۈمگە بۆلۈپ تەكشۈرگەن ۋە ئېنىقلىغان، ئاندىن يالاپ چېگرىغا قاي-
تۇرغان. ئالېنكوفنى ئۈرۈمچىگە ئەكىلىپ نەزەربەند قىلغان. شىنجاڭ
تىنچلانغاندىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن ئالېنكوفنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆت-
كۈزۈپ بەرگەن، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئامما ئارىسىدا ئوچۇق سوت
قىلىنىپ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. ئالېنكوف توپىلاڭ چىقارغان
مەزگىلدە، 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى دۇتوۋ قالدۇق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ
كۆرەدە توپىلاڭ چىقىرىپ، پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىگە ئوت قويۇپ، مال -
مۈلكىنى بۇلىغان. بۇرۇنلا ياڭ زېڭشىننىڭ بۇيرۇقىنى ئالغان ئىلىنىڭ
ھاكىمى ياڭ فېيشىيا قاتتىق مۇداپىئەلىنىپ، شۇ جايدا تۇرۇشلۇق قىسىمنى
ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ بۇ باندىتلارنى قورشاپ، تېزلىكتە يوقاتقان.

1920 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، نوۋىكوف باشچىلىقىدىكى 2000 دىن ئارتۇق ئاق باندىت جۇڭگو چېگرا ئارمىيىسىنىڭ توسۇشىغا قارىماي، دۆربىلجىنگە قوراللىق باستۇرۇپ كىرىپ، شۇ يەردىكى باچىش باشچىلىقىدىكى ئاق باندىتلار بىلەن بىرلىشىۋالغان. سوۋېت ئارمىيىسى شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىگە كىرىپ باندىت تازىلاشنى تەلەپ قىلىپ، ياڭ زېڭشىننىڭ ماقۇللۇقىغا ئېرىشكەن. 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، قىزىل ئارمىيە ئاتلىق قىسىملىرى چۆچەككە كىرگەن. ئاي ئاخىرىدا، قىزىل ئارمىيە دۆربىلجىندىكى ئاق باندىتلارغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلغان، باچىش، نوۋىكوفلار قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ، قوبۇقسارغا كىرىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ، ئالتايغا ھۇجۇم قىلغان. دوتەي جۇۋۇشۆ قورال ـ ياراغلىرى خىل ئاق باندىتلارغا تەڭ كېلەلمەي، ياڭ زېڭشىنغا جاۋاب قايتۇرالمايدىغان بولدۇم، دەپ ئۆلۈۋالغان. ئاق باندىتلار ئالتاينىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئوت قويۇپ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ، بۇلاڭچىلىق قىلىپ، ھەرمىللەت خەلقىگە ئېغىر بالايىئاپەت كەلتۈرگەن. شۇ يىلى 7 ـ ئايدا، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى تاشقى موڭغۇلنىڭ ئۇلانباتۇر دېگەن يېرىنى ئىشغال قىلىۋالغان ئاق باندىتلارنى يوقاتتى. 8 ـ ئايدا، ياڭ زېڭشىن دېپلوماتىك ۋەكىلى ئەۋەتىپ سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن مۇنداق كېلىشتى: قىزىل ئارمىيە زايساندىن جەنۇبقا چۈشىدۇ، جۇڭگو ئارمىيىسى ئالتاينىڭ جەنۇبىنى تورايدۇ، شۇنداق قىلىپ بۇ بىر تۈركۈم ئاق باندىتلار ئۈزۈل ـ كېسىل يوقىتىلىدۇ. 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، 4000 كىشىلىكتىن ئارتۇق سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىرىپ ئاقلارغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، 500 دىن ئارتۇق باندىتنى ئۆلتۈردى ۋە يارىدار قىلدى، ئۇلارنىڭ ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى ئەسىرگە ئالدى. جۇڭگو ئارمىيىسى ئالتاينىڭ جەنۇبىنى قاتتىق ساقلىدى، باچىش بىلەن نوۋىكوف ئاز بىر قىسىملا قالدۇق ئاق باندىتنى باشلاپ ئالتاي تېغىدىن ئۆتۈپ، تاشقى موڭغۇلغا قېچىپ كەتتى. ئىككى يىللىق قوبۇل قىلىش ۋە تازىلاش ئارقىلىق، ياڭ زېڭشىن ئاخىر شىنجاڭغا ئېقىپ كىرگەن ئاق باندىتلارنى تولۇق يوقاتتى.

بۇ مەزگىلگە كەلگەندە، ياڭ زېڭشىن بارلىق دۈشمەن كۈچلەرنى ياكى ئۆزىگە خەۋپ كەلتۈرىدىغان ھەرقانداق سىياسى ھەربىي كۈچلەرنى يوقىتىپ، ئۆزىنىڭ فېئودال ھاكىمىيەتلىك تۈزۈمىدىكى مىلىتارىستلىق ھاكىمىيىتى مۇقىملىشىشقا قاراپ يۈزلەندى.

## §2 . ياڭ زېڭشىننىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى

1917 ـ يىلى، روسىيىدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلاپ دۇنيا بويىچە پرولېتارىيات دىكتاتورىلىقىدىكى تۇنجى دۆلەت قۇرۇلدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ زەمبىرەك ئاۋازى جۇڭگوغا ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى ئېلىپ كەلدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، 1919 ـ يىلى مەملىكىتىمىزدە «4 ـ ماي ھەرىكىتى» يۈز بەردى، بۇنىڭ بىلەن جۇڭگو ئىنقىلابى يېڭىچە دېموكراتىيە باسقۇچىغا قەدەم قويدى. 1921 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دۇنياغا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن، جۇڭگو خەلق ئىنقىلابى قۇدرەتلىك رەھبەرلىك يادروسىغا ئىگە بولدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ۋە جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ شىنجاڭغا تەسىر كۆرسىتىشى تەبىئىي ئىدى. ئۆزىگە ئەمەلىي ئاساس تىكلىگەن فېئودال مىلىتارىست ياڭ زېڭشىن ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدىن ۋە ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ تارقىلىشىدىن قاتتىق تەشۋىشلىنەتتى. ئۇ ئۇچۇرنى قامال قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭدا بېكىنمىچىلىك سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، چەت ئەللىكلەرنىڭ ۋە ئىچكى ئۆلكىدىكىلەرنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قاتتىق مەنئى قىلدى، چەت ئەللەرنىڭ ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ھەرقانداق كىتاب ـ گېزىتلىرىنىڭ شىنجاڭدا تارقىتىلىشىغا رۇخسەت قىلمىدى. خەلق ئارىسىدىكى پوچتا ـ تېلېگراف ئالاقىسىنىمۇ قاتتىق تەكشۈردى. ئۇ يەنە پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە: ئىلغار ئىدىيىلەرنى تەشۋىق قىلغان، ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى تارقاتقان «رادىكال» كىشىلەرنىڭ ھەرقاندىقى سىزىلىپلا قالسا ھەربىي سوتقا تارتىلىپ دەرھال ئېتىلىدۇ، دەپ ئومۇمىي پەرمان چىقاردى. ئۇ يەنە نۇرغۇن پايلاقچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، خەلق ئارىسىدىكى ئەھۋاللارنى رازۋېتكا

قىلدۇردى. ئۇزاقتىن بۇيان ئۇرۇمچىدە ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن كاتولىك پوپى شى بودىڭ: «ياڭ جياڭجۇن قومۇلدا بىر چۇسا ياللۇغلىنىپ قالسىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ» دەيدۇ. بۇ گەرچە بىر مەسخىرە بولسىمۇ، لېكىن ياڭ زېڭشىننىڭ شىنجاڭنى سىياسىي جەھەتتىن نەقەدەر قاتتىق كونترول قىلغانلىقىنى ئوبرازلىق هالدا چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ شۇ ۋاقىتلاردا خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتىنى كەڭ تۈردە يولغا قويۇپ، يېڭىچە مەكتەپ ئاچمىدى، خەلقنى خۇسۇسىي مەكتەپ ئېچىپ كوگزى، مىڭزىلارنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇشقا قويدى؛ ئۇيغۇر، قازاق ۋە خۇيزۇلارنىڭ بالىلىرىنى مەسچىتلەرگە بېرىپ ئاخۇنلاردىن قۇرئان ئۆگىنىشكە قويدى. ئۇ شىنجاڭدىكى هەرمىللەت خەلقىنى نادان، هېچنېمىنى بىلمەس مۆمىن پۇقرا قىلىشنى ئويلايتتى. ئۇ ۋاقىتتا، جۇڭگودىكى كەڭ ئەمگەكچى خەلق بىلەن فېئودال هۆكۈمرانلار سىنىپى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىنتايىن كەسكىنلەشكەنىدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە مەملىكەت بويىچە چوڭ ئىنقىلاب هازىرلانماقتا ئىدى. فېئودال مىلىتارىست كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى باش ۋەكىلى بولغان ياڭ زېڭشىن هەم تارىخ سەھنىسىدىن چۈشۈشنى خالىمايتتى، هەم جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېقىمىغا ماسلىشىشنى خالىمايتتى، ئۇنىڭ بىردىنبىر ئۈمىد قىلىدىغىنى قالاق، مۇتەئەسسىپ لاۋزى، جۇاڭ زىنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى ئارقىلىق ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى ياراشتۇرۇپ، شۇ ۋاقىتتىكى ئەهۋالنى ساقلاپ قېلىپ، ئاخىرلاشقان ئۆمرىنى ئۇزارتىشقا تىرىشىش ئىدى.

ياڭ زېڭشىن «ئۆز ئېقىشىغا قويۇۋېتىپ ئىدارە قىلىش» ئارقىلىق، شىنجاڭنى دۇنيادىن ئايرىلغان «گۈزەل شاپتۇللۇق باغ» قا ئايلاندۇرماقچى بولدى. شۇڭا ئۇ «ياۋاش بولۇش»، «...ش تىرىماسلىق»، «قانائەتچان بولۇش» نى كۈچىنىڭ بارىچە تەشەببۇس قىلدى. «ياۋاش بولۇش» دېگىنى زوراۋانلىق قىلىپ باشقا مىلىتارىستلارغا چېقىلىپ قويۇپ ئۆزئارا ئۇرۇشۇشتا باشقىلارغا يەم بولۇپ كەتمەسلىك لازىم دېگەنلىك ئىدى. ئۇنىڭ: «دورىمايمەن مۇشتومزورلۇقنى ئەسلا، ئارىلاشمايمەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ماجىراغا» دېگەن

ھېكمەتلىك سۆزى بار ئىدى. ئۇنىڭ مەنىسى: «مەن ئەمىنىيە دەۋرىدىكى بەش ھۆكۈمراندىن، يىغىلىق دەۋرىدىكى يەتتە كۈچلۈك پادىشاھتىن بولمايمەن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مىلتارىستلارنىڭ ئۇرۇشىغىمۇ ئارىلاشمايمەن» دېگەنلىك ئىدى. شۇڭا، ئۇ بېكىنمىچىلىك قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەسكەر قىسقارتتى. ئاشۇنداق چوڭ شىنجاڭدا ياڭ زېڭشىنغا بىۋاسىتە قاراشلىق بىر دىۋىزىيىلا قوشۇن بار ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى قېرى، ئاجىز، ئاقساق ـ چولاقلار ئىدى. مەشىقمۇ قىلدۇرۇلمايتتى. ئۇ شۇ ئارقىلىق نۇرغۇن ھەربىي خىراجەتنى تېجەپ قالدى. قوشۇنمۇ ئۇنىڭغا قارشى چىقالمايتتى، شۇڭا ئۇ بۇنىڭدىن خېلى رازى ئىدى. «ئىش تېرىماسلىق» دېگىنى، ئاز قۇرۇلۇش قىلىش، ئاز ئۇرۇش قىلىش دېگەنلىك ئىدى. ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، مەكتەپ ئېچىلمىدى، ئورگان كۆپەيتىلمىدى، يامۇل سېلىنمىدى، ئەمەلدار كۆپەيتىلمىدى. ئامالىنىڭ بارىچە ھەربىي كۈچ ئىشلىتىلمىدى. بۇنداق بولغاندا، مالىيە چىقىمىنى ئازايتقىلى، ئاھالىنىڭ پاراكەندىچىلىكتە قېلىشىدىن ساقلىنىپ قالغىلى، نۇرغۇن زىددىيەتلەرنى ئازايتقىلى بولاتتى. «قانائەتچان بولۇش» دېگىنى، شۈكۈر قىلىش، نەپسانىيەتچىلىك قىلماسلىق، دېگەنلىك ئىدى. ياڭ زېڭشىن فېئودال ئەمەلدارلار بىلەن ئەمگەكچى خەلق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى پەسەيتىش ئۈچۈن، قول ئاستىدىكىلەرگە پۇقرالارنى ھەددىدىن زىيادە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلماڭلار ۋە ئەزمەڭلار، لايىقىدا ئىش قىلىڭلار. قىرالار تاقەت قىلىپ تۇرالماي، ئىسيان كۆتۈرىدۇ دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ تۇراتتى، ئۆزى «توقال خوتۇن ئالماي، خىيانەتچىلىك ـ پارىخورلۇق قىلماي، گۆھەر توپلىماي» قول ئاستىدىكىلەرگە ئۈلگە بولۇشقا تىرىشقانىدى.

ياڭ زېڭشىن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى فېئودال ۋاڭ ـ گۇڭلارنى، قەبىلە باشلىقلىرىنى، دىنىي زاتلارنى، باي سودىگەرلەر ۋە چوڭ پومېشچىكلارنى كۈچىنىڭ بارىچە ئۆزىگە تارتىش ۋە ئۇلارغا تايىنىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. ئۇ ئىلىدىكى باي سودىگەر ھۈسەنباي ۋە ياقۇپلار بىلەن دوست بولدى، ئاتۇشلۇق چوڭ پومېشچىك ياقۇپنى دۆلەت كېڭە-

شىنىڭ ئەزاسى قىلدى، قەشقەرلىك باي سودىگەر روزىنى ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ ئەزاسى قىلدى. قارا شەھەردىكى تۇرغۇت قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى بايان مۆڭكۈخاننى موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى، خوشۇت قەبىلىسىنىڭ ئىنانچىخاننى ئاتلىق باتالىيوننىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى، ئالتايدىكى ئورانقاي قەبىلىسىنىڭ موڭغۇل بېگى تەيىپىڭنى ئاتلىق باتالىيوننىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. قازاقلارنىڭ ئىنانچىخانى ئەلەننى، ئەلنى تىنچلاندۇرغۇچى بەگ مەمىلىنى مەنسەپكە تەيىنلەپ، ئۇلارنىڭمۇ ھەربىرىگە بىر باتالىيون ئاتلىق ئەسكەر بەردى. ياڭ زېڭشىن بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئاكتىپلىق بىلەن قوغدىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ ئازسانلىق مىللەت خەلقىنى ھەددىدىن ئارتۇق ئېزىشىنى چەكلەيتتى. ياڭ زېڭشىن بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھىمايىسى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى. 1919 ـ يىلى، شىمال مىلتارىستلىرى ھۆكۈمىتى ياڭ زېڭشىندىن قاتتىق نارازى بولۇپ، شىنجاڭغا ئەسكەر يۆتكەپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى قارار قىلدى ھەمدە فېڭ يۈيشياڭنىڭ قىسمىنى غەربكە يۆتكەپ ئۇنى قىستىدى. شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت ۋاڭ، گۇڭلىرى، قەبىلە باشلىقلىرى ۋە دىنىي زاتلار بىرلىشىپ مەركەزگە تېلېگرامما يوللاپ ئۇلارنى توستى. تېلېگراممىدىكى سۆزلەر ئىنتايىن قاتتىق ئىدى، فېڭ يۈيشياڭ قىسمى قورقۇپ ئامالسىز توختاپ قالدى. 1922 ـ يىلى، شىمالىي مىلتارىستلىرى ھۆكۈمىتى ياڭ زېڭشىننى ئىچكىرىگە يۆتكەپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، شىنجاڭدىكى ۋاڭ، گۇڭ، قەبىلە باشلىقلىرى ۋە دىنىي زاتلار يەنە بىرلىشىپ مەركەزگە تېلېگرامما يوللاپ، ياڭ زېڭشىننىڭ «تۆھپىسى» نى مەدھىيىلەپ، ئۇنى مەڭگۈ شىنجاڭدا قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ ۋاقىتتا، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى فېئوداللىق زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە قاتتىق ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما، بۇرۇنقى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكىگە قارىغاندا بىرقەدەر ياخشى تۇرمۇش كەچۈرگەن، جەمئىيەت بىرقەدەر مۇقىم ھالەتتە تۇرغانىدى.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنىڭ قوشنىسى

بولغان سوۋېت هاكىمىيىتىگە ئىنتايىن دىققەت قىلدى . دەسلەپتە ئۇ بول‑شېۋىكلارنى « رادىكاللار » دەپ ئاتىدى ، روسىيىگە ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ، بولشېۋىكلارنى « يېڭى پار‑تىيە » دەپ ئاتايدىغان بولدى ھەمدە ئاقلار ئارمىيىسى بىلەن بولغان كۈرەشتە « يېڭى پارتىيە چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ » دەپ قارىدى . 1920 ـ يىلى باھاردا ، تاشكەنت سوۋېت ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا ۋەكىل ئەۋەتىپ ، شىنجاڭ دائىرىلىرىگە ئىككى تەرەپنىڭ سودا مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەل‑تۈرۈش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى ، ياڭ زېڭشىن بۇنىڭغا قوشۇلدى ھەمدە 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ، ئىككى تەرەپ « جۇڭگو ـ روسىيە ئىلى ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى » نى ئىمزالىدى . 1924 ـ يىل 6 ـ ئايدا ، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپى بويىچە ياڭ زېڭشىن ئىككى تەرەپنىڭ كونسۇلخانىنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىش ، سودىنى كېڭەيتىش توغرىسىدىكى رەسمىي كېلىشىمنى تەستىقلىدى . سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دىپلوماتىيە مەسىلىسىدە ياڭ زېڭشىن ناھايىتى ئېھتىياتچان بولدى . چوڭ ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە ئۇ بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا چىقىپ ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلى بىلەن توغرىدىن ـ توغرا بېرىش ـ كېلىش قىلىپ تۇردى . 1923 ـ يىلى ، ئۇ يەنە رۇس تىلى سىياسىي ـ قانۇن مەكتىپى قۇرۇپ ، رۇس تىلىغا پىششىق خادىملارنى تەربىيىلىدى .

ئىلغار ئىجتىمائىي دولقۇن بىلەن ياڭ زېڭشىننىڭ قالاق ۋە مۇتەئەسسىپ ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلى ئوت بىلەن سۇدەك چىقىشالمايتتى . ئۇنىڭ مول ھۆكۈمرانلىق تەجرىبىسىمۇ ، كازراپلىق سەنئىتىمۇ ئۇنىڭ چوقۇم ھالاك بولىدىغانلىق تەقدىرىنى قۇتقۇزۇپ قالالمايتتى . 1928 ـ يىلى يازدا ، بىر مەيدان شىددەتلىك سىياسىي ئۆزگىرىش ئاخىر يۈز بەردى . ياڭ زېڭشىن قۇرغان رۇس تىلى سىياسىي ـ قانۇن مەكتىپىدە ئىلغار ئىدى‑يىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بىر تۈركۈم ياشلار توپلانغانىدى ، ئۇلار ياڭ زېڭشىننىڭ بېكىنمىچىلىكىگە ، خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياستىگە ، فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈشىگە ئىنتايىن نارازى ئىدى . ئۇلار ياڭ زېڭشىننىڭ شىنجاڭدا 17 يىل ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈپ چوڭقۇر يىلتىز

تارتىپ كەتكەنلىكىنى، ئەگەر ئۇ ئۆلمىسە شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىدا ئازراقمۇ ئۆزگىرىش بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. بۇ بىر توپ ئىلغار ياشلار دىپلوما-تىيە مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى يەن ياۋنەننىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ، ياڭ زېڭشىنغا قارشى كىچىك يوشۇرۇن كۇچكە ئايلاندى.

1923 - يىل 6 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەملى-كەتلىك 3 - قۇرۇلتىيىنى چاقىرىپ، سۇن جۇڭشەن ئەپەندى رەھبەرلىكىدىكى گومىنداڭ پارتىيىسى بىلەن بىرلىك سەپ ئورنىتىش مە-سىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، سۇن جۇڭشەن ئەپەندى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياردىمىدە روسىيە بىلەن بىرلىشىپ، كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىپ، دېھقان - ئىشچىلارغا يار - يۆلەك بولۇشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1926 - يىل 7 - ئايدا، جاھانگىرلىكنى يوقىتىش، مىلىتارىستلارنى يوقىتىش، فېئودال كۈچلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاش شوئارى ئاستىدا، شىمالغا يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشى باشلاندى. شىمالغا يۈرۈش ئارمىيىسى ھە دېگەندىلا غەلىبە قازىنىپ، توسالغۇسىز ئىلگىرىلەپ مىلىتارىست ۋۇ پېيفۇ بىلەن سۇن چۇەنفاڭنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، 1927 - يىل 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى نەنجىڭنى ئىشغال قىلدى. 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، جاڭ جيېشى ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلىپ سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە ئىشچى - دېھقانلار ئاممىسىنى قىرىپ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ نەنجىڭ ھۆكۈمى-تىنى قۇردى. 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، شىمالغا يۈرۈش ئارمىيىسى شەندۇڭغا، خېنەنگە ئىچكىرىلەپ كىردى، شىمال مىلىتارىستى جاڭ زولىن بېيجىڭدىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى، ياپون جاھانگىرلىكى جاڭ زولىننى شەنخەيگۇەننىڭ سىرتىدىكى خۇاڭگۇ كەنتىدە پارتلىتىپ ئۆلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن شىمال مىلىتارىستلىرى ئۆزۈل - كېسىل ئاغدۇ-رۇپ تاشلاندى.

شىمالغا يۈرۈش ئۇرۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز غەلىبە قىلىشى، ياڭ زېڭشىنغا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق بىناسىنىڭ قىيسايغانلىقىنى ھېس قىل-دۇردى. بۇ فېئودال مىلىتارىست ئۆزىنىڭ تەقدىرىنىڭمۇ ۋۇپېيفۇ، جاڭ

زولىنىڭكىگە ئوخشاش بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى . ئۇ غەمگە چۆمۈپ ،
ئائىلىسىدىكىلەرنى ئىچكىرىگە يولغا سېلىۋەتتى . ئەگەر شىنجاڭدا پۈت
تىرەپ تۇرالمىسام ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق تىيەنجىڭ ياكى دالىيەنگە
بېرىپ ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزىمەن ، دەپ تەييارلىق قىلىپ
قويدى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئۇ يەنە ئەڭ ئاخىرقى جان
تالىشىشىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى . ئۇ مىلىتارىست شيەن شىشەننىڭ نەنجىڭ
ھۆكۈمىتىگە بويسۇنغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۆز كۈچىنى بۇرۇنقىدەكلا ساقلاپ
قالدى ، سىناپ بېقىشقىمۇ بەل باغلىدى . 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ، ئۇ تې-
لېگراما يوللاپ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى .
پەن ياۋنەن بۇنىڭغا قارىتا ناھايىتى غەزەپلەنگەن ھالدا ، دوستىغا : « ياڭ
گېنېرال يەنىلا ئالدامچىلىق ۋاستىسىنى ئىشلەتتى ، ئۇ سۆيىنى
يەڭگۈشلەپ ، دورىسىنى يەڭگۈشلىمەسلىك ئۇسۇلى بىلەن ئەپلەپ ـ
سەپلەپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ » دېدى ھەمدە ياڭ زېڭشىننى
ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن يوشۇرۇن تەييارلىق قىلدى . 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ
كۈنى ، رۇس تىلى سىياسىي ـ قانۇن مەكتىپى 1 ـ قارار ئوقۇغۇچىلارنىڭ
ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى . بۇ مەكتەپنى ياڭ زېڭشىن
ئۆزى بىۋاسىتە قۇرغانلىقى ئۈچۈن ، ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا ئۇ
تەبىئىي ھالدا قاتنىشاتتى . ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا قاتناشقانلار ئى-
چىدە يەنە ئۆلكىدىكى ئالىي دەرىجىلىك مۇلكى ، ھەربىي ئەمەلدارلار ،
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى
بار ئىدى . پەن ياۋنەن رۇس تىلى سىياسىي ـ قانۇن مەكتىپىنىڭ
مۇپەتتىشلىكىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن ، تەبىئىي ھالدا ئو-
قۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىنىڭ رىياسەتچىلىكىنى ئۈستىگە ئالدى ، ئۇنىڭ
ياردەمچىسى ئوقۇتۇش ئىشلىرى مۇدىرى جاڭ چۈنشى ئىدى . ئوقۇش
پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئاياغلانىشقاندىن كېيىن ، سىياسىي ئىشلار
نازارىتىنىڭ نازىرى جىن شۇرېن ئىشىم بار ئىدى ، دەپ باھانە كۆرسىتىپ
مەكتەپتىن كەتتى ، باشقىلارنىڭ ھەممىسى زىياپەتكە تەكلىپ قىلىندى .
زىياپەتتە جەمئىي ئۈچ ئۈستەل قويۇلغان بولۇپ ، خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچى-

لىرى ياڭ زېڭشىنغا ھەمراھ بولۇپ بىر ئۈستەلدە ئولتۇردى ، پەن ياۋنەن ،
جاڭ چۈنشى ۋە رۇس تىلى ئوقۇتقۇچىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش
كونسۇلىغا ھەمراھ بولۇپ يەنە بىر ئۈستەلدە ئولتۇردى . بۇ ئىككى ئۈستەل
بىر دەرىسخانىدا قاتار تىزىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى . ياڭ زېڭشىنىڭ مۇ-
ھاپىزەتچىلىرى يەنە بىر دەرىسخانىغا تىزىلغان ئۇزۇن بىر ئۈستەلگە
ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى . زىياپەتكە كىرىشتىن بۇرۇن ، پەن ياۋنەن ھاۋانىڭ
بەك ئىسسىقلىقىنى باھانە قىلىپ ، مۇھاپىزەتچىلەرنى قوراللىرىنى ھويلىدا
قويغۇزۇپ قورالسىزلاندۇرۇپ ، مۇشۇنداق بولغاندا ئاندىن خۇشال ـ
خۇرام ، ئازادە ئىچىشكىلى بولىدۇ ، دەيدۇ . زىياپەت باشلانغاندىن كېيىن ،
بىرنەچچە سوغۇق سەي چىقىپلا ، قالغانلىرى چىقمايدۇ . ياڭ زېڭشىن بۇ
ۋاقىتتا يېنىدىكىلەر بىلەن ھەدەپ بارماق ئويۇنى ئوينايدۇ . جاڭ چۈنشى
سىرتقا چىقىپ بىر بوتۇلكا ھاراق ئېلىپ كىرىپ ئۈستەلگە پاققىدە
قويىدۇ . كىشىلەر جاڭ چۈنشى ياڭ زېڭشىنىڭ ئالدىدا بەكمۇ ئەدەپسىز-
لىك قىلدى ، دەپ ھەيران قالىدۇ . پەن ياۋنەن : « ھاراق ، سەيلەرنىڭ
ھەممىسى تەييار بولدىمۇ ؟ » دەپ سورايدۇ ، جاڭ چۈنشى : « ھەم-
مىسى تەييار بولدى » دەپ جاۋاب بېرىدۇ . پەن ياۋنەن : « سەي
كەلتۈرۈڭلار ! » دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ ھەمدە ئورنىدىن تۇرۇپ ، سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ باش كونسۇلىغا ھاراق تۇتىدۇ . باش كونسۇل قەدەھنى
كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇرىدۇ ، پەن ياۋنەن ئۇنىڭ بىلەن جاراق ـ جۇرۇق
رۇمكا سوقۇشتۇرىدۇ . رۇمكىنىڭ ئاۋازى چىقىش بىلەنلا ئىشىك ئالدىدىكى
« كۆتكۈچى » تاپانچىسىنى قولىغا ئېلىپ ياڭ زېڭشىنغا قارىتىپ ئوق
چىقىرىدۇ . ياڭ زېڭشىنغا بىر پاي ئوق تېگىدۇ . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ غە-
زەپ بىلەن تىكىلىپ : « نېمە قىلىۋاتىسەن » دەپ قاتتىق ۋارقىرايدۇ .
ئارقىدىنلا يەنە تۆت پاي ئوق تېگىپ يەرگە يىقىلىدۇ . باشقا مۇلكى ، ھەر-
بىي ئەمەلدارلار ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش كونسۇلى جېنىنىڭ كويىدا
ئىشىككە قاراپ قاچىدۇ . پەن ياۋنەن مېڭىشتىن بۇرۇن ، ياڭ زېڭشىنىڭ
ئۆلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، ئۇنىڭ كۆكرىكىگە قارىتىپ يەنە ئىككى
پاي ئوق ئاتىدۇ . شىنجاڭنى 17 يىل سورىغان بۇ يەرلىك پادىشاھ مانا

مۇشۇنداق ئۆلتۈرۈلدۇ.

ياڭ زېڭشىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە دەسلەپكى مەزگىلدىكى كەچۈرمىشلىرى ئۇنىڭ شىنجاڭدا مۇقەررەر ھالدا فېئودال كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى بولۇش رولىنى ئالدىغانلىقىنى بەلگىلىگەنىدى. ئۇ ئىلى ئىنقىلابى ۋە قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇردى. يۇمن شىكەيگە ئەگىشىپ خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويدى، شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۇزاق مۇددەت قالاق ھالەتتە تۇرۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولدى، ئۇ بۇ جىنايىتىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. بىراق، ئۇنىڭ «ئۆز ئېقىشىغا قويۇۋېتىپ ئىدارە قىلىش» فاكجېنى شىنجاڭدىكى سىنىپىي زىددىيەت ۋە مىللىي زىددىيەتنى تېگىپ كەتسىلا پارتلايدىغان دەرىجىگە يەتكۈزمىدى. ئۇ ھۆكۈم سۈرگەن 17 يىل ئىچىدە، شىنجاڭدا ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى بولماي، جەمئىيەت بىر قەدەر ئەمىن تۇردى. ئۇ جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىشىغا يول قويمىدى، ئىگىلىك ھوقۇقىنى يوقىتىپ ۋەتەنگە ھاقارەت كەلتۈرىدىغان بىرەر كېلىشىم تۈزمىدى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلدى. بۇ تەرەپلەردىن ئېيتقاندا، ئۇ يەنە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى چېگرا رايون ئەمەلدارلىرىغا ۋە مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى فېئودال مىلىتارىستلارغا ئوخشىمايتتى.

## §3. ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى

ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن دەۋردە، ئىچكىرىنىڭ ھەمكارلىق يۈزىسىدىن بېرىدىغان تەمىناتى ئۈزۈلۈپ قالدى. شىنجاڭنىڭ مالىيىسى ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا ئىدى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ياڭ زېڭشىن «مالىيىنى ۋاقىتلىق تەرتىپكە سېلىش ئورنى» تەسىس قىلىپ «ئاشلىق، يەم ـ خەشەك ئېلىش نىزامنامىسى» نى ئېلان

قىلىپ، تۇرلۇك باهانه ـ سەۋەبلەر بىلەن باج ـ سېلىقنى كۆپەيتتى. ئۇنىڭ 1915 ـ يىلى بېيجىڭ هۆكۈمىتىگە يوللىغان تېلېگراممىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: « شىنجاڭ ئۆلكە قىلىنغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا مالىيە كىرىمى 5 ـ 6 يۈز مىڭ سەر كۆمۈشتىن ئاشمايتتى، شۇەنتۇڭنىڭ 3 ـ يىلى ( 1911 ـ يىلى ) غا كەلگەندىمۇ بىر مىليون 160 مىڭ سەردىن ئاشمىدى. مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ شىنجاڭدا هاكىمىيەت يۈرگۈزدۈم، ھەمكارلىق تەمىناتىدىن ئۈمىد بولمىغانلىقتىن ئىقتىساد جەھەتتە يەرلىك پىلانغا تايىنىدىم، باج ـ سېلىقنى كۆپەيتىشكە بولىدۇ، ھەرخىل ئامالالارنى قىلىۋاتىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا، يوچۇقلارنى ئېتىپ بىرتىيىنمۇ قالدۇرماي هۆكۈمەتكە تاپشۇرتقۇزدۇم. ئىككى ـ ئۈچ يىلدىن بۇيان مالىيە كىرىمى يىلدىن ـ يىلغا كۆپىيىۋاتىدۇ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆشرىنى كۆمۈشكە سۇندۇرۇش تۈزۈمى بويىچە، بىر دادەن بۇغداي بىر سەر كۆمۈشكە سۇندۇرۇلغان بولسا، هازىر ئۈچ ـ تۆت سەر كۆمۈشكە سۇندۇرۇلىدىغان بولدى؛ ئىلگىرى يۈز جىڭ قۇرۇق ئوت ـ چۆپ بەش پۇڭ كۆمۈشكە سۇندۇرۇلغان بولسا، هازىر بەش مىسقال كۆمۈشكە سۇندۇرۇلىدىغان بولدى، ئۇنىڭدىن باشقا، ئوت ـ چۆپ بېجىغا بەش مىسقال قوشۇلدى، ئەمەلىيەتتە بىر سەرگە كۆپەيدى. يەنە، بىر دادەن پاراق تاشپۇرىدىغانلاردىن بۇرۇن بىر مىسقال بەش پۇڭ كۆمۈش ئومۇم پۇلى قوشۇپ ئېلىنغان بولسا، هازىر يەنە ئىككى كۈرە بەش شىڭ خۇسۇسلار ئاشلىقى قوشۇپ ئېلىنىدىغان بولدى، بۇنىڭغا يەنە تۆت مىسقال تۈز بېجى قوشۇلدى. مەيلى ئاشلىق ئېلىنسۇن ياكى ئاشلىق كۆمۈشكە سۇندۇرۇلغان بولسۇن، پۇقرالارنىڭ يۈكى بەكمۇ ئېغىر بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، چارۋا بېجى ئۈچۈن بۇرۇن سەرگە ئۈچ پۇڭ ئېلىنغان بولسا، هازىر تۆت پۇڭ ئېلىنىدىغان بولدى. يەر بېجى ئۈچۈن بۇرۇن سەرگە ئۈچ پۇڭ ئېلىنغان بولسا، هازىر توققۇز پۇڭ ئېلىنىدىغان بولدى. گۆرە بېجىمۇ ئالتە پۇڭغا كۆپەيدى. ئۇنىڭدىن باشقا چارۋىلارنىڭ يەنە ئوتلاق بېجى، يەر بېجىدىن باشقا يەنە قەغەز بېجى بار. بازاردا سودا بېجىدىن باشقا يەنە دەللاللىق بېجى بار، هاراق، تاماكا بېجىدىن باشقا، يەنە تىجارەت گۇۋاهنامىسى بېجى بار. ئومۇمىي باجدىن

باشقا يەنە 25 پىرسەنت سودا ئىئانىسمۇ بار . يېقىندا يەنە ، ئىسپات بېجى ، ماركا بېجى قوشۇلدى . ئۈچ يىللىق ئەھۋالنى ئىستاتىستىكا قىلغاندا ، ئالدىنقى يىلى ئىككى يېرىم مىليون سەر بولغان بولسا ، بۇ يىل 2 مىليون 200 مىڭ سەر بولدى . ئۆلكە تەسىس قىلىنغان دەسلەپكى مەزگىلدىكىدىن تۆت ھەسسە ئاشتى . شۇڭلاشقا 3 – يىلىدىكىدىن بىر ھەسسە ئاشتى . » ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئىستاتىستىكا قىلىشىچە ، 1916 – يىلى ، شىنجاڭنىڭ مالىيە كىرىمى 3 مىليون 370 مىڭ سەر بولۇپ ، ياڭ زېڭشىن تەختكە چىققان ۋاقىتتىكىدىن ئۈچ ھەسسە ئاشقان . شۇڭا ، ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆزىمۇ: « شىنجاڭدىكى پۇقرالارنىڭ يۈكى مەملىكەتنىڭ ھەرقانداق يېرىدىكىدىن ئېغىر » دەپ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان .

مالىيە قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ، ياڭ زېڭشىن كۆپلەپ قەغەز پۇل تارقاتتى . 1912 – يىلدىن 1917 – يىلغىچە ، شىنجاڭدا جەمئىي 8 مىليون سەر « ئۆلكە پۇلى » بېسىپ تارقىتىلدى . شۇنىڭدىن كېيىن ، قەغەز پۇل پاخاللاشتى ، ياڭ زېڭشىن بىلسىمۇ بىلمىگەن بولۇپ ، داۋاملىق قالايمىقان بېسىۋەردى . 1912 – يىلدىن 1927 – يىلغىچە ، شىنجاڭ مالىيەسىدىكى ئومۇمىي قىزىل رەقەم 49 مىليون 600 مىڭ سەرگە يەتتى . بۇلارنى ياڭ زېڭشىن قەغەز پۇل تارقىتىش شەكلى بىلەن شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئۈستىگە ئارتتى .

ياڭ زېڭشىن تەختكە چىقىپ ئەمەلدارلارنى تەرتىپكە سېلىپ ، خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى قاتتىق جازالاپ ، ھۆكۈمەت پۇلىنى يەپ كەتكەن ئۈرۈمچى ئامبىلى شىي ۋېيشىڭنى ۋە غۇلجا ئامبىلى لياۋ يەننى ئاتقان بولسىمۇ ، ئەمما ئۆتۈكۈنچى شامال ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ، ئەمەلدارلارنى يەنىلا مەينەتلىشىپ ، خىيانەتچىلىك بۇرۇنقىدەكلا ئەۋج ئالدى . ياڭ زېڭشىننىڭ ئەتراپىدىكى بىر توپ ئەمەلدارلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىچكىرىدىن كەلگەن بولۇپ ، ئۇلار ياڭ زېڭشىنغا ۋەكالىتەن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى . ياڭ زېڭشىن ئۇلارنىڭ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ شىنجاڭغا كېلىشتە « نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقتىن كېلىپ ، ئەمەل تۇتۇپ پۇل تېپىش » نى مەقسەت قىلغانلىقىنى

بىلگەنلىكى ئۈچۈن ، ئەمەلدارلارنىڭ خىيانەتچىلىك قىلغانلىقىنى كۆرسىمۇ
كۆرمەسكە سالدى . بەك ئاشۇرۇۋەتمىسىلا تەنبىھ بەرمەيتتى ياكى ئارىلاش-
مايتتى . بەزىدە يېڭىدىكى يېقىنلىرىنى ۋە خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى پۇل
تېپىۋالسۇن ، دەپ ئەتەي باي جايلارغا ئەۋەتتى . بۇ ئىش ئەينى
ۋاقىتتا « تەگىشەش » دېيىلەتتى . ياڭ زېڭشىن شۇ ئارقىلىق ھېسسىيات
جەھەتتە ئۇلارنى ئۆزىگە مايىل قىلاتتى . ئۇ يىللاردا پايدىسى ئەڭ كۆپ
خىزمەت ۋالىي ۋە ئامباللىق ئىدى ، ئۇلار مەنسەپكە ئولتۇرغاندىن كېيىن
ھەم ھۆددىگە ئېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق تاپاۋەت قىلاتتى ، ھەم
ھۆكۈمەت مۈلكى ( ھۆكۈمەت يېرى ، ئوتلاق ، قومۇشلۇق كۆل ) نىڭ
كىرىمىنى يۇتۇۋالاتتى ، دېلولارنى بىر تەرەپ قىلغاندا پارا ئالاتتى ، ھېيت ،
بايرام كۈنلىرى يېزا تۆرىلىرىنىڭ سوۋغىلىرىغا ئېرىشەتتى . تارباغاتاي
دوتەيى جاڭ جيەن بىر قېتىمدىلا تامۇژنا بېجىدىن 17 مىڭ 600 سەر كۈ-
مۈش خىيانەت قىلغان . قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى ماشاۋۇ
1916 ـ يىلى خىزمەتتىن يۆتكەلگەندە ، ئالتۇن ـ كۈمۈش مال ـ مۈلكىنى
30 نەچچە هارۋىغا بېسىپ ماڭغان . ياڭ زېڭشىن قازاق ھارۋىچىلاردىن تۇ-
ياق بېجى ئېلىش ۋاقتىدا ، قاقتى ـ سوقتى قىلىش ئەھۋاللىرىنى تۈگىتىش
توغرۇلۇق ئىلىدىكى ئەمەلدارلارغا كۆپ قېتىم بۇيرۇق بەرگەن ، ئەمما 1925
يىلىغا كەلگەندە ، ئىلىدىكى قازاق چارۋىچىلار يەنىلا توپلىشىپ ئەرز
قىلغان . ياڭ زېڭشىن بۇرھان شەھىدىنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتكەندە
چارۋىچىلار : « باجگىرلار ھەرقېتىم چارۋىچىلىق مەيدانىغا كەلگەندە ھامان
40 ـ 50 ئىش بېجىرگۈچى خادىملارنى بىللە ئېلىپ كېلىدۇ ، ئۇلار چې-
كەتكىگە ئوخشاش نېمىنى كۆرسە شۇنى ئالىدۇ . ئۇلار قونغانلىكى كىگىز
ئۆيلەردىكى نەرسىلەر پۈتۈنلەي يوقاپ كېتىدۇ . ئۇلار زاكات ئالغان ۋاقىتتا
سېمىزلىرىنى ئېلىپ ، ئورۇقلىرىنى تاشلىۋېتىدۇ . ئورۇنلاشقاندىن كېيىن
چاي . قوي تەلەپ قىلىدۇ ، بىرنەچچە ياخشى ئات سوۋغا قىلىنىپ رازى
قىلىنمىسا ،ئۇلار چارۋىچىلىق مەيدانىدا تۇرۇۋالىدۇ . ئۇلارنىڭ نەپسى قان-
دۇرۇلغاندىن كېيىن ، چوڭ چارۋىدارلار ئۇلار بۇلاپ كەتكەن مال ـ
مۈلكىنىڭ ئورنىنى باشقا چارۋىچىلارغا سېلىق سېلىش ئارقىلىق ئۇندۇ-

رۇۋالـــدۇ » دەيـدۇ . خـىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ زورلۇق ـ زومبۇلۇقىنىڭ نـەتـىـجـىسى تەبىئىي ھالدا ئەمگەكچى خەلقنى بالايىئاپەتكە ئۇچرىتىشتىن ئىبارەت بولاتتى .

يـاڭ زېـڭـشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ، روسىيىنىڭ داۋشىڭ بانكىسى ئۈرۈمچى ، غۇلجا ، قەشقەر ، چۆچەك قاتارلىق جايلاردا شۆبە بانكا ئېـچـىـپ ، شىنجاڭنىڭ ئىچكىرى ۋە چەت ئەل بىلەن بولغان پۇل پېرېۋو-تـىـنـى مـونـوپـول قـىـلـىـپ ، پـۇلـنـىـڭ پـېرېۋوتى جەھەتتە ئاستىرتتىن قـالايـمـىقانچىلىق چىقاردى . ئۇنىڭ مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ھەريىلى شىنـ-جـاڭـدىـن ئالـىـدىـغـان پايدىسى مىليون سەر كۈمۈش تەڭگىگە يەتكەن . داۋشـىـڭ بـانـكـىسى يەنە شىنجاڭدا قەغەز پۇل تارقاتقان . 1916 ـ يىلغىچە جـەمئـىـي 5 مـىـلـيـون رۇبـلـى تـارقـاتـقـان . 1917 ـ يـىـلـدىكى ئۆكتەبىر ئىـنـقـىلابـىدىن كېيىن داۋشىڭ بانكىسى تاقالدى . رۇبلى ئەسكى قەغەزگە ئايلانـدى . نـەتـىـجـىدە شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى غايەت زور زىيانغا ئۇچرىدى .

يـاڭ زېـڭـشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ، روسىيە سـودىگەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ سودىدا باجدىن كەچۈرۈم قىلىنىش ئىمتىيازىغا تـايـىـنىپ ، شىنجاڭ بىلەن بولغان قوشنىدارچىلىق قىلىش مۇناسىۋىتىدىن ۋە تـرانـسـپـورتـتـىـدىـن پـايـدىـلـىـنىپ ، توپ ـ توپ بولۇشۇپ كەلدى . ئۈرۈمـچىدىلا تيەنشىڭ ، دى جوڭشىن ، جى لى ، دالى ، دېخې ، ماۋشېڭ ، دېـشـېـڭ ، جـىـشياڭيوڭ قاتارلىق تارماق بانكىلارنى ئاچقان . شىنجاڭنىڭ بـاشـقـا جـايلىرىدا يەنە ئۇلارنىڭ شۆبە تارماقلىرى بار ئىدى . روسىيە سو-دىـگـەرلـىـرى شـىـنجاڭغا پاختا رەخت ، كىرسىن ، يۇڭ توقۇلما ، شېكەر ، تاماكا ، قەغەز ، سەرەڭگە ، تۆمۈر ئەسۋاب ۋە ئەينەك قاتارلىقلارنى كۆپلەپ سـېـتـىـپ ، شـىـنجاڭدىن يۇڭ ، تېرە ، مەشۈت ، پاختا ، قۇرۇق مېۋە قاتار-لـىـقلارنى سېتىۋالاتتى . ئۇلارنىڭ باجدىن كەچۈرۈم قىلىنىشى جەھەتتىنلا يـاڭ زېـڭـشـىـن ھەر يىلى 1 مىليون 500 مىڭ سەر كۈمۈش زىيان تارتتى . ئۇلارنـىـڭ زىـيـان كـەلـتۈرۈش بەدىلىگە ئالغان پايدىسى مۆلچەرلىگۈسىز ، شـىـنجاڭنىڭ كۆپلىگەن ئالتۇن ، كۈمۈشلىرى روسىيىگە ئېقىپ كەتكەن .

ئەنگلىيە بولسا شۇ ۋاقىتتا يەنىلا ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ تۇرغان ھىندىستان سودىگەرلىرى ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىقتىسادىي تاجاۋۇزچىلىق ئېلىپ باردى. ئۇلار سودىدا روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ رەقىبى بولمىسىمۇ، ئەمما جازانىخورلۇق بىلەن شۇغۇللىنىشتا ھەرقانداق كاۋاكتىن پايدىلىنىپ، نۇرغۇن پايدىغا ئېرىشكەنىدى. شىنجاڭ دىپلوماتىيە مەھكىمىسىنىڭ 1913 ـ يىلدىكى «دىپلوماتىيە دوكلاتنامىسى» دا: «ئەنگلىيە سودىگەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى جازانىخورلۇق بىلەن شۇغۇللىنىپمۇ، كۈمۈش قەرز بېرىدۇ، مالنى نېسىگە ساتىدۇ، دىرى بىر سەر بولسا، ئايلىق ئۆسۈمى بىر مىسقال بەش ـ ئالتە پۇڭ ياكى ئىككى مىسقال بولىدۇ. يېرىم يىلدىن ئاشسىلا، ئۆسۈمى دىرىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. قەرز ئالغۇچى ياكى نېسىگە ئالغۇچى يەر خېتى ۋە ئۆي خېتىنى رەنىگە قويىدۇ. قايتۇرۇش ۋاقتى توشقاندا دىرى ۋە ئۆسۈمنى قايتۇرالمىسا، يەر ۋە ئۆيلىرى ئەنگلىيە سودىگەرلىرىگە تەۋە بولىدۇ. ئەنگلىيە سودىگەرلىرى يەنە يەر ۋە ئۆيلەرنى ئەسلىدىكى ئىگىسىگە ئىجارىگە بېرىپ ئۇلاردىن ئىجارە ھەققى ئالىدۇ. جازانىخورغا قەرزدار بولغانلارنىڭ ھەممىسى ئاخىر خانە ـ ۋەيران بولىدۇ» دېيىلگەن. ئەنگلىيە سودىگەرلىرى يەنە ئەپيۇن تېرىپ ۋە سېتىپ شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنى ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن زەھەرلىگەن.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، شىنجاڭ بىلەن روسىيەنىڭ سودىسى ئۈزۈلۈپ قالدى، گېرمانىيە سودىگەرلىرى ۋە ئامېرىكا سودىگەرلىرى يولنى يىراق كۆرمەي پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قىستىلىپ كىردى. گېرمانىيىنىڭ شۇنفا فىرمىسى، ئامېرىكىنىڭ بىلى فىرمىسى ۋە خۇامېي فىرمىسى شىنجاڭدا تىجارەت باشلىدى. ئۇلار ئۈچەي، كۆرپە، قاما، بۇلغۇن، ئالتۇن، بىرلىيانت قاتارلىق نەرسىلەرنى تالىشىپ سېتىۋېلىپ، چەت ئەلگە كۆپلەپ چىقىرىپ، نۇرغۇن پايدا ئالدى.

1920 ـ يىلى، شىنجاڭ سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن ۋاقىتلىق مەلۇم دائىرىدىكى سودا مۇناسىۋىتىنى ئورناتتى، ئىككى تەرەپ باراۋەرلىك، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش پرىنسىپى بويىچە قارشى تەرەپتە كونسۇلخانا

تۇرغۇزۇپ ، ئۆز دۆلىتىنىڭ مۇھاجىرلىرى ۋە سودا ئىشلىرىنى شۇ كونسۇلخانىلار ئارقىلىق باشقۇردى . سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونسۇلى غۇلجىدا ، شىنجاڭنىڭ كونسۇلى ئالمۇتىدا تۇردى . ئىككى تەرەپنىڭ شىنجاڭغا كىرگۈزگەن ياكى شىنجاڭدىن چىقارغان ماللىرىدىن تاموژنىدا شىنجاڭنىڭ ئومۇمى باج نىزامنامىسى بويىچە يۈزدە بەش پىرسەنت باج ئېلىنىدى . بۇنىڭ بىلەن ، سودا ـ ئالاقىسى تېزلىكتە جانلىنىپ كەتتى . 1921 ـ يىل 5 ـ ئايدا ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا يەنە ۋەكىل ئەۋەتىپ ئۈرۈمچى ، قەشقەر ، چۆچەك ، ئالتايلاردا كونسۇلخانا قۇرۇشتى ، شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشكەنت ، ئەنجان ، شەمەي ، زايسان شەھەرلىرىدە كونسۇلخانا قۇرۇشنى ، شۇ ئارقىلىق ئىككى تەرەپنىڭ سودا مۇناسىۋىتىنى كېڭەيتىشنى تەلەپ قىلدى . سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىنجاڭنىڭ باراۋەر ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدا سودىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ نەتىجىسىدە ، شىنجاڭ ئۈچۈن ھەر يىلى بىر مىليون 500 مىڭ سەر تاموژنا بېجى كىرىمى كۆپەيدى . شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇردى . شىنجاڭنىڭ پاختا ، يۇڭ ، مەشۇت ، تېرە قاتارلىق نۇرغۇن يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىشىمۇ ياخشى بولدى . ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ، شىنجاڭدا جەمئىيەت تىنچ بولدى ،ئىقتىسادمۇ بىرقەدەر گۈللەندى . بۇ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تىنچ ، دوستانە دىپلوماتىيە سىياسىتى ۋە باراۋەرلىك ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدا سودا ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغانلىق بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك .

## ئون بىرىنچى باب

# جىن شۇرېن ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى ۋە شېڭ شىسەينىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ھوقۇقنى تارتىۋېلىشىنىڭ ئۆتمۈشى

### §1 . جىن شۇرېننىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقى

جىن شۇرېن، تەخەللۇسى دې يەن بولۇپ، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ خېجۇ ئايمىقىنىڭ يۇڭجىڭ ناھىيىسىدىن . ياڭ زېڭشىن خېجۇدا ئايماق بېگى بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە، خېجۇ بىلىم يۇرتىنى قۇرۇپ ئۆزى ئوقۇتقۇچىلىقنى ئۈستىگە ئالغانىدى . جىن شۇرېن بۇ بىلىم يۇرتىدا ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن، ياڭ زېڭشىن بىلەن جىن شۇرېن ئوتتۇرىسىدا ئۇستاز ـ شاگىرتلىق مۇناسىۋىتى بارلىققا كەلگەن . ياڭ زېڭشىن گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ مائارىپ مۇپەتتىشلىكىگە، قوشۇمچە ئالىي مەكتەپ باش نازارەتچىلىككە ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن، جىن شۇرېن ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا تاللىنىپ، ياڭ زېڭشىننىڭ ئالاھىدە ئىشەنچىسىگە ئېرىشىدۇ . 1909 ـ يىل، جىن شۇرېن باگۇلىققا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتىدۇ . 1914 ـ يىل 4 ـ ئايدا، ياڭ زېڭشىننىڭ چاقىرتىشى بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ پۈتۈكچىسى بولىدۇ . 1915 ـ يىل 6 ـ ئايدا، ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئامباللىقىغا يۆتكىلىدۇ . 1921 ـ يىلى، مەمۇرىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا ئۆستۈرۈلىدۇ . ئۇ ئىزچىل ھالدا ياڭ زېڭشىننىڭ يېقىنى ۋە ياراملىق ياردەمچىسى بولىدۇ .

1928 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، رۇس تىلى سىياسىي ـ قانۇن مەكتىپىنىڭ 1 ـ قارار ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ . جىن شۇرېن ياڭ زېڭشىنغا ھەمراھ بولۇپ يىغىنغا

قاتنىشىدۇ. مۇراسىم ئاياغلىشىدىغان چاغدا، جىن شۇرېننىڭ ئەپيۇن خۇمارى قوزغىلىپ روھى چۈشكۈنلىشىپ كېتىدۇ. ياڭ زېڭشىن كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئىشارەت قىلىپ: «نازارەتتە جىددىي بىر تەرەپ قىلىدىغان يەنە نۇرغۇن ھۆججەتلەر بارغۇ؟ سەن ھازىر قايتىپ كەتكىن، زىياپەتكە قاتناشمىساڭمۇ بولىدۇ» دەيدۇ. تاقىتى تاق بولۇپ تۇرغان جىن شۇرېن بۇ سۆزنى ئاڭلاپلا كۆپچىلىك بىلەن خوشلىشىپ، نازارەتكە قايتىپ ئەپيۇن خۇمارىنى قاندۇرۇپ، نازارەتتە تۇرۇپ قالىدۇ.

يەن ياۋنەن ياڭ زېڭشىننى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ئاچقۇچلىرىنى ئېلىپ 30 نەچچە ئادەمنى باشلاپ ئۇدۇل دۇبەن مەھكىمىسىگە بېرىپ، تامغىلارنى تارتىۋالىدۇ ھەمدە ھەرقايسى نازارەتلەرنىڭ نازىرلىرىنى مەسلىھەتلىشىدىغان مۇھىم ئىش بار، دەپ چاقىرتىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىدۇ. جىن شۇرېن لىڭتاسىما ئادەم بولغاچقا، بىرقارارغا كېلەلمەي ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالىدۇ. يېنىدىكى ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ بۆلۈم باشلىقى جاڭ پېييۈەن گۇمانلىنىپ، ئىشنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئاندىن ئادەم ئەۋەتىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، جىن شۇرېن ئەھۋال ئۇقۇش ئۈچۈن روس تىلى سىياسىي ـ قانۇن مەكتىپىگە ئادەم ئەۋەتىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەيلا، ياڭ زېڭشىن ۋە بىرىگارا كوماندىرى دۇفارۇڭ، كانىۋاي جاڭ زىۋېن قاتارلىقلارنىڭ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى، يەن ياۋنەننىڭ دۇبەن مەھكىمىسىگە كىرىپ بولغانلىقى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلايدۇ. جىن شۇرېن يەنە جاڭ پېييۈەننىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، توپىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن دەرھال مۇھاپىزەتچى قىسىمنى يىغىپ، دۇبەن مەھكىمىسىگە قاراپ ئاتلىنىدۇ، يېرىم يولدا باتالىيون كوماندىرى دۇگۇجى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇنى دەرھال ئۆزى بىللە بېرىپ دۇبەن مەھكىمىسىگە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. يەن ياۋنەن قاتارلىقلار بىر سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت قارشىلاشقان بولسىمۇ، ئاخىر ئادىمى ئاز كېلىپ قالغانلىقتىن، ئوق ـ دورىلىرى تۈگەپ كەتكەنلىكتىن ئەسىرگە چۈشۈپ، كېيىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

جىن شۇرېن توپىلاڭنى تىنچىتىشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن، 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئۆلكىنىڭ رەئىسلىكىنى ۋە باش قوماندانلىقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، خەلقنى ئەمىن ئېتىش ئېلانى چىقاردى. ئارقىدىنلا، ئۇ تېلېگرامما يوللاپ، ھەممىلا يەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، ھەرقايسى ۋىلايەتلەرنىڭ مۆلكى، مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ۋاڭ، گوڭ، ئاق سۆڭەكلىرى ۋە دىنىي زاتلىرىنى ئۆزىگە تارتتى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ھەرقايسى مىللەتلەر ئىچىدىكى ۋاڭ، گوڭ، ئاق سۆڭەكلەر ۋە دىنىي زاتلارغا: مېنىڭ ئۆلكە رەئىسى، قوشۇمچە باش قوماندان بولۇشۇمنى قوللاپ، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەيىنلىشىنى تەلەپ قىلىپ تېلېگرامما ئارقىلىق ئىلتىماس سۇنساڭلار، دەپ ئەقىل كۆرسەتتى. ئۇ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ جاۋاب تېلېگراممىسىنى كۈتۈپ تۇرۇشقا بىتاقەت بولۇپ، 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئالدىراپ ـ تېنەپ دۇبەن مەھكىمىسىگە كۆچۈپ كىرىپ ۋەزىپىگە ئولتۇردى. جياڭ جيېشىنىڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش خىيالىدا بولغان بولسىمۇ، كۈچى يەتمىگەنلىكتىن، ئاخىر 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى نائىلاج جىن شۇرېننى ئۆلكە رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى، باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتەشكە قوشۇلمىدى. قارىغاندا، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى مۇۋاپىق نامزات تېپىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇنى كونترول قىلىشنى ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن. كېيىن، جىن شۇرېن نەنجىڭغا قايتا ـ قايتا ئادەم ئەۋەتىپ ھەرىكەت قىلغانلىقتىن، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىمۇ ھەقىقەتەن مۇۋاپىق ئادەم تاپالمىغانلىقتىن، 1932 ـ يىلى كۈزدە، ئاندىن جىن شۇرېننىڭ شىنجاڭنىڭ دۇبەنلىكىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، جىن شۇرېن شىنجاڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزدى.

جىن شۇرېن تەختكە چىقىش بىلەن خۇپسەنلىك قىلىپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسىنى ئېلان قىلىپ: «ھەربىي تەييارلىقلارنى تەرتىپكە سېلىپ، چېگرا رايوننى قوغداش؛ مائارىپنى تەرتىپكە سېلىپ، ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش؛ بايلىقنى ئېچىپ، سانائەتنى

گۈللەندۈرۈش » دېگەنگە ئوخشاش مۇقاملارنى توۋلىغانىدى. ئەمما، ئۇ
ئەمەلىيەتتە بىرلا ئىشنى چىڭ تۇتتى، ئۇ بولسىمۇ « ھەربىي ھازىرلىقلارنى
تەرتىپكە سېلىش » ئىدى. بىراق، ئۇنىڭ ھەربىي ھازىرلىقلارنى تەرتىپكە
سېلىشتىكى مەقسىتى چېگرا رايوننى قوغداش بولماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ
ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا جىن شۇرېن
چاقىلىقتىن كەلگەن. گەنسۇ ئارمىيىسىنىڭ ياڭگۈەن تەرەپكە
يۆتكىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى تاپشۇرۇۋالدى، شۇنىڭ بىلەن
بىر ۋاقىتتا، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى ھۆكۈمەت دا-
ئىرلىرى شىنجاڭدىكى « 7 - ئىيۇل ۋەقەسى » نى ۋاكالىتەن تەكشۈرۈشكە
بۇيرىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرمۇ نەنجىڭدىن يېتىپ كەلدى.
ئىچكىرىدىكى ئارمىيىنىڭ شەرقتىن شىنجاڭغا كىرىشىنى توسۇش ئۈچۈن،
ئۇ تېزلىكتە ھەدەپ ئەسكەر ئالدى. ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان
دەۋردە ئۇنىڭغا بىۋاسىتە قارايدىغان ھەربىي كۈچ نامدا ئۈچ دىۋىزىيە
بولغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە بىرلا دىۋىزىيە ئىدى، جىن شۇرېن بىراقلا
كۆپەيتىپ سەككىز دىۋىزىيە قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ يېرى
كۆپ، ئادىمى ئاز، ئەمگەك كۈچى كەمچىل بولغاچقا، ھۈنەرۋەنچىلەرنىڭ
بولسۇن، مەيلى يەر تېرىغانلارنىڭ بولسۇن، كىرىمى ئەسكەرلەرنىڭ تە-
مىناتىدىن ياخشى ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىشىلەر ھەرىكەت ئەركىنلىكىگە
ئىگە ئىدى، جانىغا تاقىلىدىغان خېيىمخەتەرگە ئۇچرىمايتتى. خەنزۇلار
ئادەتتە بالا - چاقىلىق بولغاچقا، خوتۇن - بالىلىرىنى تاشلاپ مىلتا-
رىستلار ئۈچۈن جېنىنى سېلىپ بېرىشنى خالىمايتتى. شۇڭا، جىن شۇرېن
ھەرقانچە چاقىرىق قىلسىمۇ ئەسكەرلەرنىڭ سانىنى توشقۇزالمىدى، بۇنىڭ
بىلەن، ئەسكەر تۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، شەھەر - يېزىلارنى پارا-
كەندە قىلدى. جىن شۇرېن ئۆزىنىڭ تۇغقىنى ۋە دوستلىرىنى پۈتۈنلەي
مۇھىم خىزمەتلەرگە قويدى، بەشىنچى ئىنىسى جىن شۇشىننى ھەربىي
ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، تۆتىنچى ئىنىسى جىن شۇجىننى قەشقەردە
تۇرۇشلۇق دىۋىزىيىنىڭ باشلىقلىقىغا قويدى. جىن شۇرېن يۇرتىدىن
ئېلىپ كەلگەن مۇھاپىزەتچىسى سۈي جاۋجىنمۇ مۇھاپىزەتچىلەر تۈەنىنىڭ

باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلدى . ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى لۇ شىياۋزۇ ، دىپلوماتىيە مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى چېن جىشەن ، قومۇلدا تۇرۇشلۇق دۇتۇزىيىنىڭ باشلىقى لىيۇ شىزېڭ ، ئالتايدا تۇرۇشلۇق دۇتۇزىيىنىڭ باشلىقى ۋېي جېنگو قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى جىن شۇرېننىڭ يۇرتداشلىرى ئىدى . جىن شۇشىن بىلەن سۈي جاۋجى ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ ، ئەمەل ، مەرتىۋە سېتىپ ، زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ ، شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيىتىنى كۈندىن - كۈنگە چىرىكلەشتۈرۈۋەتتى .

جىن شۇرېننىڭ « ھەربىي ھازىرلىقلارنى تەرتىپكە سېلىشى » نەتىجىسىدە ، ھەربىي چىقىم كۆپەيدى . 1927 - يىلى ، شىنجاڭنىڭ مالىيە چىقىمى 12 مىليون يۈەنلا ئىدى . جىن شۇرېن تەختكە چىققان يىلىلا مالىيە چىقىمى 28 مىليون يۈەنگە يەتتى ، كېيىن يىلدىن - يىلغا ئېشىپ باردى . 1931 - يىلغا كەلگەندە ، 48 مىليون يۈەنگە يەتتى . چىقىمنىڭ ئېشىپ كېتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ، جىن شۇرېن باج - سېلىقنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتتى . 1932 - يىلى ، شىنجاڭنىڭ باج - كىرىمى 7 مىليون 480 مىڭ يۈەن بولۇپ ، ياڭ زېڭشىن دەۋرىدىن ئىككى ھەسسە ئاشتى . كەم قالغان قىسمىنى جىن شۇرېن قالايمىقان قەغەز پۇل تارقىتىش ئۇسۇلى بىلەن تولدۇرماقچى بولدى . شۇڭا ، دۇبەن مەھكىمىسىدىكى پۇل بېسىش ماشىنىسى توختىماي ھەرىكەتلىنىشكە باشلىدى . قەغەز پۇل تارقىتىشنىڭ نەتىجىسىدە ، پۇل پاخاللاشتى . مال باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلىدى . جىن شۇرېن تەختكە چىقىپ بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتتا ، 100 جىڭ ئاق ئۇننىڭ باھاسى ئەسلىدىكى يەتتە سەر ئۆلكە پۇلىدىن 17 سەر ئۆلكە پۇلىغا ئۆرلىدى . بىر كۇرە گۈرۈچ تۆت سەر بەش مىسقالدىن سەككىز سەرگە ئۆرلىدى . يۈز جىڭ كۆمۈر بىر سەر ئىككى مىسقالدىن ئىككى سەر تۆت مىسقالغا ئۆرلىدى . ئۆلكە پۇلى بۇرۇن تيەنجىنگە پېرېۋوت قىلىنىپ ، ئىككى سەر بەش مىسقال بىر داياڭغا ئالماشتۇرۇلغان بولسا ، كېيىن 15 سەر بىر داياڭغا ئالماشتۇرۇلىدىغان بولدى . پۇل پاخاللىقى شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىگە غايەت زور بالايىئاپەت ئېلىپ كەلدى .

جىن شۇرېن يەنە ئۆزىنىڭ يېقىنلىرى بىلەن بىرلىشىپ، شىنجاڭنىڭ چەت ئەل ۋە ئىچكىرى بىلەن بولغان سودىسىنى مونوپول قىلىپ كۆپ پايدا ئالدى. شىنجاڭنىڭ كۆرپىسى جۇڭگودا ۋە چەت ئەلدە داڭلىق بولۇپ، سېتىلىشى ناھايىتى ياخشى ئىدى. جىن شۇرېن شىنجاڭ كۆرپىسى شىركىتىنى قۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ھوقۇقى ۋە كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ھەرقايسى جايلاردىكى دېھقان، چارۋىچىلارنى كۆرپىنى بىردەك ئەرزان باھادا شىنجاڭ كۆرپە شىركىتىگە سېتىپ بېرىشكە مەجبۇرلىدى. پىششىقلاپ ئىشلەپ چەت ئەلگە ۋە ئىچكىرىگە ئاپىرىپ سېتىپ ئون ھەسسە پايدا ئالاتتى. بيۇروكرات كاپىتالنىڭ مونوپول قىلىشى دېھقان ـ چارۋىچىلار ۋە كىچىك سودىگەرلەرگە ئېغىر زەربە بولدى.

جىن شۇرېن يەنە شىنجاڭدا ئەپيۇن تېرىشنى تەشەببۇس قىلدى، ئۇنىڭغا «يەرلىك دورا» دېگەن چىرايلىق نامنى قويدى. ئەپيۇن ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رايونلاردا «يەرلىك دورا ئىدارىسى» تەسىس قىلىپ، ئەپيۇن بېجى ئالدى. جىن شۇرېن ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرىنىڭ ھەممىسى ئەپيۇنكەش بولۇپلا قالماي، ئەپيۇن ھايانكەشلىرى ئىدى. ھەرقېتىم ئەپيۇن ئۇرۇش پەسلى يېتىپ كەلگەندە، جىن شۇرېن ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرى گۇچۇڭ، تارباغاتاي، ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا ئادەم ئەۋەتىپ تالىشىپ سېتىۋالاتتى، ئاز قىسمىنى ئۆزىنىڭ بەھرىمەن بولۇشى ئۈچۈن قالدۇرۇپ، كۆپ قىسمىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە توشۇپ ئاپىرىپ يۇقىرى باھادا ساتاتتى.

جىن شۇرېن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ئۆزى باشلامچى بولۇپ خىيانەتچىلىك قىلدى. ئالتايدىن كېپەك ئالتۇن كۆپ چىقاتتى، ھەر يىلى 500 ـ 600 سەر ئالتۇن بېجى يىغىلاتتى. بۇ كېپەك ئالتۇنلارنىڭ ھەممىسى جىن شۇرېننىڭ چۆنتىكىگە چۈشەتتى. ئۇ تەختتىن چۈشۈشكە ئاز ۋاقىت قالغاندا، شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئاپتوموبىل سېتىۋېلىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان 1674 سەر ئالتۇنغا خىيانەت قىلدى. يۇقىرى قانداق قىلسا، تۆۋەنمۇ شۇنى دورايدىغان بولدى، ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ خىيانەتچىلىكى ئەۋجىگە چىقتى. بولۇپمۇ

ھەرقايسى ناھىيەلەرنىڭ ھاكىملىرى ئاچ بۆرىگە ئوخشاش بولۇپ قالدى. ئۇلار باج-سېلىقنى ھۆددىگە ئېلىپلا قالماي، ئاز مەلۇم قىلىپ كۆپ ئالدى. يەنە ئۈچلۈق كۆرىدە ئېلىپ، تەكشى كۆرىدە چىقىرىپ، ئېشىپ قالغان قىسمىنى پۈتۈنلەي ئۆزلىرى ئىگىلىۋېلىشتى. ھەرقايسى ناھىيەلەردە يېڭىدىن ئېچىلغان بوز يەرلەردىنمۇ بەلگىلىمە بويىچە باج ئېلىنىدىغان بولدى، ئېلىنغان ئاشلىق ۋە كۈمۈش پۇللارمۇ ھاكىمغا تەۋە بولدى. ھاكىملار بازاردا يەنە بازار بېجى ئېلىپ، خېنىملىرى ۋە قىزلىرىنىڭ «ئوپا-ئەڭلىك خىراجىتى» قىلدى.

جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئۈستىدىكى ئۇچرىغان زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە كۈندىن-كۈنگە چوڭقۇرلاشتى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشمۇ بارغانسېرى يامانلاشتى.

## §2. قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە ئەنگلىيىنىڭ پىلانلىشى ئاستىدا جەنۇبىي شىنجاڭدا يۈز بەرگەن بۆلگۈنچىلىك

بۇرۇنقى يوشۇرۇن سىنىپىي زىددىيەت ۋە مىللىي زىددىيەت جىن شۇرېننىڭ جاھالەتلىك ھۆكۈمرانلىقى تۈپەيلىدىن كۈندىن-كۈنگە تەدرىجىي ئەۋج ئالدى ۋە كەسكىنلەشتى. 1933-يىلى، قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرى يەنە بىرقېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىنلا تېرىقچىلىق تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى قاپلىدى. لىڭشىپ قالغان جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئاخىر گۇمران بولدى.

1912-يىلى، قۇمۇلدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى باستۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇل ۋاڭى دەرھال ياڭ زېڭشىن بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ تەتۈر ھېساب ئېلىپ، قۇمۇلدا قېپقالغان قوزغىلاڭچىلارنى ئۆلتۈرۈپ، پۇقرالار ئۈستىدىكى زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىنى ئېغىرلاشتۇرغان، ئايلىق ھاشارنى يەتتە كۈنگە يەتكۈزۈپلا قالماي، يەنە پۇقرالارنىڭ چارۋىلىرى ۋە مال-

مۈلكىنى ھەرخىل باھانىلەر بىلەن تارتىۋالغان . ئۇلار ئاچقان بوز يەرلەرنىمۇ مۇسادىرە قىلغانىدى .

1928 ـ يىلى ياڭ زېڭشىن ئۆلتۈرۈلۈپ ، جىن شۇرېن تەختكە چىقتى . ئۇزاق ئۆتمەيلا ، قۇمۇل ۋاڭى شاھ مەخسۇتمۇ ئاغرىپ ئۆلدى . ئوغلى نەزەر ئۇنىڭ مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلدى . نەزەر چىرىكلەشكەن قەبىھ ئادەم بولۇپ ، قىمار ، ھاراق ۋە ئەپيۇنغا بېرىلىپ كەتكەنىدى ، ئۇ پۇقرالارنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىنىمۇ داۋاملىق دەپسەندە قىلاتتى . شۇڭا ، پۇقرالار ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى . ئۇلار جىن شۇرېننىڭ تەختكە چىققانلىقىنى پۇرسەت دەپ بىلىپ ، « يەر ۋە سۇنى قايتا تەقسىم قىلىش » تەلىپىنى يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى . جىن شۇرېن قۇمۇل ۋاڭىنىڭ يېرىنى ۋە ئۇنىڭ خەلققە بولغان كونتروللۇقىنى بىكار قىلسا ، ئۆزى بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان يەرنى كېڭەيتەلەيدىغانلىقىنى ، ئېلىنىدىغان باجنىمۇ كۆپەيتەلەيدىغانلىقىغا قاراپ ، « يەر ۋە سۇنى قايتا تەقسىم قىلىش » قا قوشۇلدى ھەمدە ۋاڭلىق تۈزۈمنى بىكار قىلغانلىقىنى جاكارلاپ ، قۇمۇل رايونىدا قۇمۇل ، ئاراتۈرۈك ، يىخې ناھىيىلىرىنى تەسىس قىلدى . جىن شۇرېن يەر بېجى ئېلىش ئۈچۈن لۇڭ شىيېلىننى ئەۋەتىپ ، قۇمۇل ۋاڭىغا تەۋە يەرلەرنى ئۆلچەتتى ۋە يەرلەرنى يۇقىرى ، ئوتتۇرا ، تۆۋەن دەرىجىلەرگە ئايرىدى . لۇڭ شىيېلىن ھاكىملىقنى تەمە قىلىپ ، بوز يەرلەرنى كۆپ مەلۇم قىلدى . ئۇيغۇر دېھقانلار يەرنىڭ مو سانى ئاشلىق دەپتىرىگە تىزىملانسىلا رەسمىي بېكىتىلىپ مەڭگۈ ئۆزگەرتىش مۇمكىن بولماي ، ئارتۇقچە يەر بېجى تۆلەپ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئېغىر زىيانغا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئويلاپ ، بىرلىشىپ ئىمزا قويۇپ ، قايتا تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ ئەرز سۇندى . جىن شۇرېن بۇنىڭغا ئېتىبار قىلمىدى . 1931 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ، « قۇمۇل يەرلىرىدىن باج ئېلىش چارىسى » نى ئېلان قىلىپ ، قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ ئارزۇسىغا زىت يول تۇتتى . دېھقانلار قۇمۇل ۋاڭىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلغان بولسىمۇ ، جىن شۇرېننىڭ ئارغامچىسى بىلەن باغلاندى .

1928 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ، فېڭ يۈيشياڭ بىلەن غەربىي

شىمالدىكى ما فامىلىلىك مىلىتارىستلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئىنتايىن كەسكىنلىشىپ كەتتى. فېڭ يۈيشياڭنىڭ قول ئاستىدىكى ليۇيۇفېن ئەسكەر باشلاپ گەنسۇغا كىردى، جىن شۇرېننىڭ نۇرغۇنلىغان يۇرتلۇقلىرى — خېجۇلۇق دېھقانلار شىنجاڭغا قېچىپ كېلىپ، قۇمۇلدا سەرگەردان بولۇپ يۈردى. جىن شۇرېن لۇڭ شىيېلىنغا ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا كۆرسەتمە بەردى. لۇڭ شىيېلىن جىن شۇرېننىڭ يۇرتۋازلىق قارىشىنىڭ ئېغىرلىقىنى چوڭقۇر چۈشەنگەنلىكتىن، ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن، ئۇلارنى مەقسەتلىك ھالدا سۇ، تۇپرىقى مول بولغان توخۇلۇ يېزىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۇ يەردىكى بىر تۈركۈم ئۇيغۇر دېھقانلارنى قوغلىدى ھەمدە ئۇلارغا ئۆلكە يەرنى بوز يەر قاتارىدا بۆلۈپ بېرىپ، قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر دېھقانلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى.

دەل شۇ ۋاقىتتا، شوپۇلدا تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ ئوفىتسېرى ئۇيغۇر قىزىنى زورلۇق بىلەن ئېلىۋېلىش ۋەقەسى يۈز بەردى.

جىن شۇرېن ئىچكىرىدىكى قوشۇننىڭ شىنجاڭغا بېسىپ كىرىشىنى توسۇش ئۈچۈن، قۇمۇلنىڭ مۇھىم ئۆتكەللىرىدە قوشۇن تۇرغۇزغانىدى. بۇ قوشۇن ئىنتىزام جەھەتتە بەكمۇ ناچار بولغاچقا، ئەتراپتىكى ئاھالىنى خالىغانچە ئۇرۇپ ـ تىللاپ ۋە ھاشارغا سېلىپ، شۇ يەردىكى بىر ئاپەتكە ئايلانغانىدى. شوپۇل قۇمۇلنىڭ شەرق تەرىپىدىكى 200 كىلومېتىر نېرىسىغا جايلاشقان كىچىك كەنت بولۇپ، بۇ يەردە تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ لىيەنجاڭى جاڭ گوخۇ ئۇيغۇر دېھقان ئابدۇلنىڭ قىزىغا ئىچپەش تارتىپ قالىدۇ ۋە زورلۇق بىلەن سوۋغا ـ سالام ئېلىپ بېرىپ ئالماقچى بولىدۇ. دېھقانلار تاقەت قىلىپ تۇرالماي، سالى دورغىنىڭ تەشكىللىشى ۋە رەھبەرلىكىدە «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» دەپ، 1932 ـ يىل 2 ـ ئايدا جاڭ گوخۇ توي قىلىدىغان كۈنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قوشۇننى يوقىتىدۇ.

شوپۇل ۋەقەسىدىن كېيىن ھەرقايسى جايلاردىكى ئۇيغۇر دېھقانلار قوزغىلاڭغا ئاۋاز قوشتى، نۇرغۇن كەنتلەردىكى دېھقانلار، جۈملىدىن بۇرۇن قۇمۇل ۋاڭى ئەۋەتكەن دورغىلارمۇ قوزغىلاڭغا قاتناشتى، بۇلارنىڭ

كۆپىنچىسى ۋاڭ ئوردىسى مەنپەئەتىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، جىن شۇرېننىڭ ۋاڭلىق تۈزۈمنى بىكار قىلغانلىقىغا ئىنتايىن نارازى ئىدى. ئۇلار دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن پايدىلىنىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ۋاڭلىق تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىشكە قىستىماقچى بولۇۋاتاتتى. ئۇلار ئىلگىرى تۆمۈر خەلىپە قوزغىلىڭىغا قاتناشقان، بۇ ۋاقىتتا قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدا مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ كىچىك باشلىقى بولۇپ تۇرۇۋاتقان خوجانىياز ھاجىمۇ ۋاڭ ئوردىسىدىكى بىرقىسىم مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەر ۋە پۇقرالار بىلەن ئالاقە باغلاپ، شوپۇلدىكى قوزغىلاڭغا ئاۋاز قوشتى. قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق دىۋىزىيىنىڭ قوماندانى ليۇ شىزېڭ قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئەسكەر ئەۋەتكەندە، خوجانىياز ھاجى شوپۇلدىكى قوزغىلاڭ رەھبىرى سالى دورغا بىلەن بىرلىكتە تاغ جىلغىسىغا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، ھۆكۈمەت ئارمىيىسىنى پۈتۈنلەي يوقاتتى، بۇنىڭ بىلەن ئىناۋىتى ھەسسىلەپ ئېشىپ، قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن رەھبەرلىككە سايلاندى. قوزغىلاڭچىلار شەرقىي تاغقا كىرىپ قۇمۇل ۋاڭى نەزەرنىڭ ئوغلى بېشىر ۋە كۈيئوغلى مەھبۇب ھاجىنىڭ نۇرغۇن ئالتۇن، كۈمۈش ياردىمىگە ئېرىشىپ تەسىر دائىرىسىنى بارغانسېرى زورايتتى.

ليۇ شىزېڭ مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي، قۇمۇل ھاكىمى جۇ لېينى سەدىن شاھ ئاخۇن، يارى دورغىلارنى قوزغىلاڭچىلار بىلەن سۈلھى قىلىشقا ئەۋەتتى. خوجانىياز ھاجى ۋاڭ ئوردىسىنىڭ زۇلمى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە قارشى تۇرغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆمۈر خەلىپە قوزغىلىڭىنىڭ ساۋاقلىرىغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ليۇ شىزېڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى خالىمايتتى. ئەمما، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ۋاڭ ئوردىسىنىڭ دورغىلىرى بولغانلىقى، قوزغىلاڭچىلار يەنە ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ تەشەببۇسىدا چىڭ تۇرالمىدى. بۇ دورغىلار جۇ لېي قاتارلىقلارغا: «ئەگەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋاڭلىق تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ماقۇل بولۇپ، ھەرقايسى ناھىيىلەرنىڭ ھاكىملىرىنى ۋە شۇ يەرلەردە تۇرۇشلۇق قوشۇننى قايتۇرۇپ كەتسە، قارشىلىقنى توختىتىمىز» دېدۇ.

ئىككى تەرەپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقاندا، ليۇ شىزېڭ قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىنى بىراقلا قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن، قۇمۇلدىكى، بارىكۆلدىكى قوشۇنلارنى ئىشقا سېلىپ، سۆھبەت بولۇۋاتقان جاينى قورشىۋالدى. خوجانىياز ھاجى ئالدىن خەۋەر تاپقانلىقى ئۈچۈن، ھۆكۈمەت ئارمىيىسى ئەدىبىنى يەپ بەدەر قاچتى.

جىن شۇرېن ليۇ شىزېڭنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئىلىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈۋاتقان جاڭ پېييۈەننى تېزلىكتە قۇمۇلغا ياردەم بېرىشكە يۆتكىدى. خوجانىياز ھاجى تاقابىل تۇرالماي، ما جۇڭيىڭنىڭ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ سالى دورغىنى جيۇچۈەنگە ئەۋەتتى.

ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسلى ئىسمى بۇيىڭ، گەنسۇنىڭ لىنشيا دېگەن يېرىدىن. ئۇ غەربىي شىمالدىكى ما فامىلىلىك مىلتارىستلار ئىچىدىكى ياش گېنېرال ئىدى. ئۇ 1928 ـ يىلى، فېڭ يۈيشياڭنىڭ رەھبەرلىكىدىكى دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ گەنسۇدا ئەسكەرلىككە ئادەم تۇتۇپ، سېلىق يىغىشىغا قارشى چىقىپ، خېجۇدا ئىش تەۋرەتكەنىدى. كېيىنكى يىلى، فېڭ يۈيشياڭ ئارمىيىسىنىڭ بېسىمى ئاستىدا نىڭشياغا چېكىنگەنىدى، ئۇ 1930 ـ يىلى ئەسكەر باشلاپ گەنسۇغا قايتىپ گەنجۇ ( جاڭيې ) نى ئىشغال قىلىپ، ئۆزىنى گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى، دەپ ئاتىغانىدى. 1931 ـ يىلى، چىڭخەيدىكى مىلتارىست ما بۇفاڭ ياتلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئەسكەر ئەۋەتىپ ما جۇڭيىڭغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى جيايۈيگۈەننىڭ سىرتىغا چېكىنىپ چىقىپ، يۈيمېن، ئەنشى، دۇنخۇاڭدىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيىدىلا قاپسىلىپ يېتىشقا مەجبۇرلىغانىدى. ماجۇڭيىڭ مۇشۇنداق مۈشكۈل ئەھۋالدا تۇرغان مەزگىلدە، قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ۋەكىلى ئۇنى شىنجاڭغا كېلىپ ياردەم بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ما جۇڭيىڭ شۇئانلا ماقۇل بولۇپ، 700 كىشىلىك خىل قوشۇننى باشلاپ قۇمۇلغا كەلدى.

بۇ ۋاقىتتا، جاڭ پېييۈەن ئىلىغا يۆتكەپ كېتىلدى. جىن شۇرېننىڭ تۇغقىنى جۇرۇيچى قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق دىۋىزىيىنىڭ باشلىقلىقىغا، شيوڭ فايۇ بىرىگادا كوماندىرلىقىغا يېڭىدىن تەيىنلەندى. ئۇلار ما

جۇڭيىڭنىڭ قۇمۇلغا بېسىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىككىگە بۆلۈنۈپ، قۇمۇل كونا شەھىرى بىلەن يېڭى شەھىرىنى مۇستەھكەم ساقلىدى. ما جۇڭيىڭ قۇمۇلغا خېلى ئۇزۇن ھۇجۇم قىلىپمۇ ئالالماي ئەسكىرىنى ئىككىگە بۆلۈپ، بىر قىسمىنى بارى كۆل بىلەن گۇچۇڭغا ھۇجۇم قىلىشقا، يەنە بىر قىسمىنى غەرب تەرەپتىكى يەتتە قۇدۇققا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. جىن شۇرېن لۇ شياۋزۇنى باش قوماندانلىققا، شېڭ شىسەينى شتاب باشلىقىغا تەيىنلەپ، دۇگوجىننىڭ بىر بىرىگادا ئوفىتسېر - ئەسكىرىنى باشلاپ شەرققە بېرىپ، ما جۇڭيىڭغا قارشى تۇرۇشقا ئەۋەتتى. دۇ گوجى يەتتە قۇدۇقنىڭ شەرقىدىكى قاراۋۇلخانىغا كېلىپ، ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن تۇتۇشۇپ قالدى. ما جۇڭيىڭ قاراڭغۇ كېچىدىن پايدىلىنىپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۆلكە ئارمىيىسىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، دۇگوجىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. لۇ شياۋزۇ بىلەن شېڭ شىسەي يەتتە قۇدۇقتىكى ئاشلىق ۋە ئوت - چۆپكە ئوت قويۇۋېتىپ گۇچۇڭغا چېكىندى. جىن شۇرېن ئاللىقاچان ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولغان روسىيە ئاق باندىتلىرىنى يىغىپ ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئارمىيە قىلىپ تەشكىللەپ، جاڭ پېييۈەننى قايتا يۆتكەپ كېلىپ، ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئارمىيىنى باشلاپ ما جۇڭيىڭغا تاقابىل تۇردى. ئىككى تەرەپ گۇچۇڭدا ئۇرۇش قىلدى، ما جۇڭيىڭنىڭ پۇتىغا ئوق تەگدى، ما جۇڭيىڭ ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئارمىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ھازىرچە غەلىبە قازىنالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ئاز بىر قىسىم ھەربىي كۈچىنى قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىغا ياردەم بېرىشكە قالدۇردى، ئۆزى چوڭ قوشۇننى باشلاپ، ئولجا ئالغان نەرسىلىرىنى ئېلىپ، جيۇچۈەنگە قايتىپ پۇرسەت كۈتتى.

قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرى ما جۇڭيىڭنىڭ ئاساسلىق كۈچىنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقتىن، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق جىن شۇرېن قوشۇنىغا تاقابىل تۇرالماي، شەرقىي تاغدىكى تايانچ بازىغا چېكىندى. ئۇزۇن ئۆتمەي، جاڭ پېييۈەن ئىلىغا يۆتكەلدى، جۇ رۇيچىمۇ ئۇرۇمچىگە يۆتكەلدى. قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق دىۋىزىيىنىڭ باشلىقلىقىغا تارباغاتاينىڭ باش ئەمەلدارى لى خەيرۇ تەيىنلەندى. لى خەيرۇ بۇرۇنقى ساۋاقلاردىن

قوزغىلاڭچىلارنى قورال كۈچى بىلەن يوقاتقىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ، تەسلىم بولۇشقا دالالەت قىلىش ۋاستىسىنى قوللاندى. ئىككى تەرەپ ۋاقتىنچە تىنچ ھالەتتە تۇردى، قۇمۇل قوزغىلىڭى شۇنىڭ بىلەن بىرمەھەل توختاپ قالدى.

جىن شۇرېن قوشۇنى قۇمۇل قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش جەريانىدا، ئوت قويۇپ، بۇلاڭچىلىق قىلىپ، قىرغىنچىلىق قىلىپ، يەرلىك ئۇيغۇر خەلقىنى زور ئاپەتكە ئۇچراتتى. نۇرغۇن كەنت كۆيدۈرۈلدى، ئاھالە قىرغىن قىلىندى، تېرىلغۇ يەرلەر ئاق قالدى. ھەتتا قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ تۈگىدى.

1931 ـ يىلى پارتلىغان قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى، دەسلەپتە جىن شۇرېننىڭ فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيىنى ئېغىرلاشتۇرۇشى ۋە مىللىي ماجىرا قوزغىغانلىقىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن پارتلىغان ھەققانىي قوزغىلاڭ ئىدى، بۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك. ئەمما، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئاللىقاچان بىكار قىلىنغان قۇمۇل ۋاڭى بۇ قوزغىلاڭدىن پايدىلىنىپ كەتتى. قۇمۇل ۋاڭى ۋە ئۇنىڭ گۇماشتىلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن دېھقانلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ئاللىقاچان بىكار قىلىنغان فېئوداللىق يانچىلىق تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، جەمئىيەتنى ئارقىغا چېكىندۈرۈشكە ئۇرۇندى. قۇمۇل ۋاڭى ۋە ئۇنىڭ گۇماشتىلىرى بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، مىللىي ۋە دىنىي كەيپىياتنى قوزغاپ، بۇ ھەرىكەتنى ئەكسىچە تەرەپكە بۇراپ كەتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تىنچلىق دىپلوماتىيە سىياسىتى، ياڭ زېڭشىن ۋە جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىق قىلغان شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتقانلىقى، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنى ئىنتايىن ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. شۇڭا، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى تاجاۋۇزچىلىق ئۇسۇلى جەھەتتە بۇرۇنقى قىپقىزىل قوراللىق تاجاۋۇز قىلىش سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە گۇماشتا ئىزدەپ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولدى. شۇڭا، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ

تاجاۋۇزچىلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان «چوڭ تۈركىزم» ۋەزىيەت ئېھتىياجى بىلەن بارلىققا كەلدى.

«چوڭ تۈركىزم» «پان تۈركىزم» نىڭ ئۆزگەرگەن تۈرى. «پان تۈركىزم» تۈركىيە پومېشچىك بۇرژۇئازىيە گۇرۇھىنىڭ ئەكسىيەتچىل شوۋىنىزمى بولۇپ، ئۇنىڭدا تۈركىيە بارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش كېرەك، دەپ تەرغىپ قىلىنىدۇ. چوڭ تۈركىزم 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بىر مەھەل ئەۋج ئالغان. ئۇنىڭدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر «تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشى كېرەك ۋەھاكازا دېيىلەتتى. چوڭ تۈركىزمنى تەرغىپ قىلغۇچىلار بۇ خىل مىللىي شوۋىنىزمدىن پايدىلىنىپ، ئېلىمىزدىكى ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مىللەتلەرنى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ چوڭ ئائىلىسىدىن ئايرىپ چىقىرىشنى مەقسەت قىلغان. ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى چوڭ تۈركىزمدىن پايدىلىنىپ، ئالدى بىلەن شىنجاڭنى «مۇستەقىل» قىلىپ، ئاندىن كېيىن شىنجاڭنى يۇتۇۋېلىپ، ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسى ھىندىستان ۋە ئافغانىستان بىلەن تۇتاشتۇرماقچى ئىدى.

ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى تۈركلەرنى ئاخۇن قىياپىتىگە كىرگۈزۈپ، شىنجاڭغا يوشۇرۇن كىرگۈزۈپ ئىشپىيونلۇق قىلدۇردى ھەمدە شۇلار ئارقىلىق دىن تارقىتىش نامىدا چوڭ تۈركىزمنى تەرغىپ قىلىپ، ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى. ياڭ زېڭشىن ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ زەھەرلىك نىيىتىنى كۆرۈپ يېتىپ، كۆپ قېتىم بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، تۈركلەرنىڭ مەسچىتلەردە دىن تارقىتىشنى چەكلىگەن ھەمدە جاسۇسلۇق قىلغان نۇرغۇن تۈركلەرنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقارغانىدى. 1918 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى كۇچادىكى ئەنگلىيىلىك شاگىۋ نەيىم ئارقىلىق مۇھەممەت ئېلىخان باشچىلىقىدىكى بىر توپ توپىلاڭچىنى سېتىۋېلىپ، كۇچادا توپىلاڭ پەيدا قىلغان. ئەنگلىيە تەمىنلىگەن قورال ـ ياراغلار ئارقىلىق توك سىملىرىنى ئۈزۈپ، پوچتىخانىنى بۇلىغان، شەھەر سىرتىدىكى خەلقنىڭ ئۆيلىرىنى

بولىغان، ئوت قويىغان ۋە ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلغان. بۇ چاغدا، كۇچانىڭ ئامبىلى چېن زۇگچى ياڭ زېڭشىننىڭ توپىلاڭچىلارنى يوقىتىش توغرۇلۇق تېلېگراممىسا ئارقىلىق بەرگەن بۇيرۇقىغا بىنائەن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ماسلىششى ئاستىدا مەھەممەت ئېلىخاننى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، بۇ قېتىمقى توپىلاڭنى باستۇرغان. شۇنىڭ بىلەن، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ئاغدۇرمىچىلىق سۇيىقەستى ئەمەلگە ئاشمىغان.

ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتى كۇچادىكى توپىلاڭنىڭ مەغلۇپ بولۇشى بىلەن توختاپ قالمىدى. ئۇ داۋاملىق ھالدا ھەرقايسى جايلاردىكى ئەنگلىيە شاگىۇلىرىغا كۆرسەتمە بېرىپ، ھەرمىللەت خەلقىنى ئەنگلىيىنىڭ سودا ئالاقىسى بىلىتى ئېلىشقا، ئەنگلىيە تەۋەلىكىگە كىرىشكە، گوماشتا بولۇپ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشقا قىزىقتۇردى. جىن شۇرېن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋدە ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ بۇ خىل تاجاۋۇزچىلىق خورىكى تېخىمۇ ئۆستى.

1933 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، خوجا نىياز ھاجى پىچان، تۇرپاندىكى قوزغىلاڭچى ئاممىنىڭ تەلىپى بىلەن قۇمۇلدىن تۇرپان ۋە پىچانغا كەلدى. شۇ يىلى 4 ـ ئايدا ما جۇڭيىڭ 2 ـ قېتىم شىنجاڭغا كىرىپ، 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا گۇچۇڭنى ئىشغال قىلدى، جىن شۇرېن شېڭ شىسەينى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق شىنجاڭغا كەلگەن شەرقىي شىمال پىدائىيلىرى، ئۆزلەشتۇرۇلگەن ئارمىيىدىن بولۇپ 5000 كىشىنى باشلاپ ما جۇڭيىڭغا قارشى تۇرۇشقا ئەۋەتتى. 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، ئىككى تەرەپ فۇكاڭ ناھىيىسىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى زىنىچۇەندە دوقۇرۇشۇپ قېلىپ قاتتىق ئۇرۇشتى، ئۇرۇشتا ما جۇڭيىڭ يېڭىلىپ تۇرپان ۋە پىچانغا چېكىندى. ئۇزۇن ئۆتمەي، خوجانىياز ھاجى بىلەن ما جۇڭيىڭ ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىش يۈز بەردى، ما جۇڭيىڭ قوشۇنى خوجا نىياز ھاجىنى ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ قىلدى، خوجانىياز ھاجى توقسۇن، قارا شەھەر ئارقىلىق كۇچاغا چېكىنىپ، ئەنگلىيە ئىشپىيونلىرىنىڭ قايمۇقتۇرۇشى ئارقىسىدا، ئاخىر چوڭ تۈركىزمچىلار تەرىپىدىن سوغا سۇرەپ چۆشۇ-

رۇلدى . شۇ يىلى 3 ـ ئايدىلا ، پانتۈركىست مۇئەممەت ئىمىن ئەنگلىيىنىڭ قوللىشى ئاستىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ، قارا قاش ، خوتەننى ئىگىلەپ « ئىسلام دۆلىتى » قۇرۇپ ، ئۆزىنى پادىشاھ قىلىپ تىكلىدى . ئەسكەر ئەۋەتىپ يەكەن ، يېڭىسار ، مارالبېشىنى ئىگىلىدى . شۇ يىلى كۈزدە ، مۇھەممەت ئىمىن خوجانىياز ھاجىنىڭ قوشۇنى بىلەن بىر- لىكتە قەشقەرنى ئىشغال قىلدى . 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ، ئەنگلىيە جاسۇسى ئابدۇل ئاشىسخاننىڭ سالا قىلىشى بىلەن ، جەنۇبىي شىنـ جاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى چوڭ تۈركىزمچىلار تىل بىرىكتۈرۈپ ، ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق قورچاق « شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى » قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاپ ، خوجانىياز ھاجىنى زۇڭتۇڭلۇققا ، سابىت داموللىنى زۇڭلىلىققا ئولتۇرغۇزدى . بۇ ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا مەيدانغا كەلگەن قورچاق ھاكىمىيەت ئىدى . ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى بۇ قورچاق ھاكىمىيەتنى قوللاش ئۈچۈن ھىندىستاندىن كۆپلىگەن قورال ـ ياراغ ، ئوق ـ دورا توشۇپ كەلدى ، جاسۇسلارنى ئەۋەتىپ مەسلىھەتچى قىلدى ، قوشۇنلارنى مەشىق قىلدۇ- رۇپ ، ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلدۇردى . بۇنىڭ بىلەن ، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى تېخىمۇ بەك پاراكەندە بولۇپ ئەنسىزلەشتى .

## §3 . 12 ـ ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى ۋە شېڭ شىسەينىڭ تەختكە چىقىشى

جىن شۇرېننىڭ ھاكىمۇتلەق قىلىشى ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە يۇرتلۇقلىرىنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشى جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەسىدىكىلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى . بەزى تەرەققىيپەرۋەر ، رادىكال ياش ئەمەلدارلار جىن شۇرېن جەمەتى ۋە گورۇھىنىڭ كەمسىتىشى ، چەتكە قېقىشىغا ۋە بېسىشىغا ئۇچرىغاچقا ، قورسىقىدا غۇم ساقلاپ يۈرگەندى . دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ شتاب باشلىقى چېن جۇڭ ، ئۇرۇمچى ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى تاۋ مىڭيۇ ، ھاۋا ئارمىيىسى ئەترىتىنىڭ باشلىقى لى

شىياۋتيەن، شتاب باشلىقى شېڭ شىسەي قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى جىن شۇرېننىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىمىغىچە باش كۆتۈرەلمەيدىكەنمىز، شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىمۇ يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدىكەن، دەپ قارىشاتتى. شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى جىن شۇرېننىڭ قۇمۇل قاتارلىق جايلاردىكى قوزغىلاڭلارنى باستۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنى، خۇيزۇلارنى قىرغىن قىلىپ، مىللىي ماجىرا قوزغىغانلىقىغا قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئۇنىڭ بۇرۇنراق تەختتىن چۈشۈشىنى ئۈمىد قىلاتتى. جىن شۇرېننىڭ قول ئاستىدىكى جان تالىشىۋاتقان ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئارمىيە ئۇرۇش مەيدانىدا جاسارەت بىلەن ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، جىن شۇرېن تەرىپىدىن « لالما ئىت » دەپ قارىلىپ، كەمسىتىلدى ۋە ھاقارەتلەندى، ھەتتا ئېرىشىشكە تېگىشلىك ھەربىي تەمىناتىدىنمۇ مەھرۇم قىلىندى. شۇڭا، ئۇلارنىڭمۇ جىن شۇرېنغا ئۆچمەنلىكى بار ئىدى. 1933 ـ يىلى ئەتىيازدا، شىنجاڭنىڭ سىياسىي بۆھرانى ئىنتايىن ئېغىرلىشىپ كەتتى. جىن شۇرېن ھەممە تەرەپنىڭ مەسخىرىسى ئىچىدە قالدى.

1932 ـ يىل 11 ـ ئايدىلا، قۇمۇل قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى بىلەن مەخسۇت مۇھىتى باشچىلىقىدىكى تۇرپان ئاستانە دېھقانلىرى جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. جىن شۇرېن ئۇلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئارمىيىنى ئەۋەتتى، مەخسۇت مۇھىتى ئۇرۇشتا قۇربان بولدى. قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقىمۇ بولمىغان نۇرغۇن خۇيزۇ ئاھالىلىرى قىرغىنچىلىقتا ئۇچرىدى، ھەتتا ئاياللار ۋە بالىلارمۇ ساق قالمىدى. مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئىنىسى مەخمۇت مۇھىتى ئاممىنى باشلاپ كۈرەشنى داۋاملاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قۇمۇلغا ئادەم ئەۋەتىپ ياردەم سورىدى. خوجانىياز ھاجى بىلەن ما جۇڭيىڭ قۇمۇلدا قالدۇرۇپ كەتكەن ما شىمىڭ تەلەپكە بىنائەن قوشۇن باشلاپ غەرب تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ، پىچان بىلەن تۇرپاننى ئىشغال قىلدى. 1933 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، دېھقانلار كالپىندارى بويىچە ھارپا كېچىسى، ما شىمىڭ داۋانچىڭغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ئۇرۇمچىنى

قورشىۋالدى. جىن شۇرېن بەي شۇۋجىنى شەھەر مۇداپىئەسى قوماندانلى-
قىغا تەيىنلەپ، ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئارمىيىدىن پايدىلىنىپ مۇھاسىرىنى بىكار
قىلدى. ما شىمىڭ ئەسكەر باشلاپ مىچۈەن، فۇكاڭنى ئىشغال قىلىپ
ئۈرۈمچىگە يەنىلا ئېغىر تەھدىت سالدى. جىن شۇرېن يەنە شېڭ شى-
سەينى ئەسكەر باشلاپ يوقىتىشقا بۇيرىدى. شېڭ شىسەي ما شىمىڭنى
قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، مىچۈەن، فۇكاڭنى قايتۇرۇۋالدى ۋە ئەسكەرلى-
رىنى قايتۇرۇپ ئۈلانبايدا تۇردى.

ئۈرۈمچى قورشاۋدا تۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا، ما شىمىڭنىڭ قول
ئاستىدىكى ما جيەنساڭ قارا شەھەر ئارقىلىق كۇچاغا بېرىپ كۇچادىكى
تۆمۈرنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىنى قوللىدى ۋە ئۇنىڭغا ماسلىشىپ بۈگۈر،
باي، كۇچا، ئاقسۇ، شايار، كورلىنى ئىشغال قىلدى. قاراقاش، خوتەن،
يەكەن، پوسكاملار چوڭ تۈركىزمچى مۇھەممەت ئىمىن تەرىپىدىن ئىشغال
قىلىنغانىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي مۇھەممەت ئىمىن خوجانىياز ھاجى بىلەن
بىرلىكتە قەشقەر ۋالىيسى ما شاۋۋۇنى قوغلىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل
جەنۇبىي شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تەۋە بولماي قالدى.

1933 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئارمىيىنىڭ
پولكوۋنىكى پاپىنگورت جىن شۇرېن بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدى.
جىن شۇرېن كارىۋاتتا يېتىپ ئەپيۇن چېكىۋاتقانىكەن، ئۇ پاپىنگورتنىڭ
كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ سالاممۇ بەرمەي، بىر پۇتىنى كۆتۈرۈپ ئورۇن-
دۇقنى كۆرسىتىپ ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلغان. پاپىنگورت
ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئارمىيىنىڭ تۇتۇپ قېلىنغان تەمىناتىنىڭ تارقىتىپ بې-
رىلىشىنى تەلەپ قىلغاندا، جىن شۇرېن قاتتىق غەزەپلىنىپ ئورنىدىن
چاچراپ قوپۇپ ئەيىبلەپ كەتكەن. پاپىنگورت تۇتۇۋېلىنغان تەمىناتنى
ئالالمىغانلىقى ئۈستىگە ھاقارەتكە ئۇچراپ قايتقان.

چىن جۇڭ ئۈرۈمچىنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇشتا باتۇرلۇق ۋە
چىۋەرلىك بىلەن نۇرغۇن خىزمەت كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما جاھان
تىنچىغاندىن كېيىن، جىن شۇرېننىڭ ھەسەتخورلۇقى ۋە توسالغۇسىغا
ئۇچراپ، ئاران دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغىلا ئۆستۈرۈلدى. ئې-

رىششكە تېگىشلىك مۇكاپاتقا ئېرىشەلمىدى . تا ۋمىگيۇ شەھەرنى ساقلاشتا ئارمىيە ـ خەلقنىڭ ئارقا سەپ تەمىناتىغا مەسئۇل بولۇپ ، زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى ، ئەمما ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى لۇ شياۋزۇ تارباغاتاينىڭ باش مەنسەپدارلىقىغا يۆتكەلگەن ، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە باش كاتىپ بولۇشى كېرەك دەپ قارىغاندا ، جىن شۇرېن ئىقتىدارسىز قېرى كىتابباز سۇڭ خۇەيشىنى بۇ خىزمەتكە تەيىنلىدى . ئۇ بۇنىڭ بىلەن بەك ئۈمىدسىزلەندى . لى شياۋتىيەن بولسا جىن شۇرېنغا ئەزەلدىن نارازى ئىدى . 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ، بۇ ئۈچى جىن شۇرېننى ئاغدۇرۇش ھەرىكىتىنى پىلانلىدى . ئۇلار ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئارمىيىنى سىياسىي ئۆزگىرىش قىلدۇرغان ھەربىي كۈچ قىلدى ، چېن جۇڭ ئالاقىلىشىشقا مەسئۇل بولدى ھەمدە ئىككى تەرەپ تېز ۋە ئاسانلا پۈتۈشتى .

4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى چۈشتە ، ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئارمىيىنىڭ پولكوۋنىكى باپىنگورت بىلەن ئانتونوف 200 دىن ئەسكەر باشلاپ ، شەرقىي قوۋۇقتىن بۆسۈپ كىرىپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ ، ئۇدۇل دۇبەن مەھكىمىسىگە ئاتلىنىپ قوۋۇقنى ۋە مۇھىم ھەربىي ئورۇنلارنى ئىگىلىدى . شەھەر مۇداپىئە قوماندانى بەي شۇجى ، ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى جىن شۇشىن ، پىيادە ئەسكەرلەر پولكىنىڭ باشلىقى سۇي جاۋجى تىرىك تۇتۇلدى ، خەلقنىڭ غەزىپى كۈچلۈك بولغاچقا ، 2 ـ كۈنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى . دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى قارشىلىق كۆرسەتتى ، جىن شۇرېن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئېلىپ ، ئارقا تامدىن ئارتىلىپ ، جامائەت خەۋپسىزلىكى 1 ـ شۆبە ئىدارىسىگە كىرىپ يوشۇرۇنۇۋالدى . شۇ كۈنى كەچتە ، باپىنگورت ئادەم ئەۋەتىپ ، ھەرقايسى نازارەت ، ۋىلايەتلەرنىڭ باشلىقلىرى ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرىنى تەكلىپ قىلىپ يىغىن ئېچىپ ، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ليۇ ۋېنلۇڭنى ئۆلكىنىڭ ۋاقىتلىق رەئىسلىكىگە ، شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنىڭ براگادا باشلىقى جېڭ رۇنچېڭنى ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ۋاقىتلىق باشلىقلىقىغا سايلىدى . 13 ـ كۈنى ، جىن شۇرېن

پۈتۈن ئائىلىسىنى ئېلىپ شەھەر سىرتىغا قېچىپ چىقىپ، شېڭ شىسەينى ۋە شەھەر سىرتىدىكى باشقا قىسىملارنى يىغىپ قايتۇرما ھۇجۇمغا تەييارلاندى. شېڭ شىسەي تېزلىكتە شەھەرنىڭ شىمالىدىكى ئېگىزلىكنى ئىگىلەپ ئەسكەرلىرى بىلەن كۆزۈتۈپ ياتتى. جىن شۇرېننىڭ شەھەر سىرتىدىكى قوشۇنى قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ باققان بولسىمۇ، ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئارمىيە ۋە شەرقىي شىمالدىكى پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ تۇسۇپ زەربە بېرىشى ئارقىسىدا قىلچە ئىلگىرىلىيەلمىدى. جىن شۇرېن ئۈمىدسىزلىنىپ سانجىغا باردى ھەمدە كۆچ توپلاپ يېڭىۋاشتىن باستۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن، ئىلىدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش قوماندانى جاڭ پېييۇەننى ئىلىغا بېرىپ ئەسكىرىي كۆچلەرنى توپلاپ كېلىڭ، دەپ ئۇنىڭغا تېلېگىراما بەردى. ئەمما، جاڭ پېييۇەن ئۇنى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن رەت قىلدى. جىن شۇرېن ئامالسىز يولنى ئۆزگەرتىپ چۆچەككە قاراپ ماڭدى. تارباغاتاينىڭ باش مەمۇرىي ئەمەلدارى لۇ شياۋزۇ ئۇنىڭغا قايتىپ كېتىڭ، دەپ مەسلىھەت بەردى ھەمدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئاپتوموبىل سېتىۋېلىش ئۈچۈن چۆچەك تاموژنىسىدا قويۇپ قويغان 1600 سەردىن ئارتۇق ئالتۇنىنى ئۇنىڭغا بەردى. 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، جىن شۇرېن چۆچەكتە تېلېگىراما يوللاپ، ئۆزىنىڭ تەختتىن چۈشكەنلىكىنى جاكارلىدى. بۇنىڭ بىلەن، ئۆزىنىڭ بەش يىل داۋاملاشقان زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقىنى ئاياغلاشتۇرى.

شېڭ شىسەي ئادەتتە تاۋمىڭيۈ، چېن جۇڭ، لى شياۋتيەنلەر بىلەن قويۇق باردى - كەلدى قىلىپ تۇراتتى، ئۇ سىياسىي ئۆزگىرىشتە ئۆزىنى كۆرسەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ سىياسىي ئۆزگىرىش ئۇنىڭ كۆڭۈل ئارزۇسىغا پۈتۈنلەي باب كېلەتتى. ئۇ ئېگىزلىكنى ئىگىلەپ ئەسكەرلىرى بىلەن قاراپ تۇرۇشتا، سىياسىي ئۆزگىرىش قىلغانلارغا بېسىم ئىشلىتىپ، ھوقۇقنى تارتىۋېلىپ ئۆزىنىڭ سىياسىي قارانىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلغانىدى. 13 - كۈنى چۈشتە، چېن جۇڭ بىلەن باپىنگورت ئېگىزلىككە كېلىپ شېڭ شىسەي بىلەن مەخپىي سۆھبەتلەشتى. 14 - كۈنى، ۋاقىتلىق كومىتېتىنىڭ يىغىنىدا

باپىنگورت : « شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى ئېغىر مۇقىملاشمىدى ، شېڭ باش
قوماندان كۆپ يىل ئەسكەر باشلاپ ئىزچىل مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ كەلـ
گەن . شۇڭا ، ۋاقىتلىق دۇبەن بولۇپ سايلىنىشى كېرەك ، ۋەقە يۈز
بەرگەن ئاخشىمى تەشكىللەنگەن ۋاقىتلىق ھەربىي كومىتېت ھازىر ئەمەلـ
دىن قالدۇرۇلۇشى كېرەك » دەپ تەكلىپ بەردى . تاۋمىڭيۈ ، چېن جۇڭ ،
لى شياۋتىيەنلەر ئالدى بىلەن قوشۇلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى ، يىغىنغا
قاتناشقانلارمۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ، ئامالسىز قوشۇلىدىغانلىقىنى
بىلدۈرۈشتى . شېڭ شىسەي ھەربىي كۈچىگە تايىنىپ ، سىياسىي ئۆزگـ
رىشنىڭ مېۋىسىدىن بەھرىمەن بولدى . شۇ كۈنى ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەتتىكى ۋاقىتلىق كومىتېتنىڭ نامىدا نەنجىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتكە
تېلېگرامما يوللاپ ، سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبى ۋە جەريانىنى
چۈشەندۈرۈپ ، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ليۇۋېنلۇڭنى ئۆلكىنىڭ رەئىسلـ
كىگە ، شېڭ شىسەينى دۇبەنلىككە رەسمىي تەيىنلەشنى تەلەپ قىلدى ؛
يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ چېن جۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان ، بۇرھان شەھىدى تەيـ
يارلىغان ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسى ماقۇللاندى ۋە ئېلان
قىلىندى . ئۇ مىللىي باراۋەرلىكنى يولغا قويۇش ، دىنغا ئېتىقاد قىلىش
ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ، يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئىستىلى ۋە
ئۇتتۇقلىرىنى ئېنىقلاش ، ئەدلىيىنى ئىسلاھ قىلىش ، مالىيىنى تەرتىپكە سېـ
لىش ، يېزىلاردا قۇتقۇزۇشنى يولغا قويۇش ، مائارىپنى كېڭەيتىش ۋە
تولۇقلاش ، ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش دېگەن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە
ئالدى . بۇ « سەككىز چوڭ خىتاپنامە » دەپ ئاتالدى .

شېڭ شىسەي ، تەخەللۇسى جىنيۇڭ ، لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ
كەيۈەن ناھىيىسىدىن ، پومېشچىك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان . 1917 ـ
يىلى ، ياپونىيىنىڭ مىڭجى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان . دۆلەتكە قايتىپ
كەلگەندىن كېيىن ، شىمال مىلىتارىستلىرىنىڭ كۈچىيىپ قالغانلىقىنى
كۆرۈپ ، قەلەمنى تاشلاپ ئەلەم بىلەن شۇغۇللىنىپ ، گۇاڭدۇڭدىكى
شاۋگۇەن ھەربىي بىلىم يۇرتىغا كىرىپ ئوقۇغان ھەمدە ئوقۇتقۇچىسى
گوسۇڭلىڭ بىلەن تونۇشقان . گوسۇڭلىڭ كېيىن شەرقىي ـ شىمالدىكى

لىياۋنىڭ مىلىتارىستى جاڭ زولىننىڭ قول ئاستىدا بىرىگادا كوماندىرى بولغان. شېڭ شىسەي مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۆزىنى گوسۇڭلىڭنىڭ قوينىغا ئېتىپ، شاگۋېي دەرىجىلىك مەسلىھەتچى بولغان، شۇنىڭدىن كېيىن، يەنە ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن. 1925 ـ يىلى، گوسۇڭلىڭ جاڭ زولىنغا قارشى چىققاندا، شېڭ شىسەي ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ ياردەم بەرگەن. گوسۇڭلىڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ياپونىيەگە قېچىپ بېرىپ قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا داۋاملىق ئوقۇغان، ئەمما ئوقۇش خىراجىتىدىن قىسىلىپ جياڭ جېيشى بىلەن تونۇشۇپ ئۇنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان، جياڭ جېيشى ئۇنى ئوقۇش خىراجىتى بىلەن تەمىنلىگەن. 1928 ـ يىلى، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شتاب باشقارمىسىدا ئۇرۇش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. 1930 ـ يىلى يازدا، جىن شۇرېن شىنجاڭدىكى ئارمىيىنى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن، لۇشياۋزۇنى ھەربىي جەھەتتىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەكلىپ قىلىشقا ئىچكىرىگە ئەۋەتكەن. شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ قارا نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق لۇشياۋزۇ تەرىپىدىن تاللىنىپ شىنجاڭغا تەكلىپ قىلىنىپ كەلگەن. ئەمما، شېڭ شىسەي جىن شۇرېن بىلەن تۇغقان ياكى بىر يۇرتلۇق بولمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەددىدىن زىيادە مەنمەنچى بولغانلىقى ئۈچۈن، جىن شۇرېن گۇرۇھىنىڭ ھەسەت قىلىشىغا ئۇچراپ، مەسلىھەتچىلا بولۇپ قالغان، ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىلمىگەن. قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتىلىغان، ماجۇڭيىڭ شىنجاڭغا كىرگەن ئەھۋال ئاستىدا، ئۆلكە ئارمىيىسى ھەرقېتىملىق ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغانلىقتىن، جىن شۇرېن ئامالسىز شېڭ شىسەينى ئىشقا قويۇپ، شتاب باشلىقلىقىغا تەيىنلىگەن. شېڭ شىسەيمۇ دېگەندەك دائىم غەلىبە قىلىپ، كۈندىن ـ كۈنگە ئۇتۇق قازاندى. شتاب باشلىقلىقىدىن شەرقىي يۆنىلىش باش قوماندانلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. ئۇنىڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى جىن شۇرېننىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھەسەتخورلۇقىنى تۈگىتەلمىدى. سىياسىي ئۆزگىرىش بولۇشتىن بۇرۇنلا، جىن

شۈرىن كىچىككىنە تالاش ـ تارتىش تۈپەيلىدىن ئۇنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، بىكار قىلىپ قويغانىدى. كېيىن تۇرپاندىكى ئۇرۇش ۋەزىيىتى جىددىي بولغانلىقتىن، ئۇنى قايتىدىن ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولدى. 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، سىياسىي ئۆزگىرىش بولغاندا، شېڭ شىسەي جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك بىر قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى 15 كىلومېتىر كېلىدىغان ئۆلانبايدا تۇرۇپ ھەل قىلغۇچ شەخس بولۇپ قالدى؛ ئۇ ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، بۇ ۋەزىيەتنى ئۆزىنىڭ قارا نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ياخشى پۇرسىتى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئەسكەر باشلاپ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى ئېگىزلىكنى ئىگىلەپ، خۇپسەنلىك قىلىپ سودىلىشىشقا تەييارلاندى. سىياسىي ئۆزگىرىش قىلغۇچىلار دەل ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، ئۇنىڭغا دۇبەنلىكنى بېرىپ، شىنجاڭنىڭ ھەربىي ھوقۇقىنى تۇتقۇزۇپ قويدى.

1933 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ماجۇڭيىڭ 2 ـ قېتىم شىنجاڭغا كىرىپ مورىنى ئىگىلەپ، گۇچۇڭغا ھۇجۇم قىلدى. شېڭ شىسەي گۇچۇڭدىن كەلگەن جىددىي تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئۆلكە ئارمىيىسى، شەرقىي شىمال ئارمىيىسى ۋە ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئارمىيىدىن 5000 كىشىنى باشلاپ ياردەمگە ئاتلاندى. ئۇ فۇكاڭغا كەلگەندە گۇچۇڭ ئاللىقاچان قولدىن كەتكەنىدى، ئۇ فۇكاڭدا مۇداپىئە قۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ بىۋاستە قوماندانلىق قىلدى. 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا قول تىقىش ئۈچۈن، شېڭ شىسەي بىلەن ماجۇڭيىڭنىڭ ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى خۇاڭ مۇسۇڭنى ھال سورىغۇچى قىلىپ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ «ياراشتۇرۇش» ۋە «ھال سوراش» نامىدا شىنجاڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ھوقۇقىنى تارتىۋالماقچى بولدى. ماجۇڭيىڭ ئۆزىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنىڭ كۈچلۈكلىكىنى، شېڭ شىسەينى يېڭىپ شىنجاڭغا يالغۇز خوجايىنلىق قىلالايدىغانلىقىنى، ياراشتۇرۇشنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز ئىكەنلىكىگە قاراپ، خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىماي، غەربكە يۈرۈش قىلدى. شېڭ شىسەي ئۇنىڭغا

تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئەسكەر باشلاپ قارشى چىقتى. 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، ئىككى تەرەپ فۇكاڭنىڭ شەرق تەرىپىدىكى زىنىچۈەندە تۇتۇشۇپ قېلىپ بىر كۈن ئېتىشتى، ماجۇڭيىڭ جەڭدە زور غەلىبىگە ئېرىشتى. شېڭ شىسەي ئەسىرگە چۈشكىلى تاس قالدى. قاش قارايغاندا ھاۋا تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ بوران چىقىپ كەتتى، يامغۇر ئارىلاش قار ياغدى. شېڭ شىسەينىڭ قوشۇنلىرى پاختىلىق ۋە خۇرۇم كىيىملەرنى ئېلىۋالغانىدى. ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى ئاق رەختتىن تىكىلگەن يالاڭ كىيىم كىيگەچكە، بۇنداق قار ـ بورانغا بەرداشلىق بېرەلمەي 2 ـ كۈنى ئەتىگەندە مەغلۇپ بولۇپ، تۇرپان، پىچانغا چېكىندى. شېڭ شىسەيمۇ ئۈرۈمچىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى مۇقىم بولمىغاچقا، ئۇلارنى قوغلاشقا جۈرئەت قىلالماي دەرھال ئۈرۈمچىگە قايتتى.

شېڭ شىسەي خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ شىنجاڭغا كېلىشتىكى غەرىزىنى بەش قولدەك بىلەتتى. شۇڭا، ئالدىنقى سەپكە مېڭىشتىن بۇرۇن، يېقىنلىرىنى خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىشكە ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ئۇ تاۋمىڭيۈ ،لى شياۋتيەن، چېن جۇڭلار خۇاڭ مۇسۇڭ بىلەن پات ـ پات ئۇچرىشىپ يۈرۈۋاتىدۇ، خۇاڭ مۇسۇڭ دۇبەن تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ ھەربىي كومىتېتنى باشقىدىن قۇرۇپ، جانابىڭىزنىڭ ھەربىي ھوقۇقىنى تارتىۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ، دېگەن ئاخباراتنى تاپشۇرۇۋېلىپ قاتتىق غەزەپلىنىدۇ. ئۇ نەيرەڭۋاز، قارا يۈرەك بولغاچقا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى دۇبەن مەھكىمىسىدە ۋاقىتلىق جىددىي يىغىن چاقىرىلىدۇ، دەپ ئۇقتۇرۇش قىلىدۇ. تاۋمىڭيۈ، چېن جۇڭ، لى شياۋتيەنلەر ئىشىكتىن كىرىشى بىلەنلا مۇھاپىزەتچىلەرنى بۇيرۇپ، ئۇلارنى تۇتۇپ، ھېچنېمە دېگۈزمەيلا ئارقا ھويلىغا ئېلىپ چىقىپ ئېتىۋېتىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىنلا يىغىندا ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان يالغان ئىسپاتنى چىقىرىپ، بۇ ئۈچى توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە ئورۇنلانغانلىقى ئۈچۈن ئېتىۋېتىلدى، دەپ ئېلان قىلىدۇ. ئۆلكە رەئىسى ليۇۋېنلۇڭ قورقۇپ كېتىپ قاتتىق يىغلاپ ئىستىپا بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ، باشقىلار داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالىدۇ. ئارقىدىنلا

شىبىڭ شىسەي خۇاڭ مۇسۇگىنى لىۋۇپىنلۇڭ بىلەن ئىككىمىزنىڭ رەسمىي تەيىنلىنىشىمىزنى تەلەپ قىلىپ، نەنجىڭغا تېلېگىراممىا يوللايسەن دەپ قىستايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خۇاڭ مۇسۇگىنى قاتتىق نازارەت قىلىشقا ئادەم قويىدۇ. 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، خۇاڭ مۇسۇڭ سالپايغان ھالدا شىنجاڭدىن كېتىدۇ. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ھېچ ئامال قىلالماي 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى لىۋۇپىنلۇگىنى ئۆلكە رەئىسلىكىگە، شىڭ شىسەينى دۇبەنلىكىكە، جاڭ پېيۈەنني ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش بېگىلىكىكە، قوشۇمچە 8 ـ دىۋىزىيىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەيدۇ.

8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، نەنجىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى دىپلوماتىيە مىنىستىرى قوشۇمچە ئەدلىيە مەمۇرىيىتى مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى لوۋېنگەننى ئالاھىدە خادىم سۈپىتىدە شىنجاڭغا كېلىپ ھەرىكەت قىلىشقا يەنە بىر قېتىم ئەۋەتتى. 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، لو ۋېنگەن قۇمۇلدا ماجۇڭيىڭنىڭ ۋەكىلى بىلەن كۆرۈشۈپ، كەينىدىنلا ئۈرۈمچىگە كېلىپ شىڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشتى. ئۇچرىشىش جەريانىدا ئۇ شىڭ شىسەينىڭ قارانىيەت ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ئاسانلىقچە تىزگىنلىگىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، لو ۋېنگەن تۇرپانغا بېرىپ ما جۇڭيىڭنى ئۆز يېنىغا تارتتى. 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، لو ۋېنگەن يەنە ئىلىغا بېرىپ جاڭ پېيۈەنني ئۆزىگە تارتتى، يەنە تېخى جاڭ پېيۈەن ئارقىلىق، ئۈرۈمچىدىكى شەرقىي شىمال پىدائىيلار ئارمىيىسىنى ئۆزىگە تارتتى. 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، لو ۋېنگەن ھەممە ئىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق نەنجىڭگە قايتتى.

لو ۋېنگەننىڭ مەخپىي ھەرىكەتلىرى شىڭ شىسەينىڭ كۆڭلىدە ئايان ئىدى. ئۇ قىلچە سەزدۈرمەي بىرىنچى بولۇپ قول سالدى. 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، ئۇ ھەربىي يىغىن چاقىرىش نامى بىلەن ئۈرۈمچىدىكى شەرقىي شىمال پىدائىيلار ئارمىيىسىنىڭ گېنېرالى جىڭ رۇنچېڭ قاتارلىقلارنى قولغا ئالدى. ئارقىدىنلا ئۆلكە رەئىسى لىۋ ۋېنلۇگىنى نەزەربەند قىلدى، ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئارمىيىنىڭ ئوفىتسېرى باپىنگورتنى ۋە ئۆزىنىڭ

ھوقۇقىغا ۋە ئورنىغا تەھدىت سالغان بارلىق شەخسلەرنى قولغا ئېلىپ، ئۈرۈمچىگە بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىدى.

1933 - يىل 12 - ئايدا، جاڭ پېيىۋەن بىلەن ما جۇڭيىڭ بىرلىشىپ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شېڭ شىسەيگە ھۇجۇم قوزغىدى. جاڭ پېيىۋەن ئالدى بىلەن شىخودا تۇرۇشلۇق قىسمىغا بۇيرۇق بېرىپ، شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن سېتىۋېلىپ چۆچەك ئارقىلىق توشۇپ كەلگەن قورال - ياراغلىرىنى تۇتۇپ قالدى ھەمدە ئۆزى بىۋاستە ئەسكەر باشلاپ شەرققە ھۇجۇم قىلدى. شېڭ شىسەي ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تېزلىكتە شەرقىي شىمال ئارمىيىسى ۋە ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئارمىيىنى ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. شېڭ شىسەي ئىزچىل ھالدا ئىلغارلىق نىقابىنى تاقىۋېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنى تەشەببۇس قىلىپ كەلگەنلىكتىن، جاڭ پېيىۋەن بولسا نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە ئەگىشىپ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ كەلگەنلىكتىن سوۋېت ئىتتىپاقى شېڭ شىسەينىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولدى. قىزىل ئارمىيە ئىلىغا كىرىپ، جاڭ پېيىۋەننىڭ كونا ئۇۋىسىنى چۇۋۇۋەتتى. جاڭ پېيىۋەن قىيىن ئەھۋالدا قېلىپ، پەرىشان بولۇپ ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلۈۋالدى.

جاڭ پېيىۋەن بىلەن شېڭ شىسەي شىخونىڭ شەرقىدە تىركىشىۋاتقان، ئۈرۈمچىدە ھەربىي كۈچ قالمىغان ۋاقىتتا، ما جۇڭيىڭ پۈتۈن قوشۇنى بىلەن ئاتلىنىپ تۇرپاندىن چىقىپ، داۋانچىڭنى ئىشغال قىلىپ ئۈرۈمچىنى قورشىۋالدى. سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى شېڭ شىسەيگە يەنە ياردەم بېرىپ ماجۇڭيىڭنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۈرۈمچىنى مۇھاسىرىدىن ئازاد قىلدى. شېڭ شىسەي دەرھال بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ما جۇڭيىڭغا قوغلاپ زەربە بېرىپ، 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى داۋانچىڭنى قايتۇرۇۋالدى، 8 - كۈنى تۇرپانغا كىردى. ما جۇڭيىڭ كەينى - كەينىدىن

مەغلۇپ بولدى. مارالۋېشى ئۇرۇشىدا ما جۇڭيىڭ يەنە مەغلۇپ بولۇپ قەشقەر ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاچتى، قالدۇق قىسىملىرىنى ماخۇسەن قاتارلىقلار باشلاپ گۇما، خوتەن ئەتراپىدا تۇردى. شېڭ شىسەي ما جۇڭيىڭنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ قالدۇقلىرىنىڭ ئۆزىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى ۋاقتىنچە ساقلاپ قالدى.

1934 ـ يىلى يازنىڭ باشلىرىدا، قورچاق شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى خوجا نىياز ھاجى زۇڭلى سابىت داموللا بىلەن زىتلىشىپ قېلىپ، سابىت دامولليىنى قولغا ئالدى. ماجۇڭيىڭ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغاندا، خوجا نىيازھاجى يېڭىسار ئەتراپلىرىدا يوشۇرۇنۇپ يۈردى، 8 ـ ئايدا شېڭ شىسەينىڭ قوشۇنى قەشقەرنى ئىشغال قىلغاندا، ئۇ ئۆزىنى شېڭ شىسەينىڭ قوينىغا ئېتىپ، كېيىن شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۆلكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى. ماجۇڭيىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، ماخۇسەن قالدۇق قىسىملارنى باشلاپ گۇما، خوتەن ئەتراپىغا چېكىندى ھەمدە مۇھەممەد ئىمىننىڭ ئىسلام دۆلىتىنى يوقاتتى. چوڭ تۈركىزمچىلار قۇرغان ئىككى بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت بۇنىڭ بىلەن قىسقا ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇردى.

1933 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، شېڭ شىسەي ئۆلكە رەئىسى لىيۇ ۋېنلوڭنى نەزەربەنت قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ تۇغقىنى، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى جۇرۇيىچېنى رەئىسلىككە تەيىنلىدى. 1934 ـ يىلى ئەتىيازدا، جۇرۇيىچى كېسەل بولۇپ ئۆلدى، شېڭ شىسەي ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە قېرى، كېسەلچان ئۈرۈمچى ۋالىيسى لى رۇڭنى تەيىنلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ شېڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ ھەربىي ئىستىبداتلىق مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى باشلىدى.

# ئون ئىككىنچى باب

# ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدىكى شىنجاڭ

## §1 . ئىنقىلابچى قىياپەتكە كىرىۋالغان شېڭ شىسەي ۋە ئۇنىڭ « ئالتە بۈيۈك سىياستى »

شېڭ شىسەي ئەمدىلا تەختكە چىقىشىغا ، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ ئورنىنى كولاش ئۈچۈن ئىككى قېتىم ئادەم ئەۋەتتى ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىدىن يۆلەنچۈك ئىزدەش يولى ئېتىلىپ قالدى ؛ ماجۇڭيىڭ بىلەن جاڭ پېيۈەننىڭ بىرلىشىۋېلىپ شېڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇشى ، ئۇنى يەنە ئىنتايىن خەۋپلىك ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى . نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بۇ ئىككى كۈچلۈك دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئۈچۈن ، ئۆزىنىڭ ئازغىنا ئەسكىرىي كۈچىگە تايانغان بىلەن ئىش پۈتمەيدىغانلىقى ، مەدەت ۋە ياردەم ئىزدەشكە توغرا كېلىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى .

شېڭ شىسەي شىنجاڭدا ئۆزىگە تارتىش ۋە پارچىلاش ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىپ ، ياتلارنى يوقىتىپ ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇۋاتقاندا ، مەملىكەت ئىچىدىكى ۋەزىيەتتىمۇ ناھايىتى زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىۋاتاتتى .

1931 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ، ياپون جاھانگىرلىكى ئېلىمىزنىڭ شېنياڭ شەھىرىدە « 18 ـ سېنتەبىر » ۋەقەسىنى پەيدا قىلدى . گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قارشى تۇرماسلىق سىياستىنى قوللاندى ، ياپونىيە تېزلىكتىلا لياۋنىڭ ، جىلىن ، خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىلىرىنى قولغا

كىرگۈزۈۋالدى. 1932 - يىل 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، ياپونىيە قوشۇنلىرى شاڭخەيگە ھۇجۇم قىلىپ، « 28 - يانۋار » ۋەقەسىنى پەيدا قىلدى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ياپونىيە قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان 19 - ئارمىيىگە شاڭخەيدىن چېكىنىپ چىقىش ھەققىدە قاتتىق بۇيرۇق چۈشۈردى. 3 - ئايدا، قورچاق مانجۇرىيە دۆلىتى قۇرۇلدى، شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكە ياپونىيىنىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ قالدى. ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى تۈپەيلىدىن جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى مىللىي زىددىيەت كۈچىيىشكە باشلىدى، مەملىكەت ئىچىدىكى سىنىپىي زىددىيەتتە يېڭى ئۆزگىرىش يۈز بەردى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە تەسىرى ئاستىدا مەملىكەت بويىچە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك ھەرىكەت كۈنسېرى ئەۋج ئالدى. 1935 - يىل 5 - ئايدا، ياپونىيە يەنە نۇرغۇن تاجاۋۇزچى قوشۇننى تويلاپ شەنخەيگۇەنگە كىرىپ، شىمالىي جۇڭگو ۋەقەسىنى پەيدا قىلدى. بۇ ھال پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى غەزىپىنى تېخىمۇ قوزغىدى. 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى « ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ھەققىدە بارلىق قېرىنداشلارغا مۇراجىئەتنامە » ( يەنى « 1 - ئاۋغۇست خىتابنامىسى » ) نى ئېلان قىلىپ، ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا بىردەك قارشى تۇرۇش، دۆلەت مۇداپىئە ھۆكۈمىتى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيە تەشكىللەش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ تەشەببۇس مەملىكىتىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قوللىشى ۋە ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشتى. شۇ يىلى 10 - ئايدا، مەركىزىي قىزىل ئارمىيە شىمالىي شەنشىگە غەلىبە بىلەن يېتىپ كەلدى. 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بېيپىڭ ( بېيجىڭ ) دىكى ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى نەچچە مىڭلىغان ۋەتەنپەرۋەر ئوقۇغۇچىلار ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى قوزغىدى، مەملىكەت بويىچە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ھە-

رىكىتى يۇقىرى دولقۇنغا يۈزلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ۋاياۋباۋدا سىياسىي بيۇرو يىغىنى ئۆتكۈزدى، يىغىندىن كېيىن يولداش ماۋزېدۇڭ يىغىننىڭ روھىغا ئاساسەن، « ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇشنىڭ تاكتىكىسى توغرىسىدا » دېگەن تېمىدا دوكلات بېرىپ، پارتىيىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى شەرھلىدى، شۇنىڭ بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ قۇرۇش خىزمىتى پائال قانات يايدۇرۇلدى. 1936 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىكى « شىئەن ۋەقەسى » ۋە ئۇنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىنىشى گومىنداڭ ـ جياڭ جېيشىنىڭ گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ھەمكارلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشى كېرەك، دېگەن تەكلىپنى قوبۇل قىلىشىغا تۈرتكە بولدى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ دەسلەپكى قەدەمدە ئەمەلگە ئاشتى. 1937 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، ياپون قاراقچىلىرى بېيپىڭنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى لۇگۇچياۋغا ھۇجۇم قىلدى، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق جۇڭگو قوشۇنلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلقنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسىدە قارشىلىق كۆرسەتتى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى باتۇرلۇق بىلەن ئېلىپ بارغان سەككىز يىللىق ئۇرۇشى باشلاندى.

بۇ ۋەزىيەت شېڭ شىسەيگە تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى. ئۇ شىنجاڭنىڭ يەرلىك خاقانى بولۇش مەقسىتىدە ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، پايدا ـ زىياننى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىنلىشىش، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. چۈنكى، « سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىنلاشقان » دا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكىلى بولاتتى، « جاھانگىرلىككە قارشى تۇرغان » دا ( ئاساسلىقى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرغاندا )، شەرقىي شىمال پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ ۋە شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكىلى بولاتتى.

شېڭ شىسەي 1933 ـ يىل 5 ـ ئايدا، تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى چېن دېلىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى زىلاتكىن بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتىپ، جىن شۇرېن ئىمزالىغان « سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدىكى سودا كېلىشىمى » ئاساسىدا، ئۆزئارا دوستانە مۇناسىۋەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. زىلاتكىن بۇنىڭغا قوشۇلغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي يەنە زىلاتكىن بىلەن مۇئاۋىن كونسۇل گانىننى ئۆز ئۆيىگە زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى. زىياپەتتىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ كىتابخانىسىدا ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپ، ئۆزى ساقلاپ كېلىۋاتقان « كاپىتال »، « كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى »، « لېنىنىزم مەسىلىلىرى » قاتارلىق كىتابلارنى ( ئەمەلىيەتتە، بۇ كىتابلار چېن جۇڭنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن مۇسادىرە قىلىنغان كىتابلار ئىدى ) ئۇلار ئالدىدا ئەتەي كۆز ـ كۆز قىلدى، ئۇ يەنە مەن ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىمدىن تارتىپلا سوتسىيالىزمغا ئېتىقاد قىلاتتىم، جىن شۇرېننىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىمۇ ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى ھەمىشە تەتقىق قىلغانىدىم، دەپ ماختاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ يەنە ماجۇڭيىڭ ۋە جاڭ پېيۈەنگە ھەدەپ ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلار گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل مىلىتارىستلار، ئۇلارنى يوقىتىش كېرەك، دېدى. سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلى كۆرۈشۈش ئەھۋالىنى ئۆز دۆلىتى ھۆكۈمىتىگە دوكلات قىلدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بۇ ھەقتە ۋاقتىدا جاۋاب بەرمىدى، ھالبۇكى، شېڭ شىسەي بىلەن ماجۇڭيىڭ، جاڭ پېيۈەنلەر ئوتتۇرىسىكى ھايات ـ مامات كۈرىشى قاش بىلەن كىرپىك ئوتتۇرىسىغا كېلىپ قالغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، شۇ يىلى 10 ـ ئايدا، ئۇ تاقەتسىزلىك بىلەن چېن دېلىنى سوۋېت ئىتتىپاقى پايتەختى موسكۋاغا ياردەم تەلەپ قىلىشقا ئەۋەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى 11 ـ ئايدا، جۇڭگونىڭ ئەھۋالىنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە بىلىدىغان، چېن دېلىنىڭ قەدىناس دوستى بولغان ئاپرېسىپخنى ئەلچى ئۇنۋانى بىلەن ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇل قىلىپ ئەۋەتتى. 12 ـ ئايدا، شىنجاڭدا ئىچكى ئۇرۇش پارتلىغاندا،

سوۋېت ئىتتىپاقى شېڭ شىسەينىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئەسكەر چىقىرىپ، جاڭ پېيۈەنگە ھۇجۇم قىلىپ، ماجۇڭيىڭنى مەغلۇپ قىلىپ، شېڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ساقلاپ قالدى.

1934 - يىل ئەتىيازدا، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا يەتكۈدەك قورال - ياراغ ۋە ئەسلىھە بېرىشىنى، شىنجاڭدا خىزمەت ئىشلەشكە كومپارتىيە ئەزالىرىنى ئەۋەتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ ئادەم ئەۋەتتى. 1935 - يىلى ئەتىيازدا، سوۋېت ئىتتىپاقى شېڭ شىسەينى ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشقا، مەدەنىيەت - مائارىپنى راۋانلاشتۇرۇشقا دەۋەت قىلىپ، ئۇنىڭغا بەش مىليون رۇبلى قەرز بەردى، بۇ پۇلنىڭ بىر قىسمى قورال - ياراغ سېتىۋېلىشقا سەرپ قىلىنىپ، كۆپ قىسمى تاشيول ياساشقا، ماشىنا سېتىۋېلىشقا، زاۋۇت قۇرۇشقا سەرپ قىلىندى. كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالمۇ يۈي شيۇسۇڭ (يالغان ئىسمى ۋاڭ شۇچېڭ)، ۋاڭ باۋچيەن (يالغان ئىسمى جاۋشى)، مەنسۇر ئەپەندى، ئاباي (قازاق) قاتارلىق ئون نەچچە كوممۇنىستنى شېڭ شىسەينىڭ خىزمەتىنى قانات يايدۇرۇشغا ياردەم بېرىشكە ئەۋەتتى.

شېڭ شىسەي خەلقنىڭ رايىغا ئىگە بولۇش مەقسىتىدە 1933 - يىل 4 - ئايدا، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1934 - يىل 3 - ئايدا، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى دەسلەپكى قەدەمدە مۇقىملاشقاندىن كېيىن، ئۇ بىرمەھەل «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش»، «تىنچلىقنى ساقلاش» ۋە «قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش» نى شىنجاڭنىڭ سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى قىلدى. ئۇ ھەممىشە ھەرخىل يىغىلىشلاردىن پايدىلىنىپ، شەھەر ئاھالىلىرىگە، ئوقۇتقۇچىلارغا، ئوقۇغۇچىلارغا ۋە ئەسكەرلەرگە بۇنى تەشۋىق قىلدى. 1934 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئۇ يەنە شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسىنى تەشكىللەپ، ئۆزىنى بىرلەشمىنىڭ پەخرىي باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسىنىڭ نىزامنامىسىدە مۇنداق دەپ

بەلگىلەندى : بۇ ئاممىۋى سىياسىي تەشكىلات سوۋن جۇڭگەنىڭ مىللەت-پەرۋەرلىك مەسلىكى بويىچە شىنجاڭ خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، شىنجاڭنى جۇڭگونىڭ مەڭگۈلۈك زېمىنى قىلىدۇ ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جۇڭگونى مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرماقچى بولغان جاھانگىرلىككە قەتئىي قارشى تۇرىدۇ . شېڭ شىسەي يىغىلىشلاردا نۇتۇق سۆزلىگەندە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش شوئارلىرىنى ھامان مەردلىك ـ مەردانىلىك بىلەن توۋلايتتى . شېڭ شىسەينىڭ بۇ سۆزلىرى ۋە ھەرىكەتلىرى شەرقىي شىمال پىدائىيلار قوشۇنىدىكى بىرمۇنچە قوماندان ـ جەڭچىلەرنى ۋە ھەرمىللەت ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى ھەققەتەن قايمۇقتۇردى .

1936 ـ يىلى ، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرى ۋە شىنجاڭنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا ، « جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش » ، « سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىش » نى ئاساس قىلىپ ، « مىللەتلەر باراۋەر بولۇش » ، « تىنچلىقنى ساقلاش » ( ئىتتىپاقلىق ـ دوستلۇق ) ، « قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش » ، « دىيانەتلىك بولۇش » ( ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا پاك ، ئادىل بولۇش ) تىن ئىبارەت تۆت سىياسەتنى قوشۇپ ، شۇ چاغدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى قىلدى ، كىشىلەر ھەممىشە تىلغا ئالىدىغان « ئالتە بۈيۈك سىياسەت » دېگەن ئەنە شۇ . شېڭ شىسەي « ئالتە بۈيۈك سىياسەت » نى باشقىچە غەرەز بىلەن يولغا قويغان ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەشنى مەقسەت قىلغان بولسىمۇ ، ئەمما « ئالتە بۈيۈك سىياسەت » ئوبيېكتىپ جەھەتتە شەك ـ شۈبھىسىزكى تەرەققىيپەرۋەرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ ، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۇردى . شۇنىڭدىن كېيىن ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ تۈرتكىسى ۋە ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ھىمايىسى ئارقىسىدا ، « ئالتە بۈيۈك سىياسەت » شىنجاڭدا ئاز تولا ئىزچىللاشتۇرۇلدى ، قىسقا مەزگىل ئىچىدە شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى پەيدىنپەي مۇقىملىششقا يۈزلەندى ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە

مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى بەلگىلىك تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى.

## §2. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرى

1936 ـ يىل 10 ـ ئايدا، قىزىل ئارمىيە 4 ـ يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي قىسمى ۋە قىزىل ئارمىيە 5 ـ كورپۇستىن 20 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىگە ئۆتتى. 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، ئۇلاردىن تەشكىل قىلىنغان غەربىي يۆنىلىش قوشۇنلىرى خېشى كارىدورىغا يۈرۈش قىلىپ، غەربىي شىمالدىكى چوڭ مىلىتارىستلار ـــ خۇ زۇڭنەن، ما بۇفاڭ، ما بۇچىڭلارغا قارشى باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلدى، دۈشمەن تەرەپنىڭ كۈچى كۈچلۈك، بىز تەرەپنىڭ كۈچى ئاجىز بولغاچقا، چىقىم ناھايىتى ئېغىر بولدى. 1937 ـ يىل 4 ـ ئايدا، غەربىي يۆنىلىش قوشۇنلىرىنىڭ سول ئەترىتىدىكى 400 دىن ئارتۇق كىشى لى شيەننىيەن قاتارلىق يولداشلارنىڭ قوماندانلىقىدا قان كېچىپ جەڭ قىلىش ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ شەرقىي دەۋرازىسى ـــ شىڭشىڭشياغا يېتىپ كەلدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئۇلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، يولداش چېن يۈنى موسكۋادىن ئالاھىدە ئەۋەتتى. 5 ـ ئاينىڭ بېشىدا قىزىل ئارمىيە ئاپتوموبىل بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدى، بۇ ئەترەت شۇ چاغدىكى تارىخىي شارائىتتا، رېئال مۇھىتقا ۋە ئىنقىلابنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، نامىنى «يېڭى گازارما» غا ئۆزگەرتىپ، ئۈرۈمچى شەھىرى دۈڭمېن قوۋۇقىنىڭ سىرتىدا تۇردى. «يېڭى گازارما» يولداش چېن يۈننىڭ رەھبەرلىكىدە تۆت چوڭ ئەترەت ۋە بىر كادىرلار ئەترىتىگە ئايرىلدى. ئۇلارغا سىياسەت، مەدەنىيەت بىلىملىرى ۋە تانكا، زەمبىرەك، رادىئو، ئاۋىئاتسىيە تېخنىكىسى قاتارلىق ھەربىي تېخنىكىلار ئۆگىتىلىپ، پارتىيە ئۈچۈن بىر تۈركۈم سىياسىي كادىرلار ۋە ھەربىي تېخنىكا خادىملىرى تەربىيىلەپ ۋە يېتىشتۈرۈپ بېرىلدى. 1939 ـ يىلى يازدا، مۇئاۋىن رەئىس

جۇئېنلەي يىقىلىپ زەخىملەنگەن بىلىكىنى داۋالىتىش ئۈچۈن موسكۋاغا كېتىۋېتىپ، ئۈرۈمچىگە چۈشۈپ، گازارما ئورنىغا ئالاھىدە بېرىپ «يېڭى گازارما» دىكى يولداشلارنى يوقلىدى. يولداش جۇئېنلەي ئۇلارنى مەدەنىيەت بىلىملىرى ۋە ھەربىي تېخنىكىنى ياخشى ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈردى، ھەممەيلەن بۇنىڭدىن زور ئىلھام ئالدى. 1939 ـ يىلدىن 1940 ـ يىلغىچە «يېڭى گازارما» دىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم يولداشلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن يەنئەنگە قايتىپ كېتىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنىڭ 1 ـ سېپىگە ئاتلاندى. ئۇلار شىنجاڭدا قىسقا ۋاقىت تۇرغان بولسىمۇ، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىگە چوڭقۇر سىياسىي تەسىر كۆرسەتتى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ۋەزىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، شېڭ شىسەينىڭ تەلىپى بويىچە يەنئەندىن لىن جىلۇ قاتارلىق يولداشلارنى ئەۋەتتى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭ ئارقىلىق يەنئەنگە قايتىپ كېتىۋاتقان كادىرلاردىن چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن قاتارلىق يولداشلارنى شىنجاڭدا قالدۇردى، يەنە يەنئەندىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا شىنجاڭ ئارقىلىق كېتىۋاتقان كادىرلاردىن فاڭ جىچۈن قاتارلىق يولداشلارنى شىنجاڭدا قالدۇردى. 1941 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن كادىرى 150 تىن ئاشتى. بۇ كومپارتىيە ئەزالىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا مەدەت بېرىش، شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىشلىرى ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىگە بەختلىك تۇرمۇش يارىتىپ بېرىش يولىدا غايەت زور تۆھپە قوشتى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يېڭى گازارمىدىكى پارتىيە ئەزالىرىنى ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللەش ۋە بۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن، يولداش چېن يۈننى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق تۇنجى پارتىيە ۋەكىللىكىگە تەيىنلىدى. يولداش چېن يۈن ۋەزىپە ئۆتىگەن

مەزگىلدە، شېڭ شىسەي بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ ئورنىتىپ، خەلقئارا قاتناش يولىنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ياردەم بەردى.

1937 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، يولداش چېن يۈن يەنئەنگە يۆتكەپ كېتىلگەندىن كېيىن، يولداش دېڭ فا (يالغان ئىسمى فاڭ لىن) سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مەملىكىتىمىزگە قايتىپ كېلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن 2 ـ ئەۋلاد پارتىيە ۋەكىلى بولدى. يولداش دېڭ فا، ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىدى ۋە راۋاجلاندۇردى، يېڭى گازارمىدىكى كادىرلار ۋە جەڭچىلەرنىڭ مەدەنىيەت بىلىملىرى ۋە ھەربىي تېخنىكا ئۆگىنىشىگە رەھبەرلىك قىلدى، ئاۋىئاتسىيە كۇرسى ئۇيۇشتۇردى، شېڭ شىسەينىڭ تەلىپى بويىچە مەركەزدىن ئەۋەتىلگەن تۇنجى تۈركۈمدىكى كومپارتىيە ئەزالىرىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىدا خىزمەت ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن، پارتىيىمىزنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

1939 ـ يىل 9 ـ ئايدا، يولداش دېڭ فا يەنئەنگە يۆتكەپ كېتىلدى، يولداش چېن تەنچيۇ (يالغان ئىسمى شۈي جيې) ئۇنىڭ ئورنىدا شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىل بولدى. ئۇ تۆت يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى تاماملاپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ماڭغان «يېڭى گازارما» دىكى يولداشلارنى يولغا سېلىپ، شىنجاڭدىكى بارلىق پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ماركسىزم ـ لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى كەڭ تەشۋىق قىلىشىغا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشىغا رەھبەرلىك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ھەر ساھە ئىشلىرىنىڭ تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. شىنجاڭدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ بۇزۇلۇپ، كومپارتىيە ئەزالىرى تۈرمىگە قامالغان چاغدا، ئۇ يەنە تا شەرەپ بىلەن

قۇربان بولغانغا قەدەر، كۆپچىلىكنىڭ شىڭ شىسەيگە قارشى قەتئىي كۈ-
رەش قىلىشىغا رەھبەرلىك قىلدى.

يولداش ماۋ زېمىن (يالغان ئىسمى جۇبىن) شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە ئاجايىپ نەتىجە ياراتتى. شىنجاڭنىڭ ئەسلىدىكى پۇل تۈزۈمى قالايمىقان بولۇپ، ئۆلكىنىڭ ھەممە يېرىگە ئۆلكە پۇلى تارقىتىلغانىدى، قەشقەردە قەشقەر پۇلى ئۆتەتتى، ئۆلكە پۇلىنىڭ كۇرسى چۈشۈپ كەتكەچكە، بەزى جايلاردا چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى يارماق (مىس پۇل) ئىشلىتىلەتتى، ھەرقايسى مە-مۇرىي رايونلاردىمۇ شۇ جاينىڭ پۇلى تارقىتىلاتتى، بۇ پۇللار تەڭگە، يامبۇ، ياغ تىزا دېگەنگە ئوخشاش ناملار بىلەن ئاتىلاتتى، ھەركىم ئۆز خاھىشى بويىچە ئىش كۆرگەچكە، پۇللارنىڭ تۈرى خىلمۇ خىل، قىممىتى ئوخشىمايدىغان بولۇپ، سۇندۇرۇپ ھېسابلاش قىيىن ئىدى. كۆپ يىللاردىن بېرى مالىيە چىقىمى كىرىمدىن ئېشىپ كەتكەن بولغاچقا، چىقىمنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، ئۆلكە پۇلى كەلسە - كەلمەس تارقىتىلاتتى، شۇنىڭ بىلەن پۇل پاخاللىقى كېلىپ چىقىپ، باھا ئۆرلەپ كېتىپ، «بىر دۆۋە پۇلغا بىر بولاق پاپىروسلا كېلىدىغان» غەلىتە ئەھۋال بارلىققا كەلگەنىدى. 1939 - يىلى، يولداش ما ۋزېمىن مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى بولغاندىن كېيىن، پۇل تۈزۈمىنى دەرھال ئىسلاھ قىلىپ، بارلىق شەكىلدىكى كونا پۇللارنى بىكار قىلىپ، «يۈەن» نى بىرلىك قىلغان يېڭى پۇلغا ئۆزگەرتتى. يېڭى پۇلنىڭ قىممىتى ئۈچ پۇڭلۇق، بەش پۇڭ-لۇق، بىر مولۇق، ئىككى مولۇق، ئۈچ مولۇق، بەش مولۇق، بىر يۈەنلىك، ئۈچ يۈەنلىك، بەش يۈەنلىك، ئون يۈەنلىك بولدى. يولداش ما ۋزېمىن يېڭى پۇلنىڭ ئىناۋىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، شىڭ شىسەينى پۇل تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ كاپالەت سوممىسى سۈپىتىدە بىرقىسىم ئالتۇن - كۈمۈش ئاجرىتىپ، ئۈرۈمچى، ئىلى، قەشقەرلەردە ئالتۇن - كۈمۈش كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈپ، ئاممىغا كەڭ تەشۋىق قىلىشقا قايىل قىلدى، شۇنىڭ بىلەن، يېڭى پۇلنىڭ ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدىكى ئىناۋىتى ئۆستى. كۆرگەزمە قىلىنغان ئالتۇن - كۈمۈشلەر كۆرگەزمە ئا-

ياغلاشقاندىن كېيىن بانكىنىڭ خەزىنىسىگە كىرگۈزۈلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، كونا پۇلنى يېڭى پۇلغا ئالماشتۇرۇش نىسبىتى ۋە ۋاقتى ئېلان قىلىنىپ، ھەرخىل شەكىلدىكى كونا پۇللار ئالماشتۇرۇش نىسبىتى بويىچە يىغىۋېلىندى. پۇل تۈزۈمىنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشى بىلەن پۇل مۇئامىلىسىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا شارائىت يارىتىلدى.

شېڭ شىسەي ئەمدىلا تەختكە چىققاندا بىر مەھەل خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇپ، دىيانەتلىك بولۇشنى تەشەببۇس قىلدى، ھەتتا خىيانەتچىلىك قىلغان قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى شۈي ۋېنبىن قاتارلىق بىر تۈركۈم خىيانەتچىلەرنى ئېتىپ ئۆلتۈردى، شۇنىڭ بىلەن خىيانەتچىلىك خېلى ئازايدى. ئەمما شىنجاڭنىڭ مالىيىسى بۇنىڭلىق بىلەن ياخشىلانمىدى، بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى باج مەنبەسىنىڭ چەكلىكلىكى، تۈزۈملەرنىڭ مۇكەممەل بولمىغانلىقى، ئىسراپچىلىقنىڭ ئېغىرلىقى، چىقىمنىڭ كۆپلۈكى ئىدى. يولداش ما ۋزېمىن بۇ مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، «ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش، باج مەنبەسىنى يېتىلدۈرۈش؛ كىرىمنى ئاشۇرۇپ، چىقىمغا كاپالەتلىك قىلىش؛ كىرىمگە قاراپ چىقىم قىلىش، كىرىم بىلەن چىقىمنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقا تىرىشىش» تىن ئىبارەت مالىيىنى تەرتىپكە سېلىش فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يولداش ما ۋزېمىن بۇ فاڭجېننى يولغا قويۇش مەقسىتىدە مالىيە تەشكىلاتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈردى، ئۆلكىدىن تارتىپ ناھىيىلەرگىچە باج ئىدارىلىرى تەسىس قىلىندى، باج تۈزۈمى ۋە باج ئېلىش نىزامنامىسى تۈزۈلدى، بۇنىڭ بىلەن باج يىغىشقا كاپالەتلىك قىلىنىپ، مالىيە مەنبەسى كۆپەيتىلدى. يولداش ما ۋزېمىن يەنە ئىقتىسادىي خام چوت ۋە ھېسابات تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشلىرىنى پىلانلىق ئېلىپ باردى. ئۇ مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ، مالىيە، پۇل مۇئامىلىسى ئۈستىدىن نازارەتچىلىك قىلدى. يولداش ما ۋزېمىن ھەر دەرىجىلىك ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ زورلۇق بىلەن ئالۋان ـ ياساق سېلىشى، خىيانەتچىلىك، ئىسراپچىلىق قىلىشىنىڭ ئال-

دىنى ئېلىش مەقسىتىدە ھەريىلىلىق خام چوت ۋە ھېساباتنى
سۈرۈشتۈرۈپ ، كىرىمگە قاراپ چىقىم قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تىرىشتى .
بۇنىڭدىن باشقا ، يولداش ما ۋزېمىن يەنە سودا بانكىسى ، ھۆكۈمەت چار-
ۋىچىلىق فېرمىسى قۇرۇپ ، پۇل مۇئامىلىسىنى جانلاندۇردى ، خەلق
تۇرمۇشىنى ياخشىلىدى . بىرقاتار ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر يولغا قويۇلغانلىق-
تىن ، شىنجاڭنىڭ شۇ يىللىق ( 1939 - يىللىق ) كىرىم - چىقىم ئەھۋالى
ئاساسىي جەھەتتىن تەڭپۇڭلاشتى ، كېيىن پەيدىنپەي ئېشىندىغان
بولدى . 1939 - يىلدىن 1942 - يىلغىچە ، شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلىسى ۋە
مال باھاسى مۇقىملىشىپ ، سانائەت ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا پاي-
دىلىق بولدى .

ياڭ زېڭشىن ۋە جىن شۇرېن دەۋرلىرىدە شىنجاڭدا زامانىۋى
سانائەت يوق ئىدى . تۇرمۇشقا كېرەكلىك بارلىق سانائەت بۇيۇملىرى
روسىيىدىن ( ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ) ۋە
ئەنگلىيىدىن ئىمپورت قىلىناتتى . شېڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كې-
يىن ، كوممۇنىستلارنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا ، شىنجاڭدا قۇرۇلۇش مۇھىم
ئورۇنغا قويۇلۇشقا باشلىدى . ما ۋزېمىن مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان-
دىن كېيىن ، سانائەت ، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇشى راۋاجلاندى . مايتاغ
نېفت كېنىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى تولۇقلاندى ۋە كېڭەيتىلدى ، كۈنىگە ئىش-
لەپچىقىرىلغان خام نېفت 100 تونىنغا يەتتى ، تۇتۇنخې چويۇن زاۋۇتى
چويۇن ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىدى ، مەتبەئەچىلىك ، خۇرۇمچىلىك ، سو-
پۇنچىلىق ، ئۇنچىلىق قاتارلىق يېنىك سانائەت زاۋۇتلىرى كەينى -
كەينىدىن پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى .

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى جەھەتتە ، يولداش ما ۋزېمىن ۋە-
زىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە ، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ياخشىلاشنى ، ئەلا
سورتلاردىن پايدىلىنىشنى ، يېڭىچە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى كېڭەيتىشنى
تەشەببۇس قىلدى . ئۇ مالىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان مەزگىلدە ،
شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 100 مىڭدىن ئارتۇق سوقا ، چالغا ۋە ئاتقا
سۆرىتىلىدىغان ئورما ماشىنىسى ئىمپورت قىلدى ، شىنجاڭ بويىچە يەنە

توۋت دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى. يولداش ما ۋزېمىن يەنە سۇ ئامبىرى ياساشقا، ئېرىق ـ ئۆستەڭ چېپىشقا يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى تارقاتتى، شۇ چاغدا شىنجاڭدا 500 مىڭ مو بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلدى.

شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە يولداش لىن جىلۇنىڭ تۆھپىسى ناھىيىتى زور.

1938 ـ يىل 2 ـ ئايدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يولداش لىن جىلۇنى شىنجاڭغا ئەۋەتتى، ئۇ شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى. شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئەسلىدىكى مەكتەپ ئۇستىلى ناچار ئىدى. يولداش لىن جىلۇ ئىلمىي مۇدىر بولغاندىن كېيىن، مەكتەپكە «ئىتتىپاق بولۇش، جىددىي بولۇش، ئاددىي ـ ساددا بولۇش، تېتىك بولۇش» تىن ئىبارەت مەكتەپ مىزانىنى تۈزۈپ بەردى، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئوقۇتۇش پرىنسىپىنى تەشەببۇس قىلدى، ياش ئوقۇغۇچىلارنى ئىنقىلابىي غايىگىمۇ، مول بىلىمگىمۇ ئىگە بولغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ۋە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتىكى ئىقتىساس ئىگىلىرىدىن قىلىپ يېتىشتۈرۈشنى قۇۋۋەتلىدى. ئۇ، مەكتەپ ئۇستىلىنى ئۆزگەرتىش مەقسىتىدە شىنجاڭ ئىنستىتۇتىغا مەكتەپ شېئىرى ئىجاد قىلىپ بەردى، مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ئالدىغا «تۇرمۇشتا ئىنقىلابىيلىشىش» شوئارىنى قويدى. ئۇ، كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ستراتېگىيىلىك مەسىلىسى»، «سىياسىي ـ ئىقتىساد» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلغاندىن سىرت، «جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان ئىنقىلابى تارىخى» نى سۆزلەپ، ھەرمىللەت ياشلارغا ئىنقىلابىي ئىدىيە ۋە ماركسىزم لېنىنىزمنى تارقاتتى. يولداش لىن جىلۇ مەكتەپ ئىچىدە ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش كۈنى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتىكى فاڭجېنى ۋە تاكتىكىسىنى تەشۋىق

قىلدى ، رەئىس ما ۋزېدۇڭ تۈزگەن « ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
تۇرۇپ ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنىڭ ئون چوڭ پروگراممىسى » توغ-
رىسىدا لېكسىيە سۆزلىدى . ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ « پىدائىيلار
مارشى » ، « بىز تەيخاڭشەندە » قاتارلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
مەزمۇندىكى ناخشىلارنى ئېيتىشىغا ، « قاراۋۇللۇق قىلىش » ،
« تيەنجيا بازىرى » قاتارلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مەزمۇندىكى
درامىلارنى ئوينىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى . يولداش لىن جىلۇنىڭ رەھبەر-
لىكىدە شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ مەكتەپ ئىستىلى يېڭى تۈسكە كىردى ، بۇ
مەكتەپ ئىنقىلابىي جاسارەتكە تولغان يېڭىچە مەكتەپكە ئايلاندى .

يولداش لىن جىلۇ ، قېرىنداش مىللەتلەر ياشلىرىنى تەربىيىلەشكە
ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىدىن
بىرى بولغان ئابدۇكېرىم ئابباسوف شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغانىدى ، ئۇ
يولداش لىن جىلۇنىڭ تەربىيىسىدە ئىنقىلاب يولىغا ماڭدى . ئۇ 1945 ـ يىل
5 ـ ئايدا ، ئىلىدا يولداش لىن جىلۇنىڭ قەھرىمانلىق بىلەن قۇربان
بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ ، ئۇنىڭغا ئاتاپ تەزىيە شېئىرى يازدى ، بۇ
شېئىرنىڭ 1 ـ كۇپلېتى مۇنداق يېزىلغانىدى :

ئاڭلانغاندا قايغۇلۇق خەۋەر ،
ئاقتى كۆز ياش ، غەمگە تولدى دىل .
ئۇستاز پىكرى نۇر چاچار ئەبەت ،
پەزىلىتى ئۆچمەس تۈمەن يىل .

1939 ـ يىلى كۈزدە ، يولداش لىن جىلۇ كۇچا ناھىيىسىنىڭ
ھاكىملىقىغا تەيىنلەندى ، ئۇ كۇچادا پۈتۈن زېھنىنى شۇ يەرنىڭ يېزا ئى-
گىلىك قۇرۇلۇشىغا سەرپ قىلدى . ئۇ كۇچانىڭ نامراتلىق ـ قالاقلىق
قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ، خىزمەتچى خادىملارنى يېتەكلەپ يې-
زىلارغا بېرىپ ، جايلارنىڭ تەبىئىي مۇھىتىنى كۆزدىن كەچۈردى . ئۇ ،
1940 ـ يىلى ، شۇ جايدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خايەن ئۆستىڭى ۋە
ئامۇ ئۆستىڭىنى چېپىپ ، تارىم دەرياسىنىڭ سۈيىنى باشلاپ يەر

سۇغىرىشقا رەھبەرلىك قىلىپ، 50 ـ 60 مىڭ مو يەرنى سۇ قىسلىق ھالـ
تىدىن قۇتۇلدۇردى، يەنە نۇرغۇن بوز يەر ئاچقۇزدى. ئۇ. ھەمىشە سۇيى
تېشىپ تۇرىدىغان سۇ بېشى دەرياسىنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن، 1941 ـ
يىلى 4 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە 8000 ئەمگەك كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ،
تاغئېرىقتا ئۇزۇنلۇقى 1200 مېتىر، ئېگىزلىكى تۆت مېتىر، تېگىنىڭ كەڭـ
لىكى سەككىز مېتىر، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى تۆت مېتىر كېلىدىغان كەلكۈن
توسۇش دامبىسى ياساتتى، يەرلىك خەلق بۇ توسمىنى «لىن جىلۇ
دامبىسى» دەپ ئاتىدى.

1938 ـ يىلى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسى 2 ـ قېتىم
ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىندى، كومپارتىيە ئەزاسى يولداش خۇاڭ خو-
چىڭ (يالغان ئىسمى خۇاڭ مىنفۇ) باش كاتىپ بولدى، جايلاردا
بىرلەشمىنىڭ شۆبىلىرى كەڭ كۆلەمدە قۇرۇلۇشقا باشلىدى، كومپارتىيە
ئەزالىرى ياكى تەرەققىيپەرۋەر زاتلار بىرلەشمە شۆبىلەرنىڭ مەسئۇلى
بولدى. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسىنىڭ ئۆزى ۋە شۆبىـ
لىرى تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئۆزلۈكسىز ئاچتى، ئېقىم مەسىلىلىرى
توغرىسىدىكى دوكلات يىغىنلىرىنى قەرەللىك ئۆتكۈزۈپ تۇردى. جاـ
ھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسىنىڭ نەشر ئەپكارى ـــ
«جاھانگىرلىككە قارشى فورونت» 1935 ـ يىلى نەشر قىلىنغاندىن
تارتىپ، 1942 ـ يىلى مەجبۇرىي توختىتىلغانغا قەدەر خەنزۇچە جەمئىي 55
سان، ئۇيغۇرچە جەمئىي سەككىز سان چىقتى، تىرازى كۆپ بولغاندا 15
مىڭغا يەتتى. «جاھانگىرلىككە قارشى فرونت» قا، ماركسىزم ـ لېنىنىزم
تەشۋىق قىلىنغان نۇرغۇن ماقالىلەر بېسىلدى، ئۇ شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت
خەلقىنى ئىنقىلابىي ئىدىيە ئارقىلىق ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە تەربىيىلەش
جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىدى. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش
بىرلەشمىسى 1938 ـ يىلدىن 1940 ـ يىلغىچە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
تۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن داغدۇغىلىق «پۇل
توپلاش» ۋە «قىشلىق كىيىم توپلاش» ھەرىكىتىنى قوزغاپ، ھەرمىللەت
خەلقىنى ئىئانە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى، بۇ جەرياندا «شىنجاڭ» ماركـ

لىق ئۇرۇش ئايروپىلانىدىن جەمئىي ئونى ، قىشلىق كىيىم ـ كېچەكتىن 200 مىڭ قۇر سېتىۋېلىندى ، يەنە ئاپتوموبىل ، پىلىموت ، دورا ـ دەرمەكلەر ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە يەتكۈزۈپ بېرىلدى .

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى يەنە شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى ئارىسىدا تەرەققىيپەرۋەر تەشكىلات ـــ « مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى » نى قۇردى ، خەنزۇ زىيالىيلار قۇرغان تەشكىلات « خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى » دەپ ئاتالدى ، ئۇيغۇر زىيالىيلار ئۇيۇشتۇرغىنى « ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى » دەپ ئاتالدى ، قازاق ، قىرغىز زىيالىيلىرى ئۇيۇشتۇرغىنى « قازاق ، قىرغىز مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى » دەپ ئاتالدى : ھەرمىللەت مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى . ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى شىنجاڭ بويىچە 1000 دىن ئارتۇق ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ، 700 دىن ئارتۇق ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى خەلق ( چوڭلار ) مەكتىپى قۇردى ، بۇ مەكتەپلەردە جەمئىي 160 مىڭ ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى ئوقۇدى ، ئۇلار شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ 80% ىنى تەشكىل قىلدى . قىرغىز ئۇيۇشمىسى ئۇچتۇرپان ناھىيىسىدىلا 21 باشلانغۇچ مەكتەپ قۇردى ، بۇ مەكتەپلەردە 1000 ئوقۇغۇچى ئوقۇدى ؛ 11 قىزلار مەكتىپى قۇرۇلۇپ ، بۇ مەكتەپلەردە 344 ئوقۇغۇچى ئوقۇدى .

« شىنجاڭ گېزىتى » ئىدارىسىدا ئەسلىدە باسما ماشىنىسى كەمچىل ئىدى ، تېلېگراف خەۋىرى قوبۇل قىلىش ئۈسكۈنىسى يوق ئىدى ، گېزىتكە بېسىلغان خەۋەرلەر ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن كونا خەۋەرلەر ئىدى ، دۇنيا ۋەزىيىتىدە ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ۋەزىيەتتە كۆرۈلگەن يېقىنقى ئۆزگىرىشلەرنى ۋاقتىدا خەۋەر قىلغىلى بولمايتتى ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ، بەتلىرى تۇتۇق ئىدى ، 4 ـ ھەرپ بىلەن 5 ـ ھەرپ ئارىلاش تىزىلغاچقا ، بەت تەكشى چىقمايتتى ، سەت كۆرۈنەتتى ، گېزىتنىڭ مۇشتەرىلىرى كۆپ ئەمەس ئىدى . 1938 ـ يىلى ، كومپارتىيە ئەزاسى ۋاڭ شياۋچۈەن

گېزىتخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، لى زۇڭلىن باش مۇھەررىر بولدى، مۇھەررىر، مۇخبىر، كوررېكتور، بەت ياسىغۇچى خادىملار ئارىسىدىمۇ كومپارتىيە ئەزالىرى بار ئىدى. ئۇلار ھەر مىللەت خىزمەتچىلەر بىلەن بىرلىكتە «شىنجاڭ گېزىتى» نى تىرىشىپ ئۆزگەرتتى، باسما ماشىنىسى ۋە تېلېگراف خەۋىرى قوبۇل قىلىش ئۈسكۈنىسى سېتىۋېلىپ، گېزىتنى خەۋەرلەرنى ۋاقتىدا بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى «شىنجاڭ گېزىتى» يېڭى تۈسكە كىردى، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچە گېزىتلەرنىڭ تىراژى كۆپ بولغاندا 26 مىڭدىن كۆپرەككە يېتىپ، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭدا ياراتقان ياخشى ۋەزىيەت ئىچكى ئۆلكىلەردىكى نۇرغۇن ۋەتەنپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى، مەملىكەت بويىچە نامى چىققان دۇجۇڭيۈەن، ماۋدۇن (شېن يەنبىڭ)، جاۋدەن قاتارلىق كىشىلەر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مەدەنىيەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇلار مەكتەپ ئېچىپ، ماقالە يېزىپ، دراما ئويناپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت - سەنئىتىگە ھاياتىي كۈچ قوشتى.

كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن شىنجاڭدىن كۆپ قېتىم ھەرمىللەت ياشلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى. ئوقۇشنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بەزىلىرى گېزىتخانا ۋە ژۇرنال تەھرىراتىدا مۇھەررىر بولدى، بەزىلىرى مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى بولدى، ئۇلار شىنجاڭنىڭ ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر قىسمى كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تايانچىلىرىدىن بولۇپ قالدى، ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك خىزمەتلىرىنى ئۈستىگە ئالدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى قىسقىغىنا بىرنەچچە

يىل ئىچىدە، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئەسلىدىكى قولايسىز، قالاق ۋە نامرات ھالىتىنى ئۆزگەرتتى، ھەرمىللەت خەلقى ئارىسىدا يېڭى ئىدىيە ۋە يېڭى مەدەنىيەت تارقاتتى، ماركسىزم ـ لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىپ، تەگرىتېغىنىڭ شىمالىدا ۋە جەنۇبىدا ئىنقىلاب ئۇرۇقىنى چاچتى. ئۇلار شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىگە نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەردى، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى ئۇلارنى مەڭگۈ ئېسىدىن چىقارمايدۇ.

## §3. شىنجاڭدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە شېڭ شىسەينىڭ فاشىستىك ھۆكۈمرانلىقى

شېڭ شىسەي شىنجاڭغا كېلىشتىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ قەدىناس دوستى جاۋ تېيمىڭغا مۇنداق دېگەن: « مەن چېگرا رايونىغا بېرىپ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىمەن، كەلگۈسىدە يا شەرقىي ئاسىيادىكى قىزىل ئارمىيە قوماندانى بولىمەن؛ بولمىسا، قېرىپ كەتكەن بىر ئەمەلدارنى تېپىپ، يالغاندىن ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمىتىنى قىلىمەن، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ھوقۇقىغا ۋارىسلىق قىلىمەن؛ يا بولمىسا مەلۇم موڭغۇل بېگىنى تۇتۇۋۇق ئاتا قىلىمەن، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بەلگىلىك مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىمەن ». بۇ گەپتىن شېڭ شىسەينىڭ قارانىيەتلىك، سۇيىقەستچىلىك ۋە پۇرسەتپەرەسلىك ئەپت ـ بەشرى تەلتۆكۈس مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ.

شېڭ شىسەي ماھىيەت جەھەتتە ئۇچىغا چىققان ھىيلىگەر فېئودال مىلىتارىست ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى دەپ ھەر قانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايتتى. ئۇ سۇ ئىچىپ ئىچى سۈرۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، سۇ ھارۋىسىنى نازارەت قىلىپ ماڭىدىغان كىچىك دادىسىنى ئۆز قولى بىلەن

قاتتىق ئۇرغانىدى . ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ، كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇش
مەقسىتىدە ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشى شېڭ شىچىنى يوشۇرۇن ئۆل-
تۇرۇۋەتكەنىدى . ئۇ پايدىلىنىشقا كېرەك بولىدىغان ئادەمنى تۇرلۇك يوللار
بىلەن ئۆز تەرىپىگە تارتالايتتى ، شۇنداقلا ئۆزى يوقىتىشنى زۆرۈر تاپقان
ئادەمگە قولىدىن كېلىدىغانلىكى ۋاستىلەر بىلەن زىيانكەشلىك قىلالايتتى .
ئۇ بىر سائەتنىڭ ئالدىدا بىر ئادەم بىلەن سەممىي پاراڭلىشىپ ، ئۇنىڭغا
ئالما ئاقلاپ بەرسە ، بىرسائەتتىن كېيىن بۇ ئادەمنى تۇرمىگە تاشلاپ ،
دەھشەتلىك جازالالايتتى . ئۇ تەختكە سۈيىقەست ئىشلىتىپ چىققانىدى ،
هۆكۈمرانلىقىنىمۇ سۈيىقەستكە تايىنىپ داۋاملاشتۇرغان . ئۇ
1933 - يىل 6 - ئايدا سۈيىقەستلىك ۋاستىلەر ئارقىلىق چېن
جۇڭ ، تاۋمىڭيۇ ، لى شياۋتىيەنلەرنى ئېتىپ ئۆلتۇردى . ئۇ شۇ يىلى 9 -
ئايدا ، پاكىت ئويدۇرۇپ چىقىپ ، شەرقىي شىمال پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ
گېنېراللىرى جېڭ رۇنچېڭ ، يىڭ جەنبياۋ ، ياڭ ياۋجۈن قاتارلىق
كىشىلەرنى قولغا ئالدى ۋە ئۆلتۇردى ، ئۆلكە رەئىسى ليۇۋېنلۇڭنى قاماپ
قويدى . ئۇ 1937 - يىل 9 - ئايدا « توپىلاڭ قوزغاشنى پىلانلاش دېلوسى »
نى ئويدۇرۇپ چىقىپ ، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى جاڭ شىنى قولغا
ئالدى ، نەچچە يۈز ئادەم بۇنىڭغا چېتىلىپ تۇرمىگە تاشلاندى . شۇ يىلى
10 - ئايدا گومىنداڭنىڭ ئىشپىيونلار باشلىقى چېن لىفۇ شىنجاڭغا
كەلدى ، شېڭ شىسەي ئۇنىڭغا ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇش مەقسىتىدە زى-
ياپەتتە قەدەھ تاشلاش ئارقىلىق بەلگە بېرىپ ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك
هۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خوجانىياز هاجىنى ۋە بىر تۈركۈم يۇقىرى
دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى قولغا ئالدى . شېڭ شىسەي هوقۇق ۋە كۈچ
ئىستىكى ئىنتايىن كۈچلۈك ئادەم بولۇپ ، شىنجاڭدا ئۆزىنىڭ ھەربىي فا-
شىستىك مۇستەبىت هۆكۈمرانلىقىنى ئورنىتىشنىلا ئويلايتتى . ئۇ قولىغا
كىر گۈزۈۋالغان ھەربىي ، مەمۇرىي هوقۇقنى مۇستەھكەملەش مەقسىتىدە
ئىنقىلابچى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ ، ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى كۆز - كۆز
قىلىپ ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن
قۇتقۇلدۇرۇش ھەققىدە چۇقان كۆتۈردى ، شىنجاڭدا خىزمەت قىلىش

ئۈچۈن يەنئەندىن كوممۇنىستلارنى ئەۋەتىپ بېرىشنى يېنىش ـ يېنىشلاپ ئىلتىماس قىلدى . ئەمما ، بۇ كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ پائالىيىتى ئۆزىنىڭ فاشىستىك مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى ئورنىتىش ئارزۇسىغا زىت كېلىپ قالغاندا ، ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىل ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئاشكارىلىدى . جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەۋەتكەن بەزى رەھبە- رىي يولداشلار شېڭ شىسەيدىن يۇكسەك دەرىجىدە ھوشيار بولۇپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتى ھەققىدە ئېنىق تونۇش ھاسىل قىلدى . 1939 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ، يولداش چېن تەنچيۇ پارتىيە ئىچىدىكى يولداشلارغا : « شۇنى سەگەكلىك بىلەن بىلىشىمىز كېرەككى ، شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىل تەبىئىتى تۈپەيلىدىن ، قاچانلا بولمىسۇن پارتىيىمىزدىن يۈز ئۆرۈشى مۇمكىن » دېگەنىدى . يولداش دېڭ فا شېڭ شىسەي بىلەن كۆپ قېتىم ئۇچراشقاندىن كېيىن ، مۇنداق بىر ئوبرازلىق خۇلاسىنى چىقارغانىدى : « ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئۇ بىر قارانىيەت مىلىتارىست ؛ ئۇنىڭ ئىدىيىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئۇ بىر يەرلىك خاقان ؛ ئۇنىڭ ھەرىكىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئۇ بۆرىدىن تۆرەلگەن چوشقا ( مەنىسى : ھەم قەبىھ ، ھەم دۆت يىرتقۇچ ، دېگەنلىك بولىدۇ ) » .

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ شىنجاڭدا شەكىللەنگەندىن كېيىن ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پائالىيىتى كۈچەيدى . يەنئەندىن شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرى ھەرمىللەت خەلقى ئۈچۈن جان ـ دىلى بىلەن خىزمەت قىلدى ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا چەكسىز ساداقەتمەنلىك بىلەن كۈرەش قىلدى . ئۇلار خىزمەتنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشلەپ ، تۇرمۇشتا ئاددىي ـ ساددا ، ئىستىلدا دېموكراتىك بولۇپ ، كەڭ ئامما ئارىسىدا كۈندىن ـ كۈنگە يۇقىرى ئىنا- ۋەتكە ئېرىشتى . شېڭ شىسەي بۇنىڭغا ئىنتايىن ھەسەتخورلۇق ۋە ئۆچمەنلىك بىلەن قارىدى ، مۇشۇنداق بولىۋېرىشىنىڭ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمران- لىقىنى تەۋرىتىپ ، ئۇنىڭ فاشىستىك يەرلىك خاقان بولۇش شېرىن

چۈشىنى بەربات قىلىۋېتىشىدىن قاتتىق ئەنسىرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىنقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئاشكارا قارشى تۇردى. ئۇ 1939 ـ يىل 10 ـ ئايدىلا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەزالىرىنىڭ ئۇرۇمچىگە يىغىلىۋېلىشىنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز بولۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئاساسىي قاتلام خىزمىتىنى كۈچەيتىش باھانىسى بىلەن بىر قىسىم كومپارتىيە ئەزالىرىنى باشقا جايلارغا يۆتكىدى ـ دە، كومپارتىيە ئەزالىرىغا زىيانكەشلىك قىلىشقا پۇرسەت كۈتتى. ئۇ شۇ يىلى كۈزدە، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئىلىغا بارغاندا، ئامما ئارىسىدىكى بىرەيلەننىڭ «ياشىسۇن دۇجۇڭيۈەن» دەپ توۋلىغانلىقى ھەققىدىكى مىش ـ مىش گەپتىن خەۋەر تېپىپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاۋارىچىلىك تۇغدۇردى. دۇجۇڭيۈەننىڭ ماۋ زېدۇڭ قاتارلىق كومپارتىيە ئەزالىرى بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇق ئىكەنلىكى، لىن جىلۇنىڭ شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا تەسىرى ناھايىتى زور ئىكەنلىكى، كۆپچىلىك ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە مايىل ئىكەنلىكى، ئىدىيىسى ئىلغار ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «دۇجۇڭيۈەننىڭ توپىلاڭ قوزغاشنى پىلانلاش دېلوسى» نى ياساپ چىقىپ، كەڭ ـ كۆلەمدە قولغا ئېلىش، كەڭ ـ كۆلەمدە زىيانكەشلىك قىلىش ھەرىكىتىنى قوزغاپ، بۇ ئارقىلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلارغا ھەم تەرەققىيپەرۋەر ياشلارغا زەربە بەردى.

دۇجۇڭيۈەن جىلىن ئۆلكىسىنىڭ خۇيدې ناھىيىسىدىن بولۇپ، شېڭ شىسەينىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ياپونىيىدە بېرىپ ئوقۇغان چاغدىكى ساۋاقدىشى ئىدى، ئۇنىڭ شېڭ شىسەي بىلەن شەخسىي مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق ئىدى. بۇ ئاتاغلىق ۋەتەنپەرۋەر زات «18 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش سىياسىتىنىڭ تەسىرى بىلەن شاڭخەيدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش پائالىيىتىگە قاتناشقان ۋە شەرقىي شىمالدىكى ئامىنىڭ

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۇيۇشمىسىنى پائال تەشكىللىگەن. ئۇ 1935 ـ يىلى، «پادىشاھ ھەققىدە نىرى ـ بىرى گەپلەر» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، ياپونىيە پادىشاھىنى مەسخىرە قىلغانلىقى ئۈچۈن، ياپون قاراقچىلىرىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۇنى تۈرمىگە قاماپ قويغانىدى. ئۇ 1939 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، شېڭ شىسەينىڭ تەكلىپىگە بىنائەن شىنجاڭغا كېلىپ، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى بولغان، ئۇ ئىلمىي مۇدىر لىن جىلۇ قاتارلىق كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، مەكتەپنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرىنى ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى ياراتقان.

1939 ـ يىل 10 ـ ئايدا، دۇجۇڭيۈەن بىلەن شېڭ شىسەينىڭ مۇناسىۋىتى بىردىنلا يامانلىشىپ كەتتى، ئۇ خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ، ئۆيىدە بىكار ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەيلا، شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى. شېڭ شىسەي ھەرخىل بەدناملارنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، ئۇنىڭغا قارا چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلدى. ئالدى بىلەن ئۇنى تروتسكىچى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىچىدىكى تروتسكىچىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، توپىلاڭ قوزغاش قەستىدە بولدى، دېدى. كومپارتىيە ئەزالىرى بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن، شېڭ شىسەي يولداش ماۋزېمىننى سوراقتا قاتناشتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى، سوراقتا بەدنام ئىنكار قىلىندى. شېڭ شىسەي ئۇنى يەنە خائىن، ۋاڭ جىڭۋېينىڭ 20 مىڭ يۈەن پۇل بېرىشى بىلەن ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن شىنجاڭغا كەلگەن، دېدى. بۇ بەدنامغا نەنجىڭ ھۆكۈمىتىمۇ ئىشەنمەي، ئادەم ئەۋەتىپ قايتا تەكشۈرمەكچى بولدى. شېڭ شىسەي ھىيلىسىنىڭ ئاشكارا بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى شۇئاندىلا ئۆلتۈرۈۋەتتى. «دۇجۇڭيۈەننىڭ توپىلاڭ قوزغاشنى پىلانلىشى» غا چېتىلىپ قولغا ئېلىنغانلار ئىچىدە جاۋدەن قاتارلىق كىشىلەر ۋە شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ يېرىمىدىن

ئارتۇق ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىسى بار . ئۇلار شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە كۆرمىگەنلىغان ئازابلارنى تارتقان ، ئۇلاردىن بىرمۇنچىسى ئۆلتۈرۈۋېتىلدى .

1941 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ، گومىنداڭ جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسىنى پەيدا قىلىپ ، كومپارتىيىگە قارشى 2 ـ قېتىملىق دولقۇننى قوزغىدى . ياپون قاراقچىلىرى جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغان ئەسكىرىي كۈچىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ۋە بارلىق قورچاق قوشۇنلارنى توپلاپ ، دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى تايانچ بازىلارغا ھۇجۇم قىلىپ ، دەھشەتلىك چوڭ تازىلاشنى باشلىدى . جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشى جاپا ـ مۇشەققەتلىك دەۋرگە قەدەم قويدى . 1941 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ، گېرمانىيە فاشىست باندىتلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغاپ ، چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەتلىنىش تاكتىكىسى ئارقىلىق ئۇكرائىنىنى ئىشغال قىلدى ، موسكۋانى قورشىۋالدى ، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەتەن ئۇرۇشىدىكى قېيىن مەزگىلگە دۇچ كەلدى . فاشىست ئالۋاستىلار مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى ـ سىرتىدا قۇتراپ كېتىۋاتقان ئەنە شۇنداق ۋەزىيەتتە ، شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ فاشىستىك مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى ئورنىتىشنىڭ پەيتى پىشىپ يېتىلدى ، دەپ قارىدى ، ئۇنىڭ ئەكسىيەتچىل ئەپت ـ بەشىرىسى تامامەن ئاشكارىلاندى . ئۇ بىر تەرەپتىن ، « فاشىست كۈچلەرنى توسۇۋالغىلى بولمايدۇ ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئىستىقبالى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى ، كوممۇنىستىك پارتىيە جۇڭگونى قۇتقۇزالمايدۇ ، سوتسىيالىزم پات ئارىدا يوقىتىلىدۇ ! » دەپ جار سالسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۆزىنىڭ 5 ـ ئىنىسى شىڭ شىجى ، قېينىنىسى چيۇ يۈيشيۇلارنى چۇڭچىڭغا ئەۋەتتى ، ئۇلار جياڭ جيېشى بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىپ ، گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى . جياڭ جيېشى لەنجۇدا مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان 8 ـ ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇشاۋلياڭنى تەگرىتاغدىن 4 ـ قېتىم ئۆتۈپ ، ئۈرۈمچىگە بېرىپ ، شىڭ شىسەي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ، كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇش ھەققىدە مەخپىي پىلان تۈزۈشكە ئەۋەتتى .

ئالتاينىڭ شۇ چاغدىكى ۋالىيسى بۇقات سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاتتىق

ئۆچمەن ئادەم ئىدى . ئۇ 1941 ـ يىل كۈزدە ، سوۋېت ـ گېرمان ئۇرۇشى پارتلىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى راقاتنى تۇپىلاڭ قوزغاپ ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەتتە مۇتەخەسسىسىنى ئۆلتۈرۈۋېلىپ ، كۆيدۈرۈۋېتىشكە كۈشكۈرتتى . سوۋېت ھۆكۈمىتى بۇ مۇناسىۋەت بىلەن شېڭ شىسەيگە نوتا تاپشۇرۇپ ، بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى . شېڭ شىسەي مۇغەمبىرلىك قىلىپ ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشقا مەجبۇر بولدى ، بۇ قات قاتار- لىقلار ئىلاج تەسلىم بولدى . شېڭ شىسەي 1942 ـ يىل 2 ـ ئايدا ، يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېنىش ـ يېنشلاپ ھەيدەكچىلىك قىلىشى بىلەن بۇ دېلونى ئوچۇق سوت قىلىشقا مەجبۇر بولدى ، ئوچۇق سوتقا نازارەت ، باشقارمىلارنىڭ مەسئۇللىرى تەكلىپ بىلەن قاتناشتى ، سوتقا شېڭ شى- سەينىڭ سادىق غالچىسى لى يىڭچى رىياسەتچىلىك قىلدى . ماۋ زېمىن ، ۋاڭ باۋچيەن قاتارلىق كومپارتىيە ئەزالىرىمۇ سوتقا قاتناشتى . سوت 16 قېتىم ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن داۋام قىلدى ، بۇقات قاتارلىق 11 باش جىنايەتچى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ ، سوۋېت مۇتە- خەسسىسلىرىنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن جىنايىتىنى يوشۇرماي ئىقرار قىلدى . شېڭ شىسەي ئۇلارنى ۋاقتىدا جازالاش ئۇياقتا تۇرسۇن ، ئەك- سىچە ، 4 ـ ئايدىكى سوتتىن خۇلاسە چىقىرىش يىغىنىدا لى يىڭچىغا « بۇ قات قاتارلىق 11 كىشى سوۋېت ئىتتىپاقى باش كونسۇلى تەرىپىدىن سېتى- ۋېلىنىپ ، سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرگەن » دەپ جاكارلاش ھەققىدە يول كۆرسەتتى . مۇنداق قوپال سۇيىقەستلىك ۋاستە سوت مەيدانىدىكى ئادىل زاتلارنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىنى قوزغىدى . يولداش ۋاڭ باۋچيەن نارازىلىق بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى :

ـــ سىلەر ھەق ـ ناھەقنى ئارىلاشتۇرۇپ ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ ، بۇ دېلونىڭ ئەھۋالىنى ساختىپەزلىك ۋاستىسى ئارقىلىق ياساپ چىقىپسىلەر ، مەن بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىمەن ! بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان دىپلوماتىك ئاقىۋەتكە سىلەر تولۇق جاۋابكار بولۇ- شۇڭلار كېرەك .

يولداش ماۋ زېمىن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، بىۋاستە تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئېلىپ، شېڭ شىسەيگە سوئال قويدى:
— مەن سىزدىن ئىككى سوئال سورايمەن: 1. سىز سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشامسىز ياكى قارشى تۇرامسىز؛ 2. بۇ ئىشنى سىز شېڭ شىسەي قىلغانمۇ ياكى قول ئاستىڭىزدىكىلەر قۇۋلۇق ـ شۇملۇق قىلىپ كەلتۈرۈپ چىقارغانمۇ؟
شېڭ شىسەي بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرەلمەي، ئالدىراپ ـ تېنەپ لى يىڭچىغا خۇلاسىنى بىكار قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. لى يىڭچى خۇلاسىنى جامائەت ئالدىدا كۆيدۈرۈپ، تۇكۇرۇك قاچىسىغا تاشلىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى.
1942 ـ يىل ئەتىيازدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىچىدە ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى باشلاندى، ئىستىل تۈزىتىش ھۆججەتلىرىنىڭ قىسقارتىلمىسىنى يەنئەندىن تېلېگراما ئارقىلىق شىنجاڭغا يەتكۈزۈپ تۇردى، يولداش چېن تەنچيۇ جايلاردىكى پارتىيە ئەزالىرىنى بۇ ھۆججەتلەرنى ئۆگىنىشكە ۋاقتىدا ئورۇنلاشتۇردى. يولداش چېن تەنچيۇ خەتەرلىك ۋەزىيەتتە پارتىيە ئەزالىرىغا يېنىش ـ يېنىشلاپ مۇنداق دەپ نەسىھەت قىلدى:
— ھەرقانداق ۋاقىتتا كومپارتىيە ئەزاسى دېگەن شەرەپلىك نامىمىزنى ساقلاپ قېلىشىمىز، پۇل ۋە مەنسەپ ئالدىدا ئېزىلىپ كەتمەسلىكىمىز، يوقسۇللۇق ـ موھتاجلىقتىمۇ ئار ـ نومۇسنى ساقلىشىمىز، تەھدىت ئالدىدا تىز پۈكمەسلىكىمىز لازىم.
1942 ـ يىل 4 ـ ئايدا، شېڭ شىسەي «باشقا ئىشقا قويىمىز» دېگەن نام بىلەن باشقا جايلاردىكى كومپارتىيە ئەزالىرىنى ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇپ كېلىپ، نەنلياڭ، بېيلياڭ، ياڭماۋخۇ، سەنجياۋدى قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، نەزەربەند قىلدى ۋە ئاتالمىش «كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ (12 ـ ئاپرېل) توپىلاڭ قوزغاشنى پىلانلاش دېلوسى» نى ئويدۇرۇپ چىقىشقا كىرىشتى. چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق يولداشلار مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا پارتىيە ئەزالىرىنى

ئىنقىلابىي پەزىلىتىنى كۆچەيتىشنى مەركىزىي مەزمۇن قىلغان ئىستىل تۈزىتىش ئۆگىنىشنى قانات يايدۇرۇشقا ئۈيۈشتۇردى ، كۆپچىلىكنى قەيسەرانە كۈرەش ئىرادىسىنى تىكلەپ ، ئۆلگۈچە بويۇن ئەگمەي ، ئىنقىلابنى ئاداققىچە ئېلىپ بېرىشقا ئىلھاملاندۇردى .

1942 ـ يىل يازدا ، جياڭ جېيشى غەربىي شىمال دالا شتابىنىڭ مۇدىرى ، 8 ـ ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇ شاۋلياڭنى شىنجاڭدا ھەرىكەت قىلىشقا كۆپ قېتىم ئەۋەتتى . شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ، شېڭ شىسەي چېن تەنچيۇ ، ماۋ زېمىن ، لىن جىلۇ قاتارلىق يولداشلارنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە قامىدى . شۇنىڭدىن كېيىن ، بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى يەنە كەينى ـ كەينىدىن تۈرمىگە تاشلاندى ، كېسەللەر ۋە بالىلارمۇ بۇنىڭدىن ئامان قالمىدى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، يەنە ھەرمىللەتتىن بولغان نۇرغۇن ۋەتەنپەرۋەر زاتلار ، تەرەققىيپەرۋەر ياشلار ۋە ئىنقىلابىي ئامممۇ قولغا ئېلىندى .

شېڭ شىسەي كومپارتىيە ئەزالىرىغا ئىنتايىن ۋەھشىي ۋە پاجىئەلىك جازا ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىپ ، ئۇلارنى توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولدۇق ، دەپ ئىقرار قىلىشقا ۋە پارتىيىدىن ئالاقىسىنى ئۈزگەنلىكىنى جاكارلاشقا قىستىدى ، ئەمما يولداش چېن تەنچيۇ ھەققانىي ۋە كۈچلۈك سۆزلەر بىلەن :

— بىزنىڭ شىنجاڭدا قىلغان ئىشلىرىمىز ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىشلار ! — دەپ جاۋاب بەردى . يولداش ماۋ زېمىن دۇشمەننى قاتتىق سۆكۈپ :

— مېنى پارتىيىدىن ئالاقەمنى ئۈزگۈزۈش ، كوممۇنىزمغا بولغان ئېتىقادىمدىن ۋاز كەچكۈزۈش سىلەرنىڭ خام خىيالىڭلار ! دەپ توۋلىدى . يولداش لىن جىلۇ « يېڭى مەھبۇسلار ناخشىسى » نى يېزىپ ، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان روھ بىلەن مۇنداق ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى :

مەھبۇس ، مەھبۇس ، ئەي يېڭى مەھبۇس ،
ئىشەنچىڭ قەتئىي ، مەيدانىڭ مەھكەم .

رەھىمسىز جازا، قىيىن ـ قىستاقلار
ئادەتتىكى ئىش بىلىنەر ھەردەم.
كېسىلسە بېشىڭ، ئوق يېسە تېنىڭ،
ئانا تۇپراققا بولسەن ھەمدەم.

مەھبۇس، مەھبۇس، ئەي يېگى مەھبۇس،
ئىشەنچىلىڭ قەتئىي، مەيدانىڭ مەھكەم.
ھۆرلۈك ئىھرامى بولىدۇ بىنا،
باشلىرىمىزنى تىزسا قىلىپ جەم.
جەۋلان قىلىدۇ ئەبەدىلئەبەت،
قىزىل قان بىلەن بويىلغان ئەلەم.

1943 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، چېن‌تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق يولداشلار ئۆلتۈرۈلدى، ئۇلار يوشۇرۇن ھالەتتە ليۇداۋان‌دىكى قاقاس دۆڭلۈككە دەپنە قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، يەنە ئىككى يولداش ــــ چياۋگوجېن، ۋۇماۋلىنلارمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇلارنىڭ جەسىتى قالغاچلىقتىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا يۆتكەلدى، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى ئۇلارنى مەڭگۈ ياد ئېتىدۇ!

چېن تەنچيۇ قاتارلىق يولداشلار قۇربان بولغاندىن كېيىن، تۇر-ىمىدىكى كومپارتىيە ئەزالىرى فاڭ جىجۇن قاتارلىق يولداشلارنىڭ رەھبەرلىكىدە «ھەممە ئادەم بىر نىيەتتە بولۇش» تا چىڭ تۇرۇپ، ئاچ-لىق ئېلان قىلىپ ياكى باشقا شەكىللەردىكى كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ فاشىستىك زوراۋانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈ-رۈپ، ئالىيجاناب ۋىجدانىنى ئىپادىلىدى. 1945 ـ يىلى، جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى شىنجاڭ ئۆلكىسىگە رەئىس بولدى، رەئىس ماۋ زېدۇڭ ۋە مۇئا-ۋىن رەئىس جۇ ئېنلەيلەرنىڭ قۇتقۇزۇشى، جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، دۈشمەننىڭ تۈرمىسىدە تۆت يىل ئازاب تارتقان بۇ كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە

تاۋابىئاتلىرى 1946 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئاخىر قويۇپ بېرىلدى ۋە 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى يەنئەنگە غەلىبە بىلەن قايتىپ كەتتى.

شېڭ شىسەينىڭ فاشىستىك ھۆكۈمرانلىقىنى يولغا قويغان زوراۋانلىق ھەرىكىتى يۈرەكنى تىترىتەتتى، كىچىككىنە ئۈرۈمچى شەھىرىدە نۇرغۇن تۈرمىلەر بارلىققا كەلدى، كوچىلارنى ئىشپىيونلار قاپلاپ كەتتى، ئادەملەر ھەر كۈنى قولغا ئېلىنىپ تۇردى. ھەرمىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ئاق تېررولۇق ئىچىدە قالدى، ھەممىلا ئادەم ئۆزىدىن ئەندىشە قىلاتتى، كەيپىياتتىكى جىددىيلىك كىشىلەرنى بوغۇپ قويغانىدى. نىلقا ناھىيىسىدىكى قازاق ئىنانچىخان ئەلىپلقان «چارۋىچىلىق رايونىدا تولۇقچى قوڭغۇزلار ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ، ئادەملەر بىلەن ئادەملەرمۇ ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ، زامان بۇزۇلۇپ كەتتى» دېگەنلىكى ئۈچۈن ئۈچ يىل تۈرمىگە قامالدى؛ ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن ۋاڭ فامىلىك بىر سودىگەرمۇ ئۆزىنى سوراق قىلغان جارقىرىغاق ۋە تېرىككەك ئىشپىيونغا چاقچاق قىلىپ «ئىت سەكرەيدۇ، كۈچۈك كاككىشىيدۇ، سەكرەۋەرسۇن، كاككىشۋەرسۇن» دېگەنلىكى ئۈچۈن مەخپىي ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان ۋە ئۆلتۈرۈلگەن سان ـ ساناقسىز ئادەملەر ئەنە شۇنداق بىگۇناھ ئادەملەر. «سىياسىي جىنايەتچىلەر» ياكى «ئىدىيىۋى جىنايەتچىلەر» گە كەلسەك، ئۇلارنىڭ تەقدىرى تېخىمۇ پاجىئەلىك بولدى، ئۇلاردىن بەزىلىرى ئۇدا سەككىز ئاي قىيناپ سوراق قىلىنىپ، بەدىنىنىڭ ساق يېرى قالمىدى؛ بەزىلىرى زىيانكەشلىك دەستىدىن ھوشىنى يوقىتىپ، نېرۋىسى بۇزۇلۇپ، ئادەمگىمۇ، ئەرۋاھقىمۇ ئوخشىمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. تۈرمىلەر مەھبۇسلار بىلەن تولغان ۋاقىتتا، شېڭ شىسەي «تۈرمە تازىلاش» قا تۇتۇش قىلدى، ئاز دېگەندە بىرنەچچە ئون ئادەم، كۆپ بولغاندا 100 چە ئادەم «تازىلاندى»، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى، بەزىلىرى دارغا ئېسىلىپ ئۆلتۈرۈلدى. 1942 ـ يىلى قىشتا، ئۈرۈمچىدە بولغان بىر قېتىملىق «تۈرمە تازىلاش» تا 366 ئادەم مەخپىي ئۆلتۈرۈلدى. بىر تۈركۈم مەھبۇسلار ئۆلتۈرۈلسە،

ئۇلارنىڭ ئورنىغا دەرھال تېخىمۇ كۆپ يېڭى مەھبۇسلار تۈرمىگە قامالدى .

شىڭ شىسەينىڭ كىشىلەرنى ئۇجۇقتۇرۇشتىكى ياۋۇزلۇقىدەك ياۋۇزلۇق ، ئادەم ئۆلتۈرۈشتىكى قەبىھلىكىدەك قەبىھلىك دۇنيادا ئاز كۆرۈلىدۇ . « تانكىغا ئۆلتۈرغۇزۇش » ( مەھبۇسلارنى ئالاھىدە ياسالغان ئورۇندۇققا زەنجىرلەپ قويۇپ ، بىرنەچچە كېچە ـ كۈندۈز كۆز يۇمغۇزماسلىق ) ، « كاللىسىنى تازىلاش » ( مەھبۇسلارنىڭ بېشىغا مىس داسنى كۆمتۈرۈپ قويۇپ ، داسنى توختىماي ئۇرۇش ) ئۇنىڭ « ئىجادىيەت ـ كەشپىيات » ى ھېسابلىنىدۇ . شىڭ شىسەي قىيناپ سوراق قىلىپ ، ئىقرار قىلىشقا مەجبۇرلاش ۋاقتىدا ھەرقانداق ۋەھشىيلىكتىن يانمايتتى . قىيناپ سوراق قىلىش ئۆيىنىڭ تېمىغا ئۇنىڭ « جازالاپ ئۆلتۈرگەنگە سوراق يوق » ( مەھبۇسنى جىنايى جازالاپ ئۆلتۈرۈپ قويغانلارنىڭ مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ ) دېگەن بۇيرۇقى چاپلاپ قويۇلاتتى . شىڭ شىسەينىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋاستىسى تېخىمۇ ۋەھشىي ئىدى ، دۇجۇگىيۇەن زەھەرلىك ئوكۇل بىلەن ئۆلتۈرۈلدى ، چېن تەنچيۇ قاتارلىق كىشىلەر ئارغامچا بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرۈلدى ، شەرقىي شىمال قوشۇنىنىڭ گېنېرالى جېڭ رۇنچېڭ قاتارلىق كىشىلەر ئورۇندۇققا باغلىنىپ ، يۈزىگە هاراققا چىلانغان سامان قەغەز يېپىلىپ تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈلدى ، قازاقلاردىن ۋەتەنپەرۋەر زات شەرىپقان كەينى ـ كەينىدىن پىچاق سېلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى . بىر مەھبۇس شىڭ شىسەينى ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرىنى تىللىغانلىقى ئۈچۈن ، يەتتە قېتىم چالا ئۆلۈك قىلىنىپ بوغۇپ ئۆلتۈرۈلدى ! تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا ، 1933 ـ يىلدىن 1944 ـ يىلغىچە ، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىدىن 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان ، شىڭ شىسەي شىنجاڭدىن كەتكەندىن كېيىن ، تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەنلەرنىڭ سانى 50 مىڭغىمۇ يەتمىگەن ، ئۇ ئاز دېگەندە 50 مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈرگەن .

1943 ـ يىل 2 ـ ئايدا ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى ستالىنگرادنى قوغداش ئۇرۇشىدا 330 مىڭ دۈشمەننى يوقىتىپ ، قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى ، گېرمانىيە فاشىستلىرى پۈتۈن سەپ بويىچە بىتچىت

بولدى . 1944 ـ يىلى ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى شەرقىي ياۋروپا ئەل-
لىرىدىكى پارتىزانلار ئەترەتلىرىنىڭ ئۆز زېمىنىنى ئازاد قىلىشىغا ياردەم
بېرىپ ، گېرمانىيە فاشىستلىرىنىڭ ئۇۋىسىغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى .
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك
قىلغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تايانچ بازىلار ياپون قاراقچىلىرىنىڭ
كەڭ كۆلەملىك تازىلىشىنى تارمار قىلىپ ، گومىنداڭنىڭ كومپارتىيىگە
قارشى دولقۇنىنى چېكىندۈرۈپ ، ئازاد رايونلارنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەم-
لەپ ۋە كېڭەيتىپ ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا قىسمەن
قايتۇرما ھۇجۇمنى باشلاپ ، شانلىق جەڭ نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈردى .
فاشىزمغا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇشنىڭ غەلىبە قازىنىشىغا ئاز ۋاقىت قالدى ،
جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبە قازىنى-
شىغىمۇ ئاز ۋاقىت قالدى .

شېڭ شىسەينىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقى تەييارلىق
كۆرۈلۈۋاتقىنىغا ئۇزۇن بولغان ئۈچ ۋىلايەت ( ئىلى ، تارباغاتاي ، ئالتاي
ۋىلايەتلىرى ) ئىنقىلابىنىڭ قوزغىلىشىغا سەۋەب بولدى .
گومىنداڭ « توپىلاڭنى باستۇرۇش » نامى بىلەن تۇركۈم ـ تۇركۈم قو-
شۇنلىرىنى شىنجاڭغا ئەۋەتتى . جياڭ جيېشى شىنجاڭ زېمىنىنى قولغا
كىرگۈزۈش پۇرسىتى پىشىپ يېتىلدى دەپ قاراپ ، جۇ شاۋلياڭنى شىن-
جاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇۋەققەت رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى ، شېڭ شىسەينى
ئىچكى جەھەتتە دېھقانچىلىق ، ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى
قىلىپ يۆتكىدى . شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ فاشىزمغا قارشى
ئۇرۇشتىكى غايەت زور غەلىبىلىرىنى ، جاڭ جېيشىنىڭ قەدەممۇ قەدەم
قىستاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۆزى 12 يىلغا يېقىن
ھۆكۈمرانلىق قىلغان « مۇستەقىل پادىشاھلىق » نى ساقلاپ قېلىش
مەقسىتىدە يەنە نەيرەڭ ئىشلىتىشكە كىرىشتى . ئۇ ستالىنغا خەت يېزىپ ،
جىنايىتىگە تۇۋا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ، سوۋېت قوشۇنلىرىنىڭ قۇت-
قۇزۇشىنى ئىلتىماس قىلغان مەخپىي ھۆججەتنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلىغا تاپشۇردى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ،

ئۇ يېڭىدىن « توپىلاڭ قوزغاشنى پىلانلاش دېلوسى » نى ياساپ چىقتى ، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى لىن جىيۇڭ ، ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ باش شۇجىسى خۇاڭ رۇجىن قاتارلىق گومىنداڭچىلارنى 1944 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى قولغا ئالدى . ئۇ ستالىنغا ياخشىچاق بولۇش مەقسىتىدە بۇ كىشىلەرنى « تروتسكىچىلار » دېدى ؛ ئۇ يەنە جياڭ جيېشىغا يالغان ئېيتىپ ، بۇ كىشىلەرنى « كوممۇ- نىستىك پارتىيىنىڭ جاسۇسلىرى » دېدى . ئۇنىڭ رەزىل قۇۋلۇق ـ شۇملۇقلىرى ستالىننى ئالدىيالمىدى ، ئەلۋەتتە . ئۇنىڭ يالغان گېپىگە جياڭ جيېشىمۇ ئىشەنمىدى . سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن ئۇزۇنغىچە جاۋاب بولمىدى ، جياڭ جيېشىنىڭ قوشۇنلىرى شىنجاڭغا ئۈزلۈكسىز كېلىۋەردى . شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئاشكارا بۇيرۇق ئېلان قىلىپ ، شېڭ شىسەينى دېھقانچىلىق ـ ئورمانچىلىق مىنىس- تىرلىكىنىڭ مىنىسترلىكىگە تەيىنلەپ ، « تەختتىن چۈشۈشكە قىستاش » ئويۇننى ئوينىدى . شېڭ شىسەي ئىلاج تاپالماي ، يېڭىلگەنلىكىنى تەن ئېلىپ باش ئېگىشكە مەجبۇر بولدى ـ دە ، ئالدىراپ ـ تېنەپ جياڭ جيېشىغا 50 مىڭ سەر ئالتۇن پارا بەردى ، ئاندىن كۆپ يىللار- دىن بېرى « دىيانەتلىك بولۇش » سىياسىتىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق شىلىۋالغان نۇرغۇن بايلىقنى 30 يۈك ئاپتوموبىلغا قاچىلاپ ، شىنجاڭدىن غىپپىدە تىكىۋەتتى .

# ئون ئۈچىنچى باب
# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشى

## §1 . ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ جەريانى ۋە ئەھمىيتى

شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ، كوممۇنىستىك پارتىيىگە ، خەلققە قارشى فاشىستىك مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلققە غايەت زور بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈردى . گومىنداڭ كۈچلىرى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىغا كىردى ، خىيانەتچىلىك ئەۋج ئېلىپ ، باھا ئۇچقاندەك ئۆرلەپ ، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنى يەنە مىسلىسىز بالا ـ قازاغا گىرىپتار قىلدى . قەيەردە زۇلۇم بولىدىكەن ، شۇ يەردە قارشىلىق بولىدۇ . دەل ئەنە شۇنداق ئەھۋالدا قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىدى .

شېڭ شىسەي 1941 ـ يىلى شىنجاڭدا 50 مىڭ ھەربىي ئات سېتىۋېلىپ ، چەت ئەلگە يۆتكىدى . ھەربىر ئاتنىڭ بازاردىكى باھاسى ئۆلكە پۇلى ھېسابىدا 700 يۈەن ئىدى ، شېڭ شىسەي ئات سېتىۋالغاندا باھانى تۆۋەنلىتىپ ، ئۆلكە پۇلى ھېسابىدا 300 يۈەندىن ئالدى ، بەزى جايلاردا پۇل تۆلىدى ، بەزى جايلاردا بىر تىيىنمۇ تۆلىمىدى ، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت چارۋىچىلىرى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى . 1944 ـ يىل 3 ـ ئايدا ، شېڭ شىسەي جىياڭ جېيشىغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن بۇيرۇق چىقىرىپ ، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت چارۋىچىلارنى گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا 10 مىڭ ھەربىي ئات تەقدىم قىلىشقا مەجبۇرلىدى . ئات بېرەلمىگەن چارۋىچىلار ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن باھا بويىچە نەق پۇل بېرىشى شەرت ئىدى . ھالبۇكى ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن باھا بازاردىكى باھادىن يېرىم ھەسسە قىممەت ئى-

دى . شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت چارۋىچىلار شىڭ شىسەينىڭ ئالدىنقى
قېتىملىق ئالدامچىلىقىدىن ئىنتايىن نارازى بولغانىدى ، بۇ قېتىمقى قاقتى ـ
سوقتى قىلىشى ئۇلارنىڭ ئېچىشقان يېرىگە تۇز سەپكەنلىكتىنلا ئىبارەت
بولدى . ئات تەقدىم قىلىشتىكى ئاساسلىق يۈك ئىلى ، تارباغاتاي ۋە ئالتاي
ۋىلايەتلىرىدىكى چارۋىچىلارنىڭ زىممىسىگە ئارتىلدى .
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا قانات يايدۇرغان
ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى ، يولداش ستالىن رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت ئىتتى-
پاقىنىڭ سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت
خەلقى ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى . ماركسىزم ـ لېنىنىزم ۋە ماۋ-
زېدۇڭ ئىدىيىسى شىنجاڭدا تارقىتىلىپ ، دېموكراتىك ئىنقىلاب ئىدىيىسى
كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى ، مەيلى شىڭ شىسەي ۋە گو-
مىنداڭ ئاق تېررورلۇقىنى ھەرقانچە يولغا قويسمۇ ، تەرەققىيپەرۋەر ۋە
ئىنقىلابىي كۈچلەرنى باسالمايتتى ۋە تۇنجۇقتۇرالمايتتى . ئەينى ۋاقىتتا
ھەرمىللەت خەلقى مەخپىي قۇرغان تەرەققىيپەرۋەر تەشكىلاتلار ۋە
ئىنقىلابىي تەشكىلاتلار كەينى ـ كەينىدىن بارلىققا كەلدى .
1944 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ، نىلقا ناھىيىسىدىكى 1000 دىن
ئارتۇق ھەرمىللەت چارۋىچىلار قولىغا قورال ئېلىپ ، ناھىيە بازىرىنى
ئىشغال قىلدى . نىلقا ناھىيىسىدىكى قوراللىق قوزغىلاڭ دەرھال ئىلىدىكى
ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشتى ، ئۇلار تۇشمۇ
تۇشتىن پارتىزانلار ئەترەتلىرىنى تەشكىللەپ ، گومىنداڭنىڭ جايلاردا
تارقاق ھالەتتە مۇداپىئە تۇرۇۋاتقان قوشۇنلىرى ۋە ساقچىلىرىغا ھۇجۇم
قىلدى . 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ، غۇلجا شەھىرى ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر ،
قازاق خەلقلىرىدىن تەشكىللەنگەن پارتىزانلار ئەترەتلىرى يولداش
ئابدۇكېرىم ئاباسوفنىڭ يېتەكچىلىكىدە گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى تارمار
قىلىپ ، ۋالىي مەھكىمىسى ۋە ساقچى ئىدارىسىنى ئىشغال قىلدى .
گومىنداڭنىڭ ھەربىي ، مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى ۋە قالدۇق قوشۇنلىرى
غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى ئايرودرومغا
چېكىندى . 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ، غۇلجا شەھىرىدىكى قوزغىلاڭ كۆ-

تۇرگەن ھەرمىللەت ھەربىي ۋە خەلق ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇپ، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزگەنلىكىنى جاكارلىدى. قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ھەرمىللەت ھەربىي ۋە خەلق 12 ـ ئاينىڭ بېشىدا سۈيدۈڭ، كۈرە، كۈنەس، تېكەسلەرنى ئالدى؛ تەگرىتېغىدىن ئۆتۈپ، شۇ چاغدا ئىلىغا قارايدىغان بورتالا ۋە ئارشاڭنى ئالدى. قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ھەرمىللەت ھەربىي ۋە خەلق 1945 ـ يىل 1 ـ ئايدا، ئايرودرومغا تىقىلىۋېلىپ، جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى يوقاتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئىلى ۋىلايىتى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ھەرمىللەت ھەربىي ۋە خەلقنىڭ قولىغا تامامەن ئۆتتى.

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنى تەرتىپكە سېلىپ، ئىنقىلابنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كېڭەيتىش مەقسىتىدە 1945 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى 10 مىڭدىن ئارتۇق كىشىدىن تەركىب تاپقان تارقاق پارتىزانلار ئەترەتلىرىدىن مىللىي ئارمىيىنى تەشكىللىدى ۋە ئۈچ فرونت بويىچە يۈرۈش قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ، 5 ـ ئايدىن باشلاپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى.

شىمالىي فرونتتىكى قوشۇنلار بورتالادىن شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا تولىنى ئالدى، 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا دۆربىلجىننى ئالدى؛ 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چۆچەك بىلەن چاغانتوقاينى ئىشغال قىلدى؛ 8 ـ ئايدا داۋاملىق شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، قوبۇقسارنى ئالدى؛ 9 ـ ئايدا بۇرچىن، قابا، سارسۇمبە (ئالتاي ناھىيىسى) قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلدى.

ئوتتۇرا فرونتتىكى قوشۇنلار شەرقتە كەڭسايدىن ئۆتتى. گومىنداڭنىڭ يېڭى 2 ـ كورپۇس 45 ـ دىۋىزىيىسى جىڭ ئەتراپىدا مۇستەھكەم ئىستېھكام قۇردى، يېڭى 2 ـ كورپۇسنىڭ ئالدىنقى سەپ باش قوماندانلىق شتابى شىخودا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسكىرىي كۈچى كۈچلۈك، تەمىناتى قولايلىق ئىدى. بۇ فرونتتىكى مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئەسكەرلىككە يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ھەرمىللەت ياشلىرى بولۇپ، قىسقا مۇددەتلىك تەلىم ـ تەربىيە ئالغانىدى.

شۇڭا، ئىككى تەرەپ جىڭنىڭ غەربىدە تىركىشىش ۋەزىيىتى شەكىللەندۈردى.

شىمالىي فرونتتىكى قوشۇنلار چۆچەكنى ئالغاندىن كېيىن بۆلۈنۈپ جەنۇبقا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، گومىنداڭ باندىت قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىنقى سەپ باش قوماندانلىق شتابى ئورۇنلاشقان جاي — شىخوغا ھۇجۇم قىلدى. يەتتە كېچە - كۈندۈز داۋام قىلغان شىددەتلىك جەڭدىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ بىر ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى قېچىپ كەتتى، قالغان دۈشمەن پۈتۈنلەي يوقىتىلدى. شىمالىي فرونتتىكى قوشۇنلار جىڭدىكى دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ چېكىنىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ۋە 9 ـ ئاينىڭ بېشىدا ئوتتۇرا فرونتتىكى قوشۇنلار ۋە شىخودىكى شىمالىي فرونت قوشۇنلىرى دۈشمەنگە شەرق ۋە غەرب تەرەپلەردىن قىستاپ زەربە بېرىپ، گومىنداڭنىڭ جىڭ ئەتراپىدىكى يېڭى 2 ـ كورپۇس 45 ـ دىۋىزىيە يوقاتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن، ئوتتۇرا فرونت ۋە شىمالىي فرونتتىكى قوشۇنلار شەرققە قاراپ توختىماي يۈرۈش قىلىپ، ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا يېتىپ باردى. گومىنداڭ قوشۇنلىرى ھەر قەدەمدە مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ ماناس دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىنى كۆيدۈرۈۋېتىپ، دەريانىڭ شەرقىنى قوغداپ ياتتى.

شىخو ۋە جىڭدىكى جەڭ خەۋىرى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، شەھەردىكى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ، پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. ئۇلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ھە دەپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە ماڭدۇرغىلى تۇردى. جياڭ جېيشى گەنسۇدىكى مىلىتارىست ما بۇفاڭنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر 5 ـ كورپۇسنى دەرھال ئۈرۈمچى ۋە سانجىغا يۆتكەپ، يەنە 14 ـ كورپۇسنى قۇتۇبى ۋە ماناس ئالدىنقى سېپىگە يۆتكەپ، پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان يېڭى 2 ـ كورپۇسنىڭ ئورنىنى تولدۇردى، گومىنداڭ قوشۇنلىرى بىلەن مىللىي ئارمىيە دەريانىڭ ئىككى تەرىپىدە تىركىشىپ تۇردى.

جەنۇبىي فرونتتىكى قوشۇنلار تەڭرىتېغىدىكى خەتەرلىك مۇز

داۋاندىن ئۆتۈپ، ئاقسۇنى ئىككى قېتىم مۇھاسىرىگە ئالدى، باي ناھىيىسى ۋە ئاقسۇ كونا شەھەرنى ئىككى قېتىم ئالدى. ئەمما، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى كۈچلۈك بولغانلىقى، جەنۇبىي فرونتتىكى قوشۇنلار بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىسىنى خەتەرلىك تەگرىتېغى توسۇپ قويغانلىقى، ئارقا سەپ تەمىناتىدا قىيىنچىلىق تۇغۇلغانلىقى سەۋەبىدىن جەڭ نەتىجىسى ئانچە زور بولمىدى.

گومىنداڭنىڭ زۇلمى ۋە ئېكسپلاتاتسىيىسى تاشقورغاندىكى ھەر-مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىدى. 1945 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، تاشقورغاندىكى تاجىك، قىرغىزلاردىن 200 كىشى قولىغا قورال ئېلىپ، ناھىيە بازىرىغا ۋە گومىنداڭنىڭ جايلاردا تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرىنىڭ تايانچ پونكىتلىرىغا ھۇجۇم قىلدى، ئۇلار ئامىنىڭ مەدەتكارلىقى ۋە ياردىمى بىلەن پۈتۈن ناھىيىنى تېزلا ئىشغال قىلىپ، ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇردى، ئۇنىڭ نامى «تاشقورغان ۋالىي مەھكىمىسى» دەپ ئاتالدى. تاشقورغاندىكى قوزغىلاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشىگە ئېرىشتى، قوشۇن كېڭىيىپ 2000 دىن كۆپرەك ئادەمگە يەتتى، ئۇلار يېڭىسار، ئاقتۇ، قاغىلىق ۋە پوسكاملارنى ئىگىلىدى ھەم يەكەنگە، قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى. كېيىن گومىنداڭنىڭ قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇلارنى قوغداپ تۇرغان قوشۇنلىرىنىڭ قورشاپ ھۇجۇم قىلىشى نەتىجىسىدە قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچراپ، يەكەن تەۋەسىدىكى كوسراپ تاغلىق رايونىغا چېكىنىپ دەم ئېلىپ، قوشۇننى تەرتىپكە سالدى ۋە تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ باردى. كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق سۆھبىتى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. كېلىشىمگە ئاساسەن، بۇ قوزغىلاڭچى قوشۇن 1946 ـ يىل 6 ـ ئايدا تارقىتىۋېتىلدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، رەھبەرلىك قاتلىمىنىڭ ئەھۋالى بىرقەدەر مۇرەككەپ بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تار

مىللەتچىلىك ۋە ئەكسىيەتچى دىنىي كۈچلەرنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ئىنقىلابىي ھەرىكەت بەزى خاتالىقلارنى سادىر قىلىپ، بىرئاز ئەگرى يولغا مېڭىپ قالغانىدى. 1945 ـ يىلى قىشتا، ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىگە ئۆزگەرتىلدى، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق يولداشلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى بولدى، بۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ توغرا يولدا ئۆزلۈكسىز ئىلگىرىلىشىگە كۈچلۈك كاپالەتلىك قىلىندى.

1946 ـ يىلى، يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوف نەنجىڭغا باردى، ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى تۇرۇشلۇق جايغا بېرىپ، يولداش دۇڭ بىۋۇنى مەخپىي زىيارەت قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئۈچ ۋىلايەتتە خىزمەت ئىشلەشكە كادىر ئەۋەتىشىنى تەلەپ قىلدى. يولداش دۇڭ بىۋۇ يولداش پېڭ گۇئەننى مەخپىي ئىشلار خادىمى سالاھىيىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەتكە ئەۋەتتى، ئۇ پېڭ چاڭگۈي دېگەن يالغان ئىسىم قوللىنىپ، راتسىيە ئېلىپ، يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ مۇھاپىزىتى بىلەن ئىلىغا باردى. يولداش پېڭ گۇئەن ئىلىدا تۇرغان بىر نەچچە يىل ئىچىدە خىزمەتنى ئۇتۇقلۇق ئىشلەپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە يارىتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەسىرىدە، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت ئىلغارلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە پارتلىدى، ئۇ شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ مىلتارىست شېڭ شىسەيگە ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئىنقىلابىي ھەرىكىتى. يولداش ماۋزېدۇڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، بۇ ئىنقىلابقا باھا بەردى، ئۇ مەملىكەتلىك 1 ـ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ۋەكىل يولداشلارغا ئەۋەتكەن تەكلىپ خېتىدە: «سىلەرنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى كۈرەشلىرىڭلار پۈتكۈل جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى» دېدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بىر تۈركۈم گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، ئازادلىق ئۇرۇشىغا ماسلىشىپ، شىن-

جاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تارىخى جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابى تارىخىنىڭ شانلىق بىر سەھىپىسى سۈپىتىدە تارىختىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالدۇ!

## §2. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ بۇزۇلۇشى

1944 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، جياڭ جېيشى ۋۇ جۇڭشىننى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى. ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، كونىراپ ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن ئىدراك، دۆلەت قانۇنى، ئىنسانىي مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسىنى ئېلان قىلدى. ئۇ مۇشۇ پروگراممىنىڭ روھىغا ئاساسەن، شىنجاڭدا نۆۋەتتە سىياسىي جەھەتتە قىلىش زۆرۈر بولغان ئۈچ ئىشنى ئوتتۇرىغا قويدى: 1. شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە قامالغان زاتلارنى قويۇۋېتىش؛ 2. ھەرقايسى جايلارغا تەسەللىي بېرىش؛ 3. قوشنىدارچىلىق دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتىگە ھەيدەكچى بولۇش. يۇقىرىقى ئۈچ ئىش ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدا كەڭ تەرىپلەنگەن «ۋۇ جۇڭشىننىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتىكى ئۈچ ئەنگۈشتىرى» دىن ئىبارەت.

ۋۇ جۇڭشىن شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە قامالغان زاتلارنى قويۇپ بېرىش جەھەتتە ھەرقايسى مىللەتلەردىن بولغان بىرقىسىم مەشھۇر زاتلارنى، مەسىلەن، ئۇيغۇرلاردىن بۇرھان شەھىدى، خۇيزۇلاردىن ما لياڭجۇن ئاخۇن، خەنزۇلاردىن ليۇ ۋېنلۇڭ قاتارلىق كىشىلەرنى قويۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلقنىڭ غەزىپى كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، گومىنداڭ ساقچى ئىدارىسى تەرىپىدىن تۇتۇپ تۇرۇلغان شېڭ شىسەينىڭ يېقىن ئادەملىرى ۋە غالچىلىرىدىن پېڭ جيېۋەن، ليۇ خەنشېڭ قاتارلىق كىشىلەرمۇ قويۇپ بېرىلدى. ئەمما، شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قاماپ قويۇلغىنىغا ئىككى يىلدىن ئاشقان 130

نەچچە كومپارتىيە ئەزاسى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن بىرمۇ قويۇپ بېرىلمەيلا قالماستىن، ئۇلارغا بولغان زىيانكەشلىك كۈچەيتىلدى.

ۋۇ جۇڭشىن ھەرقايسى جايلارغا تەسەللىي بېرىشتە خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى دېڭ شياڭخەي باشچىلىقىدىكى تەسەللىي بېرىش ھەيئىتىنى قۇردى. بۇ ھەيئەت ھەدەپ زىياپەت بېرىپ، ھەرمىللەت يۇقىرى قاتلام كىشىلەرنى كۆتۈۋېلىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە تارتىش ئارقىلىق جايلارنىڭ جەمئىيەت تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا ئۇرۇندى. ئەمما، شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان جايلاردىكى قارشىلىق ۋە ئىسيانلارنى زىياپەت ئۈستىلىدە ھەرگىز يوقاتقىلى بولمايتتى. ۋۇ جۇڭشىن «تەسەللىي بېرىش» ئۈچۈن ئىلىغا مەخسۇس ئەۋەتكەن دېڭ خەيشياڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى ۋە ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قەتئىي قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىدى، ئۇ خۇشال-خۇراملىق بىلەن بېرىپ كەيپى ئۇچۇپ قايتىپ كەلدى.

ۋۇ جۇڭشىننىڭ «قوشنىدارچىلىق دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتىگە ھەيدەكچى بولۇش» دېگەن نىيىتى، تەبىئىيكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنى كۆزدە تۇتۇپ ئېيتىلغانىدى. ۋۇ جۇڭشىن ئىلگىرى ئامېرىكىغا بېرىپ ئوقۇغان خاس دىپلوماتىيە خادىمى ۋۇ زېشياڭنى يۆتكىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىنىڭ رۇسچىنى پىششىق بىلىدىغان مەسلىھەتچىسى ليۇ زېرۇڭنى قويدى، ئۇ ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتىلغان دىپلوماتىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرماقچى بولدى، سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ ئىشقا زادىلا پەرۋا قىلمىدى.

1945-يىل 5-ئايدا، سوۋېت قوشۇنلىرى بېرلىننى ئالدى، گىتلېر فاشىست باندىتلىرى ئۇزۇل-كېسىل تۈگەشتى. شۇ يىلى 8-ئايدا ياپونىيە شەرتسىز تەسلىم بولغانلىقىنى جاكارلىدى. پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ فاشىزمغا قارشى كۈرىشى غەلىبىگە ئېرىشتى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى غەلىبىگە ئېرىشتى. جۇڭگو خەلقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى سەككىز يىللىق ئۇرۇشنىڭ جاپا-مۇشەققىتىنى بېشىدىن كەچۈرگەچكە، تىنچلىق، دېموكراتىيە ۋە ئەركىن-

لىككە تەشنا ئىدى. ئەمما، جياڭ جېيشى مۇستەبىتلىكنى ۋە ئىچكى ئۇرۇش قىلىشنى خالايتتى، شۇڭا ئۇ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ كۈشكۈرتۈشى ۋە مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا، ھەربىي قوشۇنلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ئازاد رايونلارغا ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، يولداش ماۋ زېدۇڭ ئايروپىلان بىلەن چۇڭچىڭغا بېرىپ، جياڭ جېيشى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەشەببۇسى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى. 9 ـ ئايدا، مەملىكىتىمىزنىڭ جاي ـ جايلىرىدا تىنچلىق ۋە دېموكراتىيە ھەرىكىتى كەڭ قانات يايدى. جياڭ جېيشى ئۈستىلىق قىلىمەن دەپ چاندۇرۇپ قويۇپ، « 10 ـ ئۆكتەبىر كېلىشىمى » نى ئىمزالاپ، « ئىچكى ئۇرۇشتىن ساقلىنىش »، « سىياسىي ئىشلارنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش » نى ئىشقا ئاشۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە ئىچكى ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىش شىنجاڭغا ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسەتتى.

ۋۇ جۇڭشىننىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتىكى « ئۈچ ئەنگۈشتەرى » كارغا كەلمىدى، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى بارغانسېرى يامانلاشتى. گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ خىيانەتچىلىك قىلىشى ئادەتكە ئايلاندى، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئىنتىزامى ئىنتايىن ناچارلاپ كەتتى. ھەرمىللەت خەلقى ئېغىر باج ـ سېلىقلارنى زىممىسىگە ئېلىپلا قالماي، گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ قاقتى ـ سوقتى قىلىشىغىمۇ ئۇچرىدى. باھا ئۇچقاندەك ئۆرلەپ، خەلقنىڭ كۈنى ئېغىرلىشىپ كەتتى. ئىلىدىكى قوراللىق قوزغىلاڭ ھەرمىللەت خەلقىنىڭ پائال مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا تېز سۈرئەتتە ئەۋج ئالدى، مىللىي ئارمىيە چۆچەك، ئالتايلارنى ئېلىپ، ماناس دەرياسى بويىغا قىستاپ كەلدى. گومىنداڭ قوشۇنلىرى ھەر قەدەمدە مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى. ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ كۆزىتىۋاتقان غەربىي شىمال دالا شتابىنىڭ مۇدىرى، 8 ـ ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇ شاۋلياڭ جياڭ جېيشىغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، « ۋەزىيەت جىددىي، ئىستىقبالغا كۆز يەتمەيدۇ، دۆلەت يولىدا ئۆزۈمنى قۇربان

قىلماقتىن ئۆزگە چارە قالمىدى » دەپ نالە قىلدى . ۋۇ جۇڭشىننىڭ قورال كۈچى ئارقىلىق باستۇرۇشقىلا تايانغاندا ، مەسىلىنى ھەل قىلىش بۇياقتا تۇرسۇن ، ئەكسىچە تېخىمۇ ئېغىر ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ، جياڭ جيېشىغا تەكلىپ بېرىپ ، گومىنداڭ مەركىزىدىن دەرھال مۇھىم ئەمەلدارلارنى ئەۋەتىپ ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى .

يولداش ماۋ زېدۇڭ 1945 - يىل 4 - ئايدىلا « بىرلەشمە ھۆكۈمەت ھەققىدە » دېگەن ئەسىرىدە ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ « 1944 - يىلدىن ھازىرغا قەدەر شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈستىدىن يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان قوراللىق بېسىقتۇرۇش ۋەقەلىرى » نى قاتتىق ئەيىبلىدى . يولداش ماۋ زېدۇڭ چوڭچىڭ سۆھبىتى ۋاقتىدا شىنجاڭ مەسىلىسىگە يەنىلا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى . شۇڭلاشقا ، ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭدا تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش تەكلىپىنى بەرگەندىن كېيىن ، جياڭ جيېشى جاڭ جىجۇڭنى شىنجاڭغا « كۆزىتىش » كە ئەۋەتىشكە مەجبۇر بولدى . 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ، جاڭ جىجۇڭ ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدى . ئۇ ئۈچ كۈن تەكشۈرۈپ ئەھۋال ئىگىلەش ئارقىلىق ، ۋۇ جۇڭشىننىڭ كۆز قارىشى توغرا ئىكەنلىكىنى ، ھەربىي يول بىلەن بېسىقتۇرۇشتىن قىلچە ئۈمىد يوقلۇقىنى ، تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش چارىسى كارغا كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى . جاڭ جىجۇڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىگە بۇ ئارزۇسىنى دەرھال بىلدۈردى ھەمدە 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئايروپىلان بىلەن چوڭچىڭغا بېرىپ ، جياڭ جيېشىغا دوكلات قىلدى . ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش سەمىمىيىتىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن ئاكتىپ ئىنكاس قايتۇرۇپ ، ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى قوشۇنلارغا ھۇجۇمنى توختىتىپ ، بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى ھەمدە جەنۇبىي فرونتتا قارا شەھەرگە ھۇجۇم قىلىۋاتقان قوشۇنلىرىنى قايتۇرۇپ كەتتى . جياڭ جيېشى رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ ھەيدەكچىلىك قىلىشى بىلەن ئۆزى رادىئو نۇتقى سۆزلەپ ، « شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن

ھەل قىلىش » نى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكە مەجبۇر بولدى ۋە تىنچلىق سۆھبىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىشقا جاڭ جىجۇڭنى ئەۋەتتى. جاڭ جىجۇڭ 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى چۈشتىن كېيىن دىخۇادا ئايروپىلان بىلەن يەنئەنگە قايتقان رەئىس ماۋزېدۇڭنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ تىنچلىق سۆھبىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرىنى دەرھال باشلاپ، ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدى. بۇ چاغدا يولداش ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ سۆھبەت ئۆتكۈزۈلىدىغان جايغا يېتىپ كەلگەنلىكىگە ئىككى كۈن بولغانىدى.

سۆھبەت ئىككى باسقۇچنى باشتىن ئۆتكۈزدى، 1 - باسقۇچ 1945 - يىل 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى باشلىنىپ، 1946 - يىل 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاياغلاشتى. سۆھبەت مەزمۇنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ۋە بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى ئۈستىدە بولدى. 2 - باسقۇچ 1946 - يىل 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى باشلىنىپ، شۇ يىلى 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئاياغلاشتى. سۆھبەت مەزمۇنى مىللىي ئارمىيىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇش چارىسى ئۈستىدە بولدى. پۈتكۈل سۆھبەت 140 كۈن داۋام قىلدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ھەردەرىجىلىك يەرلىك ئەمەلدارلارنى دېموكراتىك يول بىلەن سايلاش، مىللىي ئارمىيىنى ساقلاپ قېلىش، سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىش قاتارلىق تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويدى، گومىنداڭ ۋەكىللىرى بۇنىڭغا قارشى چىقتى؛ گومىنداڭ ۋەكىللىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، مىللىي ئارمىيىنى تارقىتىۋېتىش، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى بىرتۇتاش يولغا قويۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بۇنى رەت قىلدى. ئىككى تەرەپنىڭ كۆز قارىشىدا پەرق ناھايىتى چوڭ بولغاچقا، كۈرەش ئىنتايىن كەسكىن بولدى. سۆھبەت مەزگىلىدە جاڭ جىجۇڭ كۆپ قېتىم ئايروپىلان بىلەن چۇڭچىڭغا قايتىپ، جياڭ جيېشىدىن يول-يورۇق سورىدى، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىمۇ ئىككى قېتىم ئايروپىلان

بىلەن غۇلجىغا قايتىپ ، ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بىلەن مەسلە-
ھەتلەشتى . سۆھبەت 70 نەچچە كۈن داۋام قىلدى . ئۈچ ۋىلايەت
ۋەكىللىرىنىڭ ھەققانىي مەيداندا چىڭ تۇرغانلىقى ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ،
پرىنسىپلىق بولمىغان مەسىلىلەردە ئاز - تولا يول قويغانلىقى نەتىجىسىدە ،
گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ
مەنپەئىتىگە پايدىلىق بولغان كېلىشىمگە كېلىشكە مەجبۇر بولدى . 1946 -
يىل 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ، جاڭ جىجۇڭ گومىنداڭ مەركىزىي
ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتى بىلەن ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق
ئۈچ كىشى ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتى بىلەن كېلى-
شىمگە ئىمزا قويدى . بۇ كېلىشىم 11 ماددىلىق مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە
ئالغانلىقى ئۈچۈن ، كىشىلەر ئۇنى « 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى » دەپ
ئاتىدى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، « قوشۇمچە ھۆججەت — 1 » ( شىنجاڭ
ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش چارىسى ) گىمۇ
ئىمزا قويۇلدى . 1946 - يىل 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى يەنە « قوشۇمچە
ھۆججەت 2 — » ( مىللىي ئارمىيىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇش چارىسى ) مۇ
ئىمزالاندى . بارلىق كېلىشىملەرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى مۇنۇلارنى ئۆز
ئىچىگە ئالدى : (1) شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى ھەر دەرىجىلىك مە-
مۇرىي ئەمەلدارلارنى سايلاش ھوقۇقىغا ئىگە . ئالدى بىلەن ناھىيىلىك
كېڭەش قۇرۇلۇپ ، ھاكىم سايلىنىدۇ ، ئاندىن كېيىن ئۆلكىلىك كې-
ڭەش قۇرۇلۇپ ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىپ تەشكىل
قىلىنىدۇ ؛ (2) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەركىبى تولۇقلىنىدۇ ، ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ سانى 25 كە يەتكۈزۈلىدۇ ، بۇنىڭ ئىچىدىكى
15 كىشىنى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەتلىرىدىكى خەلق ۋەكىللىرى
كۆرسىتىدۇ . « قوشۇمچە ھۆججەت — 1 » گە ئاساسەن ، ئۈچ ۋىلايەت
ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسىنىڭ ئالتە نەپىرىنى
كۆرسىتىدۇ ، ئۇلار بىر مۇئاۋىن رەئىس ، بىر مۇئاۋىن باش كاتىپ ، مائا-
رىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ياكى قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى ، خەلق
ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ياكى مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نا-

زىرى ، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ياكى ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ، بىر مەخسۇس ئەزانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ؛ (3) مىللىي ئارمىيىنى تەشكىل قىلىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ ، « قوشۇمچە ھۆججەت — 2 » گە ئاساسەن ، مىللىي ئارمىيىنىڭ شتاتى ئۈچ ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى ، ئۈچ پىيادە ئەسكەرلەر پولكىدىن ئىبارەت بولىدۇ ، ئومۇمىي ئادەم سانى 11 مىڭدىن 12 مىڭغىچە بولىدۇ ، ئۇلار ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدە تۇرىدۇ ، مىللىي ئارمىيىنىڭ قوماندانىنى ئىلى تەرەپ كۆرسىتىدۇ ؛ (4) شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى دىنغا ئېتىقاد قىلىش ، مەتبۇئات ، يىغىن ئۆتكۈزۈش ، سۆز قىلىش ، مىللىي مەدەنىيەت ـ سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە ، ھەرخىل خەت ـ ئالاقىلەردە خەنزۇ يېزىقى بىلەن ئۇيغۇر يېزىقى تەڭ قوللىنىلىدۇ ، باشلانغۇچ ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدۇ ، ئالىي مەكتەپلەردە دەرس ئۆتۈشتە خەنزۇچە بىلەن ئۇيغۇرچە تەڭ قوللىنىلىدۇ ؛ (5) ئىككى تەرەپتىن قولغا ئېلىنغان زاتلار ئون كۈن ئىچىدە قويۇپ بېرىلىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق باھانە ، سەۋەب بىلەن كەمسىتىلمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ .

كېلىشىمدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى ۋە شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسى ۋە تەلىپى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈلدى ، ئۇنىڭ ئىمزالىنىشى يولداش ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ئۈچ ۋىلايەت خەلق ۋەكىللىرىنىڭ سۆھبەت ئۈستىدە قولغا كەلتۈرگەن زور غەلىبىسى بولدى .

1946 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى « 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى » نىڭ 2 ـ قوشۇمچە ھۆججىتى ( مىللىي ئارمىيىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇش چارىسى ) گە ئىمزا قويۇلغاندىن كېيىن ، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى ، ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ۋەكىللىرى ۋە شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ۋەكىللىرى « قوشۇمچە ھۆججەت — 1 » ( شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تەشكىللەش چارىسى ) نىڭ روھىغا ئەمەل قىلىپ ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنى تەشكىل قىلىشقا

كىرىشتى. بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرى تۆۋەندىكىچە:

رەئىسى: جاڭ جىجۇڭ، غەربىي شىمال دالا شتابىنىڭ مۇدىرى.

مۇئاۋىن رەئىسى: ئەخمەتجان قاسىمى، ئۈچ ۋىلايەت خەلق ۋەكىلي.

مۇئاۋىن رەئىسى: بۇرھان شەھىدى، شىنجاڭ يەرلىك خەلق ۋەكىلى.

باش كاتىپى: ليۇ مېڭچۈن، غەربىي شىمال دالا شتابىنىڭ باش كاتىپى.

مۇئاۋىن باش كاتىپى: ئابدۇكېرىم ئابباسوف، ئۈچ ۋىلايەت خەلق ۋەكىلى.

مۇئاۋىن باش كاتىپى: سالىش، شىنجاڭدىكى قازاق مىللىتىدىن بولغان يەرلىك زات.

ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىدىن بىرلەشمە ھۆكۈمەتتە ۋەزىپە ئۆتىگەنلەر ئىچىدە يەنە سەيپىدىن ئەزىزى (مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى)، ئىسھاقبېك مۇنۇنوف (ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى ھەم ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش شتابىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى)، دەلېلقان سۇگۇربايوف (سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى)، ئېلىخان تۆرە (ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى ھەم ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى)، رەخىمجان سابىرھاجى (خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى) قاتارلىق كىشلەر بار.

گومىنداڭ ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىگە تاقابىل تۇرۇش مەقسىتىدە بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە يەنە پانتۈركىست ۋە مىللىي مۇناپىق ئەيسا (ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى)، مۇھەممەت ئىمىن (قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى)، ئوسمان (ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى ھەم ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى)، مەسئۇت (شىنجاڭ مۇپەتتىشى)، جانىمقان (مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى) قاتارلىق كىشلەرنى سىغداپ كىرگۈزدى.

7 ــ ئاينىڭ 1 ــ كۈنى، يېڭى بىنا ئالدىدىكى مەيداندا 10 مىڭ

كىشلىك يىغىن ئۆتكۈزۈلۈپ، شىنجاڭدا تىنچلىقنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقى
ۋە يېڭى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلغانلىقى قىزغىن تەبرىكلەندى.
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى قەسەم بېرىپ ۋەزىپىگە ئولتۇردى. يىغىندا
جاڭ جىجۇڭ، ئەخمەتجان قاسىمى ۋە بۇرھان شەھىدىلەر سۆز قىلدى.
ئۇلار شىنجاڭدىكى 4 مىليون ھەرمىللەت خەلقىنىڭ بىرلىكى، ئىتتىپاقلى-
قىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىدى، ھەرمىللەت، ھەر ساھەدىكىلەرنى بىردەك
تىرىشىپ، سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسىنى ئەمەلگە
ئاشۇرۇپ، ئۆلكىنىڭ تىنچلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى
قوغداش، سىياسىي ئىشلارنى دېموكراتىك ئاساستا يولغا قويۇش يولىدا
تىرىشىشقا چاقىردى. شۇ چاغدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى
بىرمەھەل تىنچلىق، بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىق شادلىقىغا چۆمدى.

جياڭ جيېشىنىڭ شىنجاڭدا بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇشنى تەس-
تىقلىشى ئامالسىزلىقتىن قىلىنغان ئىش بولۇپ، بۇ ۋاقىتلىق تەدبىردىنلا
ئىبارەت ئىدى. ئۇ ئىچكى ئۇرۇش تەييارلىقى بىلەن بەند بولۇۋاتقاچقا،
ئۇنىڭ نۇرغۇن ھەربىي كۈچ ئاجرىتىپ، مالىمانچىلىق ئىچىدە تۇرۇۋاتقان
غەربىي شىمالغا، بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى يۈز بەرگەن شىنجاڭغا
تاقابىل تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. جياڭ جيېشىنىڭ بۇ جايلارغا
قوللانغان فاڭجېنى تىنچلاندۇرۇشقا تىرىشىش، ھازىرقى ھالەتنى ساقلاپ
قېلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ جاڭ جىجۇڭنى غەربىي شىمال دالا شتابىنىڭ
مۇدىرى قىلىپ تەيىنلىگەندە، ئۇنىڭغا «شىنجاڭنى تىنچلاندۇرۇش،
غەربىي شىمالنى تىنچلاندۇرۇش، مەركەزنى غەرب تەرەپتىكى غەم - ئەن-
دىشىدىن خالاس قىلىش» ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغانىدى. گومىنداڭ
ھۆكۈمىتىدىكى ئاڭلىق زات ھېسابلىنىدىغان جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭدا
تىنچلىق، دېموكراتىيە سىياسىتىنى يولغا قويۇشتا سەممىي پوزىتسىيە
تۇتتى. شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى تاۋ سىيۆمۇ جاڭ جىجۇڭ-
نىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلدى، شۇڭا بىرلەشمە ھۆكۈمەت يېڭى
قۇرۇلغان چاغدا ھەقىقەتەن بەزى ياخشى ئىشلارنى قىلدى، مەسىلەن،
ئىككى تەرەپتىن قولغا ئېلىنغان زاتلارنى قويۇپ بېرىش، شۇ يىلقى

ھەرخىل باج - سېلىقلارنى كېمەيتىش ياكى كەچۈرۈم قىلىش ۋەھاكازالار. جاڭ جىجۇڭ يەنە شېڭ شىسەي قاماپ قويغان كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى يەنئەنگە ئەۋەتىپ بەردى. ئەمما، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئەۋەتكەن ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلار جاڭ جىجۇڭ، تاۋ سىيۆلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان پوزىتسىيىدە بولدى، ئۇلار شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ دېموكراتىك ھەرىكىتىگە كۈچىنىڭ بارىچە توسقۇنلۇق قىلدى، بۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى سايلامغا قارشى تۇرۇشتا، بۇرھان شەھىدى باشچىلىق قىلغان، سەيپىدىن ئەزىزى قاتناشقان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەتنى قانات يايدۇرۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىشتا گەۋدىلىك ئىپادىلەندى.

بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بۇرھان شەھىدى ئىدىيىدە ئىلغار، پەزىلەتلىك ۋە ئابرويلۇق بولغان ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنى قەشقەرنىڭ ۋالىيلىقىغا كۆرسەتتى، بۇ ئىش جاڭ جىجۇڭنىڭ قوشۇلۇشىغا ئېرىشتى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يىغىنىدا ماقۇللاندى. بۇ خەۋەر قەشقەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ شۇ جايدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. گومىنداڭ 42 - كورپۇسىنىڭ كورپۇس باشلىقى ياڭ دېلياڭ باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم ئوفىتسېر جاڭ جىجۇڭغا تۇشمۇ تۇشتىن تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەش بۇيرۇقىنى قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. جاڭ جىجۇڭ ئۇلارغا نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن، غەربىي شىمال دالا شتابىنىڭ باش شتاب باشلىقى سۇڭ شىليەننى ئايروپىلان بىلەن قەشقەرگە ئەۋەتىشكە مەجبۇر بولدى، بۇ ۋەقە شۇنىڭ بىلەن ئاران بېسىلدى. بۇرھان شەھىدى قەشقەردە سايلامغا نازارەت قىلىش خىزمىتىنى ئىشلىگەندە ھەرمىللەت ئاممىنىڭ شىكايەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، قەشقەر يېڭى شەھەر ناھىيىسىنىڭ خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىق ۋە مۇتتەھەملىك بىلەن قانۇنسىزلىق قىلغان ھاكىمى خۇاڭ جىۋۇنى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلىدى. ياڭ دېلياڭ قاتارلىق كىشىلەر تەشكىللىگەن

لۈكچەكلەر سەپ تۈزۈپ نامايىش قىلىپ، «نارازىلىق» بىلدۈردى، شۇنىڭ بىلەن قەشقەرنى بۇس - تۈتەكلەر قاپلاپ كەتتى.

يەكەندە ۋالىي جۇ فاڭگاڭ ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جاڭ پىڭشىڭ، بىرىگادا كوماندىرى شياڭ چاۋجۇڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، دېموكراتىك سايلامغا توسقۇنلۇق قىلدى. ئەسلىدىكى مۇئاۋىن ھاكىم ئابدۇسالام قىلغان سۆزىدە دېموكراتىك سايلامنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنلىكى ئۈچۈن، جۇ فاڭگاڭ تەرىپىدىن يالغان دېلو پەيدا قىلىنىپ، 12 يىللىق جازاغا ھۆكۈم قىلىندى. بۇرھان شەھىدى باشچىلىقىدىكى سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسى يەكەنگە بارغاندىن كېيىن شياڭ چاۋجۇڭ پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ، ئېسىپ قويۇپ ئۇرۇش، كۆزىنى ئويۇش، تىلىنى كېسىش، ئېتىپ ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق تەھدىت سېلىپ، ئاممىنىڭ سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىغا يېقىنلىشىشىغا، دېموكراتىك سايلامغا قاتنىشىشىغا يول قويمىدى. يەكەندىكى ئامما خەۋپ - خەتەرگە قارىماي، سايلامغا قاتناشتى. ناھىيىلىك كېڭەشنىڭ ئامما تەرىپىدىن سايلانغان 39 ئەزاسىدىن 31 ى بۇرھان شەھىدى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، جۇ فاڭگاڭ، جاڭ پىڭشىن ۋە شياڭ چاۋجۇڭلارنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشى تۈپەيلىدىن ياقا يۇرتلارغا سەرگەردان بولۇپ كەتتى.

خوتەندە گومىنداڭ يۆلەپ تۇرغۇزغان ۋالىي نۇربەگ (خەنزۇچە ئىسمى خاۋ دېڭباڭ) سايلامدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلار بىلەن خۇيزۇ، خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدا، ياشلار بىلەن ياشانغانلار ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلىپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىناقسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ كۆپ ئۆتمەيلا، مەملىكەت ئىچىدىكى ۋەزىيەتتە زور ئۆزگىرىش بولدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ كۈشكۈرتۈشى ۋە مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماي، «10 - ئۆكتەبىر كېلىشىمى» نى يىرتىپ تاشلاپ، ئازاد رايونلارغا غالجىرلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىپ،

ئومۇمىيۈزلۈك ئىچكى ئۇرۇش قوزغىدى . شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئارمىيىسى ۋە بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىكى گومىنداڭچىلار جياڭ جيېشىنىڭ ئارزۇسى بويىچە تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشىغا ئۈزلۈكسىز بۇزغۇنچىلىق قىلىپ ، بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ نورمال خىزمەتنى قانات يايدۇرۇشىغا قەستەن توسقۇنلۇق قىلدى ، ھەتتا ئەكسىيەتچىل كۈچلەرنى يۆلەپ ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بازىلىرىغا ھۇجۇم قىلدى .

1946 ـ يىل 11 ـ ئايدا ، جياڭ جيېشى شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ قوماندانى تاۋ سىيۆنى ۋەزىپىسىدىن ئالماشتۇردى ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرىنى ئەسلىدىكى 40 مىڭ كىشىدىن 100 مىڭ كىشىگە يەتكۈزدى .

گومىنداڭ تەرەپنىڭ ئوسماننى ئالتايغا ئورۇنلاشتۇرۇشتا سۇيىقەستى بار ئىدى . ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى ئوسمان شىڭ شىسەيگە قارشى تۇرغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭ ۋەكىللىك قىلىدىغىنى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى مەزگىلىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن قازاقلار ئىچىدىكى يۇقىرى قاتلام كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئىدى ، شۇڭا ئوسماننىڭ كاللىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ، كومپارتىيىگە قارشى ئىدىيە بىلەن تولغانىدى . ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن ، ئوسمان مۇقەررەر سۈرەتتە ئىنقىلابچىلار بىلەن زادىلا سىغىشالمىدى ، كېيىن ئۆز سەنىمگە دەسسەپ ، ئاخىر قارشى ئورۇنغا ئۆتۈپ قالدى . 1945 ـ يىلى ياز ۋە كۈزدە ، مىللىي ئارمىيە تارباغاتاي ۋە ئالتايغا غەلىبىلىك يۈرۈش قىلغاندا ، ئوسمان بىلەن ئالاقە باغلاش ۋە ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتتى ، ئەمما ئوسمان كۆكتۈقايغا بېكىنىۋېلىپ ، ئۆزىنى « قازاق خانى » دەپ ئاتىدى . ئىلى ۋاقىتلىق ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغاندا ، ئوسمان ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىغا كۈچىنىڭ بارىچە قارشى تۇردى . شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا قولىدىن كېلىشىچە غەمخورلۇق قىلدى ، 1945 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ، ئالتايدا دېموكراتىك سايلام بولغاندا ، ئوسمان سايلامغا قاتنىشىشنى رەت قىلدى ، ئەمما

ئامما يەنىلا ئۇنى ئالتاينىڭ ۋالىيلىقىغا سايلىدى. ئۇ كېيىن بۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشقا ئۇنىمىغان بولسىمۇ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ خىزمەت ئورنىنى باشتىن ئاخىر ساقلاپ كەلدى. 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا تىنچلىق سۆھبىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە بېرىشنى ئۇقتۇردى، ئۇ يەنە بۇيرۇققا بويسۇنمىدى. 1946 ـ يىل 2 ـ ئايدا، ئۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ غالچىسى جانىمقان ئارقىلىق گومىنداڭ ئارمىيىسى بەرگەن قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا ۋە ماددىي ئەشيالارنى قوبۇل قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى تۇرۇش يولىغا مېڭىشقا باشلىدى. 1946 ـ يىل 8 ـ ئايدا، ئوسمان ئۈچ ۋىلايەت بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىغا ئۆتىدىغانلىقىنى ھەمدە گومىنداڭ ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەتكە ھۇجۇم قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. گومىنداڭ ئالتاي ۋىلايىتىگە تەقسىم قىلىنغان مەمۇرىي خىراجەت. ۋالىينىڭ مۆھرى قاتارلىقلارنى ئىلى ئارقىلىق ئەۋەتىپ بەرمەي، بىۋاستە ئوسمانغا بەردى ھەمدە بۇ تەدبىرلەرنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يىغىنىدا ئاشكارا جاكارلىدى. بۇ «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» گە ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكىتى ئىدى، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق يولداشلار بۇ ئىشنى ئەيىبلەپ سۈرۈشتۈردى، گومىنداڭ تەرەپ بۇنىڭغا ئېتىبار قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، گومىنداڭ ئارمىيىسى يەنە ئوسمانغا 400 مىلتىق، ئون نەچچە يېنىك پىلىموت، نۇرغۇن ئوق ـ دورالارنى بېرىپ، ئۇنى ئۈچ ۋىلايەتكە ھۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتتى. ئوسمان گومىنداڭ بەرگەن قورال ـ ياراغلاردىن پايدىلىنىپ، ئالتاي ۋىلايىتىدە ھەدەپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇردى ۋە بۇلاڭچىلىق قىلدى، يېرىم يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، ئۇ 7000 تۇياق قوي، 3000 دىن ئارتۇق ئات، تۆگە بۇلاپ، 20 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى تۇرمۇش كەچۈرەلمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى. ئىلى تەرەپ 1947 ـ يىل 2 ـ ئايدا، گومىنداڭ تەرەپ ئۈچ ۋىلايەتكە ئورۇنلاشتۇرغان بۇ «مىخ» نى قومۇرۇۋېتىش ئۈچۈن، ئوسماننى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، دەلىلقاننى ئالتاينىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى

ھەم مىللىي ئارمىيىنىڭ قوماندانى ئىسھاقبېكنىڭ قوماندانلىقىدا ئوسمان باندىتلىرىنى تازىلاشقا ئۈچ ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىنى ئەۋەتتى. ئوسمان ھەر جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ، بەيتىك تېغىغا چېكىندى. گومىنداڭ تەرەپنىڭ ئوسماندىن پايدىلىنىپ ئۈچ ۋىلايەتكە ھۇجۇم قىلىش پىلانى بەربات بولدى.

1947 - يىل 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر ياشلار «ئىختىيارىي يىغىن» ئۆتكۈزۈپ، «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» نى ھىمايە قىلدى، بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي پروگراممىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا توسقۇنلۇق قىلغان گومىنداڭچىلارغا لەنەت ئوقۇدى. ئەتىسى 5000 دىن ئارتۇق كىشى سەپ تۈزۈپ نامايىش قىلىپ، نەنلياڭدىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە كېلىپ تەلەپ قويۇپ، نۇربەگ، جۇ فاڭگاڭ قاتارلىق كىشىلەرنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار نامايىشنى چۈشتىن كېيىندىن تارتىپ يېرىم كېچىگىچە داۋاملاشتۇردى، ئۇلار ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى ليۇ مېڭچۈن جىددىي يىغىن ئۆتكۈزۈپ، ئاممىنىڭ تەلىپىنى مۇزاكىرە قىلىشقا ۋەدە بەرگەندىن كېيىنلا تارقىلىپ كەتتى.

2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، بىرلەشمە ھۆكۈمەت جىددىي يىغىن ئۆتكۈزدى، جاڭ جىجۇڭ گومىنداڭنىڭ قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىش ئۈچۈن نەنجىڭگە كېتىپ قايتىپ كەلمىگەن بولغاچقا، يىغىنغا ئەخمەتجان قاسىمى رىياسەتچىلىك قىلدى. بۇرھان شەھىدى ئالدى بىلەن سۆز قىلىپ جۇ فاڭگاڭ، نۇربەگ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ دېموكراتىك سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان جىنايەتلىرىنى ئېچىپ تاشلىدى. يىغىندىن ئاممىنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى ۋەزىپىسىدىن يۆتكىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. ئاندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم ئابباسوف سەككىز ماددىلىق يازما تەكلىپ بېرىپ، بۇرھان شەھىدىنىڭ تەكلىپىنى قوللىدى ۋە قۇۋۋەتلىدى. گومىنداڭ تەرەپتىن سايلانغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى ۋە جانىمقان، مەسئۇت قاتارلىق كىشىلەر بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇردى. ئىككى تەرەپ قارىمۇ قارشى تۇرۇپ، پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلالمىدى،

يىغىن چۈشتىن بۇرۇندىن چۈشتىن كېيىنگىچە داۋام قىلدى. ئەخمەتجان قاسىمى تەلەپ قويغان ئاما ۋەكىللىرىنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يىغىنىغا كېلىپ ئۆز پىكرىنى بايان قىلىشى توغرىسىدا تەكلىپ بەردى، كۆپچىلىك بۇ تەكلىپكە قوشۇلدى. تەلەپ قويغۇچى ئاما ۋەكىلى ئابلەت مەخسۇم ئامىمىنىڭ ئارزۇسىنى ئىنكاس قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا زادى قانچىلىك تۆھپە قوشقانلىقىنى سورىدى. ئابلەت مەخسۇمنىڭ ئېيتقانلىرى تامامەن ئورۇنلۇق بولغاچقا، گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى ۋە جانىمقان، مەسئۇت قاتارلىقلار رەددىيە بېرىشكە ئىلاجسىز قالدى. تەلەپ قويغۇچى ئاما ۋەكىللىرى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، جىددىي يىغىن يەكەن ۋالىيسى جۇ فاڭگاڭ بىلەن خوتەن ۋالىيسى نۇربەگنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش توغرىسىدا دەرھال قارار چىقاردى.

گومىنداڭ تەرەپ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، شۇ ھامان قايتۇرما ھۇجۇم پىلانلاپ، « نامايىشقا نامايىش ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇش، تەلەپ قويۇشقا تەلەپ قويۇش ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇش » شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلار 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى 3000 دىن ئارتۇق خۇيزۇ، قازاقنى ئالداپ يىغىن ۋە نامايىش ئۆتكۈزگۈزدى، نامايىشچىلار « مەركىزىي ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىمىز »، « ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئالاھىدە بولۇۋېلىشىغا قارشى تۇرىمىز » دېگەنگە ئوخشاش شوئارلارنى توۋلاپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە 20 ماددىلىق يولسىز تەلەپ قويدى.

2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يىغىنى ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغانىدى، گومىنداڭ تەرەپ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، 10 مىڭچە خەنزۇ ئاممىنى ئالداپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىغا يىغدى. گومىنداڭنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرىدىكى نۇرغۇن ھەربىيلەر پۇقراچە كىيىنىپ، ئاما بولۇۋېلىپ، تەلەپ قويغۇچىلار قوشۇنىغا سۇقۇنۇپ كىرىۋالدى. تەلەپ قويغۇچى ئاما 16 ماددىلىق تەلەپ قويدى. ئەخمەتجان قاسىمى ئۇلارنىڭ تەلىپىگە جاۋاب بەردى، ئۇلار بۇنىڭغا قانا-

ئەتلەنمەندى. نۇرغۇن لۇكچەكلەر ئۈلكىلىك ھۆكۈمەتكە باستۇرۇپ كىرىپ، ئەخمەتجان قاسىمى، بۇرھان شەھىدى ۋە ئابدۇكېرىم ئابباسوف قاتارلىق ئىنقىلابچىلار ۋەكىللىرى ۋە تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى، بىرمۇنچە ئىنقىلابىي ئامىنى ئۆلتۈردى ۋە يارىلاندۇردى. گو-مىنداڭ تەرەپ يەنە مالىمانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، ئەخمەتجان قاسىمى ۋە بۇرھان شەھىدىنى ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇندى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، گومىنداڭ ھەربىي دائىرىلىرى ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىپ ئاختۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، تەرەققىيپەرۋەر ئامىنى ئۈزلۈكسىز قولغا ئالدى ۋە ئۆلتۈردى، ئۈرۈمچى بىر مەھەل ئاق تېررورلۇق ئىچىدە قالدى.

1947 ـ يىلى ئەتىيازدا، گومىنداڭنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى جاھىل مۇتەئەسسىپ كۈچلەر تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى، ئۇلار جاڭ جى-جۇڭغا ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئىنقىلابىي كۈچلەرگە «يۇمشاقلىق قىلىش ۋە يول قويۇش» پوزىتسىيىسىدە بولدى دېدى. ئۇلار «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» گە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ھەرىكەتلەرنى قوللىنىپ، جاڭ جىجۇڭنى ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. شۇ يىلى 5 ـ ئايدا، جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭ ئۆلكىسى-نىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى. جياڭ جيېشى شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي پانتۈركىست مەسئۇتنى رەئىس-لىككە، ئەيسانى باش كاتىپلىققا تەيىنلىدى، بۇرھان شەھىدىنى مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى. مەسئۇت قاتارلىق كىشىلەر جياڭ جيېشىنىڭ مەخپىي بۇيرۇقىنى سادىقلىق بىلەن ئىجرا قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەتتىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قاتناشقان خادىملارغا غال-جىرلىق بىلەن قارشى تۇردى، ھەرمىللەت ۋەتەنپەرۋەر زاتلارغا ئۈزلۈكسىز زىيانكەشلىك قىلدى. ئۇلار «شىنجاڭ گېزىتى» نى چاڭگىللىغا كىرگۈزۋېلىپ، ھەرخىل ئەكسىيەتچىل ژۇرناللارنى نەشر قىلىپ، ماقالە يېزىپ، ھەدەپ ئىغۋا تېرىپ، ۋە بۆھتان چاپلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە، ھەر مىللەت خەلقىگە قارشى تۈرلۈك ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى. مەسئۇت قاتارلىق كىشىلەرنىڭ جىنايى قىلمىشلىرى شىنجاڭدىكى

ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى، ئىلى، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ئۈزلۈكسىز نامايىشلار ئۆتكۈزۈلدى، جايلاردىكى تەرەققىيپەرۋەر ياشلار ۋە ۋەتەنپەرۋەر زاتلار تۇشمۇ تۇشتىن ئۈچ ۋىلايەتكە پاناھ تارتىپ باردى.

1947 ـ يىل 7 ـ ئايدا، تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىرىنىڭ خەلقى گومىنداڭنىڭ ۋە مەسئۇتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا سەۋر ـ تاقەت قىلالماي، ھاكىم ئابدۇراخمان مۇھىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوراللانغان 1000 دىن ئارتۇق ئاھما تۇرپاننىڭ شەرقىي قىسمىدىكى سىڭگىم ئېغىزىغا ۋە توقسۇننىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى كۇمۇشكە ھۇجۇم قىلدى، سىڭگىم ئېغىزى — قۇمۇلغا بارىدىغان يولدىكى مۇھىم جاي، كۇمۇش — جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتۈشتىكى مۇھىم ئۆتكەل، بۇ ئىككى جاينى تىزگىنلىگەندە، ئۈرۈمچى بىلەن ئېچكىرىنىڭ ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلىغىلى بولاتتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى جىددىي ئوڭشاش مەقسىتىدە نۇرغۇن قوشۇن توپلاپ قانلىق باستۇردى. قورال ـ ياراغلىرى خىل، ئادەم سانى كۆپ بولغان گومىنداڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى، ئۇلارنى چۆل ـ جەزىرىگە قىستاپ بېرىپ، پىلىموتقا تۇتتى، قىلىچ بىلەن چاپتى. قوزغىلاڭغا قاتناشمىغان نۇرغۇن ئۇيغۇر دېھقانلار شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، 3000 دىن ئارتۇق ئادەم پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەن. ئامان قالغان 120 نەچچە كىشى جەڭ قىلغاچ تەگرىتېغىنى بويلاپ چېكىنىپ، ئۇزاق يوللارنى بېسىپ، كۆرمىگەن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ يۈرىكى — غۇلجىغا يېتىپ كەلدى.

گومىنداڭ تەرەپنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىشقا قوشۇلۇشى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن بولغانىدى، ئۇلاردا ئەسلىدە ئانچە زور سەمىمىيەت يوق ئىدى. ئۇسماندىن پايدىلىنىپ ئۈچ ۋىلايەتكە پاراكەندىچىلىك سېلىش، مەسئۇتنى ئۆلكە رەئىسلىكىگە تەيىنلەشتىن تۇرپان، پىچان،

توقسۇنلاردىكى قوزغىلاڭلارنى باستۇرۇشقىچە بولغان ئارىلىقتا شىنجاڭنىڭ دېموكراتىيە، ئىستىپاقلىق، بىرلىك ئاساسى ئۈزۈل - كېسىل بۇزۇپ تاشلاندى، جاڭ جىجۇڭنىڭ مىڭبىر مۇشەققەت بىلەن قۇرۇپ چىققان بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنى ساقلاپ قالغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇ يىلى 8 - ئايدا، ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ئۈچ ۋىلايەتتىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قاتناشقان ئەزالار ۋە خىزمەتچى خادىملار كەينى - كەينىدىن غۇلجىغا قايتىپ كەتتى، شىنجاڭدا ماناس دەرياسىنى چېگرا قىلغان قوراللىق تىركىشىش ۋەزىيىتى يەنە بىر قېتىم بارلىققا كەلدى.

ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئىنقىلابچىلار ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئىنقىلاب ۋەزىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش مەقسىتىدە 1948 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنى قۇردى، ئۇ قىسقارتىلىپ « ئىتتىپاق » دەپ ئاتالدى. ئىتتىپاق غۇلجىدا « ئىتتىپاق » ژۇرنىلى ۋە « ئالغا » گېزىتىنى، چۆچەكتە « خەلقچىل » گېزىتىنى، ئالتايدا « ھەقىقەت يولى » گېزىتىنى نەشر قىلدى. ئىتتىپاق ھەرمىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتنى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنىڭ فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە پائال رول ئوينىدى.

1948 - يىلى كۈزدە، جاڭ جىجۇڭ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ سىياسىي جەھەتتە مۇقىم ئىكەنلىكى، ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلانغانلىقىنى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلانغانلىقىنى، مەسئۇت ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىغانلىقىنى كۆرۈپ، شىنجاڭ بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىگە بەختسىزلىك كەلتۈرگەنلىكىنى ھېس قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىگە ئۈچ قېتىم خەت يېزىپ، پىكىر ئالماشتۇردى. جاڭ جىجۇڭ 1948 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ئارزۇسىنى يەنە بىر قېتىم ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەقسىتىدە تاۋ سىيۆنى شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ قوماندانلىقىغا يېڭىۋاشتىن تەيىنلىدى،

مەسئۇتنى شنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئورنىغا بۇرھان شەھىدىنى تەيىنلەش توغرىسىدا جياڭ جيېشىغا تەكلىپ بەردى. جاڭ جىجۇڭنىڭ بۇ تەدبىرلىرى بۇنىڭدىن كېيىن شنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىغا پايدىلىق بولدى.

## §3. شنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشى

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1948 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 1949 - يىلىنىڭ بېشىغىچە جىنەن، لياۋشېن، خۇەيخەي، پىڭجىن ئۇرۇشلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئۇرۇشنى كەينى - كەينىدىن ئېلىپ بېرىپ، جاڭ جيېشى باندىت قوشۇنلىرىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى يوقاتتى. جياڭ جيېشى نائىلاج قېلىپ، «ئىستېپا بېرىش» كە مەجبۇر بولدى، لى زۇڭرېن مۇۋەققەت زۇڭتۇڭ بولدى. لى زۇڭرېن ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئىبارەت تەبىئىي توسالغۇدىن پايدىلىنىپ، شىمال بىلەن جەنۇبنىڭ ئايرىلىپ تۇرۇشىنى پەيدا قىلدى - دە، تىنچلىق سۆھبىتى ۋاسىتىسىنى ئىشقا سېلىپ، جاڭ جىجۇڭ يېتەكچىلىكىدىكى تىنچلىق سۆھبىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن سۆھبەتلىشىشكە بېيپىڭ (ھازىرقى بېيجىڭ) غا ئەۋەتتى. 1949 - يىل 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ئىككى تەرەپ «ئىچكى تىنچلىق كېلىشىمى» تۈزدى. 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، جياڭ جيېشى بىلەن لى زۇڭرېن «ئىچكى تىنچلىق كېلىشىمى» نى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن سۆھبەت بۇزۇلدى. يولداش جۇ ئېنلەي جاڭ جىجۇڭ قاتارلىق گومىنداڭ تىنچلىق سۆھبەت ۋەكىللىرىنى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىغا خىزمەت قىلدۇرۇش مەقسىتىدە بېيپىڭدا ئېلىپ قالدى. 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، رەئىس ماۋ زېدۇڭ بىلەن باش قوماندان جۇدې جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە «باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەڭلار، جۇڭگو زېمىنىدىكى قارشىلىق كۆرسىتىشكە پېتىنغان بارلىق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى قەتئىي، تەلتۆكۈس، پاكىپاكىز ۋە

تولۇق يوقىتىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئازاد قىلىڭلار، جۇڭگونىڭ
زېمىن پۈتۈنلۈكىنى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغداڭلار»
دېگەن بۇيرۇقىنى چىقاردى. شۇ كۈنى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى
چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئۆتتى. 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى نەنجىڭ ئازاد
قىلىندى، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى گۇاڭجۇغا قېچىپ كەتتى.
شۇنىڭدىن كېيىن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى جەنۇبقا ۋە غەربىي
شىمالغا يۈرۈش قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن
ئازاد بولۇش مۇقەددىمىسى باشلاندى.

جاڭ جىجۇڭ 1949 ـ يىل 5 ـ ئايدا، يولداش جۇ ئېنلەينىڭ
يوليورۇقى بىلەن بېيپىڭدىن تاۋ سىيۆگە تېلېگراما ئەۋەتىپ، ئۇنى ھە-
قىقەتكە قايتىشقا دەۋەت قىلدى، تاۋ سىيۆ ھەربىيلەر ئارىسىدا ھەقىقەتكە
قايتىش تەييارلىقىغا كىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، جاڭ جىجۇڭ-
نىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمەت ساھەسىدە قېپقالغان، ئىلگىرى قول ئاستىدا
ئىشلىگەن ئادەملىرى ليۇ مېڭچۈن (ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كا-
تىپى)، چۈي ۋۇ (ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى)، ليۇ
زېرۇڭ (ئالاھىدە دىپلوماتىيە خادىمى) لارمۇ ھۆكۈمەت ساھەسىدە تىنچ
ئازاد بولۇش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشقا كىرىشتى.

شۇ چاغدا گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرى 100
مىڭ كىشى دېيىلگەن بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئاران 50 نەچچە مىڭلا ئىدى.
گومىنداڭ ئوفىتسېرلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىككى گۇرۇھقا ئايرىشقا
بولاتتى. شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى تاۋ سىيۆ، مۇئاۋىن باش
قوماندان ھەم جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ قوماندانى، قايتىدىن
تەشكىل قىلىنغان 42 ـ دىۋىزىيىنىڭ دىۋىزىيە كوماندىرى جاۋ شى-
گۇاڭلارنىڭ جاڭ جىجۇڭ بىلەن مۇناسىۋىتى يېقىن، تەرەققىيپەرۋەر زاتلار
ۋە پارتىيىمىزنىڭ مەخپىي خىزمەت خادىملىرى بىلەن ئالاقىسى بار ئىدى،
ئۇلار تەرەققىيپەرۋەرلەر گۇرۇھى ئىدى؛ قۇتۇبى ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق
يېڭى 2 ـ دىۋىزىيىنىڭ دىۋىزىيە كوماندىرى يې چېڭ جياڭ جيېشىنىڭ
بىر يۇرتلۇقى ۋە شاگىرتى ئىدى. ئۈرۈمچى ئەتراپىدا تۇرۇشلۇق قايتىدىن

تەشكىل قىلىنغان ئاتلىق ئەسكەرلەر 1 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ دىۋىزىيە كوماندىرى ( ئەسلىدىكى ما بۇفاڭنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر 5 ـ كورپۇسى ) نىڭ دىۋىزىيىسىنىڭ دىۋىزىيە كوماندىرى ما چېڭشياڭ ما بۇفاڭنىڭ تۇغقىنى ئىدى، 179 ـ بىرىگادىنىڭ بىرىگادا كوماندىرى لو شۇرېن ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بىرنەچچە پولكوۋنىك 1947 ـ يىلى گومىنداڭ مەركىزىي ئوفىتسېرلار مەكتىپى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 23 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا، جياڭ جيېشىنىڭ ئالدىدا كومپارتىيىگە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە پوزىتسىيە بىلدۈرگەنىدى، ئۇلار جاھىللار گۇرۇھى ئىدى. بۇ جاھىللار تاۋ سىيۈنىڭ بىۋاستە قوماندانلىقىدا ئەمەس ئىدى، ئۇلارنىڭ ئۈرۈمچى ئەتراپىغا مەركەزلەشكەنلىكى شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىشقا ئىنتايىن پايدىسىز ئىدى.

5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، تاۋ سىيۈ تېلېگرامما ئەۋەتىپ، جاۋشىگۇاڭنى قارا شەھەرگە كېلىشكە تەكلىپ قىلدى، ئۇلار ئىككىسى ھەقىقەتكە قايتىشقا ئالاقىدار بەزى پرىنسىپلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى. تاۋ سىيۈ بىرنەۋرە ئىنىسى تاۋ جىنچۇ ( شىنجاڭ گارنىزونى باش قوماندانلىق شتابىنىڭ شتاب باشلىقى ) ئارقىلىق تەرەققىيپەرۋەر ئوفىتسېرلار بىلەن ئالاقە باغلاشقا كىرىشتى.

بۇرھان شەھىدى ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ۋەزىيىتى ناھايىتى ياخشى بولۇۋاتقانلىقىنى، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئومۇميۈزلۈك گۇمران بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، خېلى بۇرۇنلا شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش نىيىتىگە كەلگەنىدى. 7 ـ ئايدا، بۇرھان شەھىدى ئالاقىدار ئىشلار توغرىسىدا لىۇ مېڭچۈن، لىۇ زېرۇڭ قاتارلىق كىشىلەر بىلەن كونكرېت مەسلىھەتلەشتى. بۇرھان شەھىدى ئارمىيە تەرەپنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە تاۋ سىيۈنى ئىزدەپ بېرىپ سۆھبەتلەشتى، ئارمىيە تەرەپ بىلەن ھۆكۈمەت ساھەسىدىكىلەر قەلبىنى ئىزھار قىلىشتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشىغا تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتى تەك ئىلگىرىلىدى.

8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، يولداش دېڭ لىچۈن مۇئاۋىن رەئىس

لىۇ شاۋچىغا ھەمراھ بولۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پايتەختى موسكۋاغا باردى. ئۇ يەردىن قايتىشىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن غۇلجىغا كېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقە باغلىدى ۋە دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىش ئۈستىدە بىرلىكتە مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەتنى ۋەكىل ئەۋەتىپ، 1 ـ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتناشتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، جاڭ جىجۇڭنى شىنجاڭغا ئەۋەتمەكچى بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر يولداش دېڭ لىچۈن ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىگە يەتكۈزۈلدى. ئەخمەتجان قاسىمى شۇ ھامان مۇنداق دېدى: «ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئازاد بولۇشىنى تېزلىتىش، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدا غەلىبە قىلىشىغا ياردەم قىلىش ھەم دۇچ كېلىش ئېھتىمالى بولغان قىيىنچىلىقلاردىن ساقلىنىش ۋە ئۇنى ئازايتىش ئۈچۈن، مەركىزىي كومىتېتنىڭ جاڭ جىجۇڭنى تاۋ سىيۆنىڭ ھەقىقەتكە قايتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىشىگە قوشۇلىدۇ، بۇ مەسىلىدە مەركىزىي كومىتېتنىڭ بارلىق تەشەببۇس ۋە قارارلىرىنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيدۇ.» جاڭ جىجۇڭ يېڭى سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا تەييارلىق كۆرىدىغان ۋە قاتنىشىدىغان بولغاچقا، شىنجاڭغا ئۆز قەرەلىدە كېلەلمەي، ئۈزلۈكسىز تېلېگرامما بېرىپ، ھەقىقەتكە قايتىشنى ئىلگىرى سۈردى. ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىشنى قەتئىي ھىمايە قىلىش پوزىتسىيىسى شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازد بولۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم ئامىل بولدى.

8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، ئۈچ ۋىلايەت ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك مۇنونوف، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، دەلېلقان سۇگۇربايوفتىن ئىبارەت تۆت كىشىنى يېڭى سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىدىغان

ۋەكىللىككە سايلىدى، ئۇلار غۇلجىدىن يولغا چىقىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى-نىڭ ئالمۇتا شەھرىگە بارماقچى، ئۇ يەردىن مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن مانجۇلىغا، ئاندىن پويىز بىلەن بېيپىڭغا بارماقچى بولدى. ئايروپىلان ئىر كۇتسكىغا بارغاندىن كېيىن ناچار ھاۋا رايىغا دۇچ كېلىپ، ئۇچۇشقا مۇمكىن بولماي، بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قالدى. سىياسىي كېڭەش يىغى-نىنىڭ ئېچىلىدىغان ۋاقتى يېقىنلاپ قالغانىدى، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق يولداشلار مېڭىشقا تەقەززا بولۇپ، ئايرودروم مەسئۇلىدىن ئايرو-پىلاننىڭ ئۇچۇشىغا رۇخسەت قىلىشنى يېنىش - يېنىشلاپ تەلەپ قىلدى، ئايرودروم مەسئۇلى نائىلاج ئىمزا قويدى. ئايروپىلان ھاۋا بوشلۇقىغا چىقىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاسماننى يامغۇر ۋە تۇمان قاپلاپ، كۆرۈ-نۇش دەرىجىسى ناچارلاپ كەتكەچكە، ئايروپىلان بايقال كۆلىنىڭ ياقىسىدىكى ئېگىز تاغقا ئۇرۇلۇپ كەتتى، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق يولداشلار بەختكە قارشى ۋەتەن يولىدا قۇربان بولدى. ئارىدىن ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ جەسىتى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىندى، دەللىقان سۇگۇربايوفنىڭ جەسىتى ئالتايغا ئېلىپ كېتىلىپ دەپنە قىلىنغاندىن سىرت، ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئاباسوف، ئىسھاقبېك مۇنونوف قاتارلىق يولداشلارنىڭ جەسىتى مەنزىرىسى گۈزەل بولغان غۇلجا شەھەرلىك خەلق باغچىسىغا دەپنە قىلىندى. ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي روھى شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ساقلانغۇسى!

9 - ئايدا، جانىمقان ئوسمان بىلەن بىرلىشىپ، ئامېرىكا كونسۇل پاكستون ۋە مۇئاۋىن كونسۇلى ماكناننىڭ پىلانلىشى بىلەن ئۇرۇمچى ئەتراپىدىكى بىر قىسىم قازاق چارۋىچىلىرىنى قايمۇقتۇرۇپ توپىلاڭ قوز-غىدى، بۇ ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىغا بۇزغۇنچىلىق سېلىشقا، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشكە توسقۇن-لۇق قىلىشقا ئۇرۇندى. ئۇلارنىڭ سۇيىقەستى ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ بولدى. ئازادلىقتىن كېيىن ئوسمان خەلق بىلەن داۋاملىق دۈشمەنلىشىپ، ھەممىلا جايدا بۇلاڭچىلىق قىلىپ، چىڭخەيگە قېچىپ بېرىۋالدى، ئاخىر

باندىتلارنى تازىلاش قىسىملىرى تەرىپىدىن تىرىك تۇتۇلۇپ، ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىنىپ، ئوچۇق سوت قىلىنغاندىن كېيىن ئېتىلدى.

1949 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى لەنجۇنى ئازاد قىلدى، 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى شىنىڭ ئازاد قىلىندى. ئۈرۈمچىدىكى تەرەققىيپەرۋەر تەشكىلاتلار دەرھال تەشۋىقات ۋاراقلىرى تارقىتىپ، غەلىبە خەۋىرىنى يەتكۈزدى. ھەرمىللەت خەلقى شاد ـ خۇراملىقتا چۆمۈپ، بىر ـ بىرىگە خەۋەر قىلىشتى. جەمئىيەتتە «قۇياش چىقىشقا ئاز قالدى» دېگەن گەپ تارقىلىشقا باشلىدى.

ماچېڭشياڭ، يې چېڭ، لوشۇرېن قاتارلىق ئەكسىيەتچى ئوفىتسېرلار ئىنقىلابقا قارشى تۇرۇش، خەلقنى باستۇرۇش جەريانىدا قاتمۇقات قەرزگە بوغۇلغان، جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان بولغاچقا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىزنى بوش قويۇۋەتمەيدۇ دەپ قارايتتى، شۇڭا ئۇلار ئەكسىيەتچىل مەيداندا چىڭ تۇردى، تاۋسىيۈ ئۇلارغا ھەرقانچە قايىل قىلىش خىزمىتى ئىشلىسىمۇ، بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىشقا ئۈنىمىدى. لەنجۇ بىلەن شىنىڭ قولدىن كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار لالما ئىتتەك تۇيۇق يولغا كىرىپ قالدى ـ دە، ھەقىقەتكە قايتىشنى پائال تەشەببۇس قىلغان تاۋجىنچۇ، ليۇمىڭچۇن، چۈۋۇ، ليۇزېرۇڭ قاتارلىق كىشىلەرنى قولغا ئېلىشنى پىلانلاپ، قىسىملارنى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئېلىپ بېرىپ، ئاخىرغىچە جاھىللىق قىلىپ قارشىلاشماقچى بولدى. تاۋسىيۈ ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىكىنى ئېنىق بىلگەچكە، ئۇلارنى بىر يەرگە يىغىپ، ئۇلارغا ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىپ بېرىپ، پايدا ـ زىيان مۇناسىۋىتىنى ئېنىق سۆزلەپ، ئۇلاردىن ھەرگىز يېڭىلىك بىلەن ئىش قىلىپ قويماسلىقنى تەلەپ قىلدى ۋە ئۇلارغا چىقىش يولى تېپىپ بېرىشكە ۋەدە بەردى. ئاندىن كېيىن، تاۋسىيۈ يەنە بۇ ئەكسىيەتچى ئوفىتسېرلارنىڭ يېقىن دوستلىرى ئارقىلىق ئۇلارغا ئۈزلۈكسىز خىزمەت ئىشلەپ، ئۇلارنى قورال ـ يارىغىنى تاشلاش، ھەربىي ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە سەپەرۋەر قىلدى، ئۇلار مەيلى كېتىشنى خالىسۇن ياكى قېلىشنى خالىسۇن، ئۇلارنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك

قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ماچېڭشياڭ، يېڭ چېڭ، لوشۇرېنلار ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى بىلەن ئاخىر ھەربىي ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، شىنجاڭدىن كېتىشكە ماقۇل بولدى، ئۇلار: بىزگە چەت ئەلگە چىقىش پاسپورتى بېرىڭلار، قىسىم ئەۋەتىپ بىزنى مۇھاپىزەت قىلىپ چېگرىدىن چىقىرىپ قويۇڭلار، ئېلىپ كېتىش قىيىن بولغان مال-مۈلكىمىزنى باھاغا سۇندۇرۇپ ئالتۇنغا تېگىشىپ بېرىڭلار، دېگەنگە ئوخشاش شەرتلەرنى قويدى. تاۋسىيۆ ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇردى، شۇنىڭ بىلەن جىددىي خەۋپ بېسىقىپ قالدى.

9-ئاينىڭ 15-كۈنى، يولداش دېڭ لىچۈن غۇلجىدىن ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ ئۈرۈمچىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىگەچ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. 9-ئاينىڭ 16-كۈنى، بۇرھان شەھىدى بىلەن تاۋسىيۆ يولداش دېڭ لىچۈنگە تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشنىڭ تەييارلىق ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى، دېڭ لىچۈن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋە رەئىس ماۋزېدۇڭغا ۋاكالىتەن ئۇلاردىن ھال سورىدى.

9-ئاينىڭ 19-كۈنى، بۇرھان شەھىدى يولداش دېڭ لىچۈن ئارقىلىق رەئىس ماۋزېدۇڭغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ئىرادىسىنى بىلدۈردى: «بىز قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش قارارىغا كەلدۇق. بارلىق كۈچىمىز بىلەن ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى يوقىتىپ، رەھبەرلىكىڭىزنى قوبۇل قىلىشقا ... ھازىرلىق كۆرمەكتىمىز.»

تۆت كۈندىن كېيىن رەئىس ماۋزېدۇڭ بۇرھان شەھىدىگە جاۋاب تېلېگرامما ئەۋەتتى: «ھەرقايسى تەرەپتىكى ۋەتەنپەرۋەر كىشىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىش ھەرىكىتىگە ماسلىشىپ، پۈتكۈل شىنجاڭنى ئازاد قىلىش يولىدا كۆرەش قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.»

9-ئاينىڭ 24-كۈنى، تاۋسىيۆ برىگادا كوماندىرلىرىنى يىغىپ يىغىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارغا تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش يولىغا

مېڭىش زوّروّرلوّكىنى چوّشەندوّروّپ، ئوّلاردىن پىكىر ئالدى، ئاندىن كېيىن، ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلاش تېلېگراممىسىنىڭ تېكىستىنى چىقىرىپ، برىگادا كوماندىرلىرىغا ئىمزا قويغوّزدى. شوّ كوّنى چوّشتىن كېيىن، تاۋسىيوّ ليوّمېڭچوّن ئارقىلىق بوّرھان شەھىدى بىلەن مەسلىھەتلەشتى: «ھەربىي ساھەدىكىلەر ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلاش تېلېگراممىسىنى ھوّكوّمەت ساھەسىدىكىلەردىن بىر كوّن بوّروّن ئېلان قىلماقچى، سىزچە، موّشوّنداق قىلسا بولامدوّ؟» بوّرھان شەھىدى بوّ پىكىرىگە قوشوّلىدىغانلىقىنى بىلدوّردى.

9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كوّنى، ماچېڭشياڭ، لوشوّرېن قاتارلىق كىشىلەر تاۋسىيوّ ئەۋەتكەن موّھاپىزەتچىلەرنىڭ موّھاپىزىتى بىلەن مال ـ موّلوّكلىرىنى ئېلىپ، ئوّن نەچچە ئاپتوموبىلغا ئوّلتوّروّپ، جەنوّبىي شىنجاڭدىن جوّڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسىغا قاراپ ماڭدى. يېڭى چېڭموّ ئوّلاردىن سەل كېيىن چەت ئەلگە كېتىش ئوّچوّن يولغا چىقتى. تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشتىكى پوّتلىكاشاڭ توّگىتىلدى. تاۋسىيوّ دەرھال گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا توّروّشلوّق قىسملىرى نامىدىن پوّتوّن مەملىكەتكە تېلېگراما ئەۋەتىپ، گوّاڭجوّدىكى گومىنداڭ ھوّكوّمىتى بىلەن بارلىق ئالاقىسىنى ئوّزگەنلىكىنى، خەلقنىڭ قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى جاكارلىدى.

9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كوّنى چوّشتىن بوّروّن، بوّرھان شەھىدى ئوّلكىلىك ھوّكوّمەتنىڭ جىددىي يىغىنىنى ئوّتكوّزدى، يىغىن شىنجاڭ ئوّلكىلىك ھوّكوّمەتنىڭ ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلاش تېلېگراممىسىنى موّزاكىرە قىلىپ ماقوّللىدى، يىغىنغا قاتناشقوّچىلارنىڭ ھەممىسى تېلېگراما تېكىستىگە ئىمزا قويدى. بوّرھان شەھىدى دەرھال تېلېگراما ئەۋەتىپ، شىنجاڭ ئوّلكىلىك ھوّكوّمەتنىڭ گوّاڭجوّدىكى گومىنداڭ ھوّكوّمىتى بىلەن بارلىق ئالاقىسىنى ئوّزوّپ، خەلق تەرەپكە ئوّتوّپ، جوّڭگو كومموّنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبوّل قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بوّ خەۋەر ئوّروّمچىنىڭ جاي ـ جايلىرىغا دەرھال تارقالدى، پوّتوّن شەھەر شوّ ھامان قاينام ـ تاشقىنلىققا چوّمدى، رەڭگاراڭ

لوزونكىلار كوچا ـ كوچىلارغا چاپلاندى . تەبرىكلەش قوشۇنى ئۇزلۇكسىز تەشكىللىنىپ ، شەھەر ئىچىدە نامايىش قىلدى ، ھەرمىللەت خەلقى : « ياشىسۇن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى » ، « ياشىسۇن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى » ، « ياشىسۇن رەئىس ماۋزېدۇڭ » دەپ شوئار توۋلاشتى .

9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەيداندا تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى ، يىغىنغا يولداش دېڭ لىچۈن بىلەن گېنېرال تاۋسىيۆ تەكلىپ بويىچە قاتناشتى ، يىغىن قىزغىنلىق ۋە شاد ـ خۇراملىق كەيپىياتتا ئۆتتى ، ھەرمىللەت خەلقى قەد كۆتۈرۈپ ئازاد بولۇش شادلىقىغا چۆمدى .

9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ، رەئىس ماۋزېدۇڭ بىلەن باش قوماندان جۇدې بۇرھان شەھىدى ، تاۋسىيۆلەرگە ۋە شىنجاڭنىڭ ھەربىي ، مەمۇرىي ساھەسىدىكى ھەقىقەتكە قايتقان خادىملارغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ ، ئۇلارنى تەقدىرلىدى ۋە ئۇلارغا ئىلھام بەردى : « سىلەر گوۋاڭجۇ ئەكسىيەتچى قالدۇق ھۆكۈمىتىدىن ئالاقىنى ئۈزۈپ ، خەلق دېموكراتىيە لاگېرىغا ئۆتۈپ ، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىمىز ، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ۋە خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقىنى ۋە بىر تەرەپ قىلىشىنى كۈتىمىز ، دەپ بايانات ئېلان قىلدىڭلار . بۇنداق پوزىتسىيىڭلار پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئارزۇ ـ ئىستىكىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ ، بىز بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولدۇق . سىلەرنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي خادىملار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە يەرلىك تەرتىپنى ساقلاپ ھەم ھازىر جيايۈگۈەندىن چىقىشقا جابدۇنۇۋاتقان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ ، كونا تۈزۈمنى بىكار قىلىپ ، يېڭى تۈزۈمنى يولغا قويۇپ ، يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز . »

گومىنداڭنىڭ ھەربىي ، مەمۇرىي خادىملىرىنىڭ ھەقىقەتكە قايتىشى ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشى زور ئەھمىيەتكە ئىگە . ئۇ شىنجاڭنى بىر قېتىملىق دەھشەتلىك ئۇرۇشتىن

ساقلاپ قالدى ، شۇنىڭ بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۈچەيتىلدى ، نور-
مال جەمئىيەت تەرتىپى ساقلاپ قېلىندى ، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە
مال ـ مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكى قوغداپ قېلىندى ، ئۇرۇش تۈپەيلىدىن
كېلىپ چىقىدىغان ھەربىي ، سىياسىي ، ئىقتىسادىي جەھەتلەردىكى زى-
يانلاردىن خالىي بولۇندى ، يېڭى خەلق ھاكىمىيىتىنىڭ
مۇستەھكەملىنىشىگە ، دېموكراتىك ئىسلاھاتنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرى-
لىشىغا ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت ، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ
تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىلدى . ئۈچ ۋىلايەتتىكى
ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد
بولۇشىدا غايەت زور رول ئوينىدى . جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى ، ئۆلكە رەئىسى
بۇرھان شەھىدى ، گېنېرال تاۋسىيۆ قاتارلىق كىشىلەر گومىنداڭ ھەربىي ،
مەمۇرىي خادىملىرىنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشىنى ئىلگىرى
سۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىش جەھەتتە مۇھىم تۆھپە قوشتى .
شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن ، ئاز ساندىكى
ئەكسىيەتچىلەر مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمىدى . ھەقىقەتكە قايتقان
قىسىملاردىكى ئايرىم جاھىللار داۋاملىق پاراكەندىچىلىك سالدى . گو-
مىنداڭ ئىشپىيونلىرى تەرەپ ـ تەرەپتە پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىپ ، جېدەل ـ
ماجىرا چىقىرىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلدى . قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلارنىڭ
پولكوۋنىكى چېن زۇڭفۇ 300 دىن ئارتۇق ئوفىتسېر ـ ئەسكەرنى قۇمۇل
بانكىسىدا ساقلاقلىق 15 مىڭ سەر ئالتۇننى ۋە نۇرغۇن كۈمۈشنى بۇلاشقا
كۈشكۈرتۈپ ، ئېغىر زىيان سالدى . تۇرپاندىمۇ ھەربىي ئۆزگىرىش يۈز
بەردى ، بانكا بۇلاندى ، سودا دۇكانلىرى تالاندى . قارا شەھەر ، بۈگۈر-
لەردىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ۋەقەلەر يۈز بەردى . 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ،
بۇرھان شەھىدى رەئىس ماۋزېدۇڭ ، باش قوماندان جۇدې ، مۇئاۋىن باش
قوماندان پېڭ دېخۇەيلەرگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ ، شىنجاڭدا شۇ چاغدا يۈز
بەرگەن قالايمىقانچىلىقنىڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى ، ئازادلىق ئارمىيە-
نىڭ شىنجاڭغا بالدۇرراق كېلىشىنى تەلەپ قىلدى . شۇنىڭ بىلەن
مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەي شىنجاڭغا بارىدىغان قىسىملارغا تېز

سۇرئەتتە ئىلگىرىلەش ھەققىدە يوليورۇق بەردى.

10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش ماشىنىلىرى پولكى ئۈرۈمچىگە كىرىپ ئورۇنلاشتى، نەچچە ئون مىڭلىغان ئاما ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى، ئۈچ ۋىلايەت خەلقىمۇ بىرنەچچە يۈك ئاپتوموبىلدا ھال سوراش بۇيۇملىرى ئەۋەتتى. ئاندىن كېيىن ۋاڭ ئېنماۋ قاتارلىق يولداشلار رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قىسىملىرى شىنجاڭنىڭ جاي ـ جايلىرىغا كەينى ـ كەينىدىن بېرىپ ئورۇنلاشتى، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىمۇ ماناس دەرياسى بويىدىن ئۈرۈمچىگە كەلدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەسرىنى كېڭەيتىش مەقسىتىدە

12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى، گومىنداڭنىڭ ھەقىقەتكە قايتقان قوشۇنلىرىدىن ئىبارەت «ئۈچ قوشۇننىڭ بىرلىكتە شەھەرگە كىرىش مۇراسىمى» نى ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى.

12 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەي ئۈرۈمچىگە ئالاھىدە كەلدى، جاڭ جىجوڭ ئەپەندى ۋە سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىپ قايتىپ كەلگەن سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق كىشىلەرمۇ شۇ ئايروپىلاندا كەلدى. ئۇنىڭدىن سەل كېيىن، قوماندان ۋاڭ جېنمۇ بىر تۈركۈم ھەربىي، مەمۇرىي كادىرلارنى باشلاپ شىنجاڭغا كەلدى.

12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، ئۈرۈمچىدە ئۈچ قوشۇننىڭ شەھەرگە كىرىش مۇراسىمى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. پېڭ دېخۇەي، ۋاڭ جېن، جاڭ جىجوڭ، بۇرھان شەھىدى، تاۋشىيۈ، سەيپىدىن ئەزىزى، لىيۇ مېڭچۈن، چۇۋۋ، تاۋجىنچۇ قاتارلىق ھەربىي، مەمۇرىي باشلىقلار نەنمېن يېنىدىكى بانكا بىناسىنىڭ بالكونىدا تۇرۇپ قىسىملارنى كۆزدىن كەچۈردى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى دۇڭمېندىن شەھەرگە كىردى، مىللىي ئارمىيە شىمېندىن سەككىز كالوننا شەكلىدە تەكشى قەدەملەر بىلەن شەھەرگە كىردى، ھەقىقەتكە قايتقان ئاتلىق ئەسكەرلەر بېيمېندىن شەھەرگە ئاتلىق كىردى. ئۈچ قوشۇن پاراد مۇنبىرى ئالدىدىن ئۆتۈپ، نەنمېندىن چىقىپ، نەنلياڭغا كەلدى، رەتلىك ۋە ھەيۋەتلىك قوشۇن

ئامىنىڭ تەنتەنە ياڭرىتىپ ماختىنىشىغا ئېرىشتى.

ئازادلىق ئارمىيە شىنجاڭغا كىرىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، جايلاردىكى مالىمانچىلىقلار تېز ئارىدىلا تىنچىتىلدى، جەمئىيەت تەرتىپى تېزلىكتە تىنچلاندى.

يولداش ۋاڭ جېن كەلگەندىن كېيىن، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنى تەشكىللەشكە دەرھال تۇتۇش قىلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ رەھبەرلىكىدە كېيىن يەنە شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشكە تۇتۇش قىلىندى. 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى ئېغىر ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك كونا جەمئىيەتتىن قۇتۇلۇپ، سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى. شىنجاڭدا تارىخنىڭ يېڭى سەھىپىسى ئېچىلدى.

责任编辑:穆合塔尔·马木提

新疆地方史简明读本 (维吾尔文)
司马义·曼力克,扎依提·热依木
霍加艾合买提·玉努斯,艾比不拉霍加 等译
校订:扎依提·热依木

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001)
新疆新华书店发行
新疆人民出版社微机室排版
新疆工人时报印刷厂印刷
850×1168毫米 32开本 12印张 2插页
1999年2月第1版 1999年2月第1次印刷
印数:1——5,000

ISBN7—228—05055—X/K·674 定价:12.50 元

同意发行

何 99年2月3日